
سەمەت دۇگايلى

# گۈلئايىم



مىللەتلەر نەشرىياتى

سەمەت دۇگايلى

# گۈلسايم

مللەتلەر نەشرياتى

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ...... ......... ......... ( 1 )

بىرىنچى باب ماگا خىزمەت تەقسىم قىلىندى ......... ( 20 )

ئىككىنچى باب بۇ كىچە يامغۇر توختىماي ياغدى......... ( 66 )

ئۈچىنچى باب يولدا ئۇچرىغان ئۈچ كىشى ............. ( 91 )

تۆتىنچى باب يېڭى جايدا بەزىدە غەم باستى، بەزىدە شادلىق ......................... (127)

بەشىنچى باب مەن ئېپپەتلىك ئايال ئىدىم ............ (191)

ئالتىنچى باب دوختۇرخانىدا كۆرۈپ ئويلىغانلىرىم ...... (241)

يەتتىنچى باب لايىھەم پۈتۈپ قالدى ............... (279)

سەككىزىنچى باب يىغىن ۋە مۇھاكىمە لايىھە تەرەپتە ........................... (314)

توققۇزىنچى باب توسما قۇرۇلۇشى تېپتىنچ پۈتۈرمىدى؟ ........................... (340)

ئونىنچى باب ئۆلمىدىم، يارىدار قىلىشتى ........... (385)

ئون بىرىنچى باب توسما پۈتتى ..................... (415)

ئون ئىككىنچى باب "سۇ ئەكەلگەنلەر خار، كوزا چاقانلار ئەزىز" دېيىشمەكتە ................ (445)

ئون ئۈچىنچى باب     ئېلىپ قاچقان ئىدى، قوغلاپ تۇتۇۋالدى
................................ (488)
ئون تۆتىنچى باب     يېڭىدىن كۆز ئاچقان هايات ............ (515)
ئون بەشىنچى باب     لېنتا كېسىش مۇراسىمى .............. (542)
ئاخىرقى سۆز     گۈلئايىمدىن «گۈلئايىم»غىچە......... (555)

# مۇقەددىمە

گۈلنايىم...

بۇ ئىسىم ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ھېلىمۇ ھايات. ئەمما، ئۇنىڭغا تەئەللۇق بىرمۇنچە كەچۈرمىشلەر ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتقا مەنسۇپ بولۇپ قالدى.

كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئېغىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ كۆككە قاراشقا مەجبۇر قىلىدىغان، خۇشال-خۇراملىق بىلەن كۈلۈمسىرەشلەر ئۇنتۇلايلا دەپ قالغان يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك بىلەن خۇدۇكسىرەشلەر ئىچىدە شەكلىنىپ گۇمانلىق قارايدىغان، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش، قۇسۇر تېپىش، تىرناق تېگىدىن كىر ئىزدەپ، توخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش...لەر ئېسىل پەزىلەت ھېسابلىنىدىغان چاغلار كىشىلەر ئارىسىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاشقىلى تۇردى. تونۇش-بىلىشلەر ئارىسىدا، يىغىلىشلاردا يېڭىچە ئىنسانىي مۇئامىلىلەر بىخلىنىشقا باشلىغان يىللىق ۋاقىتلار كېلىپ قالدى.

غەلىتە، ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان، تۇمانلىق بىر دەۋر ئۆتۈپ كەتكەندى. ھەممە كىشىنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان، ھەممە كىشى ئىنتىلىدىغان ۋە ئىنتىلىۋاتقان كۈنلەر يېتىپ كەلمەكتە ئىدى... ھازىرقى پەيت گوياكى تۈتەك باسقان، خارابىلىققا ئايلانغان، تۈتەپ بوس چىقىرىۋاتقان بىر قىرغاقتىن چىمەنلىككە تولغان، تاكى

ئۇپۇقچە يېشىللىق جەۋلان قىلىپ تۇرغان يەنە بىر قىرغاقتا ئۆتكۈ-
زىدىغان كۆۋرۈكتە تۇرغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدىغان چاغلار
ئىدى.

كىشىلەر ھەممە نەرسە توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلار چوڭ
ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلار توغرىسىدا، كېلىپ چىقىشى ئېھتىمال
بولغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئاغزىنى قويۇپ بېرىپ، بەھۇزۇر
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشەتتى. ئۆتۈپ كەتكەن ھايات ھەققىدە — توغرى-
راقى، قورقۇنچلۇق چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرمۇشنىڭ
تەتۈرىگە ئۆرۈلگەن كارتىنىلىرى ھەققىدە ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ پاراڭ
قىلىشاتتى.

قىسقىسى، ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىكى ئۆتۈپ بولغان، ئۆمرىنى
ئادا قىلىپ بولغان، قايتىلانمايدىغان دەرىجىدە رەسۋا بولۇپ
يوقالغانىدى.

گۈلئايىم!...

بالايىئاپەتلىك يىللارنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەنلا بۇ ئىسىم كىشى-
لەرگە شۇنچىلىك تونۇش بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئولتۇرۇش-سورۇن-
لاردا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەردە گۈلئايىم توغرۇلۇق
گەپ-سۆزلەر بولماي قالمايتتى. چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا،
ئاپەتلىك يىللار توغرىسىدىكى ئەسلىمە، نۇتۇقلاردا گۈلئايىمنىڭ
ئىشلىرى، ھېچ بولمىسا ئىسمى تىلغا ئېلىنماي قالمايتتى.

يېقىندا، شەھەر بويىچە بىر كۆرگەزمە ئېچىلغانىدى. يالماۋۇز-
لارنىڭ خەلق ئاممىسىغا، كادىرلارغا ۋە باشقا ھەر تەبىقە زاتلارغا
سالغان زۇلۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش بۆلۈمىنىڭ بىر ئىشخانىسىمۇ
ئاشۇ گۈلئايىمنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

بولۇپ، ئۇ يەردە گۈلنايىمنىڭ ئاشۇ جاپالىق يىللاردىمۇ تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى، شۇ يىللاردا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك ئىشلارنى قىلغانلىقى؛ كۆلمى خېلىلا زور بولغان سۇ قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەپ، ئۇنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلغانلىقى؛ ئۆز ئەمگىكى ئۈچۈن خۇشاللىقلارغا ئېرىشىش ئورنىغا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى تونۇشتۇرۇلغانىدى.

گېزىتلەردىمۇ گۈلنايىم توغرۇلۇق ئومۇمىي خەۋەر تەرىقىسىدە خېلىلا يېزىشقانىدى. دوكلاتلاردا ئۇنىڭ ئىسمى مىسال تەرىقىسىدە تىلغا ئېلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈلنايىم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنى بىۋاستە كۆرگۈسى كەلمەيدىغان كىشىلەرنى ناھايىتى ئاز دېيىشكە بولاتتى.

مەنمۇ خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان نامى چىقىپ كەتكەن بۇ ئايالغا قىزىقىپ، ئۇنىڭغا غايىبانە تەلپۈنىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. كەسپىي خىزمەت ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدىكى ئۇجۇر-بۇجۇرلەرنى بىلىپ بېقىش، بۇلارنى قىزىققۇچىلارغا تونۇشتۇرۇش ھەۋىسى مېنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم، سۆھبەتلەشكۈم، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى بىلەن چوڭقۇرراق تونۇشقۇم، ئۇنىڭ قەلب دەرياسىغا شۇڭغۇپ چۆشكۈم، ئۆزەمگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى سۈزۈپ چىققۇم كېلەتتى.

بۇ مېنىڭ ھەۋەستىن باشلانغان ئىشتىياقىم ئىدى. مەن نېمىگىدۇ ئېرىشىشنى ئىستەيتتىم، ئەمەلىيەتتە بولسا قانداقتۇر مۇھىم نەرسەمنى يوقىتىپ قويۇپ ھازىر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. مېنىڭ بۇ ھېسسىياتىم ماڭا ئارام بەرمەيتتى، ئۇ

مېنىڭ پۈتۈن خىيالىمنى، تەپەككۇرۇمنىڭ مەزمۇنىنى ئىگەللىۋالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مېنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا خېلىلا ۋەزنى بار، قىممەتلىك مەشغۇلاتقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

لېكىن، گۈلنايىم تېخىمۇ قىممەتلىك كىشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئۇنى چۈشىنىش تۈگۈل، كۆرۈشۈشكىمۇ ئىمكانىيەت تاپالمىدىم. تۆگە مىنىپ يۈرۈپ تۆگە ئىزدىگەندەك، مەن بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان سۇلايماننىڭ گۈلنايىمنىڭ ئېرى بىلەن بىر يۇرتلۇق، دوست ئىكەنلىكىنى بىلمەي، گۈلنايىم بىلەن كۆرۈشتۈرەلەيدىغان بىرەر تونۇش ئادەم ئىزدەپمۇ يۈردۈم.

بىركۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ، سۇلايمانغا گۈلنايىم توغرىسىدا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكىم ۋە ئاخىردا بىرەر ئەدەبىي ئەسەر يېزىش ئارزۇيۇمنى سۆزلەپ بەرگىنىمدە، سۇلايمان كۈلۈپ كەتتى ۋە گۈلنايىمنىڭ ئائىلىسى بىلەن قويۇق باردى-كەلدى قىلىدىغانلىقىنى، گۈلنايىم بىلەن مېنى تونۇشتۇرۇپ قويالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقتىمۇ گۈلنايىم بۇ كۈنلەردە ئۆيدە ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىككىمىز زىيارەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ يۈرگىنىمىزدە، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزدە دەسلەپكى قېتىملىق "قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى" ئېچىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ يىغىنغا قاتناشقان قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئاساسەن، بالايىئاپەتلىك يىللاردا زوراۋانلىققا تىز پۈكمەي، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدىن ۋە ئاشۇ يىللاردا دانالىق بىلەن ياكى ئەۋلىيالىق كارامىتىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى، كىشىلىك غۇرۇرىغا، ئىنسانىي

ۋىجدانىغا، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشىنىپ ئىرادىسىنى نامايىش قىلغان شەخسلەر ئىچىدىن تاللانغانلىقى مەلۇم بولدى. مەن سۇلايمانغا:

— تايىنلىق، گۈلنايىممۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ قالار-ھە؟ — دېدىم ئۈمىد بىلەن، — شۇنداق بولۇپ قالسا، گۈلنايىم بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىشكە پۇرسەت چىقىپ قالاتتى.

سۇلايمان لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ مېنىڭ قىزىقىشىمنى، تەلپۈنۈش ھېسسىياتىمنىڭ قانچىلىكلىكىنى سىنىماقچى بولغاندەك مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرىدىن بىرەر سىرنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېمە، سەن گۈلنايىم توغرىسىدا يېڭى خەۋەر بىلەلمەدىڭمۇ؟ — سورىدۇم مەن ئالدىراپ.

— گۈلنايىم يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپتۇ، — سۇلايمان يەنە ھىجىيىپ قويدى.

— ئۇنداقتا، يۈر، يىغىن ئورنىغا بېرىپ باقايلى، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

سۇلايمان مېنىڭ ئىچىمدىكى ئالدىراش تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ تاشلىشىمنى كۈتۈپ تۇرماي:

— مەن بۈگۈن تېلېفون بېرىپ باقاي، ۋاقتى بارمۇ، يوق، بىلىپ باقمايمىزمۇ؟ — دېدى.

ماڭا بۇ تەكلىپ يېقىپ قالدى. بىز شۇنداق كېلىشتۇق-تە، ئەتىسى كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئايرىلدۇق.

ئەتىسى سەھەردىلا ئۇ ماڭا، تېلېفوندا كۆرۈشكەنلىكىنى، گۈلنايىمنىڭ يىغىن تەنەپپۇس قىلغاندا كۆرۈشۈشكە رازى بولغىنىنى

خەۋەر قىلدى.

مەن تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئىككىمىز گېزىتخانا مۇخبىرلار بۆلۈمىگە كىردۇق. بىراق، يىغىنغا باشقا مۇخبىرلار ئەۋەتىلىپ بوپتۇ. بۇ مېنى سەل بىئارام قىلىغان بولسىمۇ، سۇلايمان ئانچە پەسەنتىگە ئېلىپ كەتمىدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىن، — بىز بېرىپ باقايلى، گۈلئايىم بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنى تەنەپپۇسقىلا باغلاپ قويماسمىز...

ئىككىمىز سومكىلىرىمىزنى ئېلىپ، تەھرىر بۆلۈم باشلىقىغا نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇپ، يىغىن ئېچىلىۋاتقان زال تەرەپكە قاراپ كەتتۇق.

مەن بۇ زال تەرەپكە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان كېلىپ باقمىغانلىقتىن، ھازىر كۆرۈپلا ھەيران بولۇپ قالدىم. چۈنكى، بۇگۈن بۇ زال ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مەزگىلىدە بۇ يەر ئىككى تەرەپ ئاممۇى تەشكىلاتىنىڭ بىرمەزگىل تالىشىش ئوبيېكتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تاملىرى ئوق ئىزىدىن ئۆتمۈتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ئىشىك، دېرىزە ئەينەكلىرى سۇنۇپ، راملىرى ماجاقلىنىپ، سۇ چۈشۈرۈش نولىرى ۋە پار تۇرۇبىلىرى مىجىلىپ كېرەكتىن چىققانىدى، بۇ تەرەپلەر خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىدە كۆڭۈلسىز تەسىرات قالدۇراتتى. تېخى ئۆتكەن يىلمۇ ئۇ ئاشۇ كونا پېتىدە — ئوق تېشىۋەتكەن تاملىرى، شىلىملىرى قېتىپ كەتكەن قەغەز پارچىلىرى ھەم ئۆچۈپ كەتمىگەن يوغان، قارا ھەرپلىك شوئارلار بىلەن ئاشۇ يىللارنى ئەسلەتتى. زال بىناسىنىڭ قاچان رېمونت قىلىنغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمدىن،

ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايلىق قامىتىنى كۆرۈپ ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدىم. زالغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدىكى رەڭلىك نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى ئىشىكنىڭ پارقىراپ تۇرغان چەش رېڭىگە ماسلىشىپ كۆز چېقىپ تۇراتتى. زال بىناسىنىڭ پېشانىسىگە قادالغان ھەر خىل رەڭدىكى بايراقلار شۇ تاپتا جەزىبە بىلەن شامالسىبرى ئۇنۇلۇك ئاۋاز چىقىرىپ لەپىلدەپ، ئوچۇق قۇياش نۇرىدا كۆزلەرگە ئاجايىپ خۇش خۇي جىلۋە قىلىپ تۇرغان گۈللەردەك كۆرۈنەتتى. زالنىڭ ھەممىلا تاملىرىغا ئوچۇق رەڭلىك ھەر خىل گۈللەر نەقىشلەنگەنلىكتىن ۋە ياغىزىسى ھەر خىل سىرلانغانلىقتىن، بىر قارىسىلا ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان رەڭدار گىلەم مەنزىرىسىگە ئوخشايدىغان ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇلارغا قوشۇلۇپ زال ئالدىدىكى سۇپىلارغا تىزىلغان تەشتەكتىكى گۈللەر خۇش پۇراقلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆڭۈل ئاچاتتى ۋە كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. بۇنداق مەنزىرە ئارىسىدا دىققەتنى دەرھال تارتىدىغان يەنە بىر مۇھىم كۆرۈنۈشمۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ۋىلايەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ بىرەر ئىش-پائالىيەت ئۈستىدە تارتىلغان چوڭ رەسىملىرى بېزەپ تۇرغان "شەرەپ تاختىسى" ئىدى ۋە ئۇ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

زالنىڭ ئالدى جىمجىت ئىدى. ھېچكىم كۆرۈنمىگەنلىكتىن، بىز شۇ تاپتا چوڭ يىغىن بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ كۈتۈپ بېقىشنى، بىكار تۇرغىچە "شەرەپ تاختىسى"دىكى رەسىملەرنى كۆرگەچ تۇرۇشنى كېلىشتۇق-تە، شۇ تەرەپكە قاراپ كەتتۇق. بىز تېخى تاختا يېنىغا يېتىپ بارا-بارمايلا كۈتۈلمىگەندە يېنىمىزدىنلا:

— سىلەر كىمنى ئىزدەيسىلەر يولداشلار؟ — دېگەن ئاۋاز چىقىپ قالدى.

بىز دەرھال دىققىتىمىزنى تارتقان يېقىملىق ئاۋاز ئىگىسىگە بۇرۇلۇپ قارىدۇق. مەيدىسىگە "قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ خىزمەت خادىمى" دېگەن خەت بېسىلغان چاسا شەكىلدىكى بەلگە تاقىۋالغان ياپ-ياشلا بىر قىز بادام قاپىقىنى سۈزۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بىزدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى.

— بىز بىر ئايال ۋەكىلنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق، — جاۋاب بەردى ھەمراھىم سۇلايمان ئەدەب بىلەن، — بىز گېزىت مۇخبىرلىرى بولىمىز. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەك كېرەك بولۇپ قېلىۋىدى...

سۇلايمان شۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىمەكچى بولغان ئايال ۋەكىلنىڭ ئادرېسىنى ۋە ئىسمىنىڭ گۈلئايىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇنۇگۈن چۈشتە تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەنلىكىنى ئىزاھلاپ قويدى ھەم مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى كۆرسەتتى.

خىزمەتچى قىز باياتىن سوئال سورىغان چاغدىكىدەك مەخمەلدەك سىلىق بىلىنىدىغان ئاۋازى بىلەن:

— ھازىر چوڭ يىغىن بولۇۋاتىدۇ. سىلەرگە كېرەك بولغان ۋەكىل يولداش گۈلئايىمنى چاقىرىش ئۈچۈن لابادا تۇۋۇلاشقا توغرا كېلەرمىكىن. ئەگەر بۇ سىلەرگە شۇ ھازىرلا، ئالاھىدە جىددىي زۆرۈر بولمىسا، رەنجىمەي بىرئاز كۈتۈپ تۇرساڭلار بولارمۇ ياكى...، — دېگىنىچە توختاپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا بىز كۈتەيلى، — دېدىم مەن ئالدىراپ، — بىز ئۇنىڭ بىلەن تەپسىلىي، كۆپرەك سۆزلىشىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭغا بىرئاز ۋاقىت كېتىشى تۇرغانلا گەپ.

قىز يەنە ئەدەب بىلەن كۆلۈمسىرىدى ھەم مۇلايىم ئاۋازدا:
— ئۇسىداق بولسا مۇنۇ ئىشخانىغا كىرىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار يولداشلار، — دېدى ۋە قولى بىلەن كۆرسىتىپ، بېشىنى سەل ئېگىپ يان تەرەپتىكى قوش قاناتلىق، ئۈستۈنكى يېرىمى ئەينەكلىك ئىشىكنى ئىشارەت قىلدى.

بىز ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن دېگەندەك يۇمشاق ئورۇندۇق ۋە چاي جوزىلىرى رەتلىك قويۇلغان، دېرىزىلىرىگە گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغان كەڭرى زالغا كىردۇق. زالنىڭ ئاستىغا ئۆلچەپ توقۇلغاندەك چىمپەدە كەلگەن گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئوچۇق رەڭگى دېرىزىلەردىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى. تام ياقىلىتىپ تىزىلغان يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا ھەر خىل ياشتىكى بىرنەچچە كىشى يانپاشلاپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنمۇ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان بىرەر ۋەكىل بىلەن كۆرۈشكىلى ياكى يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشنى ئۇقۇشقىلى كەلگەندەك تەقەززا بولۇش ھالىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

خىزمەتچى قىز بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئىككى ئىستاكانغا خۇش پۇراق چاي قۇيۇپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئولتۇرغان باشقىلارنىڭمۇ چېيىنى يەڭگۈشلەپ بېرىپ يۇمشاق دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

مەن چايدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلاپ، ئەمدىلا سۇلايمانغا سۆز قىلىش ئۈچۈن بۇرۇلۇپ ئاغزىمنى ئۇمەللەۋاتقىنىمدا، باياتىنقى قىز قايتا كىرىپ كەلدى-دە ئۇدۇل بىز تەرەپكە كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ماي باسمىدا بېسىلغان بىر دەستە قەغەز تۇراتتى. ئۇ قەغەزلەرنى بىزگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ بەزى ۋەكىل يولداشلارنىڭ ماتېرىيالى، بىكار ئولتۇرغىچە كۆرگەچ تۇرارسىلەر، — دېدى ھەم ئەپچىل قول ھەرىكىتى بىلەن ئۆزى ۋاراقلاپ ئوتتۇرىدىنراق بىر دەستە تىككىلىك ماتېرىيالنى سۇغۇرۇپ ئۈستىگە ئالدى-دە، چۈشەندۈردى، — مانا بۇ سىلەر قىزىققان ۋەكىل، يولداش گۈلئايىمنىڭ ماتېرىيالى.

مەن قىز ئۆزاتقان ماتېرىياللارنى ئالدىم. ئۇ كەتكەندىن كېيىن سۇلايمانغا:

— كۆپ ھاللاردا بۇنداق رەتلەپ تەييارلانغان ماتېرىياللاردىن ئەدەبىي ئەسەر ئىشلەپ چىققىلى بولمايدۇ، — دېدىم.

— شۇنداق، — قوشۇلدى سۇلايمان قولىدىكى ئىستاكاننى چاي جوزىسى ئۈستىگە قويۇپ، — مېنىڭ تەجرىبىلىرىمدىن قارىغاندىمۇ ئوبيېكت بىلەن ئەتراپلىق، پىششىق تونۇشماي تۇرۇپ، رەتلەنگەن يەككە ماتېرىيالغا قاراپ، ھەتتا گېزىت ئۈچۈن خەۋەر يېزىشقىمۇ بولمايدىكەن. ئەمما، — ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى، — سەن ئەدەبىي ئەسەر يازىدىغان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى ماتېرىيالىغىمۇ ئېرىشتىڭ. باشقا نېرى-بېرى ئىشلارنى توقۇۋەرمەمسەن؟ ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي توقۇلما بولىدىغۇ...

مەن ماتېرىيالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم:

— ئۇغۇ شۇنداق. گۈلئايىم پروتوتىپ بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ماڭا نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ ھېسسىياتى، شۇ يىللاردىكى ئوي-پىكىرلىرىنى بىلمىسەم بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن ئۇنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئېنىقراق بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ ماتېرىيالىدىكى ئىش ئىزلىرى بىلەن ئۇلپەتلىشەيمە-

كىن دەيمەن.

سۇلايمان مېنىڭ سۆزۈمگە قوشۇلۇش ئىپادىسىدە باش لىڭشىتىپ قويدىيۇ، ئۈنچىقمىدى. يانچۇقىدىن تۆمۈر قاپلىق تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، كېيىن پۈۋلەپ چىقارغان ئىسنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئولتۇردى. مەن رەتلەنگەن ماتېرىيالنى ۋاراقلاپ، گۈلئايىمنىڭ "يىغىن كاتىبات گۇرۇپپىسى" رەتلىگەن ئىش ئىزلىرىغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ ئولتۇردۇم. شۇ ئارىدا سۇلايمان بىرپەسلىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— مەن گۈلئايىمنى ھەر ھالدا نېرى-بېرى بولسىمۇ بىرئاز بىلىمەن. ئۇ بەلكىم ساڭا سەن لازىم دەۋاتقان زۆرۈر ھېسسىي ھالەتلىرىنى ئېيتىپ بەرمەسمىكىن... ئۇ چاغلاردا قانداق ھېسسىياتقا كەلگەنلىكىنى ھازىر چۈشەندۈرۈش قىيىن ئىش-تە؟...

مەن ئۈنچىقماي ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ بىر ھېسابتا توغرا ئىدى. مېنىڭ ئاڭلاشلىرىمدىن قارىغاندىمۇ گۈلئايىم ئۆزىنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىنى ئۇڭاي تەشۋىق قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر قاتارىغا كىرەتتى. ئۇ ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىلگەن بىرمۇنچە شارائىتلاردىن، يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك ساناتورىيىدە ئۇزاق مەزگىل داۋالىنىپ ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن ۋازكەچكەنلىكىلا بۇ پىكرىنى ئىسپاتلايتتى. بۇلار توغرىسىدا شەھەردە ئېچىلغان كۆرگەزمىنى كۆرۈۋاتقان چاغلاردىلا ئاڭلىغانىدىم. بىراق، مەن گۈلئايىم بىلەن تونۇشۇپ، كېيىنچە كۆپرەك پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ كەچمىشلىرى توغرىسىدا ئۇققان-بىلگەنلىرىمگە ماتېرىيالغا يېزىشقا بولمايدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەرنى تولۇقلاپ قوشالايمەن، ئۆزئارا سۆھبەتلىشىشلەردە

هاسىل قىلغان ھېسسىي كۆزىتىشلىرىمنى ئارىلاشتۇرالايمەن، دەپ ئۈمىدلىنەتتىم.

— مەن ئېرىشىشنى خالىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ تولۇق، مۇكەممەل ئېيتىپ بېرىشى ھەقىقەتەن مۇمكىن ئەمەس، — دېدىم مەن قولۇمدىكى قەغەزلەرنى چاي جوزىسىغا قويۇپ، — لېكىن، ھەر ھالدا ئۇنى - بۇنى كوچىلاپ سوراپ يۈرۈپ ئاز - پاز بولسىمۇ بىرنەرسىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. گۈلئايىمنىڭ شۇ ئازابلىق يىللاردا شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى قىلالىغانلىقى ساددا ئىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇ ئېھتىمال چوڭقۇر تەپەككۇرغا، باي، مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە بىر قەلبنىڭ ئىگىسى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى كۈننى، بۇ كۈننىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا تولۇق بىلەتتى دەپ ھۆكۈم قىلىش گۈلئايىمدەك بىر ئايال ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن...

شۇ ئەسنادا خىزمەتچى قىز تېز مېڭىپ كىرىپ كەلدى. مەن سۆزۈمنى توختىتىپ ئۇنىڭ بىرنەرسە دەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ خىجالەت بولغاندەك:

— كەچۈرۈڭلار مۇخبىر يولداشلار. بارلىق ۋەكىللەر يېقىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھازىر "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" مەزگىلىدىمۇ ئىش توختاتمىغان بىر زاۋۇتقا ئېكىسكۇرسىيىگە بارىدىكەن. بۇنداق بولۇشى شۇ زاۋۇت ۋەكىلىنىڭ سۆزلىشى بىلەن تاسادىپىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

مەن بۈگۈن گۈلئايىمنى كۈتۈشتىن ھېچ نەرسە چىقماسلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، دەسلەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە:

— رەھمەت سىزگە ياخشى قىز، كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، — دېدىم.

خىزمەتچى قىز بويىنىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ

شقىدۇ ئىزا تارتقاندەك:
— ياقەي، ماڭا رەھمەت ئېيتىشقا ئەرزىمەيدۇ. مەن پەقەت
ەر قىلىپلا قويدۇم، — دېدى.
مەن شۇ چاغدا سۇلايماننىڭ ماڭا قاراپ قويغىنىنى سەزدىم.
ئىمىز سىرتقا چىقتۇق. يىغىن زالىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاتارلا-
پ تۇرغان ئاپتوبۇسلارغا ۋەكىللەر چىقىشماقتا ئىدى. مەن ئاپتو-
لار مەيداندىن تامامەن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇپ ئاندىن:
— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەك ئەجەب قىيىنغا چۈشتى، — دېدىم
ەمگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش ئاۋاز بىلەن.
سۇلايمان مېنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنگەندەك ھېسداشلىق بىلەن
لدى. ئاندىن مېڭىشقا ئىشارەت قىلىپ جەينىكىمگە يەڭگىل
وپ قويۇپ ئالدىمدا ماڭدى ۋە بىرنەچچە مېتىر مېڭىپ مەن
ك بىلەن قاتارلاشقان چېغىمدا:
— مەن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي. ئائىلە سۆھبىتى
پ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ، يوق، ئۇقۇشۇپ باقارمەن، —
ى.
بۇ تېخىمۇ ئوبدان چارە ئىدى. مەن سۇلايمانغا ئاشۇنداق
ۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ، بىز قايتىپ كەلدۇق.
ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن بىركۈنى چۈشلۈكى سۇلايمان مېنىڭ
خانامغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدىرىماي تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ
ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:
— مەن ساڭا گۈلنايىمنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان كۈندىلىك
ىرە دەپتىرىنى ئەكىلىپ بەرسەم كۆرۈپ باقامسەنكىن، ئۇنىڭ
ۆزى بىلەن كۆرۈشمەك قىيىندەك تۇرىدۇ، — دېدى. خۇشال

بولغانلىقىمدىن:

— نېمىشقا بالدۇرراق ئەكىلىپ بەرمەيسەن؟ — دەپ توۋلىۋەتتىم ھەم سۇلايمان بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان ئايرىلىپ ئەمدى كۆرۈشكەندەك قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدىم، — كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر ئىچكى ھېسسىياتقا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ ياخشى مەنبە ئەمەسمۇ؟

سۇلايمان كۈلۈپ قويۇپ قولىنى تارتىۋالدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا ئۈندەپ قول ئىشارىتى قىلىپ، — مەن ئاۋۋال گۈلنايىمنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقايلى، دەپ ئويلىۋىدىم. لېكىن، ئۇ ھەمىشە ئالدىراش بولۇپلا يۈرىدىكەن، كۆرۈشەلمەيۋاتىمىز.

— كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر توغرىسىدا نەدىن بىلدىڭ؟

— مەن سېنىڭ ئەدەبىي ئەسەر يازماقچى بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىڭنى ئېرىگە سۆزلەپ بېرىپ كېلىشىم ھاسىل قىلدىم.

— قانداق كېلىشىم؟ — ئالدىراپ سورىدىم مەن.

سۇلايمان گۈلنايىمنىڭ ئېرى ھاشىمنىڭ ئەدەبىي ئەسەر يېزىلسا قوشۇلىدىغانلىقىنى، چۈنكى، بۇ نوقۇل گۈلنايىم توغرىسىدىلا يېزىلىدىغان ئەسەر بولۇپ چىقماي، بەلكى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ ئاشۇ ئاپەتلىك يىللاردا قانداق ياشىغانلىقى، نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى، قانداق ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدا كەلگۈسىدىكى كىشىلەرگە يېزىق ئارقىلىق ئىز قالدۇرۇپ تونۇشتۇرىدىغان ماتېرىيال بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار ئاشۇنداق سۆھبەتلىشىش جەريانىدا ھاشىم سۇلايمانغا، گۈلنايىم ئۆزى ئۈستىدە ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، خەۋەر، تۇگشۇن قاتارلىقلارنىڭ يېزىلىشى-

خمۇ ئۇنۇمايدىغانلىقىنى؛ كۆرگەزمە ماتېرىياللىرى، بۇ قېتىمقى يىغىن ماتېرىياللىرىمۇ ناھايىتى تەسلىكتە، بىرمۇنچىلىرى ئۇنىڭدىن يېرىم خۇپىيانە ئىگەللەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھاشىمنىڭ ئېيتىشىچە، گۈلنايەمنىڭ ئۆيدە خاتىرە دەپتىرى بار ئىكەن. بۇ دەپتەرلەرنى ئىلگىرى ئۇ كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەنگەنىكەن. بىراق، بۇ دەپتەر-لەرنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى، ھەر ھالدا گۈلنايەمنىڭ يېرىم ماقۇللۇقىنى بولسىمۇ ئېلىش كېرەك ئىكەن.

مەن سۇلايماننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولغانلىقىمنى يوشۇرمىدىم.

— ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن، كۈندىلىك خاتىرە دەپتەرلىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. ماڭا شۇ دەپتەرلەر كۇپايە قىلىدۇ، — دېدىم ۋە ئۇنىڭ يەنە بىرەر باھانە-سەۋەب ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالماسلىقى ئۈچۈن ئالدىراپ ئىزاھات بەردىم، — ئەدەبىي ئەسەر دېگەن نۇرغۇن ماتېرىياللارغا، پىششىقلاش ۋە بەدىئىي توقۇلمىلارغا ئاساسلىنىدۇ. مەن گۈلنايەمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە نېمە بولسا شۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ تىزىپ چىقمايمەنغۇ...

سۇلايمان كۈلۈپ كەتتى:

— ئايال كىشىنىڭ بەزى نازۇك ھېسسىياتلىرى ئۆزى ئۈچۈنمۇ بەزىدە يات بىلىنىدۇ. قانداق يېزىش، قانداق يازماسلىق ساڭا بەكرەك تونۇش. لېكىن، خەقنىڭ دەپتىرىنى ئۆزىدىن سورىماي ئەكىلىۋەرگىلى بولمايدۇ-دە؟

مەن سۇلايماننى كۆرمىگەندەك باشتىن ئايىغىغا بىر قاراپ چىقتىم. كۆڭلۈمدە، "يادىمدا يوق دەپتەرلەرنى ئىسمىگە كەلتۈرۈپ قويىسەن، مانا ئەمدى ئۆزىدىن سورىماي بولمايدۇ...، دەيسەن"

دەپ ئويلايتتىم. بىرھازادىن كېيىن سۇلايمان:
— قانداق، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.
مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا غودۇڭشىپ قويدۇم:
— ئايال كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇنداق خاتىرىلىرىنى ئېرىدىنمۇ يوشۇرۇن تۇتىدۇ. ھاشىم ئوقۇغان بولسىمۇ، بىزدەك يات كىشىلەر گۇلنايىمدىن سورىساق بېرىشكە ئۇنامدۇ؟
— سېنىڭ كېيىنكىنىڭ ئورامچە ئىگىسىدىن سورىماي ئېلىش لازىم، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى سۇلايمان.
مەن جاۋاب بەرمىدىم. "ھەئە"، دېيىش ئەپسىز بولاتتى، "ياق"، دېيىش سۇلايماننىڭ ئەسلى سۆھبەت مۇددىئاسى ئىدى. ئۇ مېنىڭ گەپ قىلماسلىقىمنى سەۋەبىمنى بىلگەنىدەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ:
— مەن ھاشىم بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلىشىپ كۆرەي، — دېدى.
مەن بېشىمنى "ماقۇل" ئىشارىتىگە لىڭشىتىپ قويدۇم. سۇلايمان دېرىزە ئالدىغا بېرىپ سىرتقا قاراپ تۇردى. ئىككىمىز توساتتىن پاراڭلاشماي قويدۇق. ئەمما مەن سۆزلەشمەكمۇ يەنىلا شۇ گۇلنايىم توغرۇلۇق سۆزلىشىشىمىز مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. شۇ تاپتا مېنىڭ خىيالىمغا خاتىرە دەپتەرلەرلا كىرىۋالغانىدى. بۇ خاتىرە دەپتەرلەر گويا ماڭا گۇلنايىمغا ئائىت بولغان بىرمۇنچە ھايات سەھىپىلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقان خەزىنىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق ھېسسياتقا كەلگەن كىشىدىكى تەقەززالىقنىڭ قانچىلىك كۈچى بولىدىغانلىقىنى بۇرۇن سەزمىگەن ئىكەنمەن.
ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا سۇلايمان مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى، چىرايىدىنلا خۇشاللىق بولىدىغانلىقىنى پەرەز

قىلدىم. دېگەندەك، ئۇ ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىدىن مۇقاۋىسىنىڭ رەڭلىرى، قېلىنلىقى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان ئۈچ خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ناھايىتى قىممەتلىك بىر سوۋغاتنى تەقدىم قىلغاندەك ئىككى قوللاپ ماڭا تۇتتى.

— مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. ئەمدى ھەممىسى ساڭا تەۋە بولۇپ قالدى، قاچان قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىمنى ئۆز ۋاقتىدا ئېيتارمەن، — دېدى ئۇ ماڭا ئەمەس خاتىرە دەپتەرلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ.

مەن دەپتەرلەرنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ سۇلايمانغا ئاتاپ بىرنەچچە قېتىم رەھمەت ئېيتتىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتىم.

مەن ئۆيۈمگە بېرىشقا ئالدىرايتتىم ۋە پاتراق بۇ خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ ۋاراقلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكۈم كېلەتتى. "ياۋۇز 'تۆت كىشىلىك گۇرۇھ' خەلقىمىزگە، پارتىيىمىزگە قانچىلىك زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى-ھە؟ — دەپ ئويلايتتىم مەن كېتىۋېتىپ، — پۈتۈن ھاياتىنى ئىنقىلابقا، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت-سائادىتىگە تەقدىم قىلغان، ئۆزىنىڭ مەنىگە باي ھاياتىنى ئۆسمۈرلۈكدىنلا باشلىغان يۈزلىگەن پېشقەدەم رەھبەرلەردىن تارتىپ، يېڭى دەۋردىن يېڭى ھايات ئالغان، شۇ سەۋەبتىن يېڭى تۇرمۇش، تېخىمۇ بەختلىك گۈزەل كېلەچەك قۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىپ جېنىنى پىدا قىلغان مىڭلىغان ياشلارغا قەدەر قايسىبىر كىشى ئۇلارنىڭ زەھەرلىك ئالقىنىغا چۈشۈپ چىقمىدى؟ ئاشۇنداق ياشلارنىڭ بىرى مۇشۇ خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىگىسى ئىدى. بۇ گۈلئايىم شۇ يىللاردا زادى قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەن بولغىيدى؟ ئۇ نېمىلەرنى

ئۆيلىۋىدىكىن...»

مەن قەدىمىمنى تېزلەتكەنسېرى ھاياجانلىنىشىممۇ شۇنچە ئاۋۇپ، قېنىم تومۇرۇمغا پاتمايۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

مەن ئۆز ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاندىن ئېسىمنى يىغدىم. ئۆيگە كىرىۋاتقىچىلىكلا چاپان، شەپكىلىرىمنى ئېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدىم. ئاندىن ئالدىراپ بېرىپ يېزىقچىلىق قىلىدىغان شىرەيىم ئالدىدا ئولتۇرۇپ خاتىرە دەپتەرلەرگە قاراپ چىقتىم. خاتىرە دەپ-تەرنىڭ كىچىكرەكى، شۇنداقلا بەتلىرىنىڭ چۆرىلىرى پۇرلاشقانراقى دەسلەپ يېزىلغىنى بولۇپ، مۇقاۋىسىنى ئاچقاندىن كېيىنكى بىرىنچى ئاق بەتكە "ھاياتىمدىن خاتىرىلەر" دېگەن خەتلەر ناھايىتى چىراي-لىق يېزىلغانىدى. بۇ خەتلەر گۈل ئىچىگە ئېلىنغانىدى. ھازىر گۈللەرنىڭ سىزىقلىرى ئېنىق كۆرۈنمەيتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆزەم-نىڭمۇ ياشلىقىمنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدىكى كۈنلىرىمنى ئېسىمگە سالدى. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار شۇنداق قىلامدۇ، يوق، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. لېكىن بىرچاغلاردا بىز، بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلار ئاشۇنداق خاتىرە دەپتەر تۇتاتتى...

مەن خاتىرە دەپتەرنىڭ بېتىنى ئۆرۈدۈم. كېيىنكى بەتتىن باشلاپ ئۇششاق، رەتلىك ۋە سىغداپ يېزىلغان قۇرلار مەن ئۈچۈن ئاساسەن سىر ھالىتىدە تۇرغان بىر ئايالنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ئالدىمدا ئاشكارىلىماقتا ئىدى. بۇ قۇرلاردىكى يېزىقلارنىڭ بەزىسى تېخى بايىلا يېزىلغاندەك قېنىق ئىدى. بەزى قۇرلارنى ناھايىتى تەستە ئوقۇغىلى بولاتتى. بەزى قۇرلار ھەتتا ئابزاس ۋە بەتلەر بويىچە ئۆچۈپ كەتكەنىدى. بۇ ئۆچۈشنى سۇ تامچىلىرى تېمىپ كەتكەندەك ھەر خىل شەكىلدىكى داغلار پەيدا قىلغانىدى.

مەن توساتتىن بۇ قانداقتۇر سۇ تامچىلىرى ئەمەس، ياش تامچە-لىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ ياشلار خۇشال بولۇپ كەتكەندە ئاققانىمكىن، ياكى ئەكسىچە ھېسسىياتنىڭ مېۋىسى ئىدىمكىن...

# بىرىنچى باب

## ماڭا خىزمەت تەقسىم قىلىندى

### 1

1975 - يىل. ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى.

كۈز پەسلىنىڭ بۇ كۈنلىرى دەل - دەرەخلەرنى ئاللىقاچان يالىڭاچلاپ قويۇشقا ئۈلگۈرگەن. سوغۇق شامال قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن شاخلارغا ئىلىنىپ تۇرۇپ قالغان، شاراقشىپ قۇرۇپ كەتكەن ئاخىرقى يوپۇرماقلارنى ئۈچۈرۈپ يۈرۈشىدۇ. ئېتىز قىرلىرىدا ۋە يانباغىرلاردا قۇرۇپ قالغان ۋە ئۇششۇك تەگكەن شىۋاق، چىغ دۆللىرى كەچكۈز شامىلىنىڭ تىنىمسىز چاڭگىلىدا ئەمدى بالدۇرقىدەك داردىيىپ تۇرالماي، ئۇ يان، بۇ يانغا زەئىپ ئىرغاڭلايدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇلار ئازىيىپ كەتكەن، ئەمما ئۇ شۇنچىلىك سۈزۈك - لەشكەن ئىدىكى، سۇ تېگىدىكى ھەممە نەرسە خۇددى يەر ئۈستىدە تۇرغاندەك ئېنىق، روشەن كۆرۈنىدۇ. سۇلارمۇ مۇلايىم، ياۋاش بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ.

بۇ كۈنلەر ئەتىگەن - ئاخشاملىرى قەغەزدەك نېپىز مۇز تۇتىدىغان، چۈش - پېشىنلىرى بەزى چاغلاردا كىشىنىڭ دولىسى قىزىغۇدەك ئىسسىقمۇ بولىدىغان كۈنلەر ئىدى.

مەن ئىككى كۈن ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغان ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ تۇيۇقسىز، ئالدىراش چاقىرتقان

ئۇقتۇرۇش قەغىزىگە ئاساسەن، نېرى-بېرى تەييارلىق قىلىپلا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تراكتورىغا چۈشۈۋېلىپ ناھىيە بازىرىغا چۈش ۋاقتىغا ئاز قالغاندا يېتىپ كەلـ-گەنىدىم. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشمىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ناھىيە بازىرىدا ئادەم ناھايىتى ئاز كۆرۈنەتتى. ئوچۇق تۇرغان ماگىزىن ۋە دۇكانلاردا، ئاشپۇزۇللاردا كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ئادەملەرنى سانىغىلى بولاتتى. ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارىلەر ۋە باشقا جايلارنىڭ تاملىرى يېڭىدىن ئاقارتىلغانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى ۋە بۇ تاملارغا قىزىل گىل بىلەن ئېگىزلىكى ئادەم بويى كېلىدىغان چوڭ-چوڭ شوئارلار يېزىلغان بولۇپ ئالىقاندىكى بىر خىل ھەشەمەتنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

مەن ئولتۇرۇپ كەلگەن تراكتور دېھقانچىلىق مەيدانىمىزنىڭ ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ قورۇسىغا بېرىشى لازىم ئىدى. مەن ئورۇن-كۆرپىلىرىم تېڭىلغان شىكىلى ۋە سومكىلىرىمنى تراكتور بىلەن يولغا سېلىۋېتىپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت جايلاشقان قورۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چۈشۈپ قالماقچى بولدۇم ۋە شوپۇردىن تراكتورنى توختىتىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

— گۈلئايىم ئاچا، ئاۋۋال تاماق يەپ، ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ ئاندىن كەلسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ — دېدى 20 ياشلارغىمۇ كىرمىگەن ياش تراكتورچى مەخسۇت تورمۇزنى دەسسەپ، — بىزنىڭ مەيدانـ-دىن قۇتۇلۇشقا كۆزىڭىز تۆت بوپتىكەن-دە؟

مەن تراكتوردىن چۈشۈۋېتىپ:

— ئۇنداق ئەمەس ئۇكام، — دېدىم چۈشەندۈرۈپ، — مەن كۆرۈشىدىغان ئىشخانىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى ئىزدىگەچ

تۇراي. تاپالساملا بىرپەستە يېتىپ بارىمەن.

— ئەمسە، سىزنى كۈتىمەن، — دېدى مەخسۇت ۋە تراكتورىنى ھەيدەپ، توپا ـ چاڭ توزۇتقىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

مەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورۇنلاشقان بىناغا قاراپ يول ئالدىم. بۇ يەرگە بۇندىن ئىلگىرىمۇ كېلىپ باققانلىقىمدىن ئىشخانىلار ئاساسەن تونۇش ئىدى. شۇ پەيتتە، تەشكىلات گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى جايلاشقان بىر قەۋەتلىك كورپۇس ئىچىدىكى ئۆيلەردىن پەقەت بىر ئىشىككىلا قۇلۇپ سېلىنمىغانىدى. بەختكە يارىشا قۇلۇپ سېلىنمىغان بۇ ئىشىك مەن يولۇقماقچى بولغان "كادىرلارنى يۆتكەش ئىشخانىسى" ئىدى. شۇڭا ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى بوش تاقىلداتتىم. ئۆيدىن ھېچقانداق جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ قاتتىقراق چەكتىم. شۇندىن كېيىنلا ئۆيدىن ئەر كىشىنىڭ سىلىق، ئەمما بوغۇقراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ كىرىشكە ئىجازەت بېرىلدى.

مەن ئۆيگە كىردىم. ئىشخانىدا بېشىنى كۆتۈرمەي بىرنېمە يېزىپ ئولتۇرغان بىر كىشىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنچىلا يوغان ئىشخانا، بىرمۇنچە شىرەلەر ئارىسىدا يالغۇز بىر كىشىنىڭ ئىشلىشى ماڭا غەلىتە كۆرۈندى. يەنە كېلىپ بۇ كىشىنىڭ ئالدىدىكى شىرەنىڭ ئۈستى پاكىز ئەمەس، بىر بۇرجىكىدە يېرىم پارچە گېزىت، ئۇنىڭ تۆپىسىدە كۆپرەكى يېيىلگەن پۇچۇق نان، سىرى چۈشكەن بىر كۇرۇشكا تۇراتتى.

مېنىڭ كىرگىنىمنى ھېلىقى كىشى تۇيمىغاندەك بېشىنىمۇ كۆتۈرمەدى. ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن تاقىر بېشى، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن يۈزىنىڭ بىر قىسمىلا كۆرۈنەتتى. مەن

ئۇنىڭ ئىجازىتى بىلەن كىرگىنىمنى، ئۇنىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېنىك يۆتىلىپ قويدۇم. ئۇمۇ ھەممىدىن خەۋىرىم بار، دېگەندەك بوش يۆتىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ ئەسلى ھالىتىنى بۇزماي، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:

— قانداق ئىشىڭىز بار ئىدى؟ سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دەپ قويدى.

مەن مېنى چاقىرتقان قەغەزنى ئېلىپ كەڭ ئىشخانىنىڭ ئۇنىڭ شىرەسىگىچە بولغان ئارىلىقىنى بىرنەچچە قەدەم بىلەن بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ماڭا بىپەرۋالىق بىلەن قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىدىن رەنجىگىنىمچە يېنىغا بارىم-دە، قەغەزنى جەينىكىگە تىرەپ قويدۇم. ئۇ مېنى يەنىلا كۆرمىگەندەك، مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمنى سەزمىگەندەك خېتىنى يېزىۋەردى ۋە:

— قانداق ئىشىڭىز بولسا سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دەپ تەكرارلىدى.

مەن ئۇنىڭ جەينىكى يېنىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئېلىپ ئۇ خەت يېزىۋاتقان قەغەزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم. ئۇ يېزىشتىن توختاپ قالدى. ئەمما، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراشنىڭ ئورنىغا مەن قويغان قەغەزدىكى خەتلەر ئۈستىگە قەلىمىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ دېگۈدەك، گويا ھەرپلەرنى ساناۋاتقاندەك ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى. ھارغان، ئېقى قىزىرىپ تورغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىل سىزىقچىلار بىلەن تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ باش-ئايىغىمغا بىرقۇر قاراۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، جاۋەننى ئاچتى ھەم بىرمۇنچە دەپتەرلەر ئارىسى-دىن نېمىندۇر ئۇزاق ۋاقىت ئاختۇردى. كېيىن، كۆكۈش رەڭ مۇقاۋى-

لىق بىر دەپتەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئەسلىدىكى جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ۋاراقلاشقا كىرىشتى. ئىزدىگىنىنى تاپتى بولغاي، مەن بەرگەن خەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولۇپ:

— ئىسمىڭىز گۈلئايىم؟ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ ھەربىر سوئالى ئارىلىقىدا بىر توختاپ كۈتكەن جاۋابىغا پەقەت "ھەئە" دەپلا قىسقا جاۋاپ بېرىپ تۇرۇۋەردىم.

ئۇ ئۆز دەپتىرىدىكى قانداقتۇر خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قىزىقسىنىپ قارىدى، كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. ئاندىن قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئاۋالقىغا ھېچ ئوخشىمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ يولداش گۈلئايىم، — دېدى ھەم مەن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئۈستىنى پۈۋلىۋېتىپ ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن، شىرە ئۈستىدىكى پارچە نان، نان ئۇۋاقلىرىنى مېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندەك ئالدىراپ-تېنەپ يىغىشتۇرۇپ، گېزىت قەغىزىگە ئوراپ دېرىزە ئۆيۈقچىسىغا ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىزدە ئىش كۆپ يولداش گۈلئايىم. كۆرۈپ تۇرۇپ-سىزكى، پۈتۈن تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشى يالغۇز ماڭىلا قالدى. باشقا كادىرلارنىڭ ھەممىسى "بىرىنچى سەپ"كە، مۇنداقچە ئېيت-قاندا، تۈپتوغرا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە كېتىپ قېلىشتى.

ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقۇچە شىرەنىڭ ئۈستىنى قەغەز پارچىسى بىلەن سۈرتۈپ چىقتى. يەنە بىرمۇنچە نان ئۇۋاقلىرىنى بىراقلا كۆرۈشكىنىڭ ئىچىگىلا تۆكۈپ ئۇنىمۇ دېرىزە ئۆيۈقچىسىغا ئېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا روبىرو ئولتۇرۇپ مېنىڭ قانداق

چۈشەنگىنىمنى بىلمەكچى بولغانلىقىنى تېكىلەپ قارىدى.

مەن ئۇنى خىجالەت قىلماقچى ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرمەكچى بولدۇم ھەم ئۇنىڭ توساتتىن ئېچىلغان قىزغىن پوزىتسىيىسىگە جاۋاب بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدۇم:

— يالغۇز بىر ئۆزىڭىزگە ھەققەتەن بىر ئىدارىنىڭ ئىشى قاپتۇ. بۇ سىزگە ئېغىر كەلمەي قالمايدۇ...

— باشقىلارغا ئاسان دەمسىز؟ ھە، ئۇلارغىمۇ قىيىن، ئۇلارغىمۇ تەس كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، تاۋۇشلارنى ئېنىق، تولۇق تەلەپپۇز قىلىپ، — ھەممىمىزگە ئوخشاشلا جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. سىز ھازىر ناھىيىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك ھەققىدە ساۋاتلىق بولسىڭىز كېرەك.

مەن خەۋىرىم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىمنى لىڭشىتتىم ۋە شۇ ئارىلىقتا ئۆز گېپىمنى ئېيتىۋالدىم:

— مېنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىنى بىلسەم بولامدۇ؟

ئۇمۇ مېنى تەقەززا قىلىۋاتقان سەۋەبنى مېنىڭ سوراش باھانەم بىلەنلا ئېيتالايدىغان پەيتنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى يولداش ئىبراھىم سىز تۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغاندا ئۇ يەردىكى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ بىر ئەپلىك، جاي-جايىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قايىل بولغانىكەن. باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلغىنىدا، بۇ ئىشلارنى لايىھىلەشتە سىزنىڭ ھەسسىڭىز زور ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما، سىز پىلانلاش-لايىھىلەشنى ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا قىلىپ، ئادەتتە، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى قاتارىدا ئىشلەيدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ — ئۇ باش لىڭشىتقىنىمنى كۆرۈپ مەنىسىز كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى، —

شۇجى بىزگە سىزنى ئۆز كەسپىڭىز بويىچە ئىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەش توغرۇلۇق ئويلىنىپ بېقىشىمىزنى تاپىلىغانىدى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن سىزنى چاقىرتىپ كېلىش قارارىغا كەلگەنىدۇق. كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى. سىزنى سۇ ئىشلىرى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتكە تەقسىم قىلساق رازىمۇسىز؟

مەن ئۇنىڭ شۇنچە سۈرتۈپمۇ تۈگىتەلمىگەن نان ئۇۋاقلىرىنى شىرە ئۈستىدىن چىمدىپ تېرىپ يۈرۈپ مېنىڭ چىرايىمدىن كۆزىنى ئېلىپ جاۋاب كۈتۈۋاتقان پەيتتىن پايدىلىنىپ كۆز چاناقلىرىمغا يىغىلىۋالغان ياشلىرىمنى چاندۇرماي ئاستا سۈرتىۋالدىم. چۈنكى، مۇشۇ مەزگىللەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مەخسۇس كەسپ ئۆگەنگەن ھەرقانداق بىر زىيالىي ياشقا ئوخشاش، مەنمۇ ئۆزەم ئۆگەنگەن كەسپىمنى ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىم- دە؟

مەن ئۇن نەچچە كۈنلەر ئىلگىرى بىز ئىشلەۋاتقان دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغان نامىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىمنى شۇ ئان يادىمغا كەلتۈردۈم. يولداش ئىبراھىم بىز كۆز شادلىرىنى چېپەۋاتقان ئورۇنغا كېلىپ ھەممىمىزگە ئىلھام بولىدىغان گەپلەرنى قىلغان، رىغبەتلەندۈرۈپ قويغانىدى. شۇ قاتاردا مېنىڭ ئېتىمنى چاقىرىپ كۆرۈشكەن، ئەسلىمنى، ئوقۇش ئەھۋالىمنى سورۇشتۇرغان ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئېرىق، سۇ بۆلگۈچ، كىچىك تېپتىكى ئامبار شەكىللىك سۇ ساقلاش ئورنىنى قانداق پىلانلىغانلىقىمنى ئۇقۇشقان، خوشلىشىدىغان چاغدا ماڭىمۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپلەر بىلەن ئىلھام بەرگەنىدى. مەن، ئۆز كەسپىي ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ بىھۇدە نابۇت بولۇۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەسىپ ئەھلى-

لىرىنىڭ يالغۇز مەن ئەمەسلىكىمنى ئوبدان بىلەتتىم، بۇ ئەھۋالنىڭ تۈزىلىشى، ئەتراپلىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەشكە موھتاج ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنەتتىم. شۇڭا ئۆز ئەھۋالىم توغرۇلۇق ئىبراھىم ئاكىغا ئارتۇقچە شىكايەت قىلىپ كەتمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ناھىيىگە قايتىپ كېلىپلا تەشكىلات گۇرۇپپىسىغا مەن توغرۇلۇق ئالاھىدە كۆرسەتمە بەرگەنلىكىدىن راستىنلا تەسىرلىنىپ كەتتىم ۋە جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرغان كىشىگە:

— مەن تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنىمەن، دەپ ئورۇن-كۆرپىلىرىمدىن تارتىپ يۆتكەپ كېلىپ بولدۇم، — دېدىم رازىمەنلىكىمنى ئۇچۇق بىلدۈرۈپ، — مېنى ئۆز قابىلىيىتىمنى جارى قىلدۇرالايدىغان، ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان خىزمەتكە ئەۋەتسىڭىز چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئوقۇيتتىم...

ئۇ كۈلۈپ قويدى. مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تارتمىسىدىن باسما ھەرپلىرى بار بىر ۋاراق قەغەز چىقىرىپ ئالقىنى بىلەن قەغەزنىڭ ئۈستىنى سۈرتۈپ قويدى. شۇ ھەرىكەتلىرى ئارىلىقىدا كەچۈرۈم سورىغاندەك:

— ھازىر پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئىدارىسىدە بارى-يوقى سەككىز كادىر ئىشلەۋاتىمىز. ئىش كۆپ، ئادەم ئاز. مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەن يولداشلارنىڭ بەزىسى ساقلاپ، رەنجىپ كېتىپ قالىدىغان ئىشلار پات-پات بولۇپ تۇرىدۇ. مانا، سىزنىمۇ ساقلىتىپ قويدۇم. ساقلاتساممۇ مەيلى دېگەندىمۇ، بىپەرۋالىق قىلىپ قويدۇم. نارازى بولسىڭىزمۇ كەچۈرۋېتەرسىز. مەن ھازىرلا سىزگە تونۇشتۇرۇش قەغىزى يېزىپ بېرىمەن.

ئۇنىڭ سۆزىدە، مەن دەسلەپ ئىشىك چەككەن، ئىشخانىغا

كىرگەن چاغدىكى مۇئامىلىسى ئۈچۈن خىجالەت بولۇۋاتقاندەك مەنە بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ سۆزىگە خۇشال-خۇراملىق بىلەن ئىنكاس قايتۇردۇم:

— نېمىشقا نارازى بولىدىكەنمەن، ھازىر خۇشال بولۇپ قالدىم.

ئۇ يەنىلا كۇلۇمسىرەپ قويدى-دە، باسما ھەرپلىرى بار قەغەز-نىڭ خەت ئارىلىقىدىكى ئاق قالدۇرۇلغان جايلىرىنى قەلەم بىلەن توشقۇزۇۋېتىپ تۇرۇپ:

— بىزگە ھەر كۈنى دېگۈدەك بىرمۇنچە زىيالىي ياشلار خەت يېزىپ ياكى ئۆزى كېلىپ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇشىدۇ. ئۆزى ئۆگەنگەن كەسپىگە ئەۋەتىشىمىزنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئەمما، ئىمكانىيىتىمىز يار بەرمىسىگەچكە، شارائىت، — ئۇ تورۇسنى بىگىز بارمىقى بىلەن ئىشارە قىلىپ قويدى، — شۇنداق بولغاچقا تەلىپىنى قاندۇرالماي خاپا قىلىپ يولغا سالىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا سىزنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىڭىز تەبىئىي-دە؟

— رەھمەت، — دېدىم مەن ئۇنىڭ نېيتقانلىرىنى تەستىقلاپ باش لىڭشىتىپ.

ئۇ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. قانائەت ھاسىل قىلدى بولغاي، قەغەزنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى:

— سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە بارىسىز. ئۇ يەردە سىزگە ئۆگەنگەن بىلىم ۋە كەسپىڭىزگە ئاساسەن خىزمەت تەقسىم قىلىدۇ.

مەن ئوقتۇرۇش قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ خوشلىشىش ئۈچۈن ئۇزاتقان قولىنى مىننەتدارلىق بىلەن چىڭ قىستىم. مەن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ياتاق، تاماق مەسىلىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش

تۇغرىسىدا چۈشتىن كېيىنلا تېلېفون بېرىۋېتىمەن.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ رەھمەت ئېيتتىم، ئەمما، ئۇنىڭ ئىشكى يېپىلىپ بولغان بولۇپ، مېنىڭ ئاۋازىمنى ئۇ ئاڭلىدىمۇ ـ ئاڭلىمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

بىنادىن چىقىپ سائىتىمگە قارىدىم. ئاللىقاچان چۈشلۈك دەم ئېلىش بولۇپ كەتكەنىدى. مەن سۇ ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىپ رەسمىيەت بېجىرىشنى چۈشتىن كېيىنگە قالدۇرۇپ، تاماق يەۋېلىش ئۈچۈن شىڭلى ھەم باشقا نەرسە ـ كېرەكلىرىم قالغان تراكتور چۈشىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىمىزنىڭ ئىش بېجىرىش قورۇسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتىم.

2

ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تراكتورچىلار تاماق يەپ ئولتۇرۇشاتتى. تراكتورچىلار مەن بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇش بولغاچقا، ھەممىسى باش ئىشارىتى قىلىپ مەن بىلەن سالاملاشتى. مېنى تراكتوردا ئېلىپ كەلگەن مەخسۇت:

— كېلىڭ گۈل ئايىم ئاچا، بۈگۈن ئاشخانا غورىگىلدەك تۇرىدۇ. قۇرۇق كۆرمىسىگىز نان بىلەن سەي يەيمىز، — دەپ چاقىردى.

مەن "ماقۇل" ئىشارىتىگە بېشىمنى لىڭشىتتىم ۋە ئاۋۋال نەرسە ـ كېرەكلىرىم بار تراكتور يېنىغا بېرىپ ئاسما سومكامنى ئېلىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— سىلەرمۇ مېنىڭ نېنىمدىن يەپ كۆرۈڭلار، — دېدىم مەن سومكامدىن ياغ ئارىلاشتۇرۇپ ياققان سەپەر توقاچلىرىنى ئېلىپ. بۇ توقاچلارنى تۈنۈگۈن مېنىڭ قوشنىلىرىم يېقىپ بۈگۈن ئەتىگەندە

يوللۇق تۇتقانىدى.

توقاچلارنى تراكتورچىلار داستىخان ئورنىدا يېيىپ سالغان گېزىتنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. تراكتورچىلار قاچىلىرىنى نېرى-بېرى قىلىپ، ئۆزلىرى كەينىگىرەك سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇشتى.

— ۋاي-ۋوي، بۇ ياغلىق توقاچلار ئىكەنغۇ؟ — دېدى مەھەممەت ئىسىملىك بىر تراكتورچى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، قولىغا ئالغان توقاچنىڭ ئالدى-كەينىگە قاراپ، — پاھ، بۇنداق توقاچ بولسا يەپ كۆرمەمدىغان!

— رەڭگىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ مەيداننىڭ ئۇنىدا يېقىلغان توقاچتەك تۇرىدۇ، — دېدى مەخسۇت توقاچنى كۆرۈپ. ئاندىن ئۇ بىر چىشلىدى-دە، چايناۋاتقۇچە، — راست، بىزنىڭ ئۇن، — دەپ تەكرارلىدى باش لىڭشىتىپ. كېيىن ماڭا قاراپ داۋام قىلدى، — سىز گۈلئايىم ئاچا، مەيدانىمىزدىن يۆتكىلىپ كەلگەندەك تۇرىسىز، مەيدانىمىزنىڭ ئۇنىنىڭ كېپىكى كۆپرەك بولسىمۇ بىزنى، مەيداننى ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ؟

باشقا تراكتورچى يىگىتلەر مەخسۇتنىڭ سۆزىدىن كۈلۈۋېتىشتى. ئەمما، مەن بۇ كۈلكىلەر ئىچىدە ۋۇجۇدۇمنى ئىگەللىۋالغان جۇدالىق تۇيغۇسى بارلىقىنى دەرھال سېزىپ قالدىم. بۇ تۇيغۇ مەيداندا قېپقالغان سۆيۈملۈك ئىككى بالام ۋە قەدىردان ئېرىم ھاشىم ئۈچۈنلا پەيدا بولغان تۇيغۇ ئەمەس ئىدى. توغرا، بۇ تۇيغۇم ئاشۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا، يەنە باشقىچە مەنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك جۇدالىق تۇيغۇلىرى ئىدى. شۇ تاپتا تراكتورچىلار ماختاپ يەۋاتقان بۇ توقاچلار مەن تۇرغان تېرىقچىلىق ئەترىتىدىكى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ تۇتقان سەپەرگە ئۇزىتىش

توقچى ئىدى. مەن ئاشۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا، ئاشۇ دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى بىلەن نەق ئالتە يىل بىرگە تۇرغان، بىللە ئىشلىگەن، بىللە ناخشا ئېيتىپ، ئارىلاش ئۇسسۇل ئوينىغان ۋە بەزىدە يۇرتلىرىمىزنى سېغىنىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن بىللە يىغلىغاندۇق. بەزى چاغلاردا بولسا تۇرمۇشى ئوتتۇرا ھال كىشىلەر ئۇچۇن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ھېسابلىنىسمۇ، بىز ئۇچۇن يېڭىلىق تۇيۇلىدىغان ھېسسىياتلارنى ئورتاقلىشىپ كۈلۈشكەندۇق.

— ھەي ئىست، ئەجەب قايتىپ كەلدىڭىز ـ دە؟ — دېدى مەھەممەت بېشىنى چايقاپ، — مەيداندا تۇرىۋەرسىڭىزمۇ، كېيىنچە سىزگە مۇناسىپ كەلگۈدەك خىزمەت چىقىپ قالار ئىدى. سىزگە بەكلا كۆنۈپ قاپتىكەنمىز.

مەن بىرنەرسە دەي دەپ ئېغىز ئاچقۇچە مەخسۇت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىزاھات بەردى:

— گۈلئايىم ئاچام مەخسۇس سۇ ئىشلىرى كەسپىنى ئۆگەنگەن مۇتەخەسسىس تۇرسا، مەيداندا ئوت ئوتاپ، كېۋەز تېرىپ يۈرۈۋېرەمدۇ؟ سېنى تراكتوردىن چۈشۈرۈپ ئېشەك ھەيدىگىلى سالغانغا ئوخشاش بىر ئىش بولىدۇ ـ دە؟

— شۇنداق، — قۇۋۋەتلىدى يەنە بىرەيلەن، — گۈلئايىم مەيدانىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرىنى بىر ئەپلىك رەتكە سېلىپ بەرگەنىدى، ئەمما بەزى ئامبالللىرىمىز ئۇنى يەنىلا "سېسىق زىيالىي" قاراپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىدى. تۇزۇكرەك رەھبەرلىرىمىز يۇرەكلىك ئىشقا سالالمىدى...

— بۇلبۇلنىڭ باغدا، كەكلىكنىڭ تاغدا سايرىغىنى تۈزۈك، — دېدى مەخسۇت سەيگە چوكا ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — دۆلەت پۇل

خەجلەپ بەش يىل بىلىم ئۆگەتكەن بىر كەسىپى خادىمنىڭ كەتمەن چېپىپ بەرگەن پايدىسىدىن كۆرە، سۇ ئىنشائاتلىرىنى لايىھىلەپ بەرسە مەنپەئىتى جىقراق بولىدۇ.

مەن تراكتورچىلارنىڭ قىزغىن مۇلاھىزە بىلەن بولۇپ كېتىپ، دىققەت قىلمىغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بىكار بولغان قاچىلار، داس ھەم چوكىلارنى يىغىشتۇرۇپ سۇزۇك سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق تەرەپكە قاراپ كەتتىم. قۇلىقىمغا ئۇلاردىن بىرسىنىڭ:

— قانچە-قانچە بىلىملىك زىيالىيلار ئۆزى ئۆگەنگەن ناخشىسىنى ئېيتالماي، بىلىمىنى ئىشلىتەلمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. "گۈل ئۈچۈن بۇلبۇل يوق، بۇلبۇل قوناي دېسە گۈل"، دېگەندەك ئىش...—

دېگەنلىرى ئاڭلىنىپ قالدى.

ئەسلى مەن ئۇلارنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلىپ ھەم ماختاپ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتىن خىجىل بولۇپ، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىش باھانىسىدا ئېرىق بويىغا كېلىۋالغانىدىم. مېنىڭ نەگە كەتكىنىمنى ۋە نېمىلەرنى قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ قالغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى يوشۇرالمىغان تراكتورچىلار خىجىللىقىنى بىلدۈرۈشتى:

— ئاپلا، بىز ۋالاقلاپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇق ئەمەسمۇ، ئۇ قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇپ بوپتۇ...

— تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدۇق نېمىسى، ئۇنىڭ سەپەر توقاچلىرىنى يەۋالغىنىمىز يەتمىگەندەك، قاسماقلىرىمىزنى يۇيۇشقا سالغىنىمىز نېمىسى...

— بەزى كېزىتلەردە چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئاتايدىغان "سېسىق زىيالىي" دېگەنلەر، ئەگەر مۇشۇ گۈلنىڭ يىمدەك بولىدىغان بولسا،

مېنىڭ ئاشۇنداق سېسىق كىشىلەر ئارىسىدا ياشىغىم كېلىدۇ...

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسىدۇ بىرى ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— كۆڭلۈڭدە بىلسەڭ بولمىدىمۇ؟ ئاشۇنداق نىمچىگە ئايرىپ ئات قويۇۋاتقانلارنىڭ ئۆزىمۇ قانداقلا بولمىسۇن زىيالىيلاردىن بولسا كېرەك، — دېدى.

يەنە بىرەيلەن:

— ئاغىنىلەر، گېزىتكە نېمە يازغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشمايلى، يەنە بىز...، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئۇنى پەسلەپ كېيىنكى سۆزلىرىنى مەن ئاڭلىيالماي قالدىم.

يۇيۇلۇپ بولغان داس، قاچا ۋە چوكىلارنى مەھەممەت بىلەن مەخسۇت قولۇمدىن ئالدى - دە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. مەخسۇت قايتىپ چىققاندىن كېيىن خىجىل بولغانلىقىدىن ماڭا ئەيمىنىپ قاراپ:

— ئەگەر چۈشتىن كېيىن سىزنى تەقسىم قىلغان ئورۇنغا كېتىپ قالمىسىڭىز، بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ، كەچلىك تاماقنى بىللە يەيمىز، — دېدى ۋە مەن ماقۇل بولۇپ باش لىڭشىتقىنىمدىن كېيىن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — ئەمدى سىزگە قاچا يۇغۇزدىغان بىخەستەلىكنى ھەرگىزمۇ قىلمايمىز.

مەنمۇ باشقا تراكتورچىلارغا ئەگىشىپ كۈلۈۋەتتىم. ئاندىن مۇشۇ ئىش بېجىرىش ئورنى قورۇسىنىڭ قاراۋۇلى، ماڭا خېلىدىن بۇيان تونۇش بولغان ياسىن ئاكىغا نەرسە - كېرەكلىرىمگە قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ سىرتقا چىقتىم.

بۇ ئورۇن بىلەن ناھىيە بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن چارەك سائەتتىن ئارتۇقراق يول مېڭىش كېرەك ئىدى. قاچاندۇ بىرچاغلاردا ئىش

يېپىتىلغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە توپا يولغا ئايلانغان بۇ يول ئىككى تەرەپتىكى ئاللىقانداق ئىدارىلەرنىڭ ئامبارلىرى ياكى باشقىچە بىر قورۇلىرىنى قورشاپ تۇرغان ئەنجان تاملىرى بىلەن ھېچبىر بازارغا ئوخشىمايتتى. ماشىنا، تراكتورلارلا ئەمەس، ئادەتتىكى ھارۋىلار ئۆتۈپ قالسىمۇ، ئۇلاغ ۋە چاقلارنىڭ ئاستىدىن چىققان توپا-چاڭ بىرنەچچە قەدەم نېرىنىمۇ كۆرسەتمەيتتى. چاڭ-توزان چاچ ئارىلىرىغا، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئۈستىگە، ھەتتا ئېغىزغا كىرىپ چىش ئارىلىرىغا چاپلىشىۋالاتتى. يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر گويا چالما-كېسەكلەرنى توپىغا ئايلاندۇرىدىغان تۈگمەنگە كىرىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. توپىدىن پاناھلىنىدىغان، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ھېچقانداق جاي يوق ئىدى. شۇڭا كىملا بولمىسۇن كېتىۋېرەتتى ۋە پەقەت ماشىنا، تراكتور، ھارۋىلار ئۆتۈپ بولغۇچە كۆزىنى يۇمۇپ، ئېغىز، بۇرنىنى توسۇۋېلىشتىن باشقا چارە قىلالمايتتى.

مانمۇ بۇ يولدا بىرنەچچە تراكتور ۋە ئۇزۇن سەپ تارتىپ ئوغۇت يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ توپىسىدا قېلىشقا توغرا كەلدى. بازارغا كىرىپ تاشيولغا چىققىنىمدىن كېيىنلا كىيىمىمدىكى توپىلارنى قاقتىم، بىر ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ يۈزۈمنى يۇيۇپ يوپكامنىڭ پېشى بىلەن سۈرتتىم...

## 3

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە — غەربىي جەنۇب تەرەپكە قايرىلىدىغان چوڭ كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى. مەن كوچا بويلاپ ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ، كۆز چاقنىدىغان، قىپقىزىل سىرلار بىلەن يوغان يېزىلغان

شوئارلارنى كۆز قىرىمدىلا ئوقۇپ ئالدىرىماي مېڭىپ باراتتىم. ئىدارىگە ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقتتىن بىرىم سائەت ئۆتكەندە ئاندىن يېتىپ بارغان بولسامۇ "ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى" دەپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىسى بار ئىشخانىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇراتتى. مەن ھەرقانداق بىر يېڭى خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەردە بولىدىغان زارىقىش، ئالدىراش، ھاياجانلىنىش ھېسسىياتىنىڭ قۇچىقىدا ئۈزۈپ يۈرەتتىم. مېنى قانداق خىزمەتكە تەقسىم قىلىشى مۇمكىنلىكى، مېنىڭ قانداق قوبۇل قىلىپ ئېلىنىشىم توغرىسىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقاتتىم. مەندىن قانداق سوئاللارنى سورىشى، مېنىڭ جاۋاب بېرىشلىرىم توغرىسىدىمۇ خىيال سۈرۈپ باقاتتىم.

ئىدارە قورۇسىغا كىرىپمۇ ئاشۇنداق خىياللاردىن قۇتۇلالمىدىم. بۇ ئىدارىدە گويا ھېچكىم ئىشلىمەيدىغاندەك ھەممە ئىشىكلەر قۇلۇپ-لاقلىق، قورۇنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. مىنۇتلار ئۆتكەنسېرى چۈشتىن ئىلگىرى باشلانغان قىزغىن ھېسسىياتىمنىڭ ئۈستىگە كىمدۇ بىرسى مۇزدەك سۇ سېپىۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا بولۇپ، مېنى يېنىك ئەندىكتۈرەتتى.

مەن تاملارغا يېزىلغان، ھەممە يەردىكىگە ئوخشاش شوئارلارنى ئوقۇپ چىقتىم. چوڭ دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان داسكا توختىتىلغان بولۇپ، سېمونت سۇۋاقنىڭ ئۈستى قىزىل سىرلىنىپ، ئۈستىگە سېرىق سىر بىلەن ئىدارىنىڭ كەلگۈسى ئۈچ يىللىق پىلانى يېزىلغانىدى. بۇ پىلان، مېنىڭ بىلىشىمچە، ناھىيە-نىڭ ھەممە يېرىگە يېزىلغان پىلانلار بىلەن ئوخشاش مەزمۇندا ئىدى. مەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ئۇنى

ئۇقۇشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا دەرۋازىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئۇنۇتمىدىم.

تەخمىنەن ئون مىنۇتلارچە ۋاقىت ئۆتكەندە، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى. مەن دوسكىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلدۇم. ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى جاراڭلاتقىنىچە 25 ياشلار ئۇپچۆرىسىدىكى بىر قىز ئۇچقۇق دەرۋازىدىن ناھايىتى تېز كىرىپ كەلدى. ئۇ بەك سىپايە ۋە ئادەتلىنىپ كۆنۈپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان ئەپچىل ھەرىكەتلەر بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ سىپرىقىقا مايىل ئاق يۈزى، تېز ماڭغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئانار گۈلى رەڭگىدە قىزارغانىدى. قاڭشارلىق، ئىككى قېشى ئارىلىقىدىن ئېقىپ چۈشكەندەك كۆرۈنىدىغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى. بېشىنىڭ كەينىگرەك تارتىپ چىگىۋالغان ئاق يوللۇق نىل رەڭ يوڭ ياغلىقىنىڭ ئەتراپىدىن سارغۇچ چاچ تاللىرى سىرتقا يېيىلىپ چىقىپ تۇراتتى. قىز ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ پەلەيلىرىنى يەشمەي تۇرۇپ، ۋېلىسىپىت ئېگىرىنىڭ تېگىدىن سەل كىرلەشكەن ئاق ماتا پارچىسىنى تارتىپ چىقاردى، ھېلىمۇ نېكىللىرى ۋالىلداپ پارقىراپ تۇرغان ۋېلىسىپىتنى ئالدىرىماي، ئىخلاس بىلەن سۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن، ماتا پارچىسىنى قايتىدىن ئېگەرنىڭ ئاستىغا تىقىۋېتىپ ۋېلىسىپىتنى قۇلۇپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەلەيلىرىنى يېشىپ ئۇنىڭدا ئۈستىكى كىيىمنى قاقتى ۋە تىزىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان ماش رەڭ سارجا پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ "نۆۋەتچى ئىشخانىسى" دەپ ۋىۋىسكا بېكىتىلگەن ئىشىكنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئېلىپ، بىردىن سانىغاندەك ئايرىپ، كېرەكلىك ئاچقۇچنى تاپقاندىن كېيىن، ئاچچىقى كەلگەن

كىشىلەردە بولىدىغان زەردە بىلەن ئىشىكنى كۈچەپ تېپىپ ئاچتى.

مەن بۇ قىزنىڭ سىپتا، پاكىز كىيىنىشىگە، ئۆزىنى تۈزىشىگە ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ قاراپ تۇرۇپ قالغانىدىم. قاچاندۇ بىرچاغلاردا، ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىمىزدا بىزمۇ ھەۋەس بىلەن، بىر-بىرىمىزگە نازارەت قىلىش، كۆزىتىپ تۇرۇش ھەم سەل-پەل ئىچى قايناش ھېسسىياتى بىلەن ياسىنىپ-تارىناتتۇق. لېكىن، ئۇ چاغلار جەمئىيەت تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان، ئۆمۈرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەۋەسلەرمۇ پەسلەيدىغان ئۆتمۈشكە مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنىدى. مۇھىمى، مەن بۇ ناھىيىگە كەلگەنىدىن بۇيان كۆز ئالدىمدا تۇرغان بۇ قىزچىلىك چىرايلىق كىيىنگەنلەرنى ئاز كۆرگەنىدىم. بۇ قىز يەنە كېلىپ كىيىنىشى بىلەنلا ئەمەس، ۋېلىسىپىتتە ئولتۇرۇش، چۈشۈش، مېڭىش ھەرىكەتلىرىگىچە ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى نامايىش قىلىپ تۇراتتى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا مېنى كۆرگەن بولسىمۇ كۆرمىگەنگە سالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەممە مەشغۇلات جەريانىدا پات-پات كۆز قۇيرۇقىدا ماڭا قارايتتى. بىراق مېنىڭ قاراۋاتقىنىمنى خالىمىغانىدەك ياكى ئۆزىنى ماڭا نامايىش قىلىۋاتقانىدەك بىر خىل قارىمۇقارشى نەزىرىنى يوشۇرالمايۋاتاتتى. مەنمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋەردىم.

ئۇ ئىشىكنى يېرىم ئېچىپ ئىشخانىغا بېشىنى سوزۇپ كىرگۈزدى. ئۆيگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەنىدىن كېيىن، مېنىڭ دەسلەپ ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭغا سۆز قىلمىغانلىقىم جېنىغا تەگكەنلىكىنى چاندۇرۇپ ماڭا بۇرۇلدى-دە، ئاچچىق بىلەن:

— سىز بۇ يەردە كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ چەكچىيىپ، سانجىپ قاراشلىرىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچماي تەمكىنلىك بىلەن:

— كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل كىشىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، — دەپ ئالدىرىماي، سىپايە جاۋاب بەردىم. مېنىڭ جاۋابىمدىكى تارتىنىش بىلەن ھۆرمەت ئارىلاشقان تەلەپپۇزنى ئۇمۇ سەزدى، ئەمما، ماڭا بىرەر نەرسە دېيىشنىڭ ئورنىغا، ئوغۇل باللارنىڭ قىلىقىنى دوراپ بېشى بىلەن ئىشخانىغا كىرىشىمنى ئىشارەت قىلدى-دە، ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ كەتتى.

مەن ئېھتىياجى بار كىشىلەر تولا ئىزدەيدىغان كادىرلاردا ۋە ـياسى خىزمەت ئىشلەيدىغان خادىملاردا ئاشۇ قىزنىڭكىدەك خاراك- پىشىپ يېتىلدىغانلىقىنى ئاز- تولا بىلەتتىم. ئۇنداقلار سىرتتىن ـگەن كىشىلەرنى ئومۇمەن مەغرۇرلۇق بىلەن قارشى ئېلىپ، پ-سۆزلەرگە خوش ياقماي جاۋاب بېرەتتى. مۇنۇ قىزنىڭ قىلىقلىرى مەن كۆرگەن ياكى بىلگەن ھەرقانداق شۇ خىلدىكى كىشىلەرنى بېسىپ چۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھازىر مېنىڭ ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ داخۇڭگەيلىك قىلىقلىرىغا چىدىدىم ۋە ئىچىمدە كۈلۈپ قويۇپ ئىشخانىغا كىردىم. ئۇ ئاللىقاچان كېرىلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. بېشىدىكى يۇڭ ياغلىقىنى مۈرىسىگە سىيرىلدۇرۇپ قويۇپ، قولىدىكى ئاچقۇچنىڭ ئۇزۇن زەنجىرىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا سول مۈرىسىنىڭ ئۈستىدىن سىڭايان قاراپ:

— قېنى قۇلىقىم سىزدە، ئەرزىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ يېشىغا ۋە ئەسلىدىكى ئۆز ئاۋازىغا مۇناسىپ بولمىغان مەغرۇرانە ئاھاڭدىن خېلىلا بىئەپلىك ھېس قىلدىم. شۇنداقتىمۇ،

بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك دەپ ئويلىغىنىمچە ئۆزەمگە تەئەللۇق گەپنى ئېيتتىم:

— مەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇشۇ ئىدارىدە خىزمەت قىلىشقا تەقسىملەنگەنىدىم، رەسمىيەتنى قانداق بېجىرسەم بولىدىكىن؟

ئۇ ماڭا باشتىن ئاياغ بىر قاراپ قويۇپ ھېچ نەرسە دېمەيلا قولىنى تەڭلىدى. ئۇنىڭ مەندىن تونۇشتۇرۇش قەغىزى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، يانچۇقۇمدىن كونۋېرت چىقاردىم. رەسمىيەت قەغەزلىرى ئاشۇ كونۋېرتنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ سىڭايان ئولتۇرغان ھالىتىنى بۇزماي، ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن كونۋېرت ئىچىدىن قەغەزلەرنى قىسىپ چىقاردى. ئاندىن ئاچقۇچ ئويناشنى توختىتىپ ماڭا يۈزلىنىپ رۇس ئولتۇرۇپ قەغەزلەرنى تەپسىلىي ئوقۇدى. مېنىڭ كۆزىتىپ تۇرۇشۇمچە، ئۇ قەغەزدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى. گەرچە خەتتىن كۆز ئۈزمىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، باشقا بىر ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ:

— زىيالىيلار تەبىقىسىدىن ئوخشايسىز-ھە؟ قارىغاندا، يېشىڭىزمۇ خېلىلا چوڭ كۆرۈنىدۇ، نەدە چېنىققان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ناھىيىمىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يۆتكىلىپ كەلدىم، — جاۋاب بەردىم مەن ئۇنىڭ "چېنىقىش" توغرىسىدىكى سوئالىغا نېمە دەپ ئىنزاھات بېرىشىمنى بىلەلمەي، — مەن 1966-يىلىلا ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ بولغان، كېيىن ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى. 1969-يىلى مۇشۇ ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەنىدىم.

ھازىرغىچە شۇ يەردە ئىشلىدىم.
ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:
— كونا زىيالىيلاردىن ئىكەنسىز، — دېدى ۋە رەسمىيەت قەغەز-لىرىنى مەن تەرەپكە ئىتتىرىپ قويۇپ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى، — سىز كۈتۈپ تۇرۇڭ. سىلەردەك زىيالىيلار ئۈچۈن خىزمەت تەقسىم قىلىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئىش ئەمەس.
مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، باشلىق كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇڭ، — ئۇ ئەھمىيەتسىز بىرنەرسىنى ئەسلەۋاتقاندەك قوشۇپ قويدى، — بىزنىڭ ئىدارىدە ھەممە ئىش شۇ بىر باشلىققا قاراشلىق، ئۇ بولمىسا ئىش ئاقمايدۇ. بۇ يەردە باشباشتاقلىق، مۇكەممەلسىزلىكنىڭ سايىسىمۇ يوق...
ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، بېشىنى يەنە ئۇغۇل باللاردەك سىڭايان قىلىپ سىرتقا چىقىپ كېتىشىمنى ئىشارەت قىلدى.
مەن ئۇنىڭ مۇزغا تاش ئاتقاندەك تاراك-تۇرۇك ئېيتقان سوغۇق گەپلىرىدىن ئۆزەمگە كېرەكلىك بىرەر نەرسىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭدىن تەپسىلىيرەك سوراپ بىلىۋالماقچى بولۇپ بۇرۇلغىنىمدا، ئۇمۇ مېنىڭ كەينىمدىنلا ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن قايسى باشلىقنى كۈتۈش، قانچىلىك ۋاقىت كۈتۈش توغرۇلۇق ئېنىقراق جاۋاب ئېلىۋالماقچى بولدۇم-دە، جۈرئەتلىنىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇ شىرەگە ئىككى قولىنىڭ جەينىكىنى تىرەپ، ئالقانلىرى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە ئەسنەۋاتاتتى.
— كەچۈرۈڭ ياخشى قىز، — دېدىم مەن ئەدەب بىلەن بېشىمنى سەل ئېگىپ، ئۇنىڭمۇ مەنى مۇلايىم چىقىرىپ، — رەنجىمەي ئېيتىپ

بەرسڭىز، مېنىڭ ئىشىمنى كىم كونكرېت بىر تەرەپ قىلىدۇ؟

ئۇ ئولتۇرغان ھالىتىنى بۇزماي، قوشۇمىسىنى تۈردى، شۇنىڭ بىلەن پېشانىسىدە ئۇششاق سىزىقچىلار پەيدا بولدى، ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قوپال ئاۋاز بىلەن:

— سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغاندەكمۇ تۇرمايسىز، قىپقىزىل نادان چوكان ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى مەنسىتمەسلىك بىلەن لەۋلىرىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرۈپ، — مەن سىزگە باياتىن بىرمۇنچە چۈشەندۈرگەن تۇرسام، ھېچنىمىنى بىلەلمىگىنىڭىز قىزىق؟

مېنىڭ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىم ئۈچۈن يەنىلا ئۆزەمنى تۇتتۇم.

— سىز قايسى باشلىق ئىكەنلىكىنى، قاچانغىچە كۈتىدىغانلىقىمنى دېمىدىڭىز...

— سىزگە تەپسىلىي بىلىش شۇنچىۋالا مۇھىممىدى؟ كۈتۈڭ، باشلىق كەلسە بىرنېمە دېيىشىمىز دېگەندەك، گەپ بىر، قولاق ئىككى. يەنىلا ئاڭقىرالمىغان بولسىڭىز، ئەمدى ئوبدان ئاڭلاڭ، يەنە ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن. ساقلاپ تۇرىسىز، باشلىق كەلگەندە ئاندىن مەن ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى خەۋەر قىلىمەن. ئۇ سىزنىڭ قايسى كۈنى، قانداق چاغدا كېلىشىڭىز توغرۇلۇق يوليورۇق بېرىشى مۇمكىن. سىز شۇنىڭغىچە كۈتۈپ تۇرىسىز، بولدىمۇ؟

ئۇ مېنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرىۋېرىشىمنى خالىمىغاندەك بەدىنىنى بىرلا تولغاپ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى ۋە زورلىنىپ تۇرۇپ ئەسنەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىدىنمۇ كۆپرەك ھورۇن، يالقاۋلىقىدىن رەنجىگىنىمچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قايتىپ چىقتىم. باشلىق ئىشخانىسىدىكى قولۇپ يەنىلا ئاۋۋالقىدەك تۇراتتى. مەن بىردىنىلا چارچاش

ھېس قىلدىم-دە، سوغۇق سېمونت پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدىم.

ھەرقايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى كەينى-كەيندىن كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا قارايتتى ۋە بېشىمدىن ئايىغىمغا سەپسېلىپ ئاندىن ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشەتتى. بۇ ماڭا شۇنچىلىك ئەلەم قىلاتتىكى، مېنى گويا بۇ يەرگە باھالاشقا ئېلىپ كېلىنگەن مالدەك كۆرۈۋاتقىنى ئۈچۈن ئاچچىقىم كېلەتتى.

ئاخىرى باشلىقمۇ كەلدى. ئۇ كەلگەن چاغدا ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ 35-40 ياشلار ئارىسىدىكى سېمىز، قويۇق قارا قاشلىق، ئوتتۇرا بوي كىشى ئىدى. ماڭغان چېغىدا قەددىنى زورۇقۇپ تىك تۇتۇشقا، مەيدىسىنى كېرىشىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ سالاملاشقان بىر كىشىنىڭ سۆزىدىن بىلىۋالغانىدىم (سالام بەرگەن كىشى ئۇنى "جۇيجاڭ" دەپ ئاتىغانىدى). ئۇ ئۈچ باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن ئالدىرىماي، سائىتىگە قارىغاچ مېڭىپ كۆتۈرۈلدى. ماڭا، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالاملىشىشقا ئۇرۇنغىنىمغا قارشى ھېچبىر ئېتىبار بەرمەي قولۇپلاقلىق ئىشخانىسىنى ئاچتى. ئۆيگە بېشىنى تىقىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن نۆۋەتچى ئىشخانىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بوم، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— رەيھانىسا، ھەي رەيھانىسا!

ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇزۇلە-ئۇزۇلمەي تۇرۇپلا دەسلەپ مەن بىلەن سۆزلەشكەن ئاچچىقى يامان قىز ھۇرۇن، ئېرىنچەكلىگە زادى

مۇناسىپ كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن سەكرىگىنىچە كۆلۈپ چىقىپ كەلدى-دە، تولىمۇ نازلىق ئاۋاز بىلەن:

— رىھىم جۇيجاڭ، ياخشىمۇسىز، ماڭا قانداق كۆرسەتمىلىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

باشلىق رەيھانىنىسادىن رازى ئىكەنلىكىنى يەڭگىل ھىجىيىش بىلەن بىلدۈرۈپ، بويىنىنى مىدىرلاتماي بېشىنى قىسايتىش ئارقىلىق سالاملاشتى ۋە:

— قانداق كۆرسەتمە بار دەيسەن؟ — دەپ قويدى. ئاندىن يانچۇقىدىن بىر دەستە قەغەز ئېلىپ باشتىكى ۋارىقىغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن سورىدى، — بۇ يەرگە گۈلئايىم ئىسىملىك بىرسى مېنى ئىزدەپ كەپقالمىغاندۇ؟

رەيھانىنىسا ماڭا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ:

— ياق جۇيجاڭ، گۈلئايىم ئىسىملىك ئادەم ئىزدەپ كەلمە-دى، — دېدى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ باشلىقنىڭ كۆزىنى ئالمايلا داۋام قىلدى، — ماۋۇ چوكان مۇشۇ ئىدارىگە كېلىپ ئىشلىسەم بولاتتى، مېنى خىزمەتكە ئورۇنلاش-تۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن كىم بىلەن كۆرۈشىمەن، دەپ كەپتىكەن. مەن سىزنىڭ...

— مېنىڭ ئىسمىم گۈلئايىم بولىدۇ، — دەپ رەيھانىنىسانىڭ سۆز-لىرىنى بۆلۈۋەتتىم مەن ۋە ئالدىراپ رىھىم جۇيجاڭنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

رىھىم جۇيجاڭ گويا مېنى ئەمدىلا بايقىغاندەك سىپمىز گەۋدىسىنى ئاستا ئايلاندۇرۇپ ماڭا يۈزلەندى-دە، باشتىن ئايىغىمغا بىر سەپسېلىپ چىقتى.

— ھە، ئوھوي، شۇنداق دەڭ. ياخشىمۇسىز يولداش گۈلنا-يىم؟ — دېدى ئۇ ۋە بۇ سۆزلىرىنى يەنە بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاپ قولۇمنى مەجبۇر سىقىپ، سىلكىپ-سىلكىپ قويدى، — قېنى، ئىشخانامغا كىرىڭ. ھە، مۇنداق دەڭ، گۈلنايىم، بۇ سىز ئىكەنسىز-دە؟ شۇنداق، شۇنداق. مەن سىزنى ساقلىتىپ قويۇپتىمەن-دە، گۈلنايىم يولداش...

ئۇنىڭ سۆز ئۇرامىدىن ملجىڭلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ماڭا بىلدۈرگەن قىزغىنلىقىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدىم. ئۇ، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭلار، دېگەندەك قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ ئىشخانىغا ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ كەتتى. مەن ئەمدى قوزغىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا رەيھاننىسا لىپپىدە ئالدىمغا ئۆتۈپ كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەيمىنىپرەك كىردىم. جۇيجاڭ ئاللىقاچان ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ كىرىپ كېلىۋاتقانلارغا ھېچقانداق ئىلتىپات بىلدۈرىدىغان ئالامەتنى كۆرسەتمەي قاپىقىنى تۈرۈۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ باياتىنقى سۆزىنى ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشىغاندەك تەكرارلايتتى:

— ھە، شۇنداق قىلىپ گۈلنايىم... بۇ ئەسلىدە سىز ئىكەنسىز-دە؟

بۇ ئىشخانا كۆز چاقىقۇدەك ئازادە ھەم پاكىز ئىدى. دېرىزە تەرەپكە يانداپ قويۇلغان ئىش شىرەسىدە سىياھ قۇتىسى، تېلېفون ۋە ئەينەك تاختىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئەلا سۈپەتلىك سېمونت بىلەن سۇۋالغان، پارقىراپ تۇرغان يەرگە يەنە چاقىنىغىنا گىلەم سېلىنغان، تام ياقىلاپ تىزىلغان جۈپ-جۈپ بىر كىشىلىك ۋە ئۈچ كىشىلىك سافالارغىمۇ قاردەك ئاپپاق قاپچۇق كىيدۈرۈل-

گەنىدى. ھەربىر جۈپ سافا ئارىلىقىغا بىردىن چاي شىرەسى قويۇلغان بولۇپ، چىلان رەڭگىدە سىرلانغان بۇ شىرەلەر ئەينەكتەك ۋاللىداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تاماكا كۈلدانلىرىمۇ شۇنچىلىك تازا ئىدىكى، قويۇلغاندىن تارتىپ ئۇلارغا ھېچكىم كۈل چۈشۈرۈپ باقمىغاندەك كۆرۈنەتتى. دېرىزە بار تامدىن باشقا ئۈچ تەرەپتىكى تاملارنىڭ ھەممىسىگە سېرىق سىر بىلەن شوئار يېزىلغان قىزىل قەغەزلەر چاپلانغانىدى.

رىھىم جۇيجاڭ شىرە بىلەن تام ئارىلىقىدىكى ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ سوكنا شەپكىسىنى ئېلىپ، ئۈستۈرىدا قىرىلغان بېشىنى سىلاپ قويۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن يانچۇقىدىن باياتىن چىقارغان ۋە يەنە سېلىپ قويغان قەغەزلەرنى قايتا ئالدى. ئۇنى شىرەگە تاشلاپ، ئاندىن ماڭا كۆزۈمىسىرەپ قارىدى.

— سىز تېخىچىلا ئۆرە تۇرىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغاندەك، — ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ. بۇ ئىشخانىدا نېمە كۆپ دېسىڭىز، ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق بىلەن سافا كۆپ. مېنىڭ خىزمەتچىلىرىم مېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ سافالارنى ھەمراھ قىلىپ قويۇشقان...

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ كۆرسەتمىسىغۇ جۇيجاڭ؟ — دېدى رەيھاننىسا ئەركىلىگەندەك.

— ھە، ئولتۇرۇڭ يولداش گۇلنايىم، — جۇيجاڭ رەيھاننىساغا ئېتىبار بەرمەي، ماڭا ئۆزىگە يېقىنراق بىر سافانى ئىشارەت قىلدى.

مەن نېمىگىدۇ خىجالەت بولۇپ ئۇ كۆرسەتكەن سافاغا ئولتۇرمىدىم، شۇنداقتىمۇ، شىرەنىڭ مەن تۇرغان تەرىپىدىكى بولۇڭغا قويۇلغان ئورۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئولتۇردۇم ۋە رەسمىيەت قەغەزلىرىم

سېلىنغان كونۋېرتنى چىقىرىپ ئەدەب بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئەمما، ئۇ قولىنى تەڭلەپ بولغۇچە، تېخىچە، شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ ئېگىشىپ تۇرغان رەيھاننىسا بالدۇرراق قول ئۇزىتىپ كونۋېرتنى ئېلىۋالدى. ئىچىدىن قەغەزلەرنى تارتىپ چىقىرىپ، تېخى ھېلىلا ئۇلارنى تەپسىلىي، ئۇزاققىچە ئوقۇغانلىقىغا قارىماستىن، خۇددى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك پىچىرلاپ ئوقۇغىلى تۇردى. كېيىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بېشىمدىن ئايىغىمغا بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ قويۇپ قەغەزلەرنى رېھىم جۇيجاڭغا سۇندى.

— كونا زىيالىيلاردىن ئىكەن، — دېدى ئۇ تۇمشۇقىنى پۈرۈپ ۋە بېرىپ سافاغا ئېغىر تاشلاندى.

رېھىم جۇيجاڭ قەغەزلەرگە كۆز قىرىدىلا قاراپ قويدىيۇ، تەپسىلىي ئوقۇمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئۇ رەيھاننىساغا قاراپ قويدى.

— بۇ رەسمىيەت قەغەزلىرى توغرىسىدا مەن چۈشتىن ئىلگىرىلا ئاڭلىغانىدىم. باياتىنمۇ تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىدا بولدۇم ۋە سىز توغرۇلۇق بىرەر قۇر ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ ۋە نېمىشقىدۇ كۈلۈپ قويدى، — مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى. ئاۋۋال قائىدە-يوسۇن بويىچە تونۇشۇپ قويايلى. مەن سىزنى چەتتىن ئاڭلىدىم، مانا ئەمدى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. خوش، نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 30 ياشقا كىردىم، — دېدىم مەن ئۈنۈمنى تەبىئىي چىقىرىشقا تىرىشىپ. — يىللار تېز ئۆتمەيۋاتقاندەك تۇرسىمۇ، يېشىمىز ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، مەن تېخى...، — رېھىم جۇيجاڭ ماڭا دىققەت بىلەن تىكىلدى، — مەن تېخى سىزنىڭ يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق

تۇرقىمىزغا قاراپ 25 ياشلارغا كىرگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

شۇ چاغدا رەيھانىنسانىڭ دېمىغىدىن "شىش" دېگەن تاۋۇش چىقتى ۋە ئۇ چىڭ يۇمۇپ تۇگۈۋالغان لەۋلىرىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈدەك پۇرۇشتۇرۇپ ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— مېنىڭ ئىككى بالامۇ بار، جۇيجاڭ! — دېدىم مەن ئىزاھات بېرىشكە ئالدىراپ، — چوڭى ئالتە ياشتا، ئوغۇل. كىچىكى ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدى، قىز.

— ھە، مۇنداق دەڭ... سالماقلىق بىلەن كۆپىيىۋېتىپسىز-لەر-دە؟ — رېھىم جۇيجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلكە كەتمىگەن چىرايىنى ماڭا قارىتىپ داۋام قىلدى، — باياتىن تەشكىلات گۇرۇپپىسىدىكى ھېكىم سىزنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىڭىز، مەلۇ-ماتىڭىز، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشلىرىڭىزنى ئېيتىپ بەرگەن، ئائىلە ئەھۋالىڭىز توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىگەنىدى. دېمەك، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنسىز، ئائىلىڭىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ؟ باللارنىڭ دادىسى...

— شۇنداق. ئېرىم دېھقانچىلىق مەيداندا ھېلىغىچە چېنىقىۋا-تىدۇ. باللار ئۇنىڭ يېنىدا قالدى.

ئۇ، مېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيىتى يوق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چىرايىنى تۈردى. مەنمۇ داۋاملىق سۆزلەشتىن يالتىيىپ جىم بولۇپ قالدىم.

رېھىم جۇيجاڭ ماڭا قارىماي، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋات-قاندەك ئۇ يان، بۇ يان يۇرۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— تەشكىلات گۇرۇپپىسىدىكى ھېكىم سىزنىڭ مەيداندا ئىشلەپ

يۇرگەن چاغلىرىڭىزدىكى ئىپادىڭىز ھەققىدە مەيدان رەھبەر-
لىگىنىڭ پىكرىنى ھەم باھالىنىش قەغىزىڭىزنى ماڭا تاپشۇردى، — ئۇ
توختاپ، باياتىن ئىش شىرەسى ئۈستىگە تاشلاپ قويغان قەغەزلەرنى
بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويۇپ يەنە مېڭىشنى داۋام قىلدى، —
ھەر ھالدا مەندە سىزگە نىسبەتەن دەسلەپكى چۈشەنچىلەر پەيدا
بولدى. سىز دېھقانچىلىق مەيدانىدا يامان ئەمەس چېنىققان ئىكەن-
سىز. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاش
جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك نەتىجىلىرىڭىز بار ئىكەن، بۇلار ئەلۋەتتە
ياخشى...، — ئۇ چارچاپ كەتكەندەك ئېغىر "ئۇھ" تارتىپ قويۇپ،
كېلىپ سافاغا ئېغىر ئولتۇردى. جەينىكىنى سافانىڭ يۆلەنچۈكىگە
تىرەپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇبادا
سىياسىي مۇھىت يار بەرسە، سىز 17 يىللىق كونا مائارىپ سىڭدۈر-
گەن ئىللەتلەرنى تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلىيالىسىڭىز كېرەككە كېلىدى-
غاندەكمۇ تۇرىسىز. نېمىلا بولمىسۇن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىدىيە
ئۆزگەرتىشكە، ماھىيىتىڭىزدىن بۇرۇلۇش ياساشقا ھەمىشە تەييار
تۇرۇشىڭىز لازىم بولىدۇ...

— ئۇزاق مۇددەت بولۇپلا قالماي، ئۆمۈرۋايەت ئىدىيە ئۆزگەر-
تىشكە تەييارلىق قىلسا بولىدۇ، دەڭا؟ — دېدى رەيھانىسا دەسلەپ
ماڭا قادىلىپ قاراپ، ئاندىن جۇيجاڭغا كۈلۈمسىرەپ تىكىلدى.

جۇيجاڭ رەيھانىسانىڭ سۆزىگە ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ نېمىش-
قىدۇ كۆڭۈلسىزلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئولتۇرۇپ زېرىككەندەك
ئورنىدىن يەنە تۇردى. يا ماڭا، ياكى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي
ھېجىيىپ ئولتۇرغان رەيھانىساغا قاراپمۇ قويماي، ئىشخانىدا ئۇششاق
قەدەملەر بىلەن ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ باياتىن ئۈزۈلۈپ

قالغان سۆزلىرى ئەمدى يادىمغا كەلگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى نۆۋەت بويىچە ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇشقا ئۆتەي. سىز هازىر بىلگىنىڭىزدەك هەم كۆرۈپ تۇرغىنىڭىزدەك، سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمەن. ئىدارىمىزغا بىرىنچى قول رەھبەرلىك تەيىنلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممىگە مەن كۆز-قۇلاق بولمىسام بولمايدىكەن. بۇ ئىدارىدىكى يولداشلار ئىشخانىسىنى سۇپۇرۇش-سۇپۇرمەسلىكىمۇ مەندىن سوراشقا ئادەتلىنىۋالدى. مەن ئۇلارغا دادىل، ئىجادچان، داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىغان روھنى ئۇرغۇتۇڭلار دەپ تۇرىمەنۇ، ئۇلاردا يۆلىنىۋېلىش خاھىشى ئېغىر...، — ئۇ شۇ سۆزلىرى بىلەن مېنىڭ كەيپىياتىمنى بىلمەكچى بولغاندەك، ماڭا قاراپ سەل توختاپ قالدى. زىناقلىرىدا بىلىنەر-بىلىنمەس مەغرۇرلۇق، خوجايىنلىق كۈلكىنىڭ ئىزى بار ئىدى، — ئىدارىدىن تاشقىرى يەنە بىرمۇنچە ۋەزىپىلىرىممۇ بار. مەسىلەن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت — ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ھاكىمىيەت-نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىمەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرمۇنچە ۋاقتىم پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، ئورۇنلاشتۇرۇشلار بىلەن ئۆتىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر، بىزنىڭ يىغىنلىرىمىزنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ بىر ئىنقىلابقا ئايلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئىنقىلابىي ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، قېرى، پور كۆتەك دېموكراتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دەپ قويۇپ ئىنقىلابنى باسىدىغان ياكى تۈيۈق يوللارغا باشلاشقا ئۇرۇنىدىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاشقا، تاقابىل تۇرۇشقا، بەزىدە تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ھەممىگە مەلۇم بولغىنى-دەك، بىز بۇ پرولېتارىياتنىڭ قىزىل ھاكىمىيىتى ئۈچۈن بىرمۇنچە

يىللار بىجاندىل ئىنقىلاب قىلغان...

ئۇ ئاممىۋى چوڭ يىغىندا مىڭلىغان كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ ئىشخانىدا مەن ۋە رەيھانىسالا بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارغاندەك، بارغانسېرى ئۈنىنى كۆتۈرۈپ، چىڭقىلىپ، سالماق ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ، هازىرقى ۋاقىتتىكى ئەملى، دەرىجىسى ۋە هوقۇقى ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغانلىقىنى (بۇلارنى ئاشۇنداق ئەينەن دېمەيتتى، ئەلۋەتتە)، بۇنىدىن كېيىنمۇ ئۆزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىشقا بارلىقىنى تىكىپ قويغانلىقىنى سۆزلە-گىنىدە، يۈزى ئېسىلىپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، قولاقلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كېتەتتى. تاۋۇزدەك يۇمىلاق، پارقىراپ تۇرغان بېشىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى پات-پات ئالقىنى بىلەن سىرىپ چۈشۈرۈۋېتەتتى.

شۇ ئارىدا ئۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. رەيھانىسا توپتەك ئۆرلەپ قوپۇپ يۈگۈرگەندەك چىقىپ كەتتى. مەن ئارىلىقتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆز كېپىمنى ئېيتىۋېلىشقا ئالدىرىدىم، ئەگەر ئۇ يەنە سۆزگە كىرىشسە كەلگۈسىدە بولۇشى مۆلچەرلەنگەن يەنە قانداقتۇر "تارتىپ چىقىرىش"لار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىنىڭ داۋامىنى دەپ مېنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

— مېنىڭ ئىشىم قانداق بولىدۇ، مېنى قانداق خىزمەتكە تەقسىم قىلىسىز؟

جۇيجاڭ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ تىكەندەك قاراشلىرىدا هەيران بولۇشىنىڭ ۋە يەنە سەل خاپا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئېغىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— قارىغاندا، مېنىڭ شۇنچىۋالا سۆزلىرىمدىن ھېچ نەرسىنى پەملىيەلمىگەندەك تۇرىسىز. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۇتاق ئۇتاپ، كېۋەز تېرىپ، قاپ يۇدۇپ زېھنىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنىسىز، ئۇنداق بولمىغاندا، مەن باغدىن سۆزلەۋاتسام، سىزنىڭ ئەس-يادىڭىز تاغدا يۈرمىگەن بولاتتى، — دېدى-دە، سەل-پەل تۇرۇۋېلىپ دەيمۇ-دېمەيمۇ دېگەندەك ھالەت بىلەن مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلدى. ئۆينىڭ تورۇسىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلار مۇشۇ كېيىنكى يېرىم يىلدىن بۇيان ئىشنى نەگە باشلاپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلاپ، تەتقىق قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟

مەن ئۇنىڭ بېگىز قولىنىڭ چۇشۇشىگە ئەگىشىپ يۆتكىلىۋاتقان نەزىرىمنى ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بۇراپ، ئويلاپ كۆرمىگىنىمنى، تەتقىقمۇ قىلىپ باقمىغىنىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مۈرەمنى كۆتۈرۈپ، بېشىمنى "ياق" ئىشارىتىگە ئىغاڭلىتىپ قويدۇم.

— ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشنىلا تەكىتلەۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ھە، باشقا ھېچنېمىنى ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىشنى، — تەكرارلىدى ئۇ، — ئىنقىلابنى قايرىپ قويۇپ كەسىپنى تۇتۇشنى، ئىگىلىكنى تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئويۇندىن نېمە خۇلاسە چىقىشنى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ پەقەت كومېدىيىلىك نەتىجە چىقىشى مۇمكىن. يەنى، "ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالازغا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن" دېگەندەك ئاقىۋەت بولماي قالمايدۇ، — جۇيجاڭ ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىيۇ يەنە دەرھال چىرايىدا جىددىيلىك ئەكس ئەتتى. بۇنىڭدەك، قىياپەتنى تېز ئۆزگەرتىش — كومېدىيە ئارتى-

لىرىگىلا خاس ماھارەت ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ ئۈلگۈردۇم مەن. ئۇ يەنە ئاۋۋالقى ھالىتىدە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، نۇتۇق سۆزلىگەندەك داۋام قىلدى، — ئۇلارنىڭ ئويلاۋاتقانلىرى، قىلىۋاتقانلىرى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، بىز مىڭبىر جاپادا ياراتقان ۋەزىيەت ئۈچۈن ماس كېلىدىغان ھالەت ئەمەس. سىز كېپىمگە چۈشەنگەنسىز؟

مەن سەل تۇرۇۋالدىم-دە:

— ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئېنىق چۈشەنگەن بولسامۇ، ئۆزەمنىڭ قاراشلىرىم ئۇنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ جەھلىنى قاتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن.

بىراق بەربىر ئۇنىڭ جەھلى قاتتى.

— ئۇنداقتا، سىز نېمىگە چۈشىنىسىز؟ — سوراپ قالدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ.

مەن ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى. چۈنكى ئۇ مەندىن سۆز كۈتۈپ قاراپلا تۇراتتى. شۇڭا كۆڭلۈمدە ئويلاپ كېلىۋاتقىنىمنى ۋە باياتىندىن بېرى ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ھېس قىلغانلىرىمنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم:

— مەن 30 ياشقا كىرىپ قالغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايالمەن. كىچىك چېغىمدىن تارتىپ يېزىدا، سۇ بويىدا ئۆسكەن، سۇغا ئامراق مىجەزىم بار ئىدى. چوڭ بولغان چېغىمدىمۇ سۇ ئىشلىرىغا بولغان ھەۋىسىم كېمىيىشىنىڭ ئورنىغا ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. "توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال" دېگەندەك ناھىيىمىزگە كەلگەندىن بۇيانمۇ سۇ ئىشلىرى تەتقىقاتى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈردۈم. بۇنى تەتقىقات دېسىمۇ، ئىزدىنىش دېسىمۇ بولار. ئىشقىلىپ رايونىمىزنىڭ

ھەممىلا يېرىدە، بىزنىڭ ناھىيىمىزدە سۇ مەسىلىسى ئاساسلىق مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. بۇ سۇ تېرىقچىلىق ئۈچۈن بەزىدە كۆپلۈكەدىن، بەزىدە يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن ئاپەت سېلىپلا كېلىدىكەن. كۆڭلۈمدىكى ئارمىنىمنى بايان قىلسام...

— بولدى، بولدى، — ئۇ قوپاللىق بىلەن سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى، — نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى تولۇق چۈشىنىپ بولدۇم، — ئۇ سەل تىنىۋالغاندىن كېيىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى، — ئارمان دېگەن بەكمۇ گۈزەل بولىدۇ. بىراق ئارمان دېگەن نەرسە تۈزلەڭلىكتە ياز كۈنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سەرابقا ئوخشاش، نېرىدىن كۆرۈنىدۇ، يېقىنلاشسىڭىز يوقىلىپ كېتىدۇ.

مەن ئۈنچىقمىدىم، ئۇ قاشلىرى تېگىدىن مېنى سىناۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە توساتتىن:

— سىز ئالىي مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بەش يىل.

— بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ سۇچىلىق كەسپىنى ئۆگەندىڭىز؟

— شۇنداق، سۇچىلىق فاكۇلتېتىدا بەش يىل ئوقۇغاندىم.

— پېقىر باشلانغۇچ مەكتەپتە تۆت يىل، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇدۇم، — دېدى ئۇ ماختىنىشىنى يوشۇرماي، — لېكىن، ئىنقىلاب ئاساسلىرىنى ھازىرغىچە ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا، مەن ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلار ئىدارىسىگە باشلىق. تەقدىرىمىز نېمىدېگەن تەتۈر-ھە؟

— شۇڭا بىز ئاشۇنداق تەتۈر تەقدىرنى ئۆزگەرتمەكچى

ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ مەسخىرىگە كىنايە بىلەن جاۋاب بېرىپ.

جۇيجاڭ مېنىڭ كىنايەمنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى چۈشەنسىمۇ خۇپسەنلىكىگە ئالدىمۇ، ئىشقىلىپ مەن تېرىكمىدىغان باشقا بىر ماۋزۇدىن سۆز ئاچتى:

— سىز ئاياللارغا ماس كەلمەيدىغان كەسىپنى ئۆگىنىپ بىكار قىلغانىكەنسىز. مەن ئاياللار كەسپىنىڭ ئالاھىدە بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىمەن. سىز گۈزەل ئارمانغىلا بېرىلىدىغاندەك تۇرىسىز...

— ھېچقىسى يوق جۇيجاڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىدىن رەنجىگىنىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، — ئارزۇ-ئارماننىڭ گۈزەل بولغىنى ياخشى. سۇ ئىشلىرى كەسپىنىڭ ماڭا ماس كەلمەسلىكىنى ھېچقاچان ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— بۇنى ئويلاپ بېقىش كېرەك ئىدى. كىشىنىڭ ھاياتىدا مەلۇم ياشاش قائىدىسى، ئۆلچىمى بولىدۇ. كەسىپنى شۇنىڭغا قاراپ تاللىماسا بولمايدۇ. سىز بۇ ئۆلچەملەر توغرۇلۇقمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنسىز-دە؟

مەن راستىمنى ئېيتتىم:

— شۇنداق، مەن كەسىپ ئۆگىنىشنى خۇسۇسىي مەنپەئەتىمگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكى بىلەن ئۆلچەپ يۈرمىگەنىكەنمەن.

جۇيجاڭنىڭ قويۇق قارا قاشلىق قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىگە بىر توپ قارا چۈمۈلە ئولۇشۇۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مېنىڭ "خۇسۇسىي مەنپەئەت" توغرىسىدىكى گېپىمنىڭ ئۇرغۇسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامان تەسىر قىلدى بولغاي، ئېغىر-ئېغىر پۇشۇلداپ تىنىپ، دېرىزىدىن ئاللىقاياقلارغا بىرھازا سەپسېلىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاخىرقى قۇياش

ئۇرىنىڭ ئەكسىدىن گادىرماش ئوي-پىكىرلەرنىڭ جىددىي ئالمىشىشىنى كۆرۈپ تۇراتتىم.

— سىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىڭىز 19 ياشلىق قىزلارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. سىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەتتىن توپتوغرا ئون يىل كېيىن قاپسىز، — دېدى ئۇ تېز قەدەم بىلەن ئالدىمغا كېلىپ. ئۇنىڭ ئۇرغۇسىدا خاپىلىق، ئاچچىقلاش ئىپادىسى بار ئىدى، — مېنىڭ ئىدارەمدە سىز ئولتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان، لايىھەلەيدىغان سۇ قۇرۇلۇش خەرىتىلىرى يوق، ھەرقايسى ئىشخانىلاردا كادىرلىرىم تولۇق.

مەن ئۈنچىقمىدىم. شۇ ئارىلىقتا بۇ باشلىق بىلەن بىر ئىدارىدە ئىشلەشنىڭ نەقەدەر قىيىن بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. پۈتۈن بىر كۈندىن بۇيان ئۈمىدلىنىپ يۈرگەنلىرىمنىڭ سوپۇن كۆپۈكىگە ئوخشاش جۇيجاڭنىڭ تۆت ئېغىز گېپى بىلەنلا غايىپ بولىدىغانلىقىدىن ئىچىمنى ئاچچىق ئەلەم كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك سېزىلەتتى.

جۇيجاڭ مېنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمنى بىلىپ قالغاندەك، چىرايىنى يەنە دەرھال ئۆزگەرتىپ، يۈزىگە، لەۋلىرىگە كۈلكە ياماشتۇرۇپ ئېغىر پۇشۇلداپ قويغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— راستىنى ئېيتقاندا، "قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىخچام قىلىش" ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقاندا، سىز ئوشۇق شتات. سىز ئۈچۈن ئىدارەمدە قىلىدىغان باشقا خىزمەت ھەقىقەتەن يوق. ئەمما، مەن سىزنى قوبۇل قىلىمەن. چۈنكى، سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بىلىدىغان قوش تىللىق ئايال ئىكەنسىز، سىز ماڭا كېرەك. بىراق، سىز ماڭا ئەگىشىپ ئىشلىشىڭىز، كۆرسەتمە-

لىرىمنى ئېنىق ئورۇنلىشىڭىز، شەرتسىز بېجىرىشىڭىز لازىم.

ــ قانداق كۆرسەتمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ ــ دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدىم. چۈنكى رەيھانىنىسانىڭ "خىزمەت قىلىش" ئەھۋالى كۆز ئالدىمدىن "لىپ" قىلىپ ئۆتكەنىدى.

جۇيجاڭ تەلەپچانلىق بىلەن ئېغىر-بېسىق سۆزلەيتتى:

ــ ناھىيىمىزنىڭ ۋەزىيىتىدە باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا خېلى چېكىنىش بار. بەلكى، بەزى تەرەپلەردە ئەھۋال بىرقەدەر ئېغىر ھەم مۇرەككەپ. سىز مېنى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى بولغاندىن كېيىن ھەمىشە سۇ ئىشلىرىنى ئويلايدۇ، دەپ قالماڭ. مەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆپرەك ئويلايدىغان رەھبىرىي كادىر. بىز ۋەزىيەتنى ياخشىلىققا قاراپ بۇرىشىمىز ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىز لازىم. بۇ تارىخنىڭ ھۆكمى. مەن ئۆز زىممەمدىكى ئىنقىلابىي يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىپ تۇرىمەن. سىز ماڭا ئەگىشىپ كونا، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشتا نەتىجە يارىتىشىڭىز لازىم. كەلگۈسىدە مەن ھامان ئىدارىنىڭ رەسمىي باشلىقى بولۇشۇم ياكى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇشۇم ئېنىق گەپ. ھېلىمۇ كۆزۈمگە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشخانا پەلەمپەيلىرى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز گۈللەپ ياشنايدۇ-دە؟ سىز ھەتتا ئۆزىڭىز ھېچبىر كۈتمىگەن تېزلىكتە قانداقلا بولمىسۇن رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتنىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن...

ــ مېنىڭ كەسپىمچۇ؟ مەن ئۇنى تاشلاپ قويالمايمەن-دە؟ ھازىرمۇ ھەممىلا جايدا بارلىق ساھەلەر، ھەممە كەسپلەر يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، دېگەن چاقىرىق ئوتتۇرىغا

قويۇلۇۋاتىدۇ، — مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنگەن بولسامۇ، بىلمەسلىككە سېلىپ، گېپىمنى سىياسىي سۆزلەرگە ياتقۇزدۇم، — مەنمۇ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سىياسىي تەرەپتىن ئالغاندا بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن...

رېھىم جۈيجاڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ كۈلۈۋەتتى. قاتتىق كۈلكىدىن ھەتتا بويۇنلىرىغىچە قىپقىزىل شەلپەردەك قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. ئۇ قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك بىر-بىرلەپ ئاستا دەسسەپ كېلىپ سافاغا تاشلاندى، ئاندىن:

— سىلەردەك زىيالىيلار ئەنە شۇنداق كەم ئەقىل بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئاز زىيان تارتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە مەندىن ھېچقانداق جاۋابمۇ كۈتمەي ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. كۈلكە ئۇنىڭ يۈزىدىن غايىب بولۇپ، مەسخىرە قىلىش ئالامىتى تېزلا پەيدا بولدى، — بۈگۈنكى كۈندە مەخسۇس كەسىپ، ئەتراپلىق بىلىم دېگەنلەر كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك؟ يېزا ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش دېگەن سۆزلەر پەقەت بىر چاقىرىق! ئۇ، ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان زۆرۈر ۋاستە، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى چېچۋەتمەسلىك ئۈچۈن دېيىلىۋاتقان تەدبىر، — ئۇ سەل جىمىپ قېلىپ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك مۇلاھىزە قىلاتتى، — سىزنىڭ يادىمغا سېلىپ قويغىنىڭىزمۇ بىر ھېسابتا دۇرۇس، توغرىراقى، ئۆزىڭىزنىڭ چۈشىنىۋېلىشىڭىزغا ياردىمى تېگىدۇ...

مەن ئۆزەممۇ سەزمىگەن ھالدا ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدىم، جۈيجاڭ سېمىز، دىققاق بارماقلىرىنى شىلتىپ مېنى سۆزلىمەسلىككە ئۈندىدى-دە، يەنە ئورنىدىن تۇردى.

— شۇنداق، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىنى ۋە بىزنىڭ

پەرىزىمىزنىڭ ئاقىلانىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئۇ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئەڭ مۇھىم ھالقا ھاكىمىيەتنىڭ، ھوقۇقنىڭ كىمنىڭ قولىدا بولۇشىدا. ھوقۇق پرولېتارىيات ئىنقىلاب-چىلىرىنىڭ قولىدا بولمايدىغان بولسا، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش، سۇ ئىنشائاتى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، خالاس.

مەن ئەقەللىي ئەدەب-قائىدىنىمۇ تاشلاپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈۋەتتىم:

— مەن سىزنىڭ پەلسەپىڭىزنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايمەن!

رېھىم جۇيجاڭ كۈلدى، ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ ئىشخانىنىڭ نېرىقى چېتىگە قاراپ ئۇششاق دەسسەپ ماڭغاچ توختىماي بېشىنى ئىغاڭلىتىپ قويدى.

— مەيلى، قانداق قارىسىڭىز قاراۋېرىڭ، ئۇ سىزنىڭ قارىشى-ڭىز، — رېھىم جۇيجاڭ تېز بۇرۇلدى، — شۇنداقلا بىر ئاڭلاشقا، يەنى ھازىر ئوقۇۋاتقان گېزىت باشماقالىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، سۆزۈم توغرا ئەمەستەك ئاڭلىنىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتسام، سىز ئۈچۈن سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان شارائىت بىزدە ھازىرچە يوق. ھەر ھالدا ئوبدانراق مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىممۇ شۇ ئان قەيەرگىدۇ غايىب بولغاندەك، ھەجىيىپ قاراپ تۇرغان بۇ ئادەمگە ئاچچىق قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— ئۆز كەسپىم بويىچە ھېچقانداق ئىش قىلالمىسام، بۇنداق قىلىشقىمۇ ئىمكانىيەت بولمىسا، ئائىلەمنى، ئىككى بالامنى تاشلاپ نېمىگە كەلدىم بۇ يەرگە؟ — دېدىم مەن زەردە بىلەن.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، نېمىشقا تۇرۇۋالدىڭىز؟ — جۇيجاڭ كېلەڭسىز بەستىنى ئىغاڭلىتىپ كېلىپ مۇرەمدىن بېسىپ ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى. مەن جايىمدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇردى، — سىز بۈگۈندىن كېيىن ماڭا كاتىپ بولۇپ ئىشلەيسىز. قارىڭا، مۇشۇ ئازادە، چىرايلىق ئىشخانىدا بەھۇزۇر ئارام ئېلىپ مەن بەرگەن ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىسىز. مەن ھازىرلا بۇيرۇق بېرىمەن، سىزگە مەخسۇس بىر شىرە ئەكىرىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە سىز دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ زەي يېتىزلىرىدا نابۇت بولۇپ كەتكەن ياشلىق يىللىرىڭىزنىڭ قانچىلىك بەھۇدە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، مېنىڭ كۆرسەتمىلىرىمنى شەرتسىز، ئېنىق بېجىرىشىڭنىڭ نەقەدەر ئاقىلانىلىق ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىسىز، قانداق؟

شۇ ئارىدا چەينەك ۋە ئىستاكان كۆتۈرۈپ رەيھانىنسا كىرىپ كەلدى، ئۇ جۇيجاڭغا بىرسىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن گېپىنى باشلىدى:

— يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئادەم ئەۋەتتىم، دەپ چاي قاينىتىدىغان كىشىنى قالدۇرمىدىڭىز جۇيجاڭ. مەن باشقىلارنى چاي قاينىتىشقا بۇيرۇسام، ئىككىنچى جۇيجاڭ دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. مانا، سىز ئۇساپ كەتتىڭىز، بۇ چاينى مەن ئۆزەم قاينىتىشقا توغرا كەلدى، ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق، سىلىنى بىرىنچى سەپكە ئەۋەتسەم تايىنلىق ئۇنۇمايتتىڭ، — دېدى جۇيجاڭ ۋە باياتىنقى سۆزلىرى ئۈچۈن جاۋاب كۈتۈپ يەنە ماڭا تىكىلدى.

رەيھانىنسا ئۆزى يوق ۋاقىتتىكى سۆھبەتتىن خەۋەرسىز بولغاچقا،

مېنىڭ جىددىيلىشىپ ئۇلتۇرغىنىمنى چۈشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ مېنىڭ خىزمىتىم توغرىسىدا جۇيجاڭغا يېڭىدىن تەكلىپ بەردى:

— ماۋۇ چوكاننى ئىدارىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ ئىشخانىلارغا قايناقسۇ قاينىتىدىغان، سىزگە چاي دەملەيدىغان ۋەزىپىگە تەيىنلىسەڭمىزغۇ بۇ مەسىلە ئۇڭايلا ھەل بولۇپ كېتەتتى.

مەن رەيھاننىساننىڭ بۇرنى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان رېھىم جۇيجاڭغا جاۋاب بەردىم:

— گېپىمنى يىرتۇۋەتتى، دەپ مەندىن ئاغرىنماڭ جۇيجاڭ. مەن سىز بەلگىلىمەكچى بولغان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. مەن سۇ ئىشلىرى كەسپىنى مەخسۇس بەش يىل ئۆگەنگەنىدىم، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن ئالتە يىلدىن بۇيان، گەرچە مەيداندا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولسامۇ، ناھىيىنىڭ سۇ مەنبەسى، سۇ ئېقىمى ۋە يۆنىلىشلىرى توغرىسىدا كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بەزى تەجرىبىلەرنى قىلىپ باقتىم. مەن ئالغان تەربىيىگە ئەمەلىي ئىشىم ئارقىلىق ئىمتىھان بېرىشىم لازىم، "كاككۇكقا باغ، كەكلىككە تاغ" دېگەندەك، مېنىڭ جايىم سۇ بويىدا. ئەگەر بۇ ئىدارىدە ئىش بولمىسا مەن تەشكىلات ئىشخانىسىغا...

جۇيجاڭ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلدى:

— ئوھوي، تېخى بۇنداق چوڭقۇر مەلۇمات ۋە ئەمەلىي ئىش تەجرىبىمۇ بار دەڭ، — دېدى ئۇ رەيھاننىسا سۇنغان چاي ئىستاكاندىكى شامىلارنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، — سىز سۇنى تۇتىمەن دەپ يۆنىلىشنى تۇتماي نىشاندىن ئېزىپ كېتىپ قالماڭ، يەنە؟ سۇنىڭ بويلىرى پاتقاق بولىدۇ، پېتىپ قالىسىز.

— سۇ تۇتۇشنى بىلگەن ئادەم قەيەرنىڭ پاتقاق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلەيدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ، — نىشانغا كەلسەك، ئۇنى چۈشەنمەكمۇ قىيىن ئەمەس. ئاۋۋال نىشاننى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن سۇ باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مېنىڭ سۆزۈم توختىشىغىلا رېھىم جۈيجاڭمۇ چاي ئۇتلاشنى توختاتتى.

— گەپلەرنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ مازاق قىلىش ئاھاڭىدا، — شۇنداقتىمۇ ئەسلىتىپ قويايكى، ماڭىدىغان يولىڭىزنىمۇ تاللىۋېلىشنى ئۈگىنىۋېلىڭ. تەكرارلاپ ئېيتىسام، ھازىر بىزنىڭ شۇغۇللىنىشىمىز زۆرۈر بولغان بىرىنچى ئىشىمىز سۇ ئىنشائاتى ئەمەس، بەلكى لۇشيەندۇر! بىز لۇشيەننى توغرىلىۋېلىپ ئاندىن كېيىن سۇ ئىنشائاتى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. بۇ، سىياسىي ساھەدە ئىككىنى قوشسىمۇ تۆت بولىدۇ، كۆپەيتسىمۇ تۆت بولىدۇ، دېگەندەكلا ئېنىق بېكىتىلىپ بولغان مەسىلە. سىز مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن دېگەن خىزمەتنى ئىشلەڭ. قانداقتۇر زاكۇلارنىڭ بېشىدا لاي - پاتقاققا مىلىنىپ سۇ كېچىپ يۈرۈش سىزدەك نازۇك چوكان ئۈچۈن يارىشىدىغان ئىش ئەمەس...

ئۇ سۆزلەۋاتقىنىدا مەن دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردۇم. باشقا ئىشخانىلاردىن بىرلەپ - ئىككىلەپ چىقىۋاتقان كىشىلەر ۋېلىسىپىتلىرىنى مىنىپ ياكى بىرنېمىلەرنى سۆزلىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇگۈنكى كۈننىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئېچىم ئېچىشىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتىم، چۈنكى، مېنىڭ كۆتكىنىمگە قارشى يېرىم كۈنلۈك سۆھبەتنىڭ نەتىجىسى نۆلگە تەڭ بولۇپ چىقتى.

رېھىم جۇيجاڭ مېنى ئۆزىگە خۇسۇسىي كاتىپ، توغرىراقى رەيھاننى-
ساغا قوشۇپ شەخسىي خىزمەتچىسى قىلىۋېلىش كويىدا بولۇپ، سۇ
ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ ماڭا كەلتۈرىدىغان زىيىنى، ئۇنىڭ
كاتىپى بولسام كۆرىدىغان راھەتلىرىم توغرىسىدا توختىماي
سۆزلەپ ئېزىپ ئىچۈرمەكتە ئىدى.

لېكىن، مەن رېھىم جۇيجاڭنىڭ تەكلىپلىرى تېگىدە ماڭا ئېنىق
ئېيتىشنى خالىمايۋاتقان باشقىچە بىر مۇددىئانى غۇۋا پەملەيتتىم.
ئۇنىڭ بىر پاكىتى سۇپىتىدە رەيھاننىسا كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى.
يەنە بىر تەرەپلىرى ئۇنىڭ ئۆزى پۇراتقىنىدەك، مەن زادىلا ياقتۇر-
مايدىغان، ئۇنىڭغا بولسا ھاياتىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئىش ھېسابلى-
نىدىغان مالىمانچىلىققا سۆرەپ كىرىش ئىدى.

— مەن يەنىلا ئۆز كەسپىمگە ئائىت خىزمەت بېرىشىڭىزنى ئىلتى-
ماس قىلىمەن، — دېدىم ئاخىردا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىپ
يۇمشىشىغا ئىشەنمىگەن بولساممۇ، — مەن ئۆزەم بىلىدىغان، ئۆزەمگە
تونۇش بولغان خىزمەتنى ئىشلىسەم كۆپرەك پايدا كەلتۈرۈپ بېرەلى-
شىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھەرقانچە جاپالىق ۋە پاسكىنا
بولسىمۇ ئاشۇ سېپنى چىن دىلىمدىن سۆيىمەن، شۇ ئىشنى قىلسام
خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن...

— ۋاي-ۋۇي، بۇ چوكان دەرۋازىدىن كىرگەندە ياۋاش،
دەلتە كۆرۈنۈۋاتاتتى، ئۆتۈپ كەتكەن شوت-شوت ئوخشى-
مامدۇ؟ — دېدى رەيھاننىسا ئىستاكاننى جۇيجاڭغا سۇنغاچ، — مۇشۇ
ئەلپازى بىلەن يەنە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋالسا ھەممەيلەنگە
قېيىن ئائىلىق قىلىپ، بېشىمىزدا خامان تېپەمدۇ، نېمە؟

— ھازىر ۋاقىت بىر يەرگە باردى، — دېدى جۇيجاڭ سائەتكە

قارىۋالغاندىن كېيىن. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا يەنە كۈلۈمسىرەپ
قاراپ قويدى. قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ دېدىل سۆزۈمدىنمۇ، رەيھانى-
سانىڭ ئوتقۇيرۇقلۇقىدىنمۇ ھېچقانداق تەسىر ئالمىغاندەك كۆرۈ-
نەتتى، — سىز، يولداش گۈلنايىم، ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ.
ئارزۇيىڭىز ياخشى بولغىنى بىلەن ئۇ ھېچنىمىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.
بىز ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ ھېسابلىشىشىمىز كېرەك. ئارزۇ
بولغان بىلەن، بۇ ئارزۇلار ناھىيىمىزنىڭ شارائىتىدا ئېرىشكىلى
بولىدىغان ئىش دېگەن خۇلاسىگە تەڭ ئەمەس. نۇرغۇن ھاللاردا
بىر ياشنىڭ ئىستىقبالى بىرنەچچە، ھەتتا بىر مىنۇت ئىچىدە
ئۇ ياق، بۇ ياق بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق مىساللارنى مەن سىزگە
ناھايىتى كۆپ ئېيتىپ بېرەلەيمەن. سىزمۇ بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ!
— رەھمەت سىزگە جۇيجاڭ، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە
ئۆزىنى تۈزەپ سوكنا شەپكىسىنى باسۇرۇپ كىيىپ چىقىپ كېتىشكە
تەرەددۇتلىنىۋاتقان جۇيجاڭغا ئاخىرقى قېتىم ئىلتىماس قىلدىم، —
مەنمۇ ئويلىناي. لېكىن، سىزدىن يەنىلا ئۆز كەسپىم، ئۆگەنگەن
بىلىمىم بويىچە شارائىت ھەم خىزمەت بېرىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.
ئىدارىدە ئەسنەپ ئولتۇرۇپ كاتىپلىق قىلىدىغانلار يېتىشىدىكەنغۇ؟
مەن كېيىنكى سۆزنى ئېيتىۋاتقۇچە رەيھانىساغا بىلىنەر-بىلىن-
مەس ئىشارەت قىلىپ قويغانىدىم. بۇنىڭدىن رەيھانىسانىڭ غەزىپى
ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ:
— ئۇۋۇش، نېمانچە يۇمشاپ كېتىسىز جۇيجاڭ؟ "سۇنى سەپ
سىڭەر يەرگە، گەپنى قىل ئۆتەر يەرگە"، دەپتىكەن. بۇنداق پېتىر
قۇلاق، بەز چوكاننى شىلاۋېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ مانا ئەمىسە
دەپ تازا يىراق سەھرايى قىيامەتتىكى بىرەر سۇ ئۆلچەش پونكىتىغا

ئەۋەتىۋېتىپ قۇتۇلامسىز؟ — دېدى.
رېھىم جۇيجاڭ يەنە سائەتكە قارىدى. ئۇ رەيھانىنىساغىمۇ، ماڭىمۇ
ھېچقانداق ئېتىبار قىلماي، ئالدىرىماي مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنىڭ تۇت-
قۇچىنى تۇتۇپ توختاپ قالدى. دەيمۇ، دېمەيمۇ دېگەندەك ئارىسال-
دىلىقتا سەل-پەل تۇرۇۋېلىپ، كېيىن سىڭايان بۇرۇلدى-دە،
ماڭا كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دېدى:
— يەنىلا ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ يولداش گۈلئايىم. يەنىلا
مەن دېگەن خىزمەتنى قىلغىنىڭىز تۈزۈك. كېيىن ئەجەب ئوبدان
دەپتىكەن دەپمۇ قالارسىز. رەيھانىنىسا، ئىشىكنى قۇلۇپلىۋېتىپ
كېتەرسەن!
رېھىم جۇيجاڭ ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىغىنىچە
چىقىپ كەتتى. رەيھانىنىسامۇ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلداپ
جۇيجاڭ ئىشخانىسىدىكى شىرە، ئۈستەللەرنى زەردە بىلەن
سۈرتۈشكە باشلىدى.
مەن سىرتقا چىقتىم. قۇياش ئولتۇرۇپ كەتكەن، ئەمما، ئۇنىڭ
ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى يىراق ئۇپۇقتا لەيلەپ يۈرگەن پارچە-
پارچە نېپىز بۇلۇتلار ئارىلىقىدىن شۇڭغۇپ كۆتۈرۈلۈپ چوغدەك
تاۋلىناتتى. شىمال تەرەپتىن سۇس بولسىمۇ كىشىنى ئەندىكتۈرىدىغان
سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. مەن، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ
كەتكەن كىشىلەردە بولىدىغىنىدەك ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى سەز-
دىم. پۇت-قولۇمدا جان قالمىغاندەك بوشىشىپ مېڭىشقىمۇ رايىم
قالمىغانىدى. بېشىم چىڭقىلىپ، ئىككى چېكەم زىڭىلداپ ئاغرىيتتى،
تاڭلىيىمدا ئاللىقانداق چۈچۈمەل تەم سىزەتتىم. كۆز ئالدىم تۇتۇق-
لىشىپ مەن تۇرغان يەر پىرقىراۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

شۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، ۋېلسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىشىدىن ئېسىمنى يىغدىم. رەيھانىنىسا ماڭا ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغاندەك ئالدى تەرەپتىكى يول بوش تۇرغان بولسىمۇ، ۋېلسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى جېنىنىڭ بارىچە جاراڭلىتىپ، ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئىدارە ئىچىدە دەرۋازىغا قارايدىغان كۆزەتچىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. مەنمۇ ماغدۇرسىز قەدەملەر بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، كۆز ئالدىمدىن رېھىم جۇيجاڭنىڭ قىياپىتى ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ماڭا قاراپ ھىجىياتتى، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن خۇسۇسىي خىزمىتىگە ئىشلىتىدىغان سۈپۈرگە قىلماقچى بولاتتى. ئۇ يەنە ئاللىقانداق ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، باشقا بىرلىرى ئۈستىدىن توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ماڭا رەتلەتكۈزمەكچى ۋە ئۇنىڭ مەقسىتى بويىچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ يۇقىرى ئورگانلارغا ئەۋەتمەكچى بولاتتى. كۆز ئالدىمدىن ئۇ غايىب بولۇشىغىلا، جۇيجاڭنىڭ ئارقىسىدىن، ئۆزىنى ياسىغاندەك ئاۋازىنىمۇ ياساپ سۆزلەپ رەيھانىنىسا "لىپ" قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. بۇنىسى ئىدارىدە — جۇيجاڭنىڭ يېنىدا پەقەت يالغۇز ئۆزىلا قېلىشىنى، ھېچكىمنى جۇيجاڭنىڭ ئەتراپىغا كەلتۈرمەسلىكنى خالايتتى ۋە شۇ ئارقىلىق رېھىم جۇيجاڭنىڭ بۇرنىدىن يېتىلىيەلەيدىغان شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايتتى.

مەن كىشىلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئاشۇنداق مۇناسىۋەتلەرنى بىلەتتىم. لېكىن بىر كۆرۈشۈپلا ئۆزىنى ئاشكارىلايدىغان بۇنداق مىساللارنى ئۇچراتمىغانلىقىمدىن كۈلۈشىنىمۇ، رەنجىشىنىمۇ ئۇقالماي قالدىم.

# ئىككىنچى باب

## بۇ كېچە يامغۇر توختىماي ياغدى

### 1

كۈز پەسلىدىكى بۇنداق ئۇچۇق تۇرغان ھاۋانىڭ، كۆپ ھاللاردا، ۋاپاسىز بولىدىغانلىقى ھەممە كىشىگە مەلۇملۇق، بىرپەستىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن قاچان ۋە قايسى تەرەپتىن يىغىلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان قارا بۇلۇتلار ئادەمنىڭ بېشىغا قارا قازاننى كىيدۈرۈپ قويغاندەك بىلىنىدىغان ئاسماندىن مۆلدۈردەك، ئۇششاق يامغۇر دانچىلىرىنى سېپىشكە باشلىدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەنە سوغۇق شامالمۇ بارغانسىرى ئەدەپ كۈچەيگىلى تۇردى. كىشىلەر ئادەتتە بۇنداق شامىلى بار يامغۇرنى "ئۆتكۈنچى يامغۇر" دەپ، ئۇنىڭ بىردەمدىن كېيىنلا توختاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۇ، ئادەملەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن خۇلاسە بولسا كېرەك. مەنمۇ بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. لېكىن، شۇ تاپتا مەن يامغۇر ئاستىدا تېخىچە كېتىۋاتاتتىم.

ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە، مېڭىش - تۇرۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ يوق، جىمجىت ئىدى. بۇنداق تىمتاسلىق كىشىگە غەلىتە ئەنسىزلىكنى ئېلىپ كېلەتتى. ئاندا - ساندا بەزىبىر ئائىلىلەرنىڭ

كوچا تەرەپكە قارىغان دېرىزىلىرىدىن چىقىۋاتقان سۇس چىراغ يورۇقىلا بۇ يەر ناھىيە بازىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمىسە، قاراڭغۇلۇق ۋە ئەنسىزلىك كىشىگە ئىنس-جىن يوق قەبرىستانلىقتا كېلىپ قالغاندەك تەسىرات پەيدا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يامغۇرلۇق ھاۋادىكى چاقماقنىڭ ئېلېكتر سىملىرىغا چۈشۈپ ۋەقە چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىغا ئۇلىنىدىغان سىملارنىڭ توك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ھەمىشە كەچقۇ-رۇنلىرى توختىماي سۆزلەپ تۇرىدىغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىمۇ بۈگۈن جىمجىت ئىدى.

جىمجىتلىق كىشىگە خىيال، ئەسلىمە، تولاراق مۇڭ ئېلىپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا، كىشى سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىلاجسىز قالىدىغان خىرە-شىرە تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدە روھىي ئېزىلىش، نامەلۇم ئازارلىنىش ھېس قىلىپ قالىدۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق تاسادىپ مەيۈسلۈك جىسمانىي جەھەتتىنمۇ بوشىشىش، ھارغىنلىق پەيدا قىلىدۇ.

مېنىڭ يامغۇردا كېتىۋاتقان چاغدىكى ئەھۋالىممۇ ئەنە شۇنداق ئىدى. مەن قاتتىق ئازار يېگەن، ئاھانەت ئاڭلىغاندەك ئۆزەمچە ئەلەم تارتتىم. ئىچ-ئىچىمدىن ئۇھ چىقىپ بەدىنىم ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك غۇژۇلداپ تۇراتتى. مەن ئۇستۇمگە چۈشۈۋاتقان يامغۇرنى سېزەتتىم، ئەمما، ئۇ مەندىن يىراق، باشقا بىر جايدا بولۇۋاتقان ھادىسىدەك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ ئۆزەمنى دالدىغا ئالغۇممۇ، تېزرەك مېڭىپ قونالغۇمغا بېرىۋالغۇممۇ كەلمەيتتى.

مەن ئوي-پىكرىمدە ناھىيە بازىرىدىن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېتىپ قالغانىدىم. تېخى تۈنۈگۈن ئاخشام مەن ئۇ يەردە ئۆز

ئۆيۈمدە ئىدىم. مەيۈسلۈك، خورلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ بىر سوتكىدىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاپلىۋالىدىغانلىقى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. تۈنۈگۈن دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا مەن مەيداندىن ئايرىلىپ كېتىش ئالدىدىكى سەل-پەل كۆڭۈل يېرىملىقىدىن باشقا، ئاساسەن تاتلىق تەسىراتلار ئىلكىدە ئىدىم. چۈنكى، مەن نېمىلا بولمىسۇن "چېنىقىش" مۇددىتىم تۈگىگەنلىكىدىن يېنىك تىن ئالغان ئىدىم. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتكە تەقسىم قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان چېغىمدا، ئاجايىپ خۇشال بولغانىدىم. چېنىقىۋاتقان بىزدەك زىيالىي ياشلار ئارىسىدا قانداقتۇر بىر-ئىككىيلەننىڭ باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىشى ياكى خىزمەتكە چاقىرتىلىشى چوڭ "ئامەت" ھېساپلىناتتى. بۇ، دېھقانلارنىڭ (بىزنىڭ مەيداندا دېھقانچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ) تىلى بىلەن ئېيتقاندا، يالغۇز "قول كەتمەندىن، ئۆشنە تاغاردىن قۇتۇلۇش" مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، روھىي جەھەتتە — مەنىۋى دۇنيايەمىزدا يېڭى بۇرۇلۇش بولىدىغانلىقىدىن، بىزنىڭمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدىغان سىگنال ئىدى. شۇڭا مەنمۇ ئەمدى ئۆز كەسپىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى شادلىق چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيداندا چېنىقىۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ۋە باشقا ھەمراھلىرىمنىڭ ئارىسىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل ئويناپ، مەشرەپ قىزىتىپ ئولتۇرغانلىقىمىزدىن مەيۈسلىنىش تۇيغۇلىرى ئۆتكۈنچى بۇلۇتلاردەك غىل-پاللا كۆرۈنۈپ قويۇپ يەنە يوقاپ كەتكەنىدى...

تۈنۈگۈن ئاخشام مېنى "يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئۇزىتىپ قويۇش" مۇناسىۋىتى بىلەن "ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى" بولغانىدى. كىم

تەرىپىدىن قاچان ئويلاپ تېپىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس بۇنداق ئولتۇ-
رۇش، بىزدە پات-پات بولۇپ تۇراتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىمىز
تەۋەسىگە ئىشقىلىپ "چېنىقىش ئۈچۈن"لا كەلگەن ياشلار نەدىن
كەلسە-كەلسۇن، قايسى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسۇن، ئۆزى
خالىسىلا "ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى"غا تەكلىپ قىلىناتتى. يۆتكىلىپ
كەتسىمۇ مۇشۇنداق "ئولتۇرۇش" ئارقىلىق ئۇزىتىلاتتى. تۇنۇگۇن
ئاخشامقىسى ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا "خوشلىشىش ئولتۇرۇشى"
ئىدى. بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئۆزىمىز يېتىشتۈرگەن ئەنئەنىمىزگە
ئاساسەن، ئۇزىتىلىدىغانلار "خوشلىشىش ئولتۇرۇشى" تەشكىللىشى
كېرەك ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ ئىنىم هاشىم بىلەن مەسلىهەتلىشىپ،
ئالدىراشچىلىقتا نېرى-بېرى تەييارلىق قىلىپلا بىزنىڭ ئۆيىمىزدە
بۇ ئولتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرغانىدۇق. تەكلىپىمىزنى تاپشۇرۇۋالغان زىيا-
لىي ياشلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك كېلىشكەنىدى. مەن ئىشلىگەن
تېرىقچىلىق ئەترىتىدىكى دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
ئائىلىلىرىدىنمۇ خېلى كۆپ كەلگەنىدى. 40-50 دىن ئارتۇق ئادەم
بىزنىڭ تار، كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيىمىزگە سىغىشماي قالدى. بۇ
يىغىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى هاشىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ
كۆزدە تۇتقىنىمىز، ئاددىيراق بولسىمۇ تاماق قىلىش، كېيىن بىرئاز
پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىۋېلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەمما، تاماقتىن
كېيىن سۆھبەت ئانچە قولاشمايۋاتقىنىنى، ئۇ يەر-بۇ يەردە پىچىرلە-
شىشلار، كۇسۇرلىشىشلار كۆپىيىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدىم. دېھقانچە-
لىق ئىشچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى (بەزىلىرىنىڭ ئەرلىرى)
خوشلىشىپ، ماڭا ئۇتۇق ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ چىقىپ
كەتتى. زىيالىي ياشلار ئىككى ئۆيگە بەخۇدۇك سىغدى، لېكىن يەنىلا

ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرۇش بولمىدى، قانداقتۇر بىر كەيپىيات كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مەن يېتەرلىك چاي تەييارلاپ بولۇپ، مۇشۇ توغرىدا ھاشىم بىلەن سۆز-لىشىپ بېقىش ئۈچۈن قانچە قارىساممۇ، ئۇ ئۇيەردە كۆرۈنمىدى. سىرتقا چىقسام ئۇ بۇرۇن بىر فاكۇلتېتتا ئوقۇغان، ھازىر قوشنا ئەترەتتە ئىشلەيدىغان ماموت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى بىلەن سۇپىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۆيدىن چىقىۋاتقان چىراغنىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ جىددىي تۈس ئالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماموت پەس ئاۋازدا قىزىشىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۆيدە ئول-تۇرغان ساۋاقداشلىرىمىزمۇ گويا ھاشىم بىلەن ماموتنىڭ پىچىر-پىچىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئاندىن گەپ-سۆزلىرىنى باشلايدىغان-دەك، سىرتقا قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ شۈك ئولتۇرۇشاتتى. ھاشىم مېنىڭ چىققىنىمنى كۆرۈپ، قېشىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ماڭا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، ماموت ماڭا لەپ-پىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ھاشىمغا قولاق سېلىپ تۇرى-ۋەردى. مەن ئىككىسىنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرى ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئالدىمىدىكى پەرتۇققا قولۇمنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.

— ھاشىم، نېمە گەپ؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن خۇپىيانە سۆزلىشى-سىلەر؟ — دەپ سورىدىم مەن ۋە ئۇنىڭ ماموتقا قاراپ قويۇشىدىن ۋە ماموتنىڭمۇ قىسىلغاندەك قورۇنۇشىدىن بىر مەنە سېزىپ ماموتنىمۇ سورىدىم، — قېنى ئۇچۇق سۆزلەۋېرىڭ ماموت، ياخشى كۈتەلمە-دۇقمۇ، يەنە نېمىلەرنى خالايسىلەر؟

— سىز قوشۇلسىڭىز بىز ھاراق ئىچمەكچى، — دېدى ماموت

ئۇنىنى كۆتۈرۈپ. بىراق، ئۇ سۆزلىشىگىلا دىمىغىدىن ھاراق پۇرىقى
كەلدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلار مېنىڭ قوشۇلۇشۇمسىزمۇ ئىچىشنى
باشلىۋەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى، — بىز خۇشال-خۇراملىقنىڭ دەرد-
جىسىنى كۆتۈرۈپ يەنىمۇ يۇقىرىراق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىپ،
ئۇسسۇل ئوينىماقچىمىز. پەقەت سىزنىڭ ماقۇللۇقىڭىزغا قاراشلىق
بولۇپ قالدۇق.
مەن ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپ قالدىم. ھاشىمنىڭ ماڭا
پات-پات قاراپ قويۇشى، مامۇتنىڭ "ماڭىلا قاراشلىق" بولۇپ
قىلىشى، مەندىن ئىجازەت سوراش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. چۈنكى،
ھاشىم ئادەتتە، ئائىلە ئىشلىرىدا ماڭىلا قاراپ تەڭقىسلىقچىلىقتا قال-
مايتتى. ھازىرقى گەپ شۇ ئىدىكى، بىزنىڭ ئۆيىمىزدە ھاراق يوق
ئىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە دېھقانچىلىق مەيدانىمىزنىڭ ماگىزىن-
لىرىغا چىقساقمۇ ھاراق تېپىلىۋەرمەيتتى.
مەن خىجىل بولغانلىقىمدىن نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.
مەندىن قانداق ئىنكاس چىقىدىكىن، دەپ كۈتۈپ تۇرغان
ئىككىيلەنگە:
— مەنمۇ سىلەرنىڭ خۇشال-خۇرام، يېيىلىپ-ئېچىلىپ ئولتۇ-
رۇشۇڭلارنى پۈتۈن جان-دىلىم بىلەن خالايمەن، — دېدىم ۋە
ھاشىمغا بىر قاراپ قويۇپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدۇم، —
بىراق، ھېلىقى نەرسە ئۈچۈن بالدۇرراق تەييارلىنىپ قويماپتۇق.
شۇ تاپتا كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسىمىغۇ ناھىيە بازىرىغا ئادەم
ئەۋەتىپ بېقىشقا بولاتتىمىكىن...
سۆز ئارىلىقىدا ۋە سۆزۈمنى تۈگىتىپ بولۇپ بىسەرەمجانلىق
ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم ئېرىم ھاشىمغا قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭمۇ

بىرنەچچە ئېغىز ئۆزرىخاھلىق قىلىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىشنى خاھلايتتىم. شۇ ئارىدا مامۇت مېنىڭ نېمىدىن خىجالەت بولۇۋاتقىنىمنى چۈشەندى:

— سىز بالدۇرراق تەييارلىق قىلماپتىمىز دەپ ئۆكۈنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھازىر تەييارلىق قىلسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، — دېدى ئۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ چاقچاق بىلەن، — بىرنەچچە تال پەمىدۇر ۋە قىزىل مۇچ بىلەن بىر-ئىككى تەخسە سەي قىلىپ بەرسىڭىزلا بولدى، پىياز قوشۇپ قويسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولغىنى. قالغىنىغا قايناقسۇنى ئۇزۇپ قويمىسىڭىز بىزگە ئەڭ چوڭ زىياپەت دېگەن شۇ.

— ئۇنچىلىك بولسا كارى چاغلىق ئىكەن، — دېدىم مەن كۈلۈپ، — شەرتىڭىز ئېغىر ئەمەس ئىكەن.

مامۇت "مەسىلە ھەل بولدى" دېگەندەك قىلىپ بېشىنى مۈرىسى ئىچىگە پەسلىتىپ قوللىرىنى يېيىپ قويۇپ، شۇ زامات باشقىلارنىڭ قاتارىغا كەتتى.

مەن ھاشىمنى سىرتقا ئېلىپ چىقتىم-دە، توخۇ كاتىكىنى ئىشارەت قىلىپ بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈشنى ئېيتتىم. ئۇ گەپ-سۆز قىلمايلا بېشىنى ماقۇل ئىشارىسىگە لىڭشىتىپ كاتەك ئىچىگە قولىنى سوزدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن مېھمانلىرىمىز ھويلىغا چىقىشنى، تار ئۆيدە سىقىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھويلىدىكى يازلىق چوڭ سۇپىنى سۈپۈرۈشكە، ئەدىيال، كىگىز-كېچەكلەرنى سېلىشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزلىرىلا قاتناشتى. قوشنىلاردىن دۇتار، تەمبۇر ئېلىپ كىردۇق. ئۆي ئىچىدىكى لامپۇچكىنىڭ سىمىنى ئۇزارتىپ ھويلىغا يۆتكەپ چىقتۇق. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىچكەچ ناخشا باشلاشتى:

ئۆرۈمچىدىن ئايرىلىپ،
داۋانچىڭدىن قايرىلدۇق.
تەقسىماتقا بويسۇنۇپ،
ئارزۇمىزدىن ئايرىلدۇق.

باغلاردىن ئورۇن تەگمەي،
تاغلارغا ئورۇنلاشتۇق.
چېنىقىمىز دەپ كېلىپ،
ئۆي تۇتۇپ ماكانلاشتۇق.
. . . . . . . . . . .

قازان بېشىدىن بىكار بولۇپ مەنمۇ قولۇمنى يۇيۇپ، پەرتۇقنى يېشىۋېتىپ، بىر پاكار بەندىگنى ئېلىپ چىقىپ ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن، تۇتۇلغان ئاسماندەك بۇزارغان يۈزلىرىگە قاراپ قالدىم.

ھاراق ئىچىلگەنسېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇلار نەدىن تېپىپ كەلگەنلىكىنى سىر تۇتقان ھالدا كەينى-كەينىدىن بوتىلكىلارنى چىقىرىشاتتى.

— ئەمدى تانسا قىلىمىز، ئىچىۋەرمەڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ماموت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىچىشنى خالىغانلار ئېھتىياجىغا يارىشا ئۆزلىرى قۇيۇپ ئىچسۇن. قېنى سازەندىلەر، تانسىغا كەلگۈدەك بىرنېمىلەرگە كولدۇرلىتىڭلار.

— مەن بۇ تەكلىپكە قارشى تۇرىمەن، — دېدى زىننەت ئىسمىلىك بىر ساۋاقداش ۋارقىراپ، — تانسا دېگەننى خۇشاللىق ئۈچۈن ئوينىسا يارىشىدۇ. مەن خۇشال ئەمەسمەن.

مەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئىچىۋالغانلىقىنى بايقىدىم ۋە:
— زىننەت، سەن بۈگۈن نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدىم ئەيىبلەش ئاھاڭى بىلەن.
— نېمە بولاتتىم، ئىچتىم شۇ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — ئەپكە بوتۇلكىنى، ئەمدى يوشۇرما!
ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئازادەم ئىسىملىك ساۋاقدىشىنىڭ ئېتىكىدىن بىر بوتۇلكا قىزىل هاراقنى تارتىپ چىقاردى. ئالدىدىكى پىيالىگە لىقلاپ قۇيۇپ ھەممەيلەننىڭ چەددىي قاراشلىرى ئاستىدا بىراقلا ئىچىۋەتتى.
— مانا شۇنداق دوستلىرىم، سىلەر ئەجەبلەنسەڭلەرمۇ مەن بۈگۈن ئىچەي دېگەن قارارغا كەلدىم، — دېدى ئۇ ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
تېخىچە ئۆرە تۇرۇپ تانسا باشلاش تەكلىپىنى ئۈتكۈزۈشكە ئۈرۈنۈۋاتقان مامۇت كايىغان ھالدا:
— سەن بۈگۈن گۈلنايەمنى خاپا قىلماسلىقىڭ كېرەك، بىز ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئۇ خۇشال - خۇرام كەتسۇن، — دېدى.
زىننەت تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى:
— مەن گۈلنايىمنى ئۈزىنىۋاتقانلىقىمدىن ئىچىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن. بىزنى بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قانداق ئۈزىتىپ كەلگەنلىكىنى سىلەر، ئۇنتۇپ قالغان بولساڭلار، مەن ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. بىزنىڭ بەش يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمىز گۇناھ ھېسابلانامدى؟
— زىننەت، سەن جۇشقۇن روھىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن، ئۈمىد-

سىز، چۈشكۈن بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن، — دېدى مامۇت يەنە.
— گەپ قىلدۇر ئۇنى، — دەپ ۋارقىرىدى خالىدە ئىسىملىك بىرسى مامۇتقا قاراپ، — بىز ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا جۇشقۇن ئىدۇق، تاغ سۈيىگە ئوخشاش شوخ، شاش ئىدۇق. بىز ئاجايىپ بۇغداي سورتلىرىنى ياراتماقچىدۇق، تىمەن، سېمىز ئاتلارنى، سۈتلۈك كالىلارنى، گۆش ھەم ئىنچىكە يۇڭ بېرىدىغان قويلارنى يېتىشتۈرمەكچىدۇق. ئاخىردا بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىز گۇناھىمىزغا ئايلاندى، بىزنى جازالاشتى.
— بۇغداي بىلەن كۆدە (جۇسەي)نىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغانلار، چاقماق چېقىلسا، قورقۇپ دۈم يېتىۋالىدىغانلار قاتارىغا قوشۇشتى، — دەپ تولۇقلىدى زىننەت يەنە، — قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخمىقى، ئەڭ دۆت ـ كالۋاسى دېيىشتى.
— قىسقىسى، ئەمدى ياشلىقىمىزمۇ تۈگىدى، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمىزمۇ لاي سۇغا چىلىشىپ قالدى، — دېدى خالىدەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۆمەر باش چايقاپ، — ياخشى چارە — لاي سۇغا چىلىنغاندىن كۆرە، سۈزۈك ھاراققا چىلاش.
مامۇت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆمەرنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى تارتىۋالدى، ئاندىن ھەممەيلەنگە خىتاب قىلدى:
— سىلەر كۆڭدىن ـ كۆڭگە ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتىسىلەر باللار...
زىننەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— تېخىچە "باللار"مۇ بىز؟ مەن ئاللىقاچان ئاشپەز، بۆشۈككە ئايلىنىپ بولغان ئوتتۇرا ياشلىق خوتۇن بولۇپ قالدىم، — دەپ تۈۋلىدى.
— قىسقىسى، يۈك بولۇپ قالدۇق. ھارغان ـ تالغانلار يۈكنى

ئاۋايلاپ چۈشۈرۈشنىڭ ئورنىغا دولىسىدىنلا ئىرغىتىپ تاشلىغاندەك،
بىزنىمۇ پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. بىزنىڭ كىمگىمۇ كېرىكىمىز بار؟ —
دېدى ئۆمەر يەنە باش چايقاپ.

مەن خېلىدىن بۇيان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ساۋاقداشلارنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ ئولتۇراتتىم ۋە پات-پات ھاشىم بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ ياخشى كەيپىيات بولمايۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرغاندۇق. بىراق ھەر ئىككىمىز ئۆي ئىگىسى بولغانلىقىمىزدىن بىرنەرسە دېيىشنى بىسەپلىك ھېس قىلاتتۇق. زىننەت يەنە بىر پىيالە ئىچىپ خالىدىنىگىمۇ قويۇپ بەردى، ئاندىن ئىككىسى مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمەرمۇ مامۇت ئېلىۋالغان بوتۇلكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، ئۆزىنىڭ ئىچىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغىلى تۇردى. ئاخىرى مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، مامۇتنىڭ قولىدىكى بوتۇلكا بىلەن رومكىنى قولۇمغا ئالدىم.

— قېنى دوستلىرىم، كېلىڭلار، بىر رومكىدىن ئىچىڭلار. ئىچ پۇشۇغۇڭلارنىڭ تۈگەپ، خۇشال-خۇراملىقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنىڭ چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن ئىچىڭلار.

ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. مامۇت مېنىڭ تەكلىپىمگە ئەڭ ئاۋۋال قوشۇلدى:

— ناھايىتى ياخشى تەكلىپ بولدى. قېنى، ئۆزىڭىزدىن باشلاڭ.

باشقىلارمۇ "قوشۇلىمىز" دەپ ۋارقىراشتى. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ھەرقايسى جايلارغا چېنىقىش ئۈچۈن تەقسىم قىلغان 1968-يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم قاتتىق ھاراق ئىچكەنىدىم. ھازىرقى كەيپىيات سەۋەبىدىن ماقۇل بولۇپ دەسلەپكى رومكىنى

ئالدىرىماي سۇمۇرۇپ ئىچىۋەتتىم. ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپى ئۆزگەردى، يىغلىغانلارنىڭ كۆز چۆرىلىرىدە ياش يۇقى بولسىمۇ، زىناقلىرىدا كۈلكە ئويناشقا باشلىدى. ئىككىنچى رومكىنى ھاشىمغا تۇتتۇم. باشقىلارمۇ نۆۋەت بىلەن ئىچىشتى. خالدىگە كەلگەندە ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

— مەندىن رەنجىمە دوستۇم گۈلئايىم، 32 ياشقا كىرىپ قالدىم. ھېچ نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي يېرىم ئۆمرۇم ئۆتۈپ كەتكىنىگە بەكمۇ ئىچىم پۇشىدۇ. مەن ئاش-تاماق قىلىش، بالا تۇغۇش ۋە بۆشۈك تەۋرىتىشنى ئۆگەنمىگەنىدىمغۇ؟ — دېدى.

زىننەتمۇ:

— مەن قانداقلارچە "سېسىق"، "بۇرژۇئازىيە" بولۇپ قالغانلىقىمنى چۈشىنەلمەي قالدىم. ئاشۇ ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىم يادىمغا كەلسىلا ئۆزەمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمەن. مەن زاتى جەھەتتىن دېھقانىنىڭ، ئەڭ نامرات كەمبەغەلنىڭ قىزى ئىدىم. بۇ بەش-ئالتە يىلدىن بۇيان قانداق بولۇپ ئۆز سىنىپىمنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەي، زەردەگۈش بولۇپ كەتتىم، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ ئەپۇ سورىغاندەك قوشۇپ قويدى، — سەن مېنى كەچۈر، ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويدۇم.

مەن بىرپەس شۈك بولغان سورۇنغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. بۇلار چۈشكۈن، ئۈمىدسىزلەرنىڭ تويى ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىدىن تارتىپ بىللە بولۇپ كەلگەن، بەزىلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن تەڭ ئاتلاپ كىرىپ دوست بولغان، بەزىلىرى بىلەن مۇشۇ مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ تونۇشقانىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىنى پۇشۇ-

رىدىغان سوئاللار بەزىدە مېنىڭمۇ كاللامغا كىرىۋالاتتى، ئەسەبىيل-
كىم تۇتۇپ كېتىدىغان چاغلار بولاتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا ھاشىم:
— ئالدىرىما، پارتىيە تەشكىلاتى بار، پارتىيە بىزنى زور كۈچ
سەرپ قىلىپ ئوقۇتۇپ بىراقلا تاشلىۋەتمەيدۇ، — دەپ تەسەللى
بېرەتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىغا
ئىشەنچىم بارلىقىنى بىلسەممۇ، ئىچىمنى سىقىۋاتقان ئەندىشەمنى
ئېيتىۋېتەتتىم:
— ئەمما ۋاقىت، يىللار مېنى تاشلىۋېتىپ كېتىۋاتىدۇ. ياشلىق
باھارىم تۈگىدى، ئوتتۇرا ياشمىنى ياشاۋاتىمەن، يەنە قانچىلىك
ئۆمۈر كۆرىمەن؟ قېرىپ چىرىگىنىمدە، زېھنىم بوشاشقاندا مېنىڭ
بىساتىمدا خەلققە جاۋاب قايتۇرالىغۇدەك نېمىلەر قالىدۇ؟
ھازىر، ئولتۇرغان بۇ دوستلىرىمنىڭ ھېسسىياتىدىمۇ ئاشۇنداق
ئەندىشە، ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى. ئۇلار سىرتتىن كېلىدىغان رىغ-
بەت ۋە ئىلھامغا موھتاج ئىدى. ئۇن نەچچە كۈن ئىلگىرى دېھقان-
چىلىق مەيدانىغا كەلگەن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىم ئاكا
بىزنى ئۇپچى بىر نۆۋەت رىغبەتلەندۈرگەندە، ھەممىمىزنىڭ روھى
كەيپىياتى شۇنچە ئۆرلەپ، خۇشال بولۇپ بىرنەچچە كۈنلەرنى ئۆت-
كۈزگەندۇق. ھازىر شۇلارنى ئېسىمگە ئالدىم-دە، گەرچە مەنمۇ
ئولتۇرغانلارنىڭ تەڭتۇشى بولسامۇ، ئۆز چۈشەنچىم بويىچە ئىلھام-
لاندۇرۇپ قويۇشقا قارار قىلدىم:
— ھەممىمىز تېخى ياش، — دېدىم مەن سۆزۈمگە جىددىي تۈس
بېرىشكە تىرىشىپ، — بىز ياشلارغا خاس جۇشقۇن پىكىر قىلىشىمىز،
جانلىق ئويلىشىمىز لازىم، ساۋاقداشلار. بىزنىڭ شەنىمىزگە قارىتىل-
غان بەزى گەپ-سۆزلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، شارائىتىمىز بىزنىڭ

قىزىقىنىمىزدەك بولمىسىمۇ، بىز كەلگۈسىمىزگە ئىشىنىشىمىز لازىم. گەپ - سۆزلەر دېگەن بەرىبىر گەپ - سۆز. "ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر" دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنداق ئوخشىتىلغان. مېنىڭچە، بىز خەلقىمىز ئويلايدىغاننى ئويلىساق بۇ توغرا ئويلاش بولىدۇ.

— بىز ئويلاپلا ئولتۇرۇش ئۈچۈن داشۆدە بەش يىل ئوقۇپتىكەنمىز - دە؟ — دېدى زىننەت قايىل بولمىغاندەك، — ئويلاي دېسەڭ ئوي تۈگەمدۇ؟ بىزنى ئەمەلىي ئىش قىلدۇرسا بولاتتى.

ئولتۇرغانلار كۈلۈپ كېتىشتى، مەنمۇ كۈلدۈم.

— شۇنداق، ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن ئويلاپلا ئولتۇرۇش بىلەن ئۆز - ئۆزىمىزنى شەيخلەرگە ئايلاندۇرۇۋالىمىز، — دېدى خالىدە.

— ئويلىغىنىمىزغا يارىشا ئىشلىسەك بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ — دېدىم مەن ئۇلارنى ئەسلى ماۋزۇغا يېتەكلەپ، — ھەممىمىزدە ئۆزىمىزگە يارىشا بىلىم بار، كەسىپ بار. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا خەلق ئاممىسى بار. تۇرمۇش، ھايات مەڭگۈ توختىماي داۋام قىلىدۇ. بىز ئۆز بىلىمىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى، ئەمەلىي تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىممىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن نېمىشقا تىرىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بارمايمىز؟...

گويا مەن دەرس سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك، ئۇلار دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۆزەمنىڭ سۆزلەۋاتقانلىرىدىن ھاياجانلىناتتىم.

— گۈلئايىمنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا بولدى، — دەپ قۇۋۋەتلىدى مامۇت، — شۇنچىۋالا كەڭ ۋەتەن ئالغا بېسىشى لازىم، شۇنچىۋالا كۆپ خەلق باياشات ياشىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن پەن - تېخنىكا كېرەك، دوستلىرىم.

— يەنى بىز كېرەك، — دەپ قويدى ئۆمەر.
ھەممەيلەن كۈلۈۋەتتى. ھاشىممۇ سۆزلەپ قويدى:
— پارتىيە بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇ بىزنى ئۆستۈردى، بىلىم بەردى، ئۇ ھامان بىزگە ئۈمىددىنى، ئىشەنچىنى بېغىشلىغاندى. بىز ھازىرقىدەك قىسمەن قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە بىزنىڭ ئىشەنچلىك كۈچ ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنەيلى ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارايلى.
— شۇنداق قىلايلى دوستلار، — دېدىم مەن يەنە، — مۇبادا ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، بۈگۈن ئۈمىدسىزلىنىپ چۈشكۈنلە-شىشىمىزگە ئاساسىمىز يوق. پارتىيە بىزنى لازىم قىلىدۇ، ئۇ بىزنى چاقىرغاندا، بىز دەسمايىمىزنى يەپ بولۇپ بارساق بولمايدۇ.
— ناۋاتتەك گەپلەر بولدى، دوستلار. قېنى ئەڭ ئاخىرقىسى ھېسابىدا بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى. قىزلار ئىچمىسۇن، — دېدى مامۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاندىن كېيىن بىز تانسا قىلىشىمىز لازىم.
— ئوغۇللارمۇ ئىچمىسۇن، — دېدى زىننەت قاتتىق تەلەپ بىلەن، — سىلەر كۆپ ئىچىۋېلىپ پۇتقا دەسسىگىلى تۇرساڭلار، خۇشال - خۇراملىقنى بۇزىسىلەر...
— مەن تانسا ئوينىمايمەن، — ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ئۆمەر، — سىلەرنىڭ ئوينىشىڭلارغىمۇ تىلەكداشلىقىم يوق. ماڭا بىر رومكا مەي بېرىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاي.
— سەۋەب؟ — سوزۇپ سورىدى بىرسى.
— بىزنىڭ قاقشاشلىرىمىزنىڭ يېرىمىگە ئۆزىمىزنىڭ ئىشى سەۋەبچى، — ئۆمەر ئالچاڭلاپ مېڭىپ بېرىپ بوتۇلكا بىلەن رومكىنى

قولغا ئالدى، ھېچكم ئۇنى توسمدى. ئۇ خۇمارلاشقان كۆزلرنى ھەممەيلەنگە نۆۋەت بلەن تكپ، ئاخردا رومكدا توختاتتى، — بز ۋەزيەتكە ئەگشپ ئېچشمز لازم، مەن كەسپ، بلم دېگەنگە ئاللقاچاندن بېرى دەرگۇماندا. بزگە قويۇلغان تەلەپ بويچە ئش قلپ، كۆن ئۇ ياققا، پۇل بۇ ياققا قلغاندن ئەۋزلى يوق...

— ئۆمۈرچۇ؟، — كېدۇ برسى سوردى، — ئۆمۈر قاياققا؟

— رومكنىڭ ئچگە...، — ئۆمەر براقلا كۆتۈرۈپ ئچۋەتتى، — ئۆمۈر بوتۇلكدن رومكنىڭ ئچگە...

ئۇ كۆزلرنى ئالايتپ ھېچكم بلەن خوشلاشماي چقپ كەتتى، قاتتق ئەنسزلك ۋە مۇنازرە قوزغايدىغان سۆزلەر ئېيتلغان بولسمۇ باشقلار نېمشقدۇ سازغا بەكرەك ئېتبارنى قاراتتى...

## 2

شۇنىڭدن كېينكى خۇشال ئولتۇرۇشلارنىڭ كەيپنى سۈرۈپ قاراڭغۇلۇق قاپلىغان پاتقاق يولدا ئېگز-پەس دەسسەپ، تېيد-لپ-مۇدۈرۈپ دېھقانچلق مەيدانىنىڭ ئش بېجرش قورۇسغا قايتپ كەلدم. باياتن بېرى بر خل يېغىۋاتقان يامغۇر مەن دەرۋازىدن كرپ بولۇشۇمغىلا خۇددى مېنىڭ پاناھلنشۋېلشمنى ساقلاپ تۇرغاندەك تېخمۇ ئەدەپ، شارقراپ چۈشكلى تۇردى. ئۇ سۇس شامالنىڭ تەسرى بلەن بردەم ئوڭدن سولغا، يەنە بردەم سولدن ئوڭغا سېپىلپ، گويا برسى گۈللۈككە سۇ پۈركۈۋاتقاندەك چۈشەتتى.

قاراۋۇل بوۋاي ياسن ئاكا مېنىڭ پۈتۈنلەي چلق-چلق

ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەپتىمنى كۆرۈپ، دەسلەپ ھەيران بولغىنىمچە چەكچىيىپ قاردى. ئاندىن كېيىن ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىۋاتقۇچە كايىپ كەتتى:

— سۇغا چۈشۈپ كەتكەن چۆجىگە ئوخشاپلا قاپسەن. يامغۇر يېغىۋاتسا ئۆزەڭنى سۇغا سالغاندەك مۇشۇ ۋاقىتقىچە تەمتىرەپ يۈرگەن بارمۇ؟ كەل، ئاۋۋال ئىسسىنىۋالغىن، — ئۇ مەزگىلىدىن ئاۋۋاللا يېقىۋالغان تام مەشنىڭ يېنىغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى، — قېرىپ كەتتىم، پۇتلىرىم سىرقىراپ، بېلىم ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىدۇ. شۇڭا يامغۇرنىڭ شەپىسى كەلسىلا ئوت يېقىۋالىدىغان ئادىتىم بار. ياشلىقىمدا يامغۇرغۇ يامغۇر، زىمىستاندىكى قاردىمۇ يېلىڭ يۈرەلەيتتىم. ئۇ چاغدا ياشلىقنى ئېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئىكەنمىز، ئەمدى شۇنىڭ كاساپىتى...

تام مەش ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنىدى. مەن ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئەتراپىدا بىرپەستىلا سۇ كۆلچىكى پەيدا بولدى. بۇ بېشىمدىن تارتىپ ئايىغىمغىچە ئېقىۋانقان يامغۇر سۈيىنىڭ ساقىشىدىن ھاسىل بولغان كۆلچەك ئىدى. ئايىغىم تىزىمغىچىلىك سارغۇچ لاي بىلەن بۇلغانغان بولۇپ، لايدىن ياسالغان پىيما كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، بۇ ئەپتىمدىن ئۆزەممۇ خىجالەت بولۇپ قالدىم ۋە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئىسسىقى پۈتۈن بەدىنىمگە يامراپ، سۆڭەك-سۆڭەكلىرىمگىچە ئىسسىپ خېلى تېتىكلىنىپ قالغاندەك بولدۇم.

شۇ ئارىدا ياسىن ئاكا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان شىرەنىڭ ئۈستىنى تاراقشىتىپ ماڭا بىر قاچا ئۇزاتتى.

— تراكتورچى يىگىتلەر كەچلىك تاماققا كېلەلمەيدىغانلىقىنى

ئېتىپ قويۇپ كېتىپ قېلىشتى. مەن ساڭا ھاردۇق ئېشى قىلدۇرۇپ قويغانىدىم، — دېدى ئۇ ۋە تام مەشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئاليۇمىن قازاننى ئىشارەت قىلدى، — بايىراقتا ئوتنىڭ ئېلىۋەتكەنىدىم. ئۆزەڭ ئۇسۇپ ئىچىۋالغىن، سوۋۇقناش...

— ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسىڭىزمۇ بوپتىكەن بوۋا، — دېدىم مەن بوۋايدىن تەسىرلىنىپ ھەم خىجالەت بولۇپ، — مېنىڭ سومكامدا نانلىرىم بار ئىدى. ئۇلار قېتىپ قالماستىن بۇرۇن يەۋېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم.

ياسىن ئاكا رەنجىگەندەك:

— بۇنداق سوغۇقتا نان بىلەن چاي ئىچكەندەك ئىسسىق باسمايدۇ، — دېدى ئۇننى كۆتۈرۈپ، — سەن ئۇ يەردىن كېلىپلا بۇ يەردىن ھەممە ئىشنى ئاسانلا توغرىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتە-سەن. بۇ ناھىيىدە ئىش پۈتتۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس قىزىم. تولا مېڭىۋېرىپ كەشىڭىنىڭ چەمى چۈشۈپ قالمىغىيدى، دەپ ئەن-دىشە قىلىمەن. ھەرقانچە كۆپ نانلىرىڭ بولسىمۇ يېيىلىپ توگەيدۇ تېخى؟

بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە پەقەت كۆلۈپلا قويدۇم. بوۋاينىڭ تەلەپچان كۆزلىرى مېنى ئاش ئىچىشكە بۇيرۇۋاتاتتى. مەن يەنە تەكەللۇپ قىلىپ يۈرمەي چۆمۈچنى ئالدىم-دە، ئالىيۇمىن قازاندىن قاچىغا تېۋى چىقىپ سەل قويۇقلىشىپ قالغان ئۇگرە ئاشنى ئۇسۇپ:

— قېنى بوۋا، ئاشقا كېلىڭ، — دېدىم.

— ئىچىۋەر، بەھوزۇر ئىچىپ ئىسسىنىۋال قىزىم، — دېدى بوۋاي.

ئاشنىڭ ئاز-پاز تۇزى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ تەمى ئوبدان،

مەززىلىك ئىدى. يۇمغاقسۇتىنىڭ پۇرىقىمۇ ئىشتەينى غىدىقلاپ تۇراتتى.
ياسىن ئاكا مېنى مۇزلاپ قالمىسۇن دېگەندەك، ھە دەپ مەشكە كۆمۈر
سېلىپ، ئىنچىكە تۆمۈر زىخچە بىلەن شالانىڭ تېگىدىن ئۈستىگە
قوچۇپلا ئولتۇردى.

توڭغانلىقتىن ھەم قورساق ئاچلىقىدىن بولسا كېرەك، ھەش-
پەش دېگۈچە قازاننى بىكار قىلدىم. بوۋاي بىلەن قازان، قاچىلارنى
يۇيۇۋېتىش تالىشى بولۇپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تۇيدۇرمايلا
قازان بىلەن قاچىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنىڭ كەينىدىكى چېلەك قويۇلغان
بۇلۇڭغا ئۆتتۇم-دە، ھاپىلا-شاپىلا يۇيۇۋالدىم. بوۋاي تاراق-
تۇرۇقنى ئاڭلاپ مەش ئالدىدىن قوپتى، ماڭا قاراپ ئۈنچىقماي
بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە ئورۇن-كۆرپە، سومكىلىرىڭنى
ئەكىرىپ قويغاندىم، چىقىپ ئارام ئېلىۋال، چايداندا قايناقسۇمۇ
بار. پۇت-قولۇڭنى يۇساڭ كارىدوردىكى تۇڭدا ئىسسىق سۇمۇ
بار، — دېدى.

مەن رەھمەت ئېيتىپ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيگە چىقتىم. ياسىن
ئاكا ئەكىرىپ قويغان شامنى ياندۇرۇپ، ھۆل كىيىملىرىمنى سېلىپ
تاشلاپ ئاۋۋال يۇيۇندۇم، ئاندىن كېيىن يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردىم-
دە مۇزلاپ كەتكەن تىزلىرىمنى قورسىقىمغا تىرەپ يامغۇر يۇيۇۋاتقان
دېرىزىدىن قاراڭغۇلۇق قاپلىغان تالاغا قاراپ ياتتىم.

پۈتۈن بەدىنىمنى ھارغىنلىق بېسىۋالغان بولسىمۇ، زادىلا
ئۇيقۇم كەلمەيتتى. تالادا ھامان يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ
توختىماي يېغىۋاتقانلىقىنى نامايىش قىلىۋاتقاندەك، دېرىزە ئەينەك-
لىرىگە بىردە كۈچلۈك، بىردە ئاجىزراق ئاۋاز چىقىرىپ رىتىمسىز

ئۇرۇلاتتى ھەم تالا ـ تالا رەتسىز ئىقىن بولۇپ پەس تەرەپكە يالاپ چۇشەتتى.

مېنىڭ كۆزلىرىم تالدى. بىردىن ئەينەكـلەرمۇ، ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ سىرغىـپ ئىقىۋاتـقان يامـغۇرمۇ غايىـپ بولۇپ، يەنـىلا ئاخشامقى كەچلىك ئولتۇرۇشتىكى ساۋاقداشلىرىم كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئولتۇ- رۇش ئاياغلىشىپ تاراپ كېتىدىغان چاغدا ئۇلار: "بىز ساڭا مۇۋەپپە- قىيەت تىـلەيمىز گۇلـنايىم. لېكىن ئارتۇقچە ئۇمىـدلىنىپ بېشىڭنى قايدۇرۇۋېلىپ يۈرمىگىن. پەخەس بول، چوڭقۇرراق ئويلاپ ئىش قىل. ناھىيىلىك ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان كىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سېنى قوللاپ قۇۋۋەتـلەپ، ياردەمـدە بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ساڭا توسقۇنلۇق قىلىشىمۇ مۇمكىن. سەن بىزنىڭ ئارمىزدا تۇرساڭ كەتـمەن چاپساقـمۇ، يۇلغۇن كولىساقمۇ، كېۋەز تېرىـپ، قوناق چاغلىساقـمۇ، ھالـۋا بىلەن بەتتە پولۇ يېـيەـكمۇ، تۇماچ بىلەن زاغ ئىچـيەـكمۇ گەپ ـ سۆزلىرىـمىز، ئويۇن ـ چاقچاق- لىرىـمىز بىلەن بىر ـ بىرىـمىزنىڭ ھالىغا ھالداش، مۇڭىغا مۇڭداش بولۇپ ياشايـتتۇق، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمـى، بىر ـ بىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرغىنىمىز ئۆز ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىمىزنى ئەسلىتىپ تۇراتتى، ئەمدى- لىكتە سەن سېـنى تېخـى تولۇق بىلمەيدىـغان، ھېسسىياتلىرىڭـنى چوڭقۇر چۇشەنمەيدىغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىـپ، يېڭى شارائىتتا، باشقا مۇھىتتا ياشايسەن..."، دېيىشكەنىدى. ھازىر ئۇلار- نىڭ شۇ سۆزلىرى يادىمغا كەلگەندە، بۇگۈنكى كۆرۈشكەن، پاراڭ- لاشقان كىشلەر، بارغان ئىدارىلەر ۋە ماڭـغان يولـلارنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتـۈرۈپ باقتىم. بۈگـۈن مەن ئـۈچ تراكتورچـى، ئۈچ كادىر ۋە بىر قاراۋۇل بوۋاي بىلەن ئالاقە قىلىشقانىدىم. تراكتورچى

يىگىتلەر بىلەن بۇرۇن دېھقانچىلىق مەيدانىدا كۆرۈشكەن بولسامۇ،
ئولتۇرۇپ مۇڭداشمىغان، تاماقتا بىللە بولمىغانىدىم. ئۇلارنىڭ
سەممىيلىكى، راست سۆزلۈكلۈكى، ئاق كۆڭۈل ھەم ساددىلىقى
مەن ئۈچۈن شۇنچە يېقىشلىق بىلىندى. قاراۋۇل بوۋاي ياسىن
ئاكا بىلەنمۇ بۇرۇن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، كەچ قېلىپ كېتەلمەي
قالغان چاغلاردا، مۇشۇ قورۇغا كېلىپ قونۇپ قېلىپ كۆرۈشكەن
ھەم ئۇچراشقان بولسامۇ، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا كۆيۈمچان، مېھرىبان
ئىكەنلىكىنى بىۋاسىتە بېشىمدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم، ئۇنىڭ
ئۆز ئاتامدەك قىلغان غەمخورلۇقى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەرلىك
ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەقىقىي، چىن ئىنسانىي
مۇناسىۋەت ئىدى.

مەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات ئىشخانىسىدىكى
كادىرنى، ئۇنىڭ ھارغىن، چارچىغان چىرايىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ
ئۈنچىقماي، نامايىش قىلماي ئىشلەيتتى، ئۇ ئىشنى دەپ ساقال-
لىرىنى ئېلىشقىمۇ چولىسى تەگمىگەن، شىرە ئۈستىدىكى نان قالدۇق-
لىرىدىن قارىغاندا، ئېھتىمال، ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن بەزىدە
تاماقمۇ بارماي ئىشلەيدىغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر ئىشخانىنىڭ كۆتۈرۈشكە تېگىشلىك
يۈكىنى يالغۇز ئۆزى زىممىسىگە ئالغانلىقىدا شەك يوق ئىدى.

بۇلار رېھىم جۈيجاڭ، رەيھانىسالارغا نېمىدېگەن سېلىشتۇرما-
ھە؟ ئۇلارنىڭ ياخشى كىيىنىپ ئالدىرىماي ئىشقا كېلىدىغانلىقىغا،
ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن سائەتلەپ، ھەتتا كۈنلەپ ۋاقىتلارنى ئىگەل-
لەيدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىدىن باشقا يەنە نېمە بىلەن مۇراجى-
ئەت قىلىش مۇمكىن؟ رېھىم جۈيجاڭ يەنە تېخى يۇقۇرىراق ئورۇن،

يۇقىرىراق مەنسەپ ئېلىش كويىدا تىپىرلايدۇ. رەيھاننىسا يەنە تېخى چاينىمۇ باشقىلار توشۇسا، ئۆزى "ئىككىنچى جۇيجاڭ" نامىغا مۇناسىپ ئىمتىيازنى قولغا كەلتۈرۈش خىيالىنىڭ سۈيىگە تۇگمەن چۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە كۆيۈپ - پىشىدۇ...

كىشىگە ئەلەم قىلىدىغىنى رىھەم جۇيجاڭنىڭ سۆزلىرى ئىدى. ئۇ ۋەتەن ئۈچۈن سانسىزلىغان يارامىلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن ماتارىپنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانىدى. ئۇ مىنى ئاياللارغا خاس بولمىغان كەسىپنى ئۆگەنىدىڭ دەپ خورلىغانىدى. لېكىن ئۇ، بۇ كەسىپنى مىنىڭ قانچىلىك زور ئىشتىياق بىلەن چاپاغا چىداپ ئۆگەنگەنلىكىمنى بىلەمدىكىن؟ بولۇپمۇ 1966 - ۋە 1967 - يىللار كىشىنىڭ يادىدىن قانداقمۇ چىقىپ كەتسۇن؟

ئەمما، ئاشۇ چاغلاردىمۇ مەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغانىدىم. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەكتىپىمىز ئىچىدە بىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان بىر مۇئەللىمىمىز بار ئىدى. ئۇ خېلىلا تونۇلغان سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ئىلمىي ئۇنۋانى دوتسېنت ئىدى. ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۇ، بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن "چەت ئەلنىڭ جاسۇسى"، "ئەجنەبىلەرنىڭ گۇماشتىسى"، دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ، ھەر كۈنى كۈرەش قىلىناتتى. ئۇ چاغلاردا يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن زەربە يەۋاتقانلار كۆپ ئىدى ۋە بۇنىڭ شۇنداق بولۇشى كىمگە، نېمە ئۈچۈن كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوغىمىز قايناپ تۇرسىمۇ ئاغزىمىزدىن چىقىرالمىغانلىقىمىزغا ئىچىمىز پۇشۇپ تىت-تىت بولاتتۇق. كۈرەش قىلىش يىغىنلىرىدا پىكىر قىلىدىغانلار

مەخسۇس تەربىيلەنگەن "ئاكتىپلار" بولۇپ، ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار "مەيدانى مۇجمەل"لەر قاتارىدا ھېسابلىناتتى.

كېيىن ئىش شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، مۇئەللىمىمىزنى شىرە ئۈستىگە قويۇلغان ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىرىپ ئۆرە تۇرغۇزدى. بىرپەس كۈرەش قىلىپ "ياسىن جاسۇسنى قەتئىي يوقىتايلى!" دەپ شوئارلارنى توۋلاپ بولۇپ تۇيۇقسىزدىن ئورۇندۇقنى تۆرۈۋەتتى. ياسىن مۇئەللىم شىرەگە، ئاندىن پەسكە دۈملاپ يىقىلدى. بىزنىڭ سىنىپتىكى بىرنەچچە ساۋاقداش بۇنداق زوراۋانلىقنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدۇق-تە، يۈگۈرۈپ چىقىپ مۇئەللىمنى يۆلەپ تۇرغۇزدۇق. بىرنەچچە قىز ئۇنىڭ پېشانە ۋە جەينىكىدىكى يارىسىنى تاڭدۇق، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا قايناقسۇ ئىچكۈزۈپ قويدى. كىم بىلسۇن؟ شۇ چاغدا بىر تۈركۈم كۈرەش قىلغۇچىلار بىزنى "يامانغا يانتاياق بولغۇچىلار" دەپ ۋارقىراشتى ۋە مۇئەللىمنى داۋاملىق شىرە ئۈستىگە چىقىرىپ كۈرەش قىلىمىز، دەپ چۇقان سېلىشتى. بىز بىرنەچچە ساۋاقداش قارشى تۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، بىز بۇ بىرنەچچىمىز ھەرىكەتكە غەرەزلىك پۈتلىكاشاڭ پەيدا قىلدى، دەپ قارىلاندۇق. تەبىئىيكى، بۇ "پۈتلىكاشاڭ"نىڭ "چاپارمىنى گۈلئايىم"، دەپ ئېلان قىلىشتى.

مەن راستىنى ئېيتسام، ئۆزەممۇ سەۋەبىنى بىلمەيمەن، ئانچىلىك قورقۇپ كەتمىدىم. كېيىن تېخى مەكتىپىمىزدىكى پروفېسسورلار، دوتسېنتلار، لېكتورلار، فاكۇلتېت مۇدىرلىرى...قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن "كېزەندىلەر" قاتارىدا قاماپ قويۇلغان ھېلىقى مۇئەللىمىمىز ياسىنغا ئوغرىلىقچە دورا ئاپىرىپ بەردىم. بۇ ئىشىم سېزىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى

"گىزەندە"لەر قاتارىغا ئېۋەتىلدىم. ئۇ چاغدا مەكتەپتە بىزلەرنى ئايرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى "چوڭ گىزەندىلەر"، ئوقۇغۇچىلارنى "بالا گىزەندىلەر"، دەپ ئاتىشاتتى. كۈندۈزى بىرگە ئەمگەككە سالاتتى...

شۇ چاغلاردا قەلبىم ئازابلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇنىڭ ئۇنچە يامان بولمىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدىم.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسيانچىلار تولاراق ھوقۇق، ئىمتىياز ئۈستىدە جەڭگى-جېدەللەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، "گىزەندە"لەر بىلەن ھەپىلىشىشكە چولىسى تەگمىدى. بىز ۋەزىيەتنى خۇش ياقماي ئورۇنلايدىغان باشقۇرغۇچىلارنىڭ تاپشۇرغان ئەمگەك ۋەزىپىسىنى تۈگەتەتتۇق-دە، ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولاتتۇق. بۇ مېنىڭ ئۆگىنىش قىلىشىمغا ياخشى پۇرسەت بولغانىدى. ھەر كۈنى ياسىن مۇئەللىمدىن سائەتلەپ دەرس ئاڭلايتتىم. ئۇ يەنە بۇرۇن ئۆتۈپ بولغان دەرسلەرنى ئېسىمگە سېلىپ، كونسۇلتاتسىيە ھېسابىدا تەكرارلاپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇ ماڭا، تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن، خەنزۇچە بىلگەندىن تاشقىرى، رۇسچە ياكى ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋېلىشىم توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ تۇراتتى. ھەممىدىن ئۇنتۇلمايدىغىنى شۇكى، ياسىن مۇئەللىم ئاختۇرۇش ۋە مۇسادىرە قىلىشلار بولۇۋاتقاندا يوشۇرۇپ ئەپقالغان كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى ئۈزۈلدۈرمەي ئارىيەت بېرىپ تۇردى. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى 50-ياكى 60-يىللاردا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە كىتابلار بىلەن ئىنگلىز يېزىقىدىكى كىتابلار ئىدى. مەن يەنە تىرىشىپ ئىنگلىز يېزىقىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. بۇ مەشغۇلاتىمىزمۇ ياسىن مۇئەللىم بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلاتتى. كېيىنچە مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا خۇشال بولۇپ كېتەتتىم.

چۈنكى، شۇ چاغلاردا گويا بىر دوتسىنت ئوقۇتقۇچى مېنىڭ خۇسۇسىي مۇئەللىمىمگە ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى...

بۈگۈنكى ئىشلارنى، رېھىم جۈيجاڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى يادىمغا ئېلىپ كۆڭلۈم يەنە غەش بولدى. راستىنلا مەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدىغان، رېھىم جۈيجاڭنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، شۇغۇللىنىشقا بولغانىدىمۇ ئاياللار ئۈچۈن مۇناسىپ كەلمەيدىغان كەسىپنىڭ ئىگىسىمۇ؟...

يامغۇر ھامان يېغىپ تۇراتتى. مەن شام كۆيۈپ تۈگىگىچە دېرىزە سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بوشلۇققا قاراپ بىردەم يېتىپ، بىردەم يېنىچە بولۇپ ئولتۇردۇم.

# ئۈچىنچى باب

## يولدا ئۇچرىغان ئۈچ كىشى

### 1

ئادەم يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، خىيال بىلەن كۆپرەك ھەمراھ بولىدۇ. خىياللار كىشىنى ئاۋۋالقى كۈنلىرى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. خىيال سۈرۈشمۇ قىزىق بىر مەشغۇلات: بەزىدە ئۇ ساڭا ياردەملىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، بەزىدە يەنە ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشلاپ كېلىدۇ. قىسقىسى، مەيلى ئۇنتۇلدۇرسۇن ياكى باشلاپ كەلسۇن، ئىشقىلىپ كىشىنى يالغۇز قالدۇرمايدۇ، بىرپەسلىك بولسىمۇ مەۋجۇت تۇرۇۋاتقان ھالەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر كىشى بىلەن بىر سىپكۈنتىمۇ ئايرىلمايدىغان ھەمراھ قايسى دېسە، مەن ئۇنىڭغا، شۇ كىشىنىڭ خىياللىرى، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مېنىڭ بۇنداق جاۋابىمغا قوشۇلمايدىغانلارمۇ بارمىكىن، تاڭ؟ بىلمەيمەن.

مانا بۈگۈن مەن بىلەن دەل ئاشۇنداق بولدى.

ئەتىگەن ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ يولغا چىققانىدىم، ئەمدى قارىسام، كۈن چۈشتىن قايرىلىپ ناماز دىگەر ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. مەن خىياللىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي

مېڭىۋەرگەنىدىم. قانچىلىك يول ماڭدىم؟ تېز ماڭدىممۇ ياكى ئاستا ماڭدىممۇ؟ ماڭغان يولۇمدا قەيەرگىچە يېتىپ كەلدىم؟ بۇلارنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ياخشى يېرى شۇ بولدىكى، ھېچقانچە ھارغىنلىق بىلىنمەدى. ئەمەلىيەتتە يۈكۈم خېلى بار ئىدى: ئۈستۈمدە قاراۋۇل بوۋاي ياسىن ئاكا تېڭىپ بەرگەن ئەپچىل شىڭلىيىم بار. ئىككى سومكامنىڭ بىرىنى مۈرەمگە ئېسىۋالدىم. ئېغىرراق يەنە بىرسىنى بىردەم ئۇ قولۇمدا، بىردەم بۇ قولۇمدا نۆۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىۋەردىم. بۈگۈنكى بۇ سەپىرىمدە پەقەت بىر قېتىم يول بويىدا بىردەم ئولتۇرۇپ ئازراق ئارام ئالدىم. بۇ ئارام ئېلىشىم چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن بولماي، ئۆتۈكۈمنىڭ سەۋەبىدىن بولغانىدى. چۈنكى، ئۆتۈكۈم پۇتۇمنىڭ ئۇچىنى قىستاپ قويغانلىقتىن، ئۇنى سېلىپ، پايتىمامنى باشقىدىن ئوراپ كىيىشكە توغرا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ خىيال سۈرۈپ، خىيالىمدا بىردەم ئۆتكەن ئىشلار بىلەن قاتارلىشىپ، بىردەم ئالدىمدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى پەرەز قىلىپ، بىردەم كىملەر بىلەندۇ پاراڭلىشىپ ۋە يەنە كىملەر بىلەندۇ مۇنازىرىلىشىپ قىزىپ كەتتىم...

يامغۇر ياغقان كۈننىڭ ئەتىسى مېنى خاپا قىلىدىغان ئىشلار يەنىلا يۈز بەرگەنىدى. ئۇ كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، ھاۋا تولۇق ئېچىلىپ كەتمىگەنىدى. سوغۇق شىمال شامىلى يەنىلا توگدۇرۇپ چىقىپ تۇراتتى. ھاۋادا يامغۇردىن كېيىنكى نەم، ئالاھىدە پۇراق قويۇق ئىدى. يوللار ناھايىتى پېتىق، يول يۈرۈش قىيىن ئىدى. مەن مىڭبىر تەسلىكتە پاتقاق كېچىپ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە باردىم. ئەمما قانچە ساقلىغىنىم بىلەنمۇ رىھىم جۈيجاڭ ئىدارىگە كەلمىدى، چۈشلۈك تاماقنى بازاردىكى ئاشپۇزۇلدىن يەپ،

چۈشتىن كېيىن يەنە ساقلىدىم، بىراق ئۇ يەنىلا ئىشقا كەلمىدى. قىسقىسى، ئۇ مېنى ئۈچ كۈن ئاۋارە قىلىپ، تۈنۈگۈن كەچكە يېقىن ئاندىن رەسمىيەت بېجىرىپ بەردى. بۇ رەسمىيەت بېجىرىشمۇ ئۇنىڭ ياكى مېنىڭ خالىشىم بىلەن، خۇشال-خۇرام بولغىنى يوق. ئۇ ماڭا دېۋەيلەپ، خاپا بولۇپ، چېچىلىپ سۆزلەيتتى. مېنى ئۆزى دېگەن ئىشنى قىلىشقا قىستايتتى. كاتىپ بولسام كۆرىدىغان "راھەت"لىرىمنى، كېيىنكە ئۇنۇمىسام تۇغۇلغىنىمغىمۇ پۇشايمان قىلغۇدەك "كۆلپەت"لەر تارتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ دوق قىلاتتى. ئاخىر، مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانچە سۆزلەشسەممۇ ئىش پۈتمەسلىكىنى چۈشىنىپ ئىلتىماسىمنى ئېيتىپ بېقىش ئۈچۈن ناھىيىلىك پارتكومغا ئەھۋال ئېيتىپ باردىم. مەن ماڭا تونۇش بولغانلىقى ۋە مېنىڭ يېتىكلىشىم توغرۇلۇق بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىبراھىم شۇجىنى ئىزدىگەنىدىم. بىراق، پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى بولغان بىر يولداش ئىبراھىمنىڭ تۆۋەنگە كېتىپ قالغانلىقىنى، ئەھۋال بولسا ئىدارە ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن شۇجىغا ئېيتسىمۇ بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ، مېنى مۇئاۋىن شۇجىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى.

بۇ كىشى يېشى ۋە چىرايىغا قارىغاندا خېلىلا كونا كادىردەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرىغا تولۇق ئاق كىرگەن، پېشانە، كۆز چۆرىلىرى ۋە جاۋغىيىغا تىلىم-تىلىم قورۇق كىرگەن، بەدىنى ئالدىغا ئۈكچە-يىپرەك تۇراتتى. ئۇ ھارغىن، خىيالچان كۆرۈنەتتى. يېشىنىمۇ 50 نىڭ ئۈستىدە دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن ئىدى. كاتىپ مېنىڭ ئىسمىمنى، ئىبراھىم ئاكىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىمنى، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىدا كۆرۈشۈشكە باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، بۇ مۇئاۋىن

شۇجى قاپقىنى تەستە كۆتۈرۈپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ باشمالتىقى يوق قولىنى يېنىككىنە سىقىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ئولتۇرۇڭ، نېمە گېپىڭىز بولسا تارتىنماي سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى ئۇ سىچۇەن تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، — تەرجىمانسىز سۆزلەپ، ئاڭلىيالامسىز؟

— سۆزلەپ، ئاڭلىيالايمەن، — دېدىم مەن ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ناھايىتى ياخشى، — ئۇ ماقۇللاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. كۈلۈمسىرىگەندە، قورۇقلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتتى

پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن سۆزۈمنى باشلىدىم. شۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئەھۋالىمنى، ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇچرىغان مۇئامىلىلەرنى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەردىم. تەلەپ، ئارزۇلىرىم ۋە ئۆتمۈشۈم توغرىسىدا قىسقا، ئېنىق ئېيتتىم، لېكىن ۋاقىت ئالماسلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىزاھات بەرمىدىم.

— پىكىرلىرىڭىز توغرا ئىكەن، كۆز قاراشلىرىڭىزمۇ مۇۋاپىق، ئارزۇيىڭىزمۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، — دەپ قۇۋۋەتلىدى مۇئاۋىن شۇجى مېنىڭ سۆزلىرىمنى باشتىن ئاياغ ئەستايىدىل، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئوقۇپسىز، مەكتەپ بەرگەن بىلىمنى، ئۆگەنگەن مەخسۇس كەسپىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىش دېگەن ياخشى نىيەتقۇ؟ سىز شۇنداق ئىشلەۋېرىڭ.

مەن كۈلۈپ تاشلىدىم:

— مەنغۇ شۇنداق ئىشلىمەكچىدىم، بىراق، مېنى ئىشلىگىلى قويمايۋاتامدۇ؟ — دېدىم مەن غەيرەتلىنىپ، — مەن سىزدىن

ئەمەلي مەدەت بېرىشىڭىزنى ئۆلتىماس قىلىپ كەلدىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ياردەم بېرىشىگە موھتاج بولۇپ كەلدىم.

مۇئاۋىن شۇجى تەئەججۈپلىنىپ:

— نېمىشقا ئىشلىگىلى قويمايدىكەن، كىم سىزنى ئىش قىلدۇر-مايۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى يەنە بىر قېتىم قىسقىچە سۆزلەپ، رېھىم جۈيجاڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ھەم تالىشىشلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردىم. قارىغاندا، ئۇ باياتىن پىكرى بۇ يەردە ئەمەس، مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ ئاساسىي قىسمىغا زەڭ قويمىغاندەك تۇراتتى. ئەمدى بۇ مۇئاۋىن شۇجى سۆزۈمنى بۆلمىدى، مېنى ئۆزەم توختىغىچە سۆز قىلىشقا قويۇپ بەردى. سۆز ئارىلىقىدا بىر قېتىم تاماكىسى ئۆچۈپ قالغىنىمۇ سەزمەي قېلىپ، كېيىن يەنە تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. مەن سۆزدىن توختاپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرۇپ قالغىنىمنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن:

— سىز ئىگەللىگەن بىلىمىڭىز ۋە كەسپىي ئىقتىدارىڭىزغا قارىغاندا، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەش-لايىھىلەش بۆلۈمىگە مۇناسىپ كادىر ئىكەنسىز. ئەھۋال سىز ئېنىكاس قىلغاندەكلا بولسا، بۇنى ھەل قىلىش قىيىن ئەمەس، مەن سىز توغرۇلۇق تەشكىلات گۇرۇپپىسى بىلەن، ئاندىن يولداش رېھىم بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، — دەپ ۋەدە بەردى. مەن رەھمەت ئېيتىپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا، ئۇ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — بوشاشماي ئىش-لەڭ، ئىرادىڭىزدىن يانماڭ. ناھىيىمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى ساھەسىدە

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار شۇ قەدەر كۆپكى، بۇنى سىز تېخى تۆۋەنرەك مۆلچەرلىگەن بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. بىزگە سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى كېرەك.

مەن خۇشال بولۇپ، ئىلھاملىنىپ چىقىپ كەتتىم، ئىككى-ئۈچ قەدەمنى بىر بېسىپ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە يېتىپ كەلدىم.

لېكىن، رېھىم جۇيجاڭ مېنى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن قارشى ئالدى. مېنىڭ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قىلغان سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرۇش تۇگۇل، ئىنتايىن توڭلۇق بىلەن قاپىقىنى تۈرۈپ:

— كەل قىزچاق، "موزايىنىڭ يۇگۇرۇشى سامانلىققىچە". سەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلىپ پارتكومغا بېرىپسەنغۇ شۇ، — دېدى تېلېفوننى كۆرسىتىپ، بۇنىڭدىن مەن پارتكومدىن تېلېفون كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم، — بىراق، ناھىيىلىك پارتكوم ساڭا كىچىكلىك قىلدۇ. سەن شىكايەت قىلىپ مەركىزىي كومىتېتقا بارغىن. ئەمما، قايتىپ كېلىدىغان جايىڭ يەنە مۇشۇ ئىدارە، سېنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى بەرىبىر مېنىڭ مۇشۇ ئىشخانامدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. سەۋەبى شۇكى سېنىڭ شتاتىڭ مۇشۇ ئىدارىدە. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا تەقدىرىڭ مېنىڭ قولۇمدا...

ئۇنىڭ قوپاللىقى ۋە مەسخىرىسى جېنىمغا تەگدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزەمنى زورىغا بېسىپ سىپايىلىق بىلەن:

— مەن ئەرز-شىكايەت قىلىپ بارمىدىم جۇيجاڭ، مەن ناھىيىلىك پارتكومغا ئىلتىماس قىلىپ بارغانىدىم، — دېدىم.

— قانداق قىلىپ بارغان بولساڭ بېرىپسەن، بۇنىسى مەن ئۈچۈن بەرىبىر. لېكىن، سەن كۆرۈشكەن ئۇ كىشى ناھىيىلىك پارتكومغا ۋەكىللىك قىلالامدىكەن؟ — دېدى رېھىم جۇيجاڭ ئاچچىق

بىلەن، — سەن شۇنى ئۇقۇپ قالغىنىڭكى، ئۇ ناھىيىمىز ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياقمايدىغان، ئىش بىلمەسلەردىن بىرى... ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ئەسكەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، شۇ دەسمايىگە تايىنىپ رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ قانداق يولىۋۇرۇق بېرىدىغانلىقىنى، سېنى قانداق قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالسەن تېخى...

— شۇنداقتىمۇ بۈگۈن تېخى بۈگۈن، ئۇ ھازىر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا "ئەتە - ئۆگۈن" ئەمەس، بۈگۈن باردىم، — دېدىم كىنايە بىلەن ئۇنىڭغا دېدىل قاراپ ۋە ئۇرغۇلىرىنى ئېنىق چىقىرىپ قوشۇپ قويدۇم، — ئۇنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى كۆرۈپ باردىم...

رېھىم جۇيجاڭ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ بېسىۋالالمىدى. ئۇ غەزەپلىنىپ ۋارقىرىدى:

— ئەجەب پارتىيە، پارتىيە تەشكىلاتى دەپ سايراپ كەتتىڭا! بۇ سۇ ئىشلار ئىدارىسىدە پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن مەن! ئۇنىڭ تېلېفوندا ئېيتقان قانداقتۇر مەنىسىز سۆزلىرىنى يولىۋۇرۇق قاتارىدا كۆرۈپ، ئىككى تىيىنغا ئالدىغان بوشاڭ رېھىم بولىدىغان بولسام، جۇيجاڭ بولۇپ بىر ئىدارىنى سورىيالمىغان بولاتتىم. سەن تېخىچە مېنى دەرىجىسى تۆۋەن، مەنسىپى كىچىك، ئاجىز چاغلاپ قالغاندەك تۇرىسەن.

— جۇيجاڭ، سىز...

رېھىم جۇيجاڭ تارتمىسىنى زەرپ بىلەن ئېچىپ بىر ۋاراق ئاق قەغەز ئالدى. تۆش يانچۇقىدىن قەلىمىنى چىقىرىپ قەغەزگە ئاچچىق بىلەن توكۇلدىتىپ بىرنەرسىلەرنى يازغاچ غودۇڭشىدى.

— مەن تېخى سېنى "ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا، پۇت يۇگۇرۇكى باشقا" ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلگىچىلىكى بار دەپ ئويلاپ خەمخورلۇق قىلىپ يۈرگەنىكەنمەن. ئەمدى سېنى ھېچقانداق ئۆلچەش - لايىھىلەش ئىشخانىلىرىغا قوبۇل قىلالمايمەن. سېنى ماڭا تاڭدىغان ئادەملەر ئىدارىنى ئۆزى ئالغاندا ئاندىن شۇنداق تەقسىم قىلىشىۋالار. پۈتۈننى تىقىماي تۇرۇپ ئۇستۇمدىن شىكايەت قىلغىلى تۇرساڭ، كېيىن بېشىمغا چىقىدىغان ئوخشايسەن. تۇت، بۇ قەغەزنى ئىدارە كادىرلار بۆلۈمىگە ئەپچىق. مەندىن كۆرمە، ئۆزەڭنىڭ شورى...

مەن ئۇنىڭ قەغەزگە نېمىلەرنى يازغىنىغىمۇ قارىمىدىم، مېنى ئىدارىگە ئالماي قايتۇرۇۋەتسە كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم، كۆڭلۈمدە تېخى قايتىپ كەتسەممۇ كېتەي، بۇ رېھىم جۇيجاڭ ھامان مېنى ئىشلەتمەيدۇ، دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈرگەنىدىم.

ئىشىكنىڭ ئۇستىدىكى كىچىك تاختايغا يېزىلغان خەتكە قاراپ كادىرلار بۆلۈمىگە كىرگىنىمدە، بىر خەنزۇ ئايال ۋە بىر ئۇيغۇر ئەر كىشى ئولتۇراتتى. بۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى گەپ - سۆزلەردىن ئۇلار مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بولغان بولسا كېرەك، ئىشىكتىن كىرە - كىرمەي خەنزۇ ئايال:

— كېلىڭ گۈلنايىم، قايسى بۆلۈمگە تەقسىم قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

مەن ھېچنېمە دەپ جاۋاب بەرمەي، رېھىم جۇيجاڭ بەرگەن قەغەزنى تەڭلىدىم. خەنزۇ ئايال ئۇيغۇرچە خەتلەرگە سەپلا بىر قاراپ ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئەر كىشىگە ئۇزاتتى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ ماڭا بىر قارىدى - دە، خەنزۇ ئايالغا:

— يەتتىنچى كۆكشىغا سۇ ئىشلىرى گەنسىسى قىلىپ

ئەۋەتىلىپتۇ، — دېدى.

ئايال ھەيران قالغىنىنى يوشۇرماي سەل جىم تۇلتۇردى، ئاندىن تارتىنسىدىن ئىش قەغىزى ئېلىپ تونۇشتۇرۇش يېزىۋاتقاچ:

— مەخسۇس كەسىپ ئۆگەنگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى گۇڭشېغا سۇ ئىشلىرى گەنسىسى قىلىش غەلىتە ئىشقۇ؟ — دېدى بېشىنى چايقاپ، — ھازىرغا قەدەر سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كادىرلارنى گۇڭشېلار ئۆزى ھەل قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى جۇيجاڭ بىلمەمدىكىنا؟

— گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا؟ گۈلئايىم جۇيجاڭنىڭ غەربىزگە ماسلىشالمىدى بولغاي، — دېدى ئەركىشى.

مەن گۇڭشېغا سۇ ئىشلىرى گەنسىسى قىلىپ ئەۋەتىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم. ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمنىڭ، نەچچە كۈندىن بۇيانقى كۆتكەنلىرىمنىڭ سوپۇن كۆپۈكىدەك بىرپەستىلا غايىب بولغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. شۇ پەيتتە كۆز ياشلىرىمنىڭ بۇرنۇمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىپ تۇراتتىم، ئاخىر خەنزۇ ئايالغا:

— بولدى، گۇڭشېغا ئالاقە يازماڭ. مەن بېرىپ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەشكىلات گۇرۇپپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كەتكىنىم ياخشىراقتەك قىلىدۇ، — دېدىم.

خەنزۇ ئايال خەت يېزىشنى توختاتتى، قەلىمىنى قەغەزدىن كۆتۈرۈپ مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ئالدىدا، مەن ئىزا تارتىدىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك، ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن دېرىزىدىن سىرتقا

قارىۋالدىم.

— دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يۆتكىلىپ كېلىپ يەنە دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېتەمسىز؟ — سورىدى خەنزۇ ئايال ھېسداشلىق ئاھاڭى بىلەن.

— مەن ئۇ يەردە چېنىقىپ بولغان بولسام ئەمدى ئۆز كەسپىم بويىچە پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن دەپ ئويلىغان ئىكەنمەن، — دېدىم ئەلەم قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — لېكىن يەنە گۆڭشېغا بارسام ئۇ يەردە قانچىلىك پايدام تېگەر؟ ياخشىسى، مەيدانغا كېتىپ قالاي. مېنىڭ ئۇ يەردە تۇتقان ئۆيۈم، ئېرىم ھەم باللىرىم قالغاندى...

ئايال ماڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىگەندەك تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئەر كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇنداق قىلماڭ گۈلئايىم، كەلگەنىكەنسىز، ئەمدى قايتىپ كەتمەڭ. قايتىپ كەتسىڭىز بەزىلەرگە چوڭ باھانە بولۇپ بېرىسىز، — دېدى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ راسا چىڭقىلىپ شوراۋالدى، — "زىيالىي ياشلارنى بىز ئورۇنلاشتۇرالمايمىز. ئورۇنلاشتۇرساق تەقسىماتقا بويسۇنمىدى، مانا مەسىلەن، گۈلئايىم..." دېيىشىدۇ.

— مۇشۇمۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بولامدۇ؟ — دېدىم مەن ئاچچىقلاپ، گويا مېنى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلار ئىشخانىدا ئولتۇرغان مۇشۇ ئىككىيلەندەك سەل چەكچىيىپمۇ ئالدىم، — بۇ گۆڭشې ئۈچۈن بىر يۈكنى ئوشۇق ئارتىپ قويۇش بولىدۇ، مەن ئۇ يەردە ئۆز كەسپىم بىلەن قانداق شۇغۇللىنالايمەن؟

ئەر كىشى سەل تۇرۇۋېلىپ:

— مېنىڭچە كۆكىشىگە بېرىلىڭ. سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاش، تەرتىپكە سېلىشتا ئۇلارغا پايدىڭىز تېگىشى مۇمكىن. چوڭ كۆلەملىك ئىنشائاتلار بولمىسا، كىچىك-كىچىكلىرىنى قىلغاچ تۇرارسىز، نەتىجىڭىز ياخشى بولسا باشقا كۆكىشىلارغىمۇ ئۈلگە بولىسىز، باشقا كەسپداشلىرىڭىزغىمۇ يول ئېچىپ بېرەلەيسىز، — دېدى ۋە مېنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ داۋاملاشتۇردى، — مۇنداق دېگىنىمدە، پايدىلىق بىر ئىمكانىيەتنىمۇ كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. كۆكىشىلار ئۆز مەبلىغىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. پۈتۈنلەي ناھىيىگە تايىنىۋالمايدۇ...

ئۇ يەنە بىرنەرسىلەرنى دېمەكچى بولغاندەك بولسىمۇ، لېكىن داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىغاندەك بىر ھالەتنى ئىپادە قىلىپ جىم بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئېيتىلمىغان تەرىپىنى مۇنداق چۈشەندىم: "ياخشىراق لايىھە ئىشلىسىڭىز كۆكىشىنىڭ سۇ ئىنشائاتىنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتى بار. دېھقانچىلىق مەيدانىدا مەبلەغ تەرەپتىن بۇنداق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ...."

شۇ ئارىدا خەنزۇ ئايالمۇ:

— بېرىلىڭ سىڭلىم، كۆكىشىدىمۇ سىز ئۆز كەسپىڭىز بىلەن شۇغۇللىنالايسىز. يەنە كېلىپ سىز بارماقچى بولغان يەتتىنچى كۆكىشى سۇ مەسىلىسى ئېغىر بىر جاي. ئۇلارنىڭ بىزگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ يازغان بىرنەچچە قېتىملىق دوكلاتىمۇ بار. سىز بارسىڭىز، بىلىمىڭىزنى ئەمەلىيەتتە سىنايدىغان مۇھىتقا بارىسىز. لايىھەلىرىڭىز بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، ئۇنى چۈشىنىدىغان، "ھە-ھۇ" دېيىشىپ بېرىدىغان يولداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. سىزنىڭ نەتىجىڭىز ئىدارىمىزنىڭ نامى ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ بولۇپ قالغۇسى

ھەممىمىز خەلقىنىڭ كادىرىغۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ئارزۇسىنىڭ مېۋىسى ئەمەسقۇ بىز؟

مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يەنە كۆپ ئالغاندەك بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ گۇڭشېلاردا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتى بارلىقى مېنى خېلىلا روھلاندۇرۇپ قويدى. مېنىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ بىرنەرسە دېيىشمنى كۈتۈپ ئولتۇرغان خەنزۇ ئايالغا:

— مەيلى، ئالاقە يېزىشۇرىلى، بارسامۇ باراي، — دېدىم.

ئايال يېزىشقا باشلىدى. ئەر كىشى:

— دادىل ئىشلىسىڭىز، گۇڭشېلىرىمىز سىزدىن ئەمەلىي نەپ كۆرسە، قىلماقچى بولغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىڭىزغا مەبلىغى بولسا مەبلەغ، بولماي قالسا جېنىنىمۇ پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، — دەپ روھىمنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ قويدى.

مەن ئاشۇنداق جان پىداكارلىقىنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى ئەمەلىيەتتىمۇ كۆپ كۆرگەنلىكىمدىن، بۇ توغرىدا ئارتۇقچە ئىزاھاتسىزمۇ چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ ماڭا ئىلھاملاندۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىدىكى مەنىدىن نىيىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. خەنزۇ ئايال ئالاقىنى يېزىپ بولۇپ تامغا باستى، ئاندىن ھۆرمەت بىلەن ئىككى قوللاپ ماڭا تەڭلىدى. مەن ھەر ئىككىسىگە رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشتىم. ئىشىكتىن چىقىشىمغىلا ئىشخانىدا قالغان ئىككىيلەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەر كىشى:

— بىزنىڭ بۇ رېھىم جۇيجاڭ ئۇچۇن پۈتۈن ناھىيىنى سۇ بېسىپ كەتسىمۇ، ياكى سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ كەتسىمۇ پەرقى يوق. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى سۇ ئەمەس، — دېدى.

خەنزۇ ئايال جاۋابەن:

— شۇنداق بولمىسا، بىر ئۇبدان مۇتەخەسسىنى ئىدارىدىن چەتلىتىپ يۈرەرمىدى؟ رېھىم جۇيجاڭ يۇقىرى ئەمەلنىڭ دەردىدىن ئەقلىدىن ئاداشمىسىلا بولاتتىغۇ؟ — دېدى.

ئەر كىشى كۈلدى:

— لېكىن بۇ كىشى خىزمەتنى يۇقىرىغا ئەمەس، ئۇيمانغا سۆرەيدىكەن، قابىلىيەتكە تايىنىپ ئەمەس، پىلان سوقۇش بىلەن ئەمەل ئالىمەن دەپ قاچانغىچە ھاسراپ-تېلىقىپ يۈرىدىكىن؟

مەن ئىشخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئىختىيارسىز ”ئۇھ“ تارتقىنىمچە نېرى كەتتىم. قايتىش ئۈچۈن دەرۋازا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمدا، نەگىدۇ چىقىپ كېتىۋاتقان رېھىم جۇيجاڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆردى، لېكىن قاراشنىمۇ خالىماي، يانچۇقىدىن بىرنەرسە ئاختۇرغان بولۇپ تەتۈر ئۆرۈلۈۋالدى. ماڭا ئۇنىڭ بىلەن ھېچ بولمىغاندا ئادىمگەرچىلىك ئۈچۈن بولسىمۇ خوشلىشىۋېلىش نېسىپ بولمىدى. رەيھاننىسا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ يان ياغاچقا يۆلىنىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ تۇرقى، كۆز قاراشلىرى ۋە چىرايىدىن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان تەنتەنىگە تەييارلىنىش بەلگىلىرى چىقىپ تۇرغانلىقتىن، مەنمۇ ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۇدۇل دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتىم.

نەچچە كۈندىن بېرى يېتىۋاتقان ياتىقىمغا قايتقاندىن كېيىنلا ئالاقە قەغىزىنى ئوقۇپ باقتىم. ئۇنىڭدا، مېنىڭ شتاتىم ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە بولىدىغانلىقى، مائاشىمنىمۇ شۇ ئىدارىدىن بېرىدىغانلىقى، ئۆزەمنىڭ بولسا مەن بارماقچى بولغان يەتتىنچى گۇڭشېدا ئىدارە چاقىرتقىچە سۇ ئىشلىرى كادىرى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىم يېزىلغانىدى.

نېمىلا بولمىسۇن ئىچىم ئېچىشتى. مەن ئەلەمگە چىداپ، مېنى يوقلاپ ھەم ئىشلىرىمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ باقماقچى بولۇپ كىرگەن قاراۋۇل بوۋاي ياسىن ئاكىدىن يەتتىنچى گۇڭشېغا بارىدىغان يول، قانچىلىك ۋاقىتتا بارغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى سورۇشتۇردۇم. ياسىن ئاكا مېنىڭ كەيپىياتىمدىن ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى خۇلاسىلىدى بولغاي، بىرھازاغىچە ئۈنچىقماي بېشىنى ئىغاڭلىتىپ، ئاقارغان ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ ئولتۇرۇپ، سوئاللىرىمغىلا جاۋاب بەردى، ئۆزى ھېچ نەرسە دېمىدى. كېيىن ئاق يول تىلەپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مەن كىشىلەردە بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت بويىچە تۇساتتىن موڭلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇزلۇق ئەمدى ماڭا ھەمراھ بولۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە يېنىمدا قالىدىغانلىقى يادىمغا كەلگەنىدە، مۇنداق موڭلىنىش ھەسسىلەپ ئېشىپ باراتتى. مەن ئەمدى ناھىيىدىن يىراق، دېھقانچىلىق مەيدانىدا قالغان ئۆيۈم، بالىلىرىم، ئېرىمدىن تېخىمۇ يىراق بولغان، ماڭا شارائىتى، كىشىلىرىمۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان بىر جايغا كېتىۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىپ تۇراتتىم.

بۈگۈن ئەتىگەندە تۇرۇپ ئېرىم ھاشىمغا خەت يازدىم. ئۇنىڭدا، تەقسىماتقا ئاساسەن يەتتىنچى گۇڭشېغا سۇ ئىشلىرى كادىرى قىلىپ تەيىنلەنگىنىمنى، دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ بېرىپ خوشلىشىشقا ئىمكانىيەت بولمىغىنىنى ئېيتىپ، بالىلارغا ياخشىراق قاراشنى تاپىلاپ، قايتا ئوقۇپمۇ باقماي، كونۋېرتقا سالدىم-دە، ياسىن ئاكىنىڭ مەيدانغا قايتىدىغانلاردىن بىرىگە بېرىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپ يولغا چىقتىم. ياسىن ئاكا ماڭا كۈتۈپ تۇرۇشنى، ئۇ تراكتور ياكى ھارۋا ئۇقۇشۇپ بېقىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇ، بۇ يەردىن شۇ مىنۇت-

نىڭ ئۆزىدە كەتمىسەم بولمايدىغاندەك بىر ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغانىدى. شۇڭا، بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ پىيادە چىقىپ كەتتىم. ياسىن ئاكا بىرنەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇشۇپ بەردى، دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئۆزىتىپ چىقىپ بېشىنى چايقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

## 2

يول بۇرۇلۇپ دەريانىڭ قىرغىقىنى بويلاپ كېتەتتى. مەن دەرياغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. سۇنىڭ بويى سالقىن ئىدى. شۇ چاغدا مەن بىردىن ھېرىپ-چارچاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. قىرغاق بويىدا قۇرۇپ قالغان قويۇق چىملار بار ئىدى، ئۇ دەسسەلمىگەن ياكى مال-ئۇلاغ يېمىگەنلىكتىن، رەڭگىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى دېمىسە ئۈنۈپ چىققان چاغدىكىدەك بەرگىلىرى تىككىدە تۇراتتى. مەن ئۆشنەمدىكى شىڭلىيىمنى قويۇپ، سومكىلىرىمنى بىر-بىرىگە يۆلەپ قويدۇم-دە، ئۆزەم چىمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، تېلىپ ئاغرىۋاتقان پۇتۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئارام ئالدىم. سومكىدىن نېنىمنى چىقىرىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك دەريا سۈيىگە تەگكۈزۈپ يۇمشىتىپ يېيىشكە كىرىشتىم.

دەريادا سۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن، ئۇ ئاستا، بىر خىل ئاقاتتى. دەريا كەڭ بولسىمۇ ئانچە چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن، قىرغاققا يېقىن جايلىرىدىكى ئېقىننىڭ ئاستىدىكى يەرنى كۆرگىلى بولاتتى. سۇ ئاستىدىكى ئۇششاق تاشلار كۆپ بولغانلىقىدىن سۇ شۇ تاشلارنىمۇ بىللە ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مەن نانىدىن بىر-ئىككى چىشلەپ، ئۇچۇمۇمدا سۇدىن ئىچىپ

خېلى ۋاقىتقىچە ئالدىرىماي ئېزىلىنىپ ئاندىن ئورنۇمدىن تۇردۇم-
دە، سومكىدىن لۆڭگە ئالدىم ۋە يۈزۈمنى بىر يۇيۇۋالاي دەپ ئېڭىش-
تىم. دەل شۇ چاغدا كەينى تەرىپىمدىن شەپە ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ
قاراپ، يالغۇز ئات قوشۇلغان هارۋىنىڭ يولدىن چىقىپ ئۇدۇللاپ
دەرياغا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. "كېچىك بولسا كېرەك"،
دېگەنلەرنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم، ئەمما مەن كۆرەلەيدىغان ئەتراپتا
دەريادىن ئۆتكەن ئۇلاغ ياكى هارۋا چاقلىرىنىڭ ئىزى كۆرۈن-
مەيتتى. شۇ ئارىدا هارۋىغا قوشۇلغان قوۋۇرغىلىرى تېرىسىدىن
تېشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئورۇق ئات دەريا لېۋىگە
كېلىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. بۇ ئاتنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۇنىڭ
ئاشۇ چوڭ هارۋا بىلەن ئۇستىدىكى ئىككى كىشىنى سۆرەپ كەلگە-
نىگە كىشىنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

هارۋىدا ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى 25 ياشلاردىكى، ئەتلىك، قارام-
تۇل يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى يۇمران مايسىدەك
ئۆسكەن، ئەمما، يىگىت نېمىشقىدۇ ساقىلىنى قىردۇرمىغانىدى.
لېكىن بۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن خۇش چاقچاق، هەييارلىق ئۇچقۇن-
لىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ يىگىت هارۋا هەيدىگەنلىكىنى شەرەپ
هېس قىلسا كېرەك، قەددىنى كېرىپ، كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ، قامچى-
سىنى زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ سىلكىپ-سىلكىپ قوياتتى. ئۇنىڭ
يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچىسى 45 ياشلاردىن هالقىغان، كەڭ
كۆكسى، قاۋۇل بەدىنى بىلەن هارۋىكەش يىگىتتەك ئىككى چىقىدى-
غان تەمبەل بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سېرىققا مايىل قىزغۇچ بۇرۇتى
زىناقلىرىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەمما بۇ كىشى ساقىلىنى پاكىز قىر-
دۇرغان، پېشانىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر دانچىلىرى ئۇنى هازىرلا

كۆچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش قىلغانىدەك كۆرسەتتى. بۇ كىشى چىبەرقۇتتا تاشلىغان تومۇقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ جىيەكلىرىدىن تۇتقان پېتى تۇپىسنى قېقىپ قويۇپ، يەنە بېشىغا كىيىۋالدى ۋە شۇ چاغدا ئۇلارغا قىزىقىپ قاراپ تۇرغان مېنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ھېچ تارتىنماي، كونا تونۇشلىرىغا سۆزلىگەندەك، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن:

— ھە، خانىم قىز، ئىسسىقىڭىز ئېشىپ سوغۇق سۇنىڭ بويىنى ماكان قىلاي دېدىڭىزمۇ، نېمە؟ ياكى بىر تەرەپلەرگە سەپەر قىلىپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا چاقچاق قىلغانلىق تۇرغۇسى بولسىمۇ، سەمىمىلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گېپىنى باشلىغاندىلا ھارۋىنىڭ شوتىسىغا پۇتىنى ئېلىۋالغان ھارۋىكەش يىگىت قايرىلىپ بويىنىنى سوزۇپ مەن تەرەپكە قارىدى ۋە مېنىڭ نېمە دەيدىغىنىمنى كۈتۈپ ھەجىيىپ تۇردى.

— يەتتىنچى گۇگشېغا كېتىۋاتىمەن، — دېدىم مەن تۇپتۇزلا جاۋاب بېرىپ.

— يەتتىنچى گۇگشېغا؟ — تەكرارلاپ سورىدى چوڭ ياشتىكى كىشى سەل ھەيران قالغاندەك بولۇپ، — بىزمۇ يەتتىنچى گۇگشېدىن بولىمىز، نېمىشقا بۇرۇن سىزنى كۆرمىگەن بولغىيتتۇق؟

مەن يەتتىنچى گۇگشېغا بارىدىغان ھەمراھقا يولۇققانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. قەددىمنى رۇسلاپ كۆتۈرۈلدۈم. كۆڭلۈمدە بولسا "ھەر ھالدا قانداق بارىدۇ، قايسى يول يېقىن"، دەپ باشقىلاردىن سوراپ يۈرمەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغىنىمچە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم:

— مەن يەتتىنچى گۇگشېغا ئەمدى كېتىۋاتىمەن تاغا، بۇرۇن

كۆرمىگىنىڭىز توغرا.

ھارۋىدىكى ئىككىيلەن مېنىڭ شىكلى، سومكىلىرىمغا سەپسالدى. چوڭ ياشتىكى كىشى يەنە:

— قارىغاندا، سىز كۆچۈپ بارىدىغاندەكلا تۇرامسىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، مەن كۆچۈپ كېتىۋاتىمەن، — دېدىم مەنمۇ جانلىنىپ.

شۇ ئەسنادا ئورۇق ئات سۇغا تويدى بولغاي، ئېقىندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ پۇشقۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ چاۋغايلىرىدىن ئاققان سۇ دەرياغا تۆكۈلەتتى. ئات تۆت تەرەپكە بىر قارىۋېتىپ سىلكىنىپ قويۇپ پۇشقۇرۇۋەتتى. ھارۋىكەش يىگىت چۆلۋۈرنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىككى قوللاپ سىلكىپ خۇش ياقمىغاندەك "چۇھ، پاڭقاي"، دېدى ۋە ماڭا ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز بىلەن يېنىدىكى چوڭ ياشلىق كىشىگە:

— كەتتۇق شۇجى، "يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ئەمەس" دەپتىكەن، ئەپتىدىن زىيالىيلار تايىپىسىدىندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى ۋە ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قوشۇپ قويدى، — ئۇلار بىلەن سۆزلەشكىلى تۇرساق گەپ تۈگىمەيدۇ، كۆن تۈگەپ كېتىدۇ. ئۇلار بىر ۋاقىلغىلى تۇرسا توختاتقىلى بولامدىغان؟

— توختاپتۇر ئابلەت، — دېدى شۇجى دېيىلگەن كىشى ئابلەت پولاڭشىتىۋاتقان قامچىنىڭ سېپىدىن تۇتۇۋېلىپ ۋە ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، — سىڭلىم، خالىسىڭىز بىزگە ھەمراھ بولۇڭ، بىللە كېتىمىز. مۇشۇنداق ماڭساق يول يېقىن، گۇڭشېغا بىردەمدىلا بارغىلى بولىدۇ.

ئۇ گېپى ئارىلىقىدا يېقىن يول بىلەن بارغىلى بولىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرمەكچى بولغاندەك ماڭا مەلۇم بولمىغان بىر تەرەپنى ئىشا-رەت قىلىپ قويدى.

قاراۋۇل بوۋاي ياسىن ئاكا ناھىيە بازىرىدا ماڭا ئېيتىپ بەرگەن يول دەريانىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ دېيىلگەنىدى. بۇ كۆۋرۈك قەيەردە، يەنە قانچىلىك مېڭىش كېرەك، بۇنى مەن بىلمەيتتىم. شۇڭا ھارۋىدا ئولتۇرغانلارغا ھەمراھ بولۇپ يېقىنراق يول بىلەن تېزرەك يېتىپ بارماقچى بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېرىپ قالغانلىقىم-دىن ھارۋىكەش يىگىت ئابلەتنىڭ يامان ئالغىنىغا قارىماي شۇجى دېيىلگەن چوڭ ياشتىكى كىشىنىڭ تەكلىپىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كېلىپ دەرھال سومكىلىرىمنى كۆتۈردۇم.

— رەھمەت سىلەرگە يولداشلار، — دېدىم مەن شىڭلىيمنى ئەكىلىپ ھارۋىغا تاشلىغاچ.

— رەھمەت دېگەننى بارىدىغان يەرگە بىرىۋېلىپ، ھارۋىدىن چۈشكەن چاغدا ئېيتسا يارىشىملىق بولىدۇ، — شۇجى كۈلۈپ قويدى ھەم قولۇمدىن تارتىپ ھارۋىغا چىقىشىمغا ياردەملەشتى.

مەن ھارۋا ئۈستىدىكى بوش قاپلارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ھارۋىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەپ قويۇلغان شىڭلىيمغا يۆلەندىم. ھار-ۋىكەش يىگىت ماڭا قىزىقسىنىپمۇ ياكى باشقىچە بىر مەنە بىلەنمۇ، ئىشقىلىپ قادىلىپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ، قامچىسىنى سىلكىپ ئاتنى توپتوغرا دەرياغا قاراپ ھەيدىگىنىچە "چۇھ، پاكقاي" دېدى.

ھارۋا دەرياغا كىردى. سۇغا ئۇقلىرىغىچىلا چۆككەن چاق ئانچە راۋان پىرقىرىمىسىمۇ، بىز ئاستا-ئاستا دەريادىن ئۆتمەكتە ئىدۇق. چاقلار ئايلىنىشىدا مەرۋايىتتەك ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنى چاچرىتىپ تاكى ھارۋىنىڭ يان ياغىچىغىچە سىپىپ تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ يەتتىنچى گۇڭشېغا كۆچۈپ كېتىۋاتىمەن، دەڭ؟ — دەپ سورىدى شۇجى ماڭا يېنى بىلەن بۇرۇلۇپ، گېپىنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا ئۇنىڭ سۆھبەتلىشىپ ماڭغۇسى باردەك، گەپ تەشمەكچى ئىدى.

مەن ھارۋىكەش يىگىتنىڭ بىز مېڭىش ئالدىدا ئېيتقان "بىر ۋالاقلىغلى تۇرسا توختاتقلى بولامدىغان" دېگەن تەنلىك سۆزلىرىنى يادىمغا ئېلىپ ئارتۇقچە سۆزلىمەيلا ئۇنىڭ سوئالىغا قىسقىچە قىلىپ، "ھەئە"، دەپلا جاۋاب بېرىپ تۈگەتتىم. بىراق، ئۇ مېنىڭ بۇ قىسقا جاۋابىمغا قانائەت قىلماي كوچىلاپ سوراشنى داۋام قىلدى:

— بىزنىڭ گۇڭشېمىزغا خىزمەت بىلەن كەلگەندەك تۇرامسىز، نېمە؟

— ھەئە.

— مەخسۇس كادىر بولۇپمۇ؟

— ھەئە.

— بۇرۇن چېنىقىپ بولغانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

— بۇنداق قىلسىڭىز ھارۋىدىن چۈشۈڭ ، — دېدى شۇجى كۆلۈپ بېشنى چايقاپ، — سىز "ھەئە"دىن باشقىسىنى بىلمەيدىكەنسىز. بۇ ئەھۋالىڭىز بىلەن گۇڭشېمىزغا كەلگىنىڭىز بىلەنمۇ چىقىشالمايدىغاندەك تۇرىمىز.

مەن نېمە دەپ سۆز قايتۇرۇشنى ئويلاۋاتقىنىمدا ھارۋىكەش يىگىت ئابلەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاشتى:

— ئەمدى ھارۋىدىن چۈشەي دېسىمۇ ئىمكانىيەت قالمىدى. تۆت ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى سۇ!

— سېنىڭ ئالتىنچى ئايدا مۇز قاتۇرىدىغان بۇ قوپال مىجەزىڭنى قانداق قىلساق بولىدىكىن؟ — دېدى شۇجى رەنجىگىنىنى يوشۇرماي، — مەن بەقەت ئارىمىزدىكى تارتىنىش كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن دەپ چاقچاق قىلىۋاتىمەن. سەن ئارىلاشماي ئۆز پاڭقىيىڭنى ھەيدەشنى بىل!

بىراق يىگىت ئەنسىز ئاۋازدا:

— ھارۋا قوم سېغىز ئارىلاشقان پاتقاققا پېتىپ قالدى! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ماڭا گۇناھكارغا خاس يىگىتلەرچە خورسىنىشلىق قاراشلىرى بىلەن نەزەر سېلىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئالدىغا بۇرۇلۇپ ئورۇق ئاتقا كەينى-كەينىدىن قامچا سېلىشقا باشلىدى. قامچا ھەر چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گەۋدىسى پۈرژىنىدەك كۆتۈرۈلۈپ ھەيۋە قىلىش ئاھاڭىدا "چۇھ، چۇھ دەيمەن" دەپ توۋلايتتى.

ئالدىمىزدىكى قىرغاققا يېتىۋېلىش ئۈچۈن، يەنە 20 مېتىردەك ئارىلىق بار ئىدى. مەنمۇ شۇجىنىڭ ھەرىكىتىنى تەكرارلاپ ھارۋىنىڭ يان ياغىچىدىن بويۇنداپ پەسكە قارىدىم. چاقلارنىڭ ئۈستىنى يالاپ ئېقىۋاتقان سۇ دوغاپتەك قويۇق بولۇپ، بۇ سېغىز لايغا پاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— قېنى بىر غەيرەت قىلغىن ئابلەت! — دەپ توۋلىدى شۇجى. ئۇ تېزلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋە ئۆزى باشلاپ ئابلەت بىلەن ئىككىسى "ھايت-ھۇيت"، "تىر-چۇھ"، دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئورۇق ئات توختىماي پۇشقۇرۇپ ئالدىغا مۇدۇرۇپ سىلكىنەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۈچىنىشلىرىگە سۇ بىلەن لاي توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆزىمۇ بىرقەدەم مىدىرلىيالمايۋاتاتتى.

— شۇجى، بولمىدى، — دېدىم مەن سۇدا كۆرۈنمەي قالغان

چاقلارنىڭ ئۈستىدىن قاراپ، — چاق چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتتى.

ھارۋىكەش يىگىت ئابلەت قامچىسىنى قويۇپ پېشانە ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى ئالقىنى بىلەن سىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئېغىر تىن ئالدى-دە:

— كىچىك بىلەن ماڭغان بولساق ياكى كۆۋرۈك بىلەن ئايلىنىپ ماڭساقمۇ بوپتىكەن، بۇنداق پالاكەت باسمىغان بولاتتى، — دېدى.

— ھېلىمۇ پالاكەت بېسىپ ھېچ نەرسە بولغىنى يوق، — دېدى شۇجى ئاچچىق بىلەن ئابلەتكە بىر چەكچىيىپ قويۇپ، — كىچىك بىلەن ياكى كۆۋرۈك بىلەن ماڭمىغاندىكىن، ئەمدى بۇنى تەگەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

ئۇ سۆزلەۋېتىپلا كونا پاختىلىق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، ھارۋىنىڭ يان تەرەپتىكى قېلىن تاختىينى تارتىپ چىقاردى، ئۇنىڭ بۇ تاختايلارنى تارتىپ چىقىرىش بىلەن نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى دەرھال چۈشەندىم. ئۇ يەنە مەن ئولتۇرغان تەرەپتىكى يان تاختاينىمۇ تارتىپ چىقىرىۋالدى-دە، باشلىقىغا ياماق چۈشكەن قىسقا قونچلۇق سېرىق كۆن ئۆتۈكىنى سېلىپ تاشلاپ سۇغا سەكرەپ چۈشتى. تەلەپچان ئاۋاز بىلەن:

— تاختاينى ماڭا ئۇزىتىۋەت ئابلەت، — دەپ بۇيرۇدى.

ئابلەت ئورنىدىن قوزغىلىپ بولغۇچە ئارىلىق يېقىن ۋە ئەپلىكرەك بولغانلىقتىن ئېغىر، قېلىن تاختاينى مەن ئېلىپ قولىنى سۇنۇپ تۇرغان شۇجىغا سۇنۇپ بەردىم. شۇجى ئېگىشىپ تۇرۇپ چاقنىڭ ئاستىغا تاختاينى قويدى-دە، ئىككىنچى چاق تەرەپكە ئۆتتى. بۇ تەرەپكە تاختاينى ئابلەت سۇنۇپ بەردى. شۇجى ئەندىكتۇرىدىغان سوغۇق سۇدا يالىڭئاياغ پېتى ئىككىنچى تاختاينى چاق ئاستىغا

قويۇپ بولغاندىن كېيىن:
— قېنى قامچىلىۋەت پاخشىكىنى! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئابلەت قامچىسىنىڭ سېپىغا تۇكۇرۇپ ھاي-ھۇيلاپ ئاتنى دېۋىتىشكە كىرىشتى. ھارۋا چاقى سىيرىلىپ تاختاي ئۈستىگە چىقتى بولغاي، سەل كۆتۈرۈلۈپ سىلجىشقا باشلىدى. شۇجىمۇ پەستە تۇرۇپ: "چۇھ قېنى، چۇھ جانىۋار"، دەپ تووۋلاشقا باشلىدى. چاق خېلىلا سىلجىپ كۆتۈرۈلدىيۇ، ئات ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىشى بىلەنلا قىڭغىيىپ توختاپ قالدى. چاق ئاستىدىن يەنە سارغۇچ دوغاپتەك لاي سۇ بۇلۇقلاپ چىقىشقا باشلىدى.
— يەنە يېرىم گەز سىلجىسىلا چىقىپ كېتەتتى، — دېدى شۇجى قېشىنى ھېمىرىپ، — چاق تاختايدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى.
ئۇ قايتىدىن چاق ئاستىغا تاختاي قويۇشقا كىرىشتى. "چاق مىدىرلىغاندا بىسىم تۈپەيلىدىن يەنە تاختايدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم مەن شۇ چاغدا، — بولسا ئىككى تەرەپتىكى تاختاينى ئىككى ئادەم تۇتۇپ تۇرسا ئوڭايراق بولغۇدەك"
دېگەندەكلا بىر چاق ئاستىغا تاختاي قويۇلۇپ بولۇشىغىلا ئىككىنچى تەرەپتىكىسى چاقتىن قېچىشقا باشلىغانلىقى سېزىلىپ، لاي دوغاپ سۇ يەنە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.
— ئابلەت، سىز ئاتنى قامچىلىماي تۇرۇڭ، — دېدىم مەن ھاپىلا-شاپىلا ئۆتۈكلىرىمنى سېلىشقا باشلاپ، — ئىككى تەرەپتىكى تاختاينى تەڭ تۇتۇپ تۇرمىسا بولمىغۇدەك.
ئابلەت ماڭا ھەيران بولغان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغىلىۋاتقىنىدا، مەن ئەمدى پاختىلىق چاپىنىمنى سالغىلى

تۇرغانىدىم.

شۇجى مېنىڭ ئۆتۈكۈمنى سېلىۋەتكىنىمگە دىققەت قىلمىغانلىقتىن چاپىنىمنى سېلىۋاتقۇچە مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ پەستە تۇرۇپ:

— ئابلەت، قامچاڭنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزەڭ پەسكە چۈش. ئېرىقى چاققا ئۆتۈپ تاختاينى بېسىپ تۇر! — دەپ تۇۋلىدى.

ئەمما، ئابلەت ئۆزىنى ئوڭشىغىچە مەن مۇزدەك سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ بولدۇم. سۇ مېنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. شۇنداقتىمۇ چىداشلىق بېرىپ، تاختاينىڭ بۇرجىكىنى تېپىش ئۈچۈن ئېڭىشتىم. ئۇنى چاققا ئۇدۇل قىلىپ توغرىلىدىم، شۇ چاغدا ئابلەتمۇ:

— ھە، قېنى ھەممەيلەن باراۋەر ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى.

قارسىلدىغان قامچا ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئېڭىشىپ تۇرغان شۇجىنىڭ بوغۇلۇپ تۇۋلىشى بىلەن ئابلەتنىڭ "ھايت-ھۇيت"لىرى قوشۇلۇپ ئات ئالدىغا كۆچىنىشكە باشلىدى. مەن تۇتۇپ تۇرغان تاختايغا ئېغىر بېسىم كېلىپ چۈشتى، ئاندىن ئالقانلىرىمنى سىپاپ دىگۈدەك يېپىشقاق لاي چاپلاشقان چاق پىرقىراپ ئۆتتى. سۇنىڭ چاچرىشىدىن كۆزۈمنىمۇ ئاچالماي قالدىم. ئېغىز-بۇرنۇمغا مۇزدەك لاي سۇ كىرىپ كېتىپ تىنىقلىمۇ بولماي قالدى.

— ھارۋا لايدىن چىقىپ كەتتى، — دەپ ئېلان قىلدى شۇجى ھاياجانلانغان ئاۋاز بىلەن ۋە ئاغزىغا كىرىپ كەتكەن لاي سۇنى تۈكۈرۈشكە باشلىدى.

چاق بېسىپ ئۆتكەن تاختايلارنى ھارۋىغا تاشلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن:

— تېز ھارۋىغا چىقىۋېلىڭ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى ئابلەت

مېھرىبانلارچە كۆيۈنگەن ئاۋاز بىلەن.

مەن ئابلەتنىڭ قولىغا ئىسلىپ چاقچا دەسسەپ بىر ئىرغىش بىلەنلا ھارۋىغا چىقىۋالدىم. ھارۋا ئۈستى شۈجى بىلەن مېنىڭ كىيىملىرىمدىن ئاققان سۇلاردىن تامامەن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، مەن تېخى ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا شۈجى قىسقا جۇۋىسىنى ئۈستۈمگە ئىرغىتىپ:

— ئاياغلىرىڭىزنى يۆگىۋېلىڭ، — دېدى.

— سىزچۇ، سىز ئۆزىڭىزمۇ مۇزلاپ كەتتىڭىز...

— سەن قىرغاقچە كېچىپ بار، — دەپ بۇيرۇدى شۈجى ئابلەتنى. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئېتىبارغا ئالمايتتى، — يەنە پېتىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن تاشلىقراق جاي بىلەن باشلاپ ماڭارسەن. ئەمدى ئىككىنچىلەپ كۆۋرۈك ياكى كېچىك بولمىغان جايلارغا قارىملىق قىلىپ ئاتنى سالما!

ئابلەت ھەجەپ ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ماڭا ئىزا تارتىپمۇ ياكى "مەنمۇ سۇغا چۈشمەي بولمىدى"، دېگەندەك بىر نەزەر بىلەنمۇ، ئىشقىلىپ يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ، ئايىغىنى يەشتى، ئاۋايلاپ سۇغا چۈشۈپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى-دە، تاش كۆپ يەرلەر بىلەن ئۇ ياق، بۇ ياققا بۇرۇلۇپ يول باشلاپ مېڭىپ كەتتى.

مەن شۈجىنىڭ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ئۆزەمنىڭ چاپىنى بىلەن تىزلىرىمنى يۆگىۋالدىم. شۈجى بولسا خۇددى داستىخان ئالدىدا ئولتۇرغاندەك يۈكىنىۋېلىپ قەددىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماڭا كۆز قىرىدا پات-پات قاراپ قوياتتى.

## 3

— زىيالىيلارنى "سېسىق"، "يامان" دەپ قۇلىقىمىزنى پۈشۈرۈۋەتكەن بولمامدۇ، — دېدى ئابلەت رەسمىي ھارۋا يولىغا چۈشكەندىن كېيىن. ئۇ سوغۇقتىنمۇ ياكى ھاياجانلانغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يېنىك تىترەيتتى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۆيىمىزگە چېنىقىشقا كەلگەن زىيالىي ياشلارمۇ شەھەرگە قايتىپ كىرىپ، بىرەر خىزمەت تېپىۋېلىش كويىدىلا بولۇپ يۈرگەچكە، بىزدىمۇ ئۇلارغا مۇنداقراق كۆز قاراشلار چىقىپ قالدىكەن. سىز مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟

— ئىسمىم گۈلئايىم، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردىم مەن.

— گۈلئايىم، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىچە، — بۇ تازا سەھرالىق قىزلارنىڭ ئىسمى ئىكەن، زىيالىيچە ئىسىم ئەمەس ئىكەن.

— زىيالىيلارنى خېلىلا يامان كۆرىدىكەنسىز-دە، — دېدىم مەن.

ئابلەت سۆز قىلماي سەل ماڭدى. شۇندىن كېيىن ئۇ:

— يامانغۇ كۆرمەيمەن، ئۇلارنىڭ شۇنچە يىللار ئوقۇپ، ئاخىر بېرىپ كېرەككە كەلمەيدىغانلاردىن بولۇپ كېتىشىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— كېرەككە كەلمەيدىغانلىرى بار ئەلۋەتتە. لېكىن، ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — بەزى زىيالىي ياشلار ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ، بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىدىغانلىرىمۇ بار.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئابلەت يەنە بىرئاز جىم ماڭغاندىن كېيىن، — ئۆزەمنى قىياس قىلسام، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى

تۈگىتىپ ئائىلەمگە قايتىپ كەلگەنىدىم. تۆت-بەش يىل ئۆتۈپ ھازىر ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەپ كەتتىم. ھازىر چېنىقىمەن دەپ يېزىلاردا يۈرگەن زىيالىي ياشلارمۇ ئۆگەنگەنلىرىنى ئۇنتۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بىلىملىك ياشلارنىڭ بىر قىسمى بارا-بارا نادان ياشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— سىزنىڭ زىيالىي ياشلارنى ياقتۇرمايدىغان مىجەزىڭىزنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دەپ سورىدى شۈجى دەريادىن چىققاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىپ.

ئابلەت جاۋاب بەرمەي جىمىپ قالدى. ئۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ بىر ئەگمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھېچكىمگە قارىماي دېدى:

— بىزدە زىيالىي ياشلارغا تەربىيە بەرگۈدەك قانداق ئالاھىدىلىك بار؟ بىزنىڭ دۈيلىرىمىزدە تۇرۇۋەرسە، مىڭ تەسلىكتە ئۆگەنگەن بىلىمى نەگە كېتىدۇ؟

— يېزىلاردا دېھقانلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىشنىڭمۇ پايدىلىق تەرەپلىرى بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، — بىز سىلەرنىڭ جاپاغا چىداش روھىڭلارنى، ئاددىي-ساددا ئىستىلىڭلارنى ئۆگىنىمىز...

— شۇنداق، بىز جاپا-مۇشەققەتكە ئەڭ چىداملىق كىشىلەر، — دېدى ئابلەت سۆزۈمگە ئۇلاپلا، — ئاشلىقنى ئۇن تارتىپ يېيىش ئىمكانىيىتى بولمىسا يارما يېرىپ يەۋېرىمىز. ئوماچ ئېتىپ ئىچىش ئۈچۈن ئوتۇن بولمىسا سامان قالاپ پۇشۇرۇشنىمۇ بىلىمىز. ئىشتىن قاراڭغۇدا يېنىپ ئاش-تاماق قىلغانلىقتىن، ئوت-خەسلەر قازانغىمۇ چۈشۈپ تۇرىدۇ. بېرىپ-بېرىپ ساددىراق بولۇپ قالغان بولساقمۇ بولدۇق-دە، ئەمدى...

— تىلىڭنى تىزگىنلەپرەك سۆزلىسەڭ ياخشىراق بولارمىكىن، — دېدى شۇجى كايىغاندەك، — سەن سۆزلەۋاتقان نەرسىلەر يالغۇز بىزنىڭ دۆيىمىزدىلىمىدى؟ ئاندىن قالسا، بۇلارنى زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشى بىلەن چېتىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— چېتىپ قويغىنىم يوق، بىساتىمىزدا بارنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى ئابلەتمۇ قېيىدىغاندەك، — راست ئەمەسمىدى. ھازىر سىزمۇ بىزگە ئوخشاش ياشاۋاتامسىز؟...

— كەچكىچە بېسىقماي سۆزلىگىنىڭ بىلەن بۇ دەۋاتقانلىرىڭنىڭ زىيالىي ياشلار بىلەن زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار دەيمەن؟ — دېدى شۇجى ئاچچىق بىلەن. ئۇنىڭ ھەر سۆز ئارىلىقىدا ماڭا بىر قېتىم قىيا بېقىپ قاراپ قويۇشلىرىدىن ئابلەتنىڭ سۆزىدىن رەنجىپ قالماسلىقىمنى ئىستەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئابلەتنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتىم. ياش يىگىت شۇ پەيتتە كەڭ-كۇشادە سۆزلەشكە بولمايدىغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە بار گەپنى ئېيتىۋاتاتتى. مۇنداق گەپلەر بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىلا دېيىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ مېنى يات كۆرمەي مەن بىلەن بەھۇزۇر سۆزلىشىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدىم.

— مەن ئويلايمەنكى، مۇناسىۋىتى بار، — دېدى ئابلەت شۇجىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — نېمىشقا دېسىڭىز، زىيالىيلار ماشىنا-ئۇسكۈنىلەرنى لايىھىلىشى، يېزىلار ئۈچۈن تراكتورلار ياسىشى، ھەممە دۆلەردە، جىمى ئۆيلەردە ئېلېكتر نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بولۇشنى ئويلاپ باش قاتۇرۇشى لازىم ئىدى. قاپ يۇدۇپ بالىسى چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، ئېتىز-

قىرلاردا ئوغۇت، توپا توشۇغىلى بولىدىغان كىچىك ماشىنىلارنى لايىھىلىسە بولاتتى. شورتاڭ، سۇ چىقماس يەرلەرنى سۇغۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئويلىغان بولسا ياخشىراق ئىدى...

— بۇ مەسىلىلەرنى بىرۋاراقىي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، — دېدى شۇجى.

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ كېيىنكى قىسمى ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس چىقتى. ئۇ، بۇ قېتىم ئابلەت ئېيتقان ئاشۇ بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە گويا ئۆزى جاۋابكاردەك، گېپى ئاياغلىشىشى بىلەنلا يەرگە قارىۋالدى.

— ھەل بولىدىغانلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — ئابلەت مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئاۋازىدىمۇ كىنايە ئاھاڭى بار ئىدى، — ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا، ھەممە ئىشلار ئۆزلۈكىدىنلا يۈرۈشۈپ كەتسە كېرەك. ھە، لېكىن... مەن بىلگىنىم بويىچە دېسەم، يۈرۈشىدىغىنى ماشىنىلىشىش مەسىلىسى ئەمەس، ئۆشنىگە ئارتىدىغان قاپنى تېخىمۇ لىقلاش...، — ئۇ ئاللىقاياقلارغا كۆزىنى يېرىم قىسىپ قاراپ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك داۋام قىلدى، — ئۇ چاغدا، ئېغىر قاپنى يۈدۈۋەرگەن ئاياللارنىڭ بالىسىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۈچەي-قېرىنى چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ...

— ئەدەبسىز نان قېپى! — كايىدى شۇجى ئابلەتنى قوپاللىق بىلەن سىلكىپ، — ئەتراپىڭغا قاراپراق سۆز قىلىشنى بىلەمسەن ئۆزى؟ بەزى سۆزلىرىڭنى كىشىلەر ئاڭلىسا نېمىلەرنى دەپ قالار؟

— تېگىشلىك جايغا ئاپىرىپ بېرىڭ.

— ئاپىرىپ بەرسەم بېرىۋېرىدىمەن، — شۇجى زەردە قىلدى.

— مەن تۇغۇلۇپ قالغىنىمنىڭ ئۆزىنى ئەڭ چوڭ جازالىنىش

دەپ ھېسابلايمەن. ئاپىرىپ بەرسىڭىز جازالايدۇ شۇ. لېكىن، مەن راست گەپنى دەۋاتىمەن. — ئابلەت شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن تۇساتتىن چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ماڭا يىللىق، مۇلايىم نەزىرىنى تىكىپ داۋام قىلدى، — سىز مېنىڭ سۆزلىرىمدىن رەنجىپ قالماڭ گۈلنايىم. مەن سىزگە ئوخشاش زىيالىيلارنى ھۆرمەت قىلىشقا بەل باغلىدىم، مېنىڭ سۆزلىرىمدە ھەرگىزمۇ سىزگە قارىتىلغان تەنە يوق، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ. كىشى پەقەت ئۆز يېقىنلىرىغىلا يۈرەك باغرىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بېشىنى بۇراپ سەل جىمىپ قېلىپ قوشۇپ قويدى، — مەنمۇ ئىككىڭلارغا كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىپ بەردىم.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە نېمە دەپ ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم. ئابلەت گەرچە "سۆزۈمدە تەنە يوق" دېگەن بولسىمۇ، ھەربىر سۆزىدە تەنە بار ئىدى. مەن شۇ تاپتا ئۆز بۇرچۇم نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قامچىدەك ئاچچىق ھېس قىلاتتىم. يەنە كېلىپ بۇ سۆزلەرنى ئادالەت بىلەن ئېيتىلمىغان دېيىشكە بولمايتتى. بىراق، بۇنى مۇشۇنداق پەيتتە، ھارۋىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندا بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەر بىلەن قانداقمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟

شۇ ئارىدا ھارۋا قىڭغىر-قىيسىق ۋە ئېگىز-پەس ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان كۆچۈم بىر مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. باشقا جايلاردا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ كەتكەن ھەر يىلى ئېلىنىدىغان يول قۇرۇلۇش-لىرى، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا بىر قېتىم، بۇ ياقتىن باشقا بىر ياققا يەنە بىر قېتىم ياسىلىپ تۇرىدىغان سالالاشتۇرۇشلارنىڭ دولقۇنى بۇ مەھەللىگە كەلمىگەندەك ياكى ئۇنى ياندап ئۆتۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىز ئولتۇرغان ھارۋا، قېرىپ قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ كەتكەن بىر

توپ ئۇجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، شۇجى توختاشنى بۇيرۇدى، ئابلەت بىلەن بولۇۋاتقان سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

ھارۋا توختىشىغىلا بىرسى چاقىرغاندەك بىر توپ باللار ئۆيلەردىن ياكى دوقمۇشلاردىن چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىمۇ 10 ـ 11 ياشلاردىن ئاشمىغانىدى. ئاز بىر قىسمىلىرى ئۇستىدە ئارانلا ئىلىنىپ تۇرغان، كىيىم دېگەندىن كۆرە ئەسكى ـ تۇسكى پۇرۇچ لاتىلارنىڭ يىغىندىسى دېگەن ياخشىراق يېپىنچىلارنى ئارتىۋالغىنىغا قارىماي، كۆپلىرى يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ ئىدى. يۈز ـ كۆزلىرى كىر، قاسماق بۇ باللارنىڭ ئەسلىدىكى چىرايىنىڭ رەڭگىنىمۇ ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. خېلى سوغۇق كەچ كۈز پەسلىدە بۇنداق كىيىمسىز يۈرۈشكە كۆنۈكۈپ قالغان بولسا كېرەك، ھەممىسى ھىجىيىپ، قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. بولۇپمۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزى تولاراق ماڭا قادىلىپ تىكىلگەنىدى. ئىسمىگە شۇ ئان مەيداندا قالغان ئىككى بالام كەلدى ۋە كۆز ئالدىم سەل ـ پەل خىرەلەشكەندەك بولدى. "شارائىت چوڭ كىشلەرنىلا ئەمەس، ئاشۇ نارەسىدىلەرنىمۇ چىداشقا كۆندۈرۈپتۇ ـ دە..." دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم.

ئۇدۇلدىكى پاكار قاشا تام بىلەن ئورالغان بىر ھويلىنىڭ ئىشىكى غىچىلداپ ئېچىلدى. بۇ ئىشىك قوناق شېخىدەك ئىنچىكە بادىرلاردىن رېشاتكىغا ئوخشاش ياسالغانىدى. ئىشىكتىن خۇددى ئاشۇ ئىنچىكە بادىرىغىلا ئوخشاش ۋىجىك، پاكار، ئورۇق بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى. باللار ئۇنى كۆرۈپ ئۆزلۈكىدىنلا ئىككى تەرەپكە داجىپ يول ئېچىپ بەردى.

ـــ ھە، كېرىدىم ئاكا، خېلى تېتىك مېڭىپ يۈرىسەن، ساقىيىپ

قالغاندەك تۇرامسەن نېمە؟ — دېدى شۇجى بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

يېشى 60 لەردىن ھالقىغان، كەكە ساقىلى چالا ئاقارغان، دۈمچەيگەنرەك بۇ بوۋاي ۋاقتسىز كىيىۋالغان پىيمىلىق ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ مېڭىپ بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا كىرلەشكەن ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلىك ياماق سېلىنغان قارا چىپەرقۇت كەمزۇل كىيىۋالغانىدى. پىيمىسىنىڭ تۇمشۇقىدىكى يىرتىقتىن شال پاخىلىنىڭ قارىداپ كەتكەن پالاڭلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھارۋىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، چىڭگىشلىشىپ كەتكەن كەكە ساقىلى يېپىپ تۇرغان بويۇن تېرىلىرىنى قارا داغلار بېسىپ كەتكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ، ئۇتتۇر چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلدى.

— ھە، توختى، ئابلەتمۇ سىلەر؟ تېزلا قايتىپ كەپسىلەر، — دېدى ئۇ ۋە ھارۋا ئۈستىگە بويۇنداپ قاراپ تەلەتىنى تۈردى. يوغان ئاغزى بۇرۇتلىرى تېگىدە كۆرۈنمەي قالدى، زىناق تېرىلىرى تارتىشىپ چۈپۈر قېشى بىر يەرگە يىغىلىپ قالدى. بوۋاينىڭ بۇ تۇرقى بىر سېكۇنت ئىلگىرىكىگە زادى ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭ باياتىن خۇشال كۈلكە بىلەن قورۇلغان كۆزلىرى ئەتراپىدىكى قورۇقلىرى ئەمدىلىكتە ھەيرانلىق بىلەن تۈزلەندى، — نېمە بولدى، قۇرۇق يېنىپسىلەرغۇ؟ بىزنىڭ ئوغۇت ئەپچىقىدۇ دەپ كۈتۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ...

— ئوغۇت بېرىدىغان كىشىلەر قايسىبىر جايلارغا تۈۋەنگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى شۇجى ئېچىنغاندەك ئۇھ تارتىپ، — كېلەر سەيشەنبە كۈنى يەنە بارىدىغان بولدۇق.

بوۋاينىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئاچچىقلىنىشقا ئۆزگەردى.

— شۇنداق، چەللىدە ئات چاپىدىغان ئاشۇنداق كىشىلەر ئىش بېشىدا بولغاندىكىن، بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دەپ پايپاسلاپ كېتىۋاتقىنىمىزنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ-دە؟ — بوۋاي ھەسرەت بىلەن لېۋىنى چىشلىدى ھەم ئەمدى كۆرگەندەك ھەممىمىزگە قىزىقسىنىپ قاراپ چىقتى، — ۋاي، سىلەر سۇغا پىشىلىپ كېتىپسىلەرغۇ، ھارۋىنى موللاق ئاتتۇرۇپسىلەر-دە؟

— ئابلەتنىڭ ھارۋا ھەيدەش تېخنىكىسى ئېشىپ كېتىپ قۇرۇقلۇقتا ھەم سۇدا ھەيدەشنى سىناق قىلىپ باقتى، — دېدى شۇجى كۈلۈپ.

— سىناقتا مەغلۇپ بولدۇق، — دېدى ئابلەتمۇ ھىجىيىپ، — ھارۋا موللاق ئاتمىدىيۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشراق ئىش بولدى.

— كىچىك بىلەن ھەيدە دېسەم، سۇ ئاز دەپ ئۇدۇل ھەيدەپ دەريانىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا پېتىپ قالدۇق.

— سەندەك زاكا ھارۋىكەش يېنىدا ئولتۇرغاندا ھېلىغۇ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ھەيدەپتۇ، دەريايى شور بولسىمۇ سىلىۋېرىدۇ ئۇ...

ئۇلارغا قوشۇلۇپ مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم. شۇجى شۇ چاغدىلا مېنىڭ بارلىقىم يادىغا كەلگەندەك ماڭا لىپپىدە قارىدى. كۈلكە ئۇنىڭ لەۋلىرىنى بويلاپ غايىب بولغاندەك تارقاپ كەتتى.

— كىرىم ئاكا، كېلىنلىرىڭ ئۆيدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تېخىچە كۈلۈۋاتقان بوۋايدىن.

— بار، نېمە قىلاتتىڭ؟ سۇغا چۈشۈپ يۈگۈزلاشقا تەييار قىلغان توخۇدەك شۈمشىيىپ كېتىپسەن، — دېدى بوۋاي چاقچاق قىلىش ئاھاڭىدا، — بىرەر پىيالىدىن سۈيۈقئاش ئەتتۈرۈپ بەرسە ئىچىپ

ئىسسىنىۋالاي، دەپ ئويلىغۋېدىڭمۇ؟

شوجىمۇ چاقچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— ئاران بىر پىيالىدىن سويۇقئاشمۇ؟ پولۇ قىلدۇرۇپ بېرەيمەكىن دەيدۇ، دېسەم قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا. سوغۇق جاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— پولۇمۇ بولۇپ قالار. يەنە موشۇنداق سوغا چۈمۈلۈپ تۇرساڭلار ئۆزەڭلار گۆرۈچ بولۇپ پىشىپ چىقىپمۇ قالارسىلەر.

بوۋاينىڭ سۆزىگە ھېچكىم كۈلمىدى. شوجى چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

— مەيلى، سېنىڭ نىيىتىڭ بويىچە مەن گۆرۈچكە ئايلىنىشتىن ئىلگىرى، ھازىرچە بىساتىڭدا بارنى چىقار. مانا ساڭا بىر كۆڭلۈك بالا بولىدىغان ياخشى بىر مېھمان ئېلىپ كەلدىم. سېنىڭكىدە قېلىپ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋالسۇن. ئەتە ئەتىگەندە ئۆزەم ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى ۋە مېنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

بوۋاينىڭ كۆزلىرى ماڭا يۆتكەلدى، كۆلكە ئورنىغا خاپىلىق ياماشقان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەنە شوجىغا قاراپ غودۇڭشىدى:

— مېھمان؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ، — مېنىڭ ھالىمنى سەن ياخشى بىلىپ تۇرۇپ...

— ھېچقىسى يوق بوۋا، — دېدى ئابلەت سۆز قوشۇپ، — بۇ مېھمان سېنىڭ ھالىڭنى باھالاپ يۈرمەيدۇ. ئۇ ھارۋىنى سۇدىن چىقىرىمەن، دەپ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ ھۆل بولۇپ كەتتى، ئىسسىنىپ، كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋالسا بولمىدىمۇ؟

مەن بوۋاينىڭ ئېمىشقىدۇ خىجالەت بولۇۋاتقىنىنى بىلدىم، شۇڭا شوجى بىلەن ئابلەتنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتقىم، بوۋايغىمۇ

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ كېتىپ قېلىشىنى بىلدۈرگۈم كەلدى. بىراق شۇ چاغدا بوۋاي:

— مەيلى قېلىڭ قىزىم، كەمبەغەل كۆرمىسىڭىز ئۇن يىل تۇرسىڭىزمۇ ھېچقانداق پىكرىم يوق، — دېدى ۋە چەتكە قارىۋالدى.

بوۋاينىڭ سۆزى مېنىڭ كېتىش ھەققىدىكى نىيىتىمنى ئاشكارىلاشنى توسۇپ قويدى. مەن شۇجى توختىغا تەلمۈرۈپ قاراپ بىرنەرسە دەي دېگۈچە ئۇ ئالدىراپ:

— كېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىدە قېلىڭ سىڭلىم. بىزنىڭ ئۆي بۇ يەردىن يىراقراق، بەك توڭۇپ كېتىسىز. گۇڭشېغا بارغىنىڭىز بىلەنمۇ، ھازىر تايىنلىق ھېچكىم يوق، — دېدى ۋە كۆزلىرى بىلەن قېلىشقا يەنە دەۋەت قىلدى، — مەن ئەتە ئەتىگەندە كېلىپ سىزنى گۇڭشېغا يەتكۈزۈپ قويىمەن. يۈكلىرىڭىزنى بىز دادۇيگە ئالغاچ كېتەيلى.

ئۇنىڭ تەلەپچان سۆزلىرىگە قارشى ھېچ نەرسە دېيەلمەسلىكىمنى چۈشەندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلەك، پوپايكىلىرىممۇ چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كېتىپ، كەچ بولغانسېرى خۇددى مۇزنى يېپىنىپ ئولتۇرغاندەك مۇزلاپ كەتكەنىدىم. يەڭگۈشلۈۋېلىشقا تېگىشلىك كىيىملىرىم شىڭلىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇنى يېشىپ ئېلىشىمۇ بىئەپ ئىدى. مەن كېرىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە قېلىشقا رازى بولدۇم. شۇجى توختى ئاكىنىڭ قىسقا جۇۋىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ھارۋىدىن چۈشتۇم-دە، كېرىم بوۋاي بىلەن سالاملاشتىم:

— سالامەت تۇردىڭىزمۇ ئاتا؟

كېرىم بوۋاي ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. ئىككىمىز ھارۋىدىكىلەرنى ئۈزىتىپ قويدۇق.

ھارۋا مەھەللىنىڭ بۇرجىكىدىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، بوۋاي ماڭا بۇرۇلۇپ:

— ئۆيگە كىرىڭ قىزىم، كېلىنلەردىن بىرەرسى بار. بۈگۈن مەن سىزگە پولۇ بىلەن سۇيۇقئاشقا بەرگۈسىز بىر يوبدان ئەتتۈرۈپ بېرەي، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىسا، چىرايىدىن يىغلاۋاتقان كىشىنىڭ تەلەتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مېنىڭ بۇ ناتونۇش بوۋايغا شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىپ كەتتىكى، كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ، ئۈنۈمنىمۇ چىقىرالماي قالدىم. بولمىغاندا، يوبدان ناملىق بۇ ئاشنى كۆپ ئىچىپ كۆنۈپ كەتكەنلىكىمنى، ئۆزەمنىڭمۇ بۇنداق ئاش ئېتىشكە چېۋەر ئۇستىلاردىن ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ كەتكەن بولاتتىم...

بوۋاي مېنى باشلاپ ماڭدى. ئۇ بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ چاقىردى. بىراق، ئۇنىڭ چاقىرىشىغا توخۇلار قاقاقلاپ جاۋاب بەردى. مەن ھېلىقى خىياللار بىلەن ئۇ چاقىرغان ئايالنىڭ ئىسمىنى يادىمغا ئالالمىدىم.

# تۆتىنچى باب

## يېڭى جايدا بەزىدە غەم باستى، بەزىدە شادلىق

### 1

"كۆكشىبىمىزنىڭ شارائىتىدىن ئېيتقاندا، ھەممە دادۇيلىرىمىزدە سۇ مول بولۇشى؛ قورغاقچىلىق ئاپىتىمۇ ۋە كەلكۈنمۇ بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئىككى دادۇيدە سۇغىرىش مەزگىلىدە سۇ تېپىلمايدۇ، ئۈچ دادۇيىمىز سۇنى يىغىشتۇرۇۋالالمايدۇ. بىر دادۇيىمىز بۇلارنىڭ ئەكسىچە، سۇ لازىم بولغاندا، سۇ يوق. زۆرۈرىيىتى يوق چاغدا بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالسىمۇ سۇغا دەسسەيدۇ. بۇ مەسىلە دەريا بويىغا جايلاشقان كۆكشىبىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولۇپ، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە كۆكشىبىمىزنىڭ نامرات ۋە كەمبەغەل ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى..."

"... سۇ — كۆكشىبىمىزنىڭ ئاساسىي قىيىنچىلىقى..."

خاتىرەمنى ھەر قېتىم ئاچسام، كۆكشى پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش قۇتلۇقنىڭ بىر قېتىملىق يىغىندا ئېيتقان ئەنە شۇ سۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالىدۇ. قۇتلۇق ئۇ سۆزلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىمكانىيەت يار بەرگىنىچە يۈكسەلدۈرۈپ، كۆكشى ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئامال بار ياخشىلاش توغرىسىدىكى دوكلاتى ئارىسىغا

قىستۇرۇپ سۆزلىگەنىدى.

كېيىن ئۇ مېنىڭ مەخسۇس سۇ ئىشلىرى كەسپىدە ئوقۇغانلىقىمنى ۋە مۇشۇ گۇڭشېدا سۇ ئىشلىرى كادىرى بولۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىلىگىنىمنى ئۇقۇپ ئاتايىن مېنى يوقلاپ ياتىقىمغا كىرگەنىدى. ئۇ بىر مۇنچە كادىرلاردەك مېنىڭ سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمغا ھەيران بولۇپ كەتمىگەن، ئەكسىچە، مېنى رىغبەتلەندۇرگەنىدى.

— ئاياللار سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرسا مۇۋاپىق بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېگەنىدى ئۇ، — ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن دەۋر بارلىققا كەلدى دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئوچاق بېشىدىن ئېتىز قىرىغا يۆتكەلگىنىگىلا قانائەتلەنسەك كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇلار ھەممە ساھەگە ئەمگەكچى سۈپىتىدە قاتنىشىشى لازىم. بۇرۇن ئايال مىراپلار بولمىغان بولسا، ئەمدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولماسلىقى كېرەك دېگەن مەنە چىقمايدۇ، — ھازىرغۇ "مىراپ" دېگەن ئاتالغۇ يوق — سىز ياخشى كەسپنى تاللاپسىز، تىرىشىپ ئىشلەڭ. يېزىلىرىمىز سىلەرگە موھتاج.

گۇڭشېنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرغاندا، ئۇ يەنە مۇنداق ئىزاھات بەردى:

— بىز خېلى بۇرۇنلا يەككە ئىگىلىككە قارىغاندا كوللېكتىپلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكى زور دەپ ئومدىلەنگەنىدۇق. بىز ئۇ چاغلاردا تەرەققىياتنىڭ مەزمۇنى كوپېراتسىيىلىشىشتە دېگەن سۆزلەرگە ئىشەنگەنىدۇق. بىراق، شۇ چاغلاردا كوپېراتسىيە بىلەن رايونىمىزنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. 1958 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك خەلق گۇڭشېلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەۋزەللىكى يەنىلا كۆچنى مەركەزلەشتۈرەلەيدى-

غانلىقتا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتى كەڭ بولۇشتا دېيىلدى. بىز كوپېراتسىيە ۋاقتىدىلا سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كويىدا بولغانلىقىمىزدىن، گۇگۇشىلىشىشتىن كېيىن بۇ مەسىلىنى بىر ياقلىق قىلغىلى بولار دەپ ئويلىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئادەم كۆپەيدى، مەمۇرىيەت يىغىنچاقلانغاندەك بولدى، ئەمما، بىر مىليون ئادەم مۇشت ئاتقان بىلەنمۇ شامالنى توسقىلى بولمىغاندەك ئىش بولدى. راستىنى ئېيتقاندا پەن - تېخنىكىسىز بۇ دەرياغا كۆچىمىز يەتمەيدىغانلىقى چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدى. بىز ئاز - تولا قول - ئىلكىمىزدە بارنى پولات تاۋلاپ، چويۈن ئېرىتىشكە سەرپ قىلىۋېتىپ ھالسىراپ قالدۇق، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىمىز بولسىمۇ، يىلىكىمىز سۇيۇلۇپ كەتكەنلىكتىن ئىقتىساد جەھەتتە ياكى روھىي جەھەتتە چوڭ - راق قۇرۇلۇشلارغا تۇتۇش قىلغۇدەك ئىمكانىيەت بولمىدى، ئارمانغا يارىشا دەرمان يوق بولۇپ قالدى. 1965 - يىلى يېزىلىرىمىزدا ئاز - تولا جانلىنىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرئاز يۈكسىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەندى، بىز سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپىمىز كاپىتالىزمنىڭ يېزىلاردىكى يىلتىزىنى قومۇرۇش بولۇپ قېلىپ، دەريا بىلەن ھەپىلىشىپ بېقىشنى ئويلاشمۇ مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمىز، نېمە ئۈچۈن سۇ مەسىلىسىنى ئويلىشالمىغانلىقىمىزدىكى سەۋەبلەر سىزگىمۇ چۈشىنىشلىك. بىز توختاپ قالماي ئىنقىلابىلا قىلدۇق. ئىشلەپچىقىرىش بولسا بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى. قىسقىسى، ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈنمۇ ياشاش كېرەك ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئەنە شۇ ياشاش ئۈچۈن. يا ئۆلمەي، يا تىرىك

ئادەمگە ئوخشماي ئۆتۈۋەرسەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلساق بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە سۇ كېرەك... بوسۇغىمىزدا بىر دەريا بار، ئەمما دەريا پەستە بولۇپ، بىزگە تازا سۇ كېرەك بولغاندا، سۇنى ئېگىزگە چىقارغىلى بولمايدۇ، بىزگە سۇ كېرەك بولمىغان چاغلاردا بولسا دەريانىڭ سۈيى تېشىپ ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. ئون يىللار جەريانىدا نۇرغۇن دەرەخلەر، شاخ-شۇمبىلار ۋە تاشلار بۇ دەرياغا بېسىلدى، ئەمما ئۇ ئاچكۆز ئەجدىھادەك ھەممىنى يۇتۇپ كېتىپ، ھېچ مەنپەئەت بەرمىدى. سىزگە بۇنچىۋالا كۆپ سۆزلەپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبىنى پەملىگەنسىز؟... بىزگە سۇ كېرەك. ئۇ بىزنىڭ كېيىمىزنى ئاگلايدىغان بولسۇن. سىزنى ئاچقان يېرىمىزگە بارىدۇ، ھالىمىزغا يېتىدۇ، دەپ سۆزلەپ بەردىم.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، — دېدىم مەن تەسىرلىنىپ، — مەن سۆزلىرىڭىزدىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە گۇگشېنىڭ سۇغا بولغان تەشنالىقىنى چۈشىنىۋالدىم.

— بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ، — قۇتلۇق ئاكا ئېغىر تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز بىزگە دەريانى ياخشى تىزگىنلىگىلى بولىدىغان ئەمەلىي تەدبىر كۆرسىتىپ بەرسىڭىز بولاتتى. بۇرۇن بىز ناھىيىدىكى، ۋىلايەتتىكى ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان، سۇ كەسپىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىغان ئورگانلاردىكى كىشىلەر بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشكەنىدۇق. ئەھۋالغا قاراپ باقساق، ئەجنەبىلەرنىڭ يولىنى قوغلىشىش دەمدۇ، چوڭ، زامانىۋى بولۇشقا مەستانە بولغان دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئۇ بولمىسا بۇ، بۇ بولمىسا يەنە بىر قىلتاققا ئىلىنىپ قالىدىغانلا ئىش ئىكەن. مەبلەغمۇ چىققىلى بولمايدىغان داۋان ئىكەن. ئەمدى سىزگە ئېرىشتۇق، قانداق قىلغاندا بۇ بەكباش

دەرياني بوي ئەگدۇرگىلى بولىدۇ، بۇنى سىز بىرنېمە قىلسىڭىز...

— شۇنچىۋالا چوڭ دەرياني تىزگىنلەشنى يالغۇز مەن بىرنېمە قىلىپ ئەپلىگىلى بولارمۇ؟ — دېدىم مەن كۆڭلۈمدىكى ئەندىشەمنى يوشۇرماي.

مەن بۇ چاقچىقچە بۇنداق چوڭراق سۇ قۇرۇلۇشلىرى توغرىسىدا خىيال قىلىپ باققان بولسامۇ، ئەمدى بۇنى يالغۇز ئۆزەم لايىھەلەشكە كەلگەندە روھىي جەھەتتىن تەييارلىقىم كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىم، ئىچىمدە بولسا: "ھەي، گۈلئايىم، مانا ئەمدى ئالدىڭغا بۇ ۋەزىپە قويۇلۇۋاتقاندا نېمىشقا تىترەيسەن؟ قېنى بىرنېمە قىلىپ باق، كەسىپ ئەھلى بولالىشىڭ ياكى بولالماسلىقىڭنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلا!" دەپ ئويلايتتىم.

قۇتلۇق شۇجى مېنىڭ كەيپىياتىمدىكى ئىشەنچسىزلىكنى سەزگەندەك:

— ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئالدىنقى كۈنى سىز توغرۇلۇق ماڭا سۆزلەپ بەردى، ئەسلى سىز سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە قېلىپ ئىشلىسىڭىزمۇ سىزگە بۇ ۋەزىپىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دېدى ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىپ، — سىز ئۆگەنگەن بىلىمىڭىز، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنسىز. دادىل ئويلاپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، بىر لايىھە ئىشلەپ چىقىشىڭىز ھۆددىسىدىن چىقالماسسىزمۇ؟

قۇتلۇق شۇجى مېنىڭ جەزمەن لايىھە ئىشلەپ چىقىشىمنى بۇيرۇق تەرىقىسىدە ئېيتىپ مەجبۇرمۇ قىلمىدى ياكى لايىھە ئىشلەۋېتەلەيدىغانلىقىم بىلەن ئىشتىن ئاۋۋال ئۇچۇرۇپمۇ كەتمەي رىغبەت-

لەندۇرۇش بىلەن ئۆزەمگە ئىشىنىشىم لازىملىقى توغرىسىدا بېشارەت بەردى. مەن ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدىكى خىيالىم بويىچە:

— قېنى، ئاۋۋال مەن بىر تىرىشىپ باقاي. راستىنى ئېيتقاندا ئۆگەنگەنلىرىم ئاز ئەمەس، بىراق ئەمەلىيەتنى بېشىمدىن كەچۈرۈشۇم ئازراق. دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەن لايىھەلىرىم كىچىك تىپتا ئىدى، — دېدىم.

— ئەمەلىي تەجرىبە دېگەن شۇ، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ، — چوڭ ئىشلارمۇ ئاۋۋال كىچىكتىن باشلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ قېنى بىر غەيرەت قىلىپ بېقىڭ، قىيىنچىلىق بولسا ئېيتىڭ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىمىز.

مەن ماقۇل بولدۇم. قۇتلۇق بىلەن بولغان سۆھبەت مەن ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان رول ئوينىغانىدى. چۈنكى مەن ئۇچراشقان ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ئىچىدە ھېچقايسىسى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەن بىلەن بۇنداق ئۇچۇق-يورۇق پىكىرلىشىپ كونكرېت ۋەزىپە تاپشۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىمنىڭ مەن توغرۇلۇق ئۇنتۇپ قالماي كۆيۈنۈشى، مېنىڭ بۇ گۇڭشېغا كەلگىنىمدىن تارتىپ خەۋەر تېپىپ تۇرغانلىقى ماڭا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئىسپاتى، دېگەن تونۇشقا كەلدىم ۋە غەيرەتلىنىپ قالدىم.

## 2

دۇرۇس، مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا كۆلىمى كىچىكرەك بىر سۇ ئامبىرى ۋە شۇ ئامبارغا سۇ يىغىلىدىغان، ئېقىپ چىقىدىغان بىرنەچچە

ئېرىق، توما لايىھىلىگەنىدىم.

بۇ ئىش ماڭا ئالاھىدە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ئەمەس ئىدى. مەنمۇ شۇنداق قىلىش توغرىسىدا مەيدان رەھبەرلىكى بىلەن سۆزلىشىپ ئېلىشماس قىلغان ئەمەس ئىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىر ستىخىيىلىك قىزغىنلىقىمىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، لايىھىنىڭ ئىگىسى يالغۇز مەن ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا بىر ئاساسلىق، مۇھىم قاتناشچىسىمۇ بار ئىدى. سۇ ئامبىرى پۈتكەندە، بۇ توغرۇلۇق ناھىيە ئىچىدىلا ئەمەس، بىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىمىز تەۋەسىدىمۇ ھېچقانداق غۇلغۇلا، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. پەقەت دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يىللىق خۇلاسە دوكلاتىغا: "ئىنقىلابىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ھەم كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن لايىھىلىنىپ پۈتتى..." قاتارلىق جۈملىلەرلا نېرى-بېرى قىلىپ تۇتۇق يېزىلغانىدى.

بۇنداق بولۇشى، مېنىڭ ئويلىشىمچە تەبىئىي، ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىش بولسىمۇ، بىزنىڭ ساۋاقداشلاردىن بەزىلىرى غۇلغۇلا قىلىشىپ، ئاستىرتىن نارازىلىق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە لايىھىلىگۈچى خادىم بولۇشۇم كېرەك ئىدى. ئەمما، خۇلاسە دوكلاتتا كىمنىڭ لايىھىلىگەنلىكى توغرىسىدا سۆز قىلىنمىدىغانلىقىغا پەرۋا قىلمىغىنىمدەك، ھېلىقىدەك پىكىرلەرگىمۇ قوشۇلمايتتىم. بۇ، ۋەزىيەتنىڭ ئاشۇنداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلا بولۇپ قالماي، كۆپچىلىككە مەلۇم بولمىغان يەنە بىر ئامىلنىڭمۇ بولغانلىقىدىن ئىدى. مېنىڭ بۇ ئىشتىكى رولۇمنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار مەن بىلەن ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان

بىرنەچچەيلەنلا ئىدى.

ئەسلىدە، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي شىمالىدا تۇخۇم شەكىللىك بىر قاپچىغاي ئويمانلىق بار ئىدى. مەيدانغا يېڭى كەلگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ئىچىمىز پۇشسا بىرنەچچە قىز ئاشۇ قاپچىغاي ئويمانلىقنىڭ ئەڭ ئېگىز قىرغىقىدىكى دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىشاتتۇق، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمىز ئۈستىدە سۆزلىشەتتۇق ياكى كۆڭۈلدىكى سىرلىرىمىزنى، قىزلارغىلا خاس بولغان ھېسسىياتلىرىمىزنى ئېيتىشىپ مۇڭدىشاتتۇق.

بىزنىڭ بۇ دۆڭگە ئامراقلىقىمىز يەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدىكى، ئەتراپى قاقاسلىق بىلەن تولغان خېلى كەڭ دائىرە ئىچىدە ئاشۇ قاپچىغاي ئويمانلىقنىڭ مەنزىرىسى بىرقەدەر گۈزەل ئىدى. توغرا، بۇنى شەھەرلەردىكى ياكى مەنزىرىسى گۈزەل جايلاردىكى يېشىل چىمەنلىكلەرگە ئوخشىتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، بىزنىڭ زېرىكەرلىك، توختام سۇدەك ھاياتىمىزدا شۇ يەردىن باشقا كۆڭۈل ئاچىدىغان خالىيراق مۇھىتىمىز يوق ئىدى. يامغۇردىن كېيىن، دەريا سۈيى تاشقان ۋاقىتلاردا بۇ ئويمانلىققا قىلىنلىقى بىرنەچچە سانتىمېتىر كەلگۈدەك سۇ يىغىلىپ قالاتتى. سۇ قۇرۇپ، تارتىلىپ كەتكەندە بولسا ھەممىلا يەردە يۇمران، نازۇك مايسىلار كۆكىرىپ باش كۆتۈرەتتى. بولۇپمۇ دۆڭگە يېقىن يانباغىرلاردا مايسىلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۆكىرىپ تۇراتتى، ھەتتا ئۆزىگە خاس ھايات مەنتىقىسى بويىچە بەزىلىرى سېرىق، بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى ھال رەڭ چېچەكلەيتتى. بۇ چېچەكلەرنىڭ ھەشەمەتلىك بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ قايسى تۈردىكى گىياھلارغا تەۋە قانداق چېچەك ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق، بىراق، ئۇلار

بىز ئۇچۇن تەبىئىي بولغاچقا، كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېشىللىق ناھايىتى تېز غايىپ بولۇپ، سېغىز لايلار يېرىلىپ-يېرىلىپ كەتكەن ئاختامىلىققا ئايلىناتتى. گىياھلار بىر كۈن ئىچىدىمۇ ياكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدىمۇ، ئىشقىلىپ غايىپ بولۇپ ھېلىقى يېرىقلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. بىزگە مەلۇم-لۇقى شۇ ئىدىكى، يۇمران گىياھلار كۈننىڭ ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئويمانلىقنىڭ، دۆڭنىڭ يانباغىرلىرىدا، كۈن نۇرى قاتتىق چۈشمەيدىغان يەرلىرىدىلا ئازراق ساندىكى گىياھلار ئۆز ھاياتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە سولىشىپ، سۇس ئىغاڭلاپ، بىچارىلەرچە ئېگىلىپ قالاتتى. بۇلار بىزگە ئۇنچە كۆپ بەھر بېرەلمىگەنلىكتىن، بۇنداق چاغلاردا ئۇ جايلارغا كەمرەك باراتتۇق.

بەزى چاغلاردا ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئۇ يەرگە بارىدىغانلىرىمىزنىڭ سانى بەزىدە ئازىيىپ، بەزىدە كۆپىيىپ تۇراتتى. بەزىدە يالغۇز بارىدىغانلىرىمىزمۇ بولاتتى. كۆپرەك يالغۇز بارىدىغىنى مەن ئىدىم. شۇنداق چاغلاردا بۇ تەرەپلەرگە كېلىدىغانلار يالغۇز بىز قىزلارلا ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالدىم. بۇ يەرگە باشقا بىر ئەر كىشىمۇ كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى كامال بولۇپ ئوتتۇرا بوي، ئورۇق، ئاق سېرىق، 40 ياشلاردا ئىدى. گەردىشى ئىنچكە سىمدەك ئاق، سېپى كەك ۋە قارا، يېراقنى كۆرسىتىدىغان يوقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقايتتى. سارغۇچ چېچى خېلىلا تۆكۈلۈپ كەتكىنىگە قارىماي، يەنىلا ياش بالىلارنىڭكىدەك پېشانىسىگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئىچكىرىرەك ئورا كۆزلىرى ھەممە نەرسىگە جىددىي، ئۆتكۈر تىكىلەتتى. ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن ۋاقتى بىزدىن بىر يىل ئىلگىرى بولسىمۇ، ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، ئۆزىنى ئادەملەردىن تارتىپ يۈرىدىغان مىجەزگە ئىگە بولغانلىقتىن، تونۇش- بىلىشلىرى يوقتەك ئۆزى يالغۇز يۈرەتتى. بىلىشىمىزچە، ئۇ ۋىلايەت مەركىزىدىكى قايسىبىر دېھقانچىلىق پەن- تەتقىقات ئورنىنىڭ كادىرى بولۇپ، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"نىڭ دەسلىپىدە تارتىپ چىقىرىلغان، كېيىن قانداقتۇر ئېغىر مەسىلىلىرىنى يوشۇردى دېيىلىپ قايتىدىن رىجىمگە، نازارەتكە ئېلىنغان، بۇلارغا تورىدىن چۈشۈپ قالغان ئوكچىلىقى قوشۇلۇپ جىنايەتچى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنغان، شۇنداقتىمۇ دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، مۇشۇ مەيدانغا ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتىلگەن. بىزنىڭ ساۋاقداشلىرىمىز ئىچىدە بۇنداق "تارتىپ چىقىرىش"لارنىڭ تېگىنى توغرا چۈشىنىدىغانلار كۆپ ئىدى ۋە كامالدىن ئۇنچە چەتلەپ يۈرمەيتتى. مەيداندا كامالنى ئۆز ئىسمىدىن تاشقىرى ھەر خىل نام ۋە لەقەملەر بىلەن ئاتاپ چاقىرىشاتتى. كامال بۇنداق چاقىرىشلارنى پەسەنتىگە ئېلىپ كەتمەيتتى، ئەمما، خاپا بولۇپمۇ يۈرمەيتتى. بۇ لەقەملەر ئىچىدە "كامال قارا"، "كامال كەلگىندى" دېگەندەك سەترەك ئىشلىتىلىدىغانلىرىمۇ، "گلوبۇس"، "ھەرىكەتچى" دېگەندەك مۆتىدىلرەكلىرىمۇ بار ئىدى. "گلوبۇس" دېگىنى كىملا بولسا ئۇنى پىرقىرىتىپ بېقىشقا تىرىشىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلاتتى. "ھەرىكەتچى" دېگىنى ئۇنىڭ سىياسىي ھەرىكەتلا بولسا تارتىپ چىقىرىلىۋېرىدىغان- لىقىغا قارىتىلغانىدى. بىزنىڭ باللار ئارىسىدا ئۇنى "پۇتبول" دەپ

ئاتاش ئۇمۇملىشىپ كەتكەنىدى. "پۇتبول" دېيىشمۇ ئۇنى زۆرۈرىيىتى بولسۇن، بولمىسۇن تېپىپ ئوينايدىغانلىقىغا قارىتىپ قويۇلغان لەقەم ئىدى. لەقەملەرنىڭ سەترەكلىرىنى ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلغان سورۇنلاردا قوللىنىشاتتى. چۈنكى، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم ئۇمۇ "ئۆزگە ئوخشاش" بىرمۇنچە ئۇنسۇرلار قاتارىدا كۆپچىلىككە بىر ھەپتىلىك ئىدىيە ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىشى شەرت ئىدى. بۇنداق "دوكلات قىلىش" ئاخىرىغا بېرىپ كۆرەش يىغىنىغا ئايلىنىپ كېتەتتى...

مەن ئاشۇ "پۇتبول"نىڭ قاپچىغاي ئويماندا ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقىنى، بەزىدە ئۇنچە يىراق بولمىغان دەريا بويىغا كېتىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قالاتتىم. بەزىدە ئۇ قويىنىدىن كىچىككىنە بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ بىرنېمىلەرنى يازاتتى. بۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈمگە كەچمىگەن خىياللار كېلەتتى. قىزىق يېرى شۇ ئىدىكى، بىر قېتىملىق كۆرەش يىغىنىدا بىرسىنىڭ: "سەن ھەمىشە دەريا بويىغا، قاپچىغاي ئويمانلىق ئەتراپىغا بېرىپ نېمىلەرنى قىلىسەن؟ جاھان ئۆزگەرتىش ھەققىدە پىلان تۈزۈپ يۈرەمسەن؟..."، دەپ سورىغىنىدا، ئۇ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ:

— ئىدىيەمنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىمەن، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. لېكىن، ئىشەنمىگىنى بىلەن، "يالغان، ئۇنداق ئەمەس..."، دېيىشكىمۇ پېتىنالمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىشقا ئاساس تېپىلمايتتى.

بىر ياخشى يېرى شۇكى، ئۇ بىزنىڭ باللار بىلەن ھەر ھالدا

ئەپ ئىدى. ساۋاقداشلىرىمىزدىن بەزىسى ئۇنىڭغا ئىش مەيدانىدىلا چاقچاق قىلىپ بوش ئاۋازدا: "'پۇتبول'، ۋارتارغا قاچان چۇشىسىز؟" دەپ سوراپ قوياتتى. ئۇ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ: "قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن پۇتلار تېپىككە يارىمايدىغان بولغان چاغدا!" دەپ سىرلىق جاۋاب بېرەتتى. بۇنداق سۆزلەرنىمۇ ئۇ ئۇتتۇر كەلگەنلا بىرسىگە ئېيتىپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىچە، كۆڭلىگە يېقىنراق كۆرسە كېرەك، بىرنەچچىمىز بار جايدا، ئەتراپىغا قارىۋە-تىپ دەيتتى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىزمۇ ھېچقانداق سورۇندا ئۇنىڭ "تۇزلۇق سۆزلىرى" ھەققىدە ئۇنچىقمايتتۇق. ھېلىقىدەك يىغىنلاردا بولسا بۇ ھەقتە تېخىمۇ سۆز قىلمايتتۇق...

مەن ئۇنى بۇ ئەتراپلاردا بىزگە ئوخشاش ساياھەت قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ، دەپ ئويلىمايتتىم. شۇڭا خۇپپىيانە يېزىشلىرى مېنىڭ قىزىقىشىم ۋە ھەۋىسىمنى قوزغىدى. مەن ئۆزەمنىڭ خىيال قىلىپ بېقىشىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى شېئىر يېزىپ يۈرسە كېرەك دەپ گۇمانلىناتتىم. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، شائىرلار تەبىئەت ھەققىدە شېئىر يازسا، ئىجتىمائىي تېمىلاردىكى شېئىرىي پىكىرلەرنى مۇلاھىزە قىلسا، كامالدەك ئادەمسىز يەرلەردە ئۆزى يالغۇز تەسەۋۋۇرلارنى قىلسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش، پاراڭلىشىپ يۈرۈشنىڭ ماڭا نىسبە-تەن مەيداندا شۇبھە، گەپ-سۆز پەيدا قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرىمەي بىر قېتىم توپتوغرا ئالدىغا باردىم.

— سالام پۇتبول، — دېدىم مەن ئۇنىڭ دەرياغا قاراپ تۇرغان، ئېھتىمال، بىرسىنىڭ يېنىغا كېلىشىنىمۇ كۈتمىگەن بىر پەيتتە.

كامال چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ مېنى كۆردى، يېقىمسىز كۈلۈپ:
— ھە، گۈلنايىم، سىزمىدىڭىز؟ تاماشا قىلىپ يۈرەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋە خەۋپسىرىگەندەك تۆت تەرەپكە قاراپ قويدى، — دوستلىرىڭىز كۆرۈنمەيدۇ، يالغۇز كەپسىز - دە؟
— ھەئە، يالغۇز مەن، — دېدىم - دە، چاقچاق قىلدىم، — سىز قاچانغىچە ئىدىيە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزىسىز؟
ئۇ قاتتىق كۈلۈۋەتتى. ئەمدى ھېچقانداق خەۋپسىرىمەي جاۋاب بەردى:
— يىغىندا ئېيتقىنىم راست گەپ. سىلەرگە ئانچە - مۇنچە دەيدىغىنىممۇ راست گەپ. قاچان قورساق تويسا مېنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىمنىڭ بىر باسقۇچى تۈگىگەن ھېسابلىنىدۇ.
مەن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى راستتىنلا چۈشەنمىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدىم. ئۇ مەن بىلەن بۇرۇندىن سۆزلىشىپ كۆنگەن تەلەپپۇزدا:
— قاپچىغايغا كەلگۈچە مېڭىش قىيىنمىكەن؟ — دەپ سورىدى.
— قىيىن بولمايچۇ؟ يول يوقلۇقىنى سىزمۇ بىلىسىز، سىز ئۇنداي كېلەمسىزيە؟
— مەن ئۇنداي كېلىمەن. ئۇنداي كېلىشىم ياخشىراق يول تاپقانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، بىر غايىبانە مەنزىرە مېنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ. شۇڭا، ئولتۇرساممۇ، قوپساممۇ مۇشۇ يەرگە كەلگۈم كېلىدۇ. بۇ يەردىن بىر چىمەنزارلىق ئۆسۈپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تېخىمۇ گاڭگىراپ قالدىم. كۆڭلۈمگە دەرھال "ئۇ شېئىرغا ھېرىس بولسا كېرەك، سۆزلىرىمۇ شائىرانە...". دېگەن

پىكىرلەر كەلدى. ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمدىن ھېچ نەرسە چۈشەنمىگىنىمنى بايقىدى بولغاي، چەكچىيىپ قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

— سىلەر بۇ يەرگە راستتىنلا ئويناپ، كۆڭۈل ئاچقىلى كېلەمسى-لەر؟ — دەپ سورىدى.

مەن تەئەججۈپلىنىپ:

— بولمىسچۇ؟ ئۇنداق بولمىسا بۇ سايلىقتا نېمە بار دەيسىز، بىز سىزدەك شېئىرىي تەپەككۇر بىلەن رومانتىك مەنزىلەرنى كۆز ئالدى-مىزغا كەلتۈرەلمەيمىز- دە...؟ — دېدىم.

مەن شۇ سۆزلەرنى چاقچاق ئارىلاش ئېيتىپ كۇلۇشكە تىرىشقانى-دىم، ئۇمۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ دەپ كۈتەتتىم. بىراق ئۇ بېشىنى چايقاپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— سىزنى سۇچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

مەن تېڭىرقاپ:

— ئاڭلىغىنىڭىز خاتا ئەمەس، — دېدىم ۋە ئالدىراپ چۈشەن-دۈردۈم، — توغرا، مەن بەش يىل ئالىي مەكتەپنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

— مەن سىزنى بۇ يەرگە، بۇ ھېچنېمىسى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان يەرگە ئۆز كەسپىنى دەپ كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندىم. گويا بۇرۇن كۆرمىگەندەك، دەريا بويىغا، قاپچىغاي ئويمانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى توپتوز كەتكەن تاقىر، قۇم ئارىلاش سېغىز توپىلىق دالاغا بىرھازا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

كەسىپ ئەھلىلىرىگە مەلۇم بولغان خىيالىي ھەۋەس يۈرىكىمنى پىژ قىلىپ كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. مېڭەمدە توساتتىن، "بۇ ئويمانلىق سۇ ئامبىرى بولغىنىدا نەقەدەر تەبىئىي ئامبار بولاتتى-ھە؟"، دېگەن پىكىرلەر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ "بىر غايىۋى مەنزىرە ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ...بۇ يەردىن بىر چىمەنزارلىق ئۆسۈپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ..." دېگەن سۆزلىرىنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

دېمىسىمۇ، قاچان ئېكەنلىكى نامەلۇم، بۇرۇن بۇ يەردىكىلەر ئويمانلىقنىڭ نېرىسىدىن 200 نەچچە مو يەر ئېچىشقانىكەن. كېيىن سۇ ئەكەلمەي تاشلىۋېتىپ يەنە بىرنەچچە مىڭ مو كەلگۈدەك يەردىنمۇ ۋازكېچىشكەنىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغىنىمدا، كامالنىڭ ھەيران بولۇپ: "مەن سىزنى بۇ يەرگە، بۇ ھېچنېمىسى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدىغان يەرگە ئۆز كەسپىنى دەپ كېلىدۇ..." دېگەن سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم. شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە مەن يەنە پىشقان، تەجرىبىلىك بىر مۇتەخەسسىسكە يولۇققانلىقىمنى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن "ئىدىيە ئۆزگەرتىش" بىلەن بىرگە بۇ يەردىكى مۇھىتنىمۇ ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

شۇنچىلىك خىجالەت بولۇپ كەتتىمكى، ئۇنىڭغا دېدىل قاراشتىنمۇ ئەيمىنىپ، بىر چەتكە قاراپ تۇرۇپ پىچىرلىدىم:

— توغرا، مەن بۇ قاپچىغاي ئويمانلىقتا بىرئاز كۈچ سەرپ قىلسا يېرىم تەبىئىي سۇ ئامبىرى پۈتىدىغانلىقىنى شۇ تاپتا ئويلاۋاتىمەن...

— پاھ، يارايسىز. ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، — دېدى ئۇ مەن زادىلا كۆرۈش نېسىپ بولمىغان شادلىق بىلەن، — مانا بۇ ھەققىي كەسىپ

ئەھلىنىڭ سۆزى بولدى. مەن بۇنداق ئۆتكۈر ئىكەنلىكىگىزنى ئەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم.

ئۇنىڭ ماختىشىدىن تېخىمۇ ئىزا تارتىپ كەتتىم. ئەمما ئۇ مېنى خىجىل قىلىش، ئىزا تارتقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، ماڭا رىغبەت بېرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆزلەرنى تېپىپ سۆزلىگىلى تۇردى...

بىزنىڭ سۆھبەت تېمىمىز كېڭىيىپ كەتتى. تۇرمۇشتىكى ئۇرنە-مىزنى، شارائىتىمىزنى ۋە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولىدىغان ھەرقاندا ئاقىۋەتلەرنى تامامەن ئۇنتۇپ سۇ ئامبىرى قۇرۇش، ئۇنىڭ داق سۇ مەنبەسىنى ئۇزۇلدۇرمەسلىك ئۈچۈن قانداق ئىنشائاتلارنى ياساش، سۇيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قايسى جايغا ئۆستەڭ، قايسى جايغا ئېرىق چېپىش، سۇينىڭ سىزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ۋاقتىنىڭ ئۆتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. قايتىدىغان چاغدا ئۇ:

— مۇنۇ دەپتەرنى سىزگە بەردىم، — دېدى خاتىرە دەپتىرىنى ماڭا ئۇزىتىپ، — بۇنىڭدا ھەممىسى خاتىرىلەنگەن، سىز يەنە بىر قېتىم ئۆلچەپ، تۇپا قاتلاملىرىنى بىۋاستە تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەش-تۈرەرسىز. بۇ ئىش ئۈچۈن مەن ئوتتۇرىغا چىقسام پىلان مەڭگۈ ئىشقا ئاشمايدۇ. سىزنىڭ شارائىتىڭىز مەندىن ياخشى، زۆرۈر دېسىڭىز، ئانچە-مۇنچە ئەمەلىي ئىشلىگەن تەجرىبىلىرىم بار، ھە-ھۇ دېيىشىپ بېرىمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندى. مەن ئۇنىڭدىن ھەم تەسىرلەندىم، ھەم قايىل بولدۇم ۋە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەي-دىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ياردەم بېرىپ تۇرۇشتىن ۋازكەچمەسلىكىنى

ئۆتۈنۈپ سورىدىم.

— بولىدۇ، بىرلىشىپ ئىشلەيمىز، — دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ، — مەن "پەردە ئارقىسى"دا تۇرىمەن. سىز كۆپ ھاياجانلانماڭ ۋە داۋراڭ سېلىپ يۈرمەڭ.

مەن ماقۇل بولدۇم. ئامبار قۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىشلىمەيمۇ بولمايتتى. دېگەنىدەك، پىلاننى تۈزۈپ، لايىھىلەپ، چېرتيوژلارنى ئىشلەپ بولۇپ ئۇنىڭ كۆرۈپ، تۈزىتىپ بېرىشىگە تاپشۇردۇم. ئۇ بەزى زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈپ قايتۇرۇپ بەردى. بۇ لايىھىنى مەيدان ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بىرنەچچە ئاي غۇلغۇلا، گەپ-سۆزلەر بىلەن مۇكېبىر تەسلىكتە تەستىقلاتتۇق. بەزى كىشىلەر مەن بىلەن كامالنى باغلاپ قاراپ، يىپ ئۇچى تېپىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ باقتى. ئەمما، قولغا چىققۇدەك پاكىت يوق ئىدى، گەپ گەپ پېتى قېلىۋەردى. مەيداننىڭ تەستىقلىشىدا يەنە بىر سەۋەبمۇ بار ئىدىكى، ئۇ، ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەت بېرەتتى...

ئەمدىلىكتە بۇلارنى ئويلىسام، مەيداندىكى سۇ ئامبىرى قۇرۇشنىڭ ئاسانلا ئىشقا ئېشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇ پەردە مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم، كەسپداشلىرىم بار ئىدى. بولۇپمۇ كامال ئىسمىلىك ئاق كۆڭۈل، تەجرىبىلىك يېتەكچىم بار ئىدى...

## 3

قۇتلۇق ماڭا تونۇشتۇرغان بۇ دەريانى مەن بىلەتتىم. ئەمدى دەريانى رەسمىي تىزگىنلەشنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقايسى

دادۇيلەرنى ھەمىشە سۇ بىلەن تەمىنلىگۈدەك بىر ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش كىچىك ئىش بولمايتتى، شۇڭا، دەسلەپ سەل ئەندىشىگە چۈشكەنىدىم. بىراق، سۆھبەتتىن كېيىن ھاياجانلىنىشقا كۆچتۈم. مەن ئەمدى مېنى قوللايدىغان، ماڭا ئىلھام بېرىدىغان رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بارلىقىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا، مېنىڭ كەسپىمگىلا قىزىقىپ قالماي، بەلكى مېنى ئەمەلىي ئىشلەشكە بۇيرۇيدىغانلىقىنى، ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا بولسا ماڭا ياردەمگە كېلىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن چېغىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى يىللىق بىر ئېقىم كەلگۈن سۈيىدەك غەرق قىلىشقا باشلىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. ئاشۇنداق قوللاشقا تەييار تۇرغان يولداشلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكومدا رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەيدىغانلار ئىكەنلىكى يادىمغا كەلگىنىدە، بۇنداق دەريادەك ئۇن توسۇن دەريا بولسىمۇ تىزگىنلىۋەتكىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. گەرچە ناھىيىلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىدىكى رېھىم جۇيجاڭ مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەندە مەيۈسلۈك ھېس قىلغان بولسامۇ، ھازىر بۇلار يادىمغا كەلسە، ئورۇنسىز رەنجىگىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى جىمىلىدىم. ئۇ جۇيجاڭ مېنى "سۆرگۈن قىلدىم" دەپ خۇشال بولۇۋاتقان بۇ چاغلاردا، مېنىڭمۇ بۇ يەرگە ئەۋەتىلگىنىم ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتقىنىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ دەپ تەنتەنە قىلدىم. مېنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىمنى كىملا بولمىسۇن ناھايىتى ئوڭاي چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئىدى: ئاددىيسى بىر ھۈنەرۋەن ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىشقا ئىمكانىيەت بېرىلسە، بولسا ئۇ ئۆز ھۈنىرىنىڭ نەتىجىسىنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسا، بۇ شۇ ھۈنەرۋەن ئۈچۈن نەقەدەر خۇشال بولىدىغان تۇيغۇ-ھە؟ مەن تېخى ئۆز نەتىجىلىرىمنى

كۆرمىگەن بولسامۇ، ئۇنى يارىتىش توغرىسىدىكى يولغا مېڭىشتا رىغبەت، ئىلھام ۋە قوللاشقا ئېرىشكەنىدىم. مەن بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە خۇشال بولۇشۇمغا تېگىشلىك ئىدى. چۈنكى، كۆپ يىللاردىن بۇيان سىڭايان قاراشقا، ئىشەنمەسلىك نەزەرلەر ئاستىدا تۇرۇشقا مەھكۇم بولغان زىيالىي ئەمەسمىدىم؟!

مەن ئاشۇنداق ئالدىراش، ھودۇقۇش ۋە شادلىنىشلار ئارىلاشقان تۇيغۇنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە چېچىمىز يۇرۇپ ئۆلچەش، سىزىش ۋە تەكشۈرۈشكە لازىم بولغان ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ئىزدەش، ياسىتىش، بەزىلىرىنى ناھىيە بازىرىدىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرۈشتەك تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ماڭا نېسىپ بولغان بۇ خۇشاللىقلىرىم ۋە ھاياجانلىرىمنى بەزى كەچلىرى ئويلاپ قەلبىمگە سىغدۇرۇپ كېتەلمەيدىغان چاغلارمۇ بولاتتى. شۇنداق چاغلاردا دېھقانچىلىق مەيدانىدا قالغان ئېرىم ھەم باشقا دوستلىرىمغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن خەتلەرنى يېزىپ ئەۋەتىپ تۇراتتىم.

بىراق، ھەممە ئىش مەن ئويلىغاندەكلا راۋان، ئوڭۇشلۇق بولمايدىغانلىقى ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا مەلۇم بولۇپ قالدى. ماڭا، گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەپ تونۇشتۇرۇلغان ھامۇت ئىسىملىك بىرسى كۆشەندە بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەسلىدە 1964 - يىلى شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ ناھىيىگە كەلگەنىكەن. ئېيتىشقىدۇ «تەلىيى ئوڭدىن كەلمەي» ئىككى يىلدىن كېيىن يەتتىنچى گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكەلگەن، ئۇزاق ئۆتمەي ئىنقىلاب باشلىنىپ ئۇ ھەرىكەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ توغرىسىدا ھەركىم ھەر خىل پىكىر

قىلىشاتتى. ئۇنى ئېھتىياتلىق بىلەن باھالايدىغان سۆزلەرنى قىلغۇچىلار كۆپ ئىدى. مەن ئۇ توغرۇلۇق قىلىنغان سۆزلەرنىڭ قايسىبىرىگە ئىشىنىشنى بىلمەيتتىم. ئەمما كۆڭلۈمدە، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپ قويىنىدىن چىققان، ھېسسىياتىمنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بىۋاستە رەھبىرىم بولغانلىقتىن، مېنى قوللايدۇ، مېنى ھىمايە قىلىدۇ دەپ ئۈمىدلەنگەنىدىم. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ياداڭغۇ، يۈزىنى ئازراق دانىخورەك باسقان، ھەمىشە ساقال-بۇرۇتىنى قىرىپ، پاكىز كىيىنىپ، پاراتتا يۈرگەن ھەربىيلەرگە ئوخشاش مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ماڭىدىغان، لىۋىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان كىشى ئىدى. بېشى قىرىق ئەتراپىدا بولۇپ، بىر قارىماققا ئۇنىڭدىن ياشراقمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇ مەن بىلەن ھەر ئۇچرىشىپ قالغاندا، شىمىنىڭ يانچۇقىدىن قوللىرىنى چىقىرىپ ئوڭ قولىنى كۆرۈشۈشكە ئۇزىتىپ، سول قولىنى سىپايىلىق بىلەن كۆكسىگە قوياتتى. لەۋلىرىدە تاماكا بولسا، مەيلى ئەندىلا تېخى تۇتاشتۇرغان بولسىمۇ پۇرقىپ توكۇرۇپ تاشلايتتى.

شۇنداق بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ مېنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قالدى. ۋاقىت خېلىلا كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كىرىۋەردىم ۋە بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىتىلغان ياخشى ھېسسىياتىمدا كۈچلۈك داۋالغۇش پەيدا بولدى.

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە، يورۇقتىن دەرمەھەللىككە كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم.

— ئولتۇرۇڭ يولداش گۈلنايىم، — دېدى ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا بىر ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپ. مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. ئىككىمىز-

نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇ يەر، بۇ يېرىنىڭ سىرى چۈشكەن، خېلى كۆپ جايىغا سىياھ دېغى چۈشكەن كەڭ شىرە بار ئىدى.

ئۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇ خاپا كۆرۈنەتتى. كۆزلىرىنىڭ تېگىدە چوڭ-چوڭ داغ پەيدا بولغان، كۆز ئېقى قىزىرىپ، ئۇششاق يىپچىلار بىلەن تولغانىدى. پېشانىسىدە پىچاق بىلەن تىلىپ چىقارغاندەك تالا-تالا قورۇقلار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قوۋۇزى ئىشىپ قالغاندەك ئېسىلىپ كەتكەن ۋە بىلىنەرلىك ساڭگىلىغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا قاراپ ئەللىك ياشلارغا كىرگەن كىشىمكىن دېگەن تەسىرات پەيدا بولاتتى. ئۇ مەندىن يەنە يېقىنقى ئەھۋالىنى، سالامەتلىكىمنى، بۇ گۈگشېغا كەلگەندىن بۇيانقى كەيپىياتىمنى سورىدى. مەنمۇ بۇرۇن جاۋاب بەرگىنىمگە قارىماي يەنە سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ:

— ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارغا ناھايىتى ئامراقمەن، چۈنكى، مەنمۇ ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى بېشىمدىن كەچۈرگەنىدىم، لېكىن ئۇ ناھايىتى يىراقتا قالغان ئۆتمۈش، — دېدى.

مەن ئۇنچىقمىدىم، ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆرە ھەرىكەتلىرىدە سۇنئىي ھاكاۋۇرلۇق، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئالامەتلىرى بولۇپ، بۇنداق خاراكتېر ماڭا ياقمايتتى. ھالبۇكى يەنە مەن ياقتۇرمايدىغان قىلىقىنى ئاز بولۇپ قالدى دېگەندەك، تىزىنى شىرەنىڭ قىرغىقىغا تىرەپ، ئۇستىلىنى تام تەرەپكە ياتقۇزۇپ "سافا" قىلىپ، بەدىنىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇشتىن تاشقىرى، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراشتىن خىجالەت بولمايتتى.

مېنىڭ نېمە دەپ سوئال سورىسا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشۇممۇ ئۇنىڭغا ياقمىدى بولغاي، ئەھۋال سوراشتىن يالتىيىپ باشقا

تېمىدىن سوئال سوراشقا كۆچتى:

— سىز يولداش گۇلئايىم، مېدىتسىنادىن خەۋىرىڭىز بارمۇ، يەنى دوختۇرلۇق قىلىشنى بىلەمسىز؟

مەن ئۇنىڭ نېمشقا بۇلارنى سورايدىغانلىقىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، تېگىرقاپراق جاۋاب بەردىم:

— ياق، بىلمەيمەن.

— كىيىم كېسىش ۋە تىكىشنى بىلەرسىز بەلكىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە قىسىلغان كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي.

— بالىلىرىم ئۈچۈن كىيىم تىكىپ باققىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رەسمىي كېسىش ۋە تىكىشنى بىلمەيمەن، — دېدىم مەن يەنىلا ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنەلمەي.

ھاموت "سافا"سىدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە مىدىرلاپ ئولتۇرغان پېتى كۈلۈپ كەتتى - دە:

— ھېچ بولمىسا دۇتار چېلىشنى ياكى ئۇسسۇل ئويناشنى بىلەرسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك سوئال سورايتتى. سەل ئاچچىقىم كەلدى. شۇڭا دېدىلرەك جاۋاب بەردىم:

— مەن سىز سورىغان نەرسىلەرنى بىلمەيدىكەنمەن، ئەك مۇھىمى سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوئاللارنى مەندىن سوراپ يۈرگەنلىكىڭىزدىكى مۇددىئايىڭىزنى زادىلا بىلەلمىدىم.

مەن "ھاموت بۇ سوزلىرىمنى ئاڭلىسا تېرىكىدۇ، ئاچچىقى كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنى چاقىرىشتىكى ئەسلى مەقستىنى ئېيتىۋېتىدۇ"، دەپ كۈتكەنىدىم. ئەمما ئۇ قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، رەڭگىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىدى. ئەكسىچە، پاك قىلغۇدەك

ئاۋازدا كۈلۈپ كېتىپ:

— يارايدىكەنسىز، دېدىل ئىكەنسىز گۈلنايىم، — دېدى موخۇركا ئوراۋېتىپ، — مەن سىزنىڭ ئوچۇق پىكىرلىك ئىكەنلىكىڭىزنى، كۆڭلىڭىزگە كەلگىننى ئېيتىشتا ئۇنچىۋالا تارتىنىپ كەتمەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. بۇلارنى ماڭا يولداش رېھىم ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇنى تونۇيدىغانسىز؟ — ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا ئۆزى تونۇشتۇردى، — يولداش رېھىم سىز بىلەن يېقىندىن تونۇش، ئۇ كىشى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قابىلىيەتلىك باشلىقى، — ئۇ قاپىقىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇۋەردىم، — سىز ئۇنىڭ تونۇشتۇرغىنىدەكلا ئىكەنسىز. مەن بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ بىۋاستە ھېس قىلدىم، — ئۇ كەينى - كەينىدىن ئۈچ تال سەرەڭگە يېقىپ ئاندىن موخۇركىسىنى تۇتاشتۇردى. قويۇق، ئاچچىق ئىسلار ئارىسىدىن كۆزىنى قىسىپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەشنىڭ ئاستا - ئاستا غايىپ بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ موخۇركىسىنى بىرنەچچە شوراپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز بۇ گۈڭشېغا كەلگىلى خېلى كۈنلەر بولدى، نېرى - بېرى سۆزلىشىپ، مۇنداقراق، يەنى سىرتتىنلا چالا - بۇلا تونۇشتۇق. بۈگۈن ئاساسەن سىز بىلەن رەسمىي تونۇشۇش، پىكىرلىشىش ئىستىكىمنى بىلدۈرمەكچىدىم. شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئەھۋالىڭىزنى، ئاندىن قالسا نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىڭىز، قانداق خاھىشلارغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشىنىپ، پىسخىكىڭىز بىلەن تونۇشۇۋالغۇم كەلگەنىدى...

مەن ئورنۇمدىن تېز تۇردۇم - دە:

— ئانداق بولسا كەچۈرۈڭ مۇئاۋىن مۇدىر، — دېدىم يەنىلا ئەدەب ساقلاپ، ئۇنۇمنى سىپايە چىقىرىشقا تىرىشىپ، — سىز دېگەندەك تونۇشۇش بىرپەستىلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بۇنى دېمىسەممۇ چۈشىنىسىز. بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيەت جەريانىدا، بىرگە خىزمەت قىلىش پۇرسەتلىرىدە پەيدىنپەي چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولار دەپ ئويلايمەن.

— بۇندىن كېيىن چۈشىنىمەنمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەسخىرە ئاھاڭدا.

مەنمۇ ئۇنۇمنى كۆتۈرۈپ:

— شۇنداق، بۇندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا چۈشىنىۋالالايسىز، — دېدىم.

— سىز گەپ-سۆزلەرنى ئۆرە تۇرۇپ، كۆچلۈك ئاۋازدا ئېيتسا، جانلىق، تەسىرلىك بولىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟ — دېدى ئۇ ھېجىيىپ كېلىپ مۇرەمنى يېنىك بېسىپ ۋە بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق مېنى ئولتۇرۇشقا قىستىدى، — ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۆزلىرىدىن بىكارچىلىقتىن زېرىككەن، پەقەت ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا زورلىنىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ھەربىر تاۋۇش ۋە ئۇرغۇلاردىن تارتىپ تۇرمۇشتا ناھايىتى چوڭ خۇشلۇققا ئۇچرىغان كىشىلەردە بولىدىغان شادلىقنىڭ بەلگىلىرى ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە خۇشال مۇئامىلىسى مېنىڭ شۇ كۈنلەردە ئېرىشكەن خۇشاللىق تۇيغۇلىرىمغا ماس بولمىغانلىقتىن، ئۇلار مېنىڭ جېنىمغا تېگەتتى. مەن بۇ كۈنلەردە ئۆزەمنىڭ ئىشلىرىمغا مۇناسىۋەتلىك سۆھبەت بولغان بولسا بەكرەك قىزىقاتتىم. ھامۇت مېنىڭ پوزىتسى-

يەمدىكى سوسلۇقتىن بولارنى سەزمەي قالمىدى:

— تونجى قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە مەن سىزگە ياقماي قالدىم، مەن پارىڭىمىزنىڭ يەكۈنلىرى بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ پاراڭلىشىش ماۋزۇسىنى كىشىلەر ھازىر ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقان تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزىدىن تاللىغانىدىم، ئەمما، سىزنىڭمۇ تۇرمۇشتىن ھالقىپ ياشايدىغان تەركىدۇنيا ھېسسىياتىڭىزنى نەدىنمۇ بىلەي؟

مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇۋەردىم، ئۇ دەم ماڭا قاراپ ھەجىياتتى، دەم ئۆزىچە بېشىنى ئىغاڭلىتىپ تىلىنى چاكىلدىتىپ قوياتتى. ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ موخۇركىسىنى كۈچ بىلەن شورايتتى. كېيىن ئۇمۇ ئولتۇردى-دە، ماڭا ھەجىيىپ قاراپ:

— سىزمۇ پاراڭ قىلىڭ، تۇرمۇشتا نېمىلەرگە قىزىقىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن تۇرمۇشتا نېمىلەرگە قىزىقىشىمنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىپ يۈرىدىغان ۋاقىتلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ بولغان ئوتتۇرا ياشتىكى ئايالمەن، — دېدىم.

— ئوھوي، مۇنداق دەڭ، — ئۇنىڭ "ئوھوي"، دېگىنى يۆتەلگەنگە ئوخشاش ئاڭلاندى، — سىز كۈلمايىم، بەكمۇ نازۇك ئىكەنسىز. ماڭا بۇنداق ئارتۇق نازۇك مۇئامىلە كېرەك ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي پايدىلىق مۇئامىلە كېرەك ئىدى. كۆرۈپ ئولتۇرغىنىڭىزدەك مەن خۇش پېئىل، ئوچۇق رەھبەرمەن.

— يولداش مۇئاۋىن مۇدىر، مەنمۇ ئوچۇق-يورۇق بولۇشنى خالايمەن، — دېدىم ئۆز نۆۋىتىمدە، — سىزنىڭ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىشتىكى مەقسىتىڭىزنى سورىسام مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن بولمامدىغان! — ئۇ كۈلۈۋەتتى ۋە يەنە موخۇركا

ئوراش ئۇچۇن قەغەز تاپالماي ئەتراپىغا قاراشقا باشلىدى، ئاخىرى دېرىزە ئۈيۈتچىسىدا تۇرغان گېزىتنى يىرتتى، — ئەلپازىڭىزدىن قارىغاندا، سىز گۇڭشېمىزغا كەلگەندىن بېرى كونكرېت ئىش تاپالماي سەل تېڭىرقاپ قالغاندەك تۇرىسىز، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تېرىككەك بولۇپ قاپسىز. ئاۋۋال كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم قىلىپ قويمىسام بولمىغۇدەك. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە پىكرىڭىزنى بىلمەكچىدىم. شۇڭا سىزنىڭ نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىڭىز بىلەن تونۇشاي دېگەنىدىم. بىزنىڭ بۇ يەردە رادىئو پونكىتى بار، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى بار، بۇلارغا ئادەم كېرەك...

— مېنىڭ قانداق خىزمەت قىلىشىم توغرىسىدا شۇجى ئىبراھىم ۋە قۇتلۇق يولداشلار كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇغانىدىغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن گۇڭشېمىزنىڭ سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولدۇم. ھەتتا بۇنىڭغا ھازىردىن باشلاپلا كىرىشىپ كەتتىم.

ھامۇت بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارلىقىنى چاندۇرۇپ سۇس ھىجىيىپ قويدى. ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىمۇ ھېچقانداق ئەجەبلىنىشنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ گۇلئايىم، سىز بۇ ئىشلاردىن قول ئۈزۈشىڭىز لازىم، سۇ ئىنشائاتىنى بىلىشىڭىز نېمىشقا سىزنى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىشلەتمىدى؟ ئىبراھىم، قۇتلۇق دېگەنلەر تېگىدىن يەر ئىسلاھاتىدا چېنىقىپ شوئار توۋلاپ رەھبەر بولۇپ قالغان كىشىلەر بولۇپ، سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان دەپ قويسا، راستتىنلا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ، دەپ ئىشىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، گۇڭشېمىز يىراق

جاي. بۇ يەرگە كەسىپ بىلىدىغان ئادەملەر ئاز كەلگەنلىكتىن،
"تۆردە ئىمام يوق ئىكەن، مەن دەرھال ئابدۇراخمان بولۇۋالاي"
دەپ خىيال قىپسىز-دە؟ — ھاموت مەندىن كۆزىنى ئېلىپ كۈلۈپ
قويدى، موخۇركىسىنى قاملاشتۇرۇپ ئورىيالمىغانلىقتىن، يەنە قەغەز
يىرتىپ موخۇركا ئورىغاچ ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن ئۇ ياقتىن
بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىزگە نىسبەتەن
تولىمۇ پايدىلىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ئۆتۈشنى مەسئۇل خادىمغا
خاس بولغان بۇرچۇم دەپ تونۇيمەن. ئەگەر سىز ۋەزىيەتنى توغرا
مۆلچەرلىسىڭىز، 1975-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن تارتىپ
ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتقان "ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش"،
"خەلق ئىگىلىكىگە يېڭىباشتىن قاراپ چىقىش" قاتارلىق پىكىر
ئېقىمىنىڭ پەقەت غوۋا، ئۆتكۈنچى، بىرپەسلىك تۇمان ئىكەنلىكىنى
چۈشىنىۋالالايسىز. بىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىنشائات بىلەن شۇغۇللى-
نىش ئاللىقاچان ئاياغلاشقان ماۋزۇ! بىزگە ھازىر ئەڭ كېرەك
بولۇۋاتقىنى ئىدىيە ۋە قوشۇن ئىنشائاتى. سىز چۈشەپ يۈرگەن
دامبىلىرىڭىز، ئېرىق-ئۆستەڭلىرىڭىز بىرنەچچە يىل ھەتتا بىرنەچچە
ئون يىل بىر چەتتە تۇرۇپ قالسىمۇ مەيلى، سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى
بولۇۋاتقىنىمنى چۈشىنىۋاتسىڭىز كېرەك، ھازىر ئەڭ مۇھىم بولۇۋات-
قىنى — يېڭىچە شوئارغا ماسلىشالايدىغان ئىنقىلابىي قوشۇن!
— سىز بىلەن مېنىڭ ئەتراپىمدا ياشاۋاتقان ئاممىنىڭ ئويلاۋات-
قىنى سىز دېگەن سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. مەن، سىز تۇرۇپ تۇرسا
مەيلى دەۋاتقان ئىنشائاتلارنىڭ ھازىر تازا زۆرۈر بولۇۋاتقىنىنى
سېزىۋاتىمەن...
— بۇ، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ سېزىمى، — دېدى ئۇ

مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى يېقىمسىز ئىدى، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى موخۇركا ئىسلىرى ئارىسىدىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى، — سىز مېڭىسى قېتىپ قالغان كىشىلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ دەۋردىن كۆپ كېيىن قاپسىز. ھازىرقى دەۋرگە، ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە قانداق ماسلىشىش ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرۇشىڭىز لازىم...

مەن بۇ يەردە رىھىم جۈيجاڭدىن يەنە بىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمغا شەك كەلتۈرمىدىم. بەلكى بۇ كىشى نەزىرىيە جەھەتتىن رىھىمدىن پىششىقراق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

— سىز گۇڭشېنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كىشىمسىز. شۇنداقتىمۇ ئۇچۇق سۆزلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىڭىز ئۆزىڭىزگە ياققىنى بىلەن ماڭا ياقمايۋاتىدۇ. ئەگەر سىز ئامما ئىچىگە بارغان بولسىڭىز، ئۆز كەسپىنى ئىشلەپ، سۇ ئىشلىرى ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىش گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالغان بولاتتىڭىز. مەن ئۆزۈم سۆيگەن خىزمىتىمنى قىلىۋېرىمەن.

— ئىختىيارىڭىز، بىراق سىز خۇددى ناھىيىدە رىھىم جۈيجاڭنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكىنىڭىزگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ مېنىڭ نەزىرىمدىن چۈشۈپ كېتىسىز. بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىسىڭىزلا بولىدۇكى، سىز ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز، سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز قاراڭغۇ بولىدۇ، خالاس.

مەنمۇ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىدىم:

— نېمىشقا يولداش ھامۇت، سىزمۇ رىھىم جۈيجاڭغا ئوخشاشلا، مەن قوشۇلمىسام ھېچنېمە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ دەپ ئويلامسىز؟ سىلەر

ئىمشقا پارتىيە تەشكىلاتى، خەلق ئاممىسى بارلىقىنى يادىڭلارغا ئالمايسىلەر؟

ئۇ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، زىناق مۇسكۇللىرى لىپىلداپ كەتتى. سەل جىملىق-تىن كېيىن ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا بىۋاستە جاۋاب بەرمەي:

— بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ نېمىشقا ئۇنداق ياكى بۇنداق بولۇۋات-قانلىقىنى گەپ-سۆز ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ توغرا جاۋابىنى ئەمەلىيەتتىن تېپىۋالىسىز، — دېدى، — ھازىرچە، مېنىڭ مەسلىھىتىمگە كىرىپ رادىئو پونكىتىدا ياكى تەمى-نات-سودا كوپېراتىپىدا ئىشلەڭ. قايسىسىنى خالىسىڭىز ئەڭگىچە ئويلىنىپ ئىلتىماس يېزىپ، توپتوغرا ماڭا تاپشۇرۇڭ. قالغىنىنى ئۆزەم توغرىلايمەن، كېيىنچە بىزدە مەخسۇس يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلماقچى...

— مەن دەريانى تىزگىنلەش ئۈچۈن قۇرۇلۇش لايىھىسى تەييارلاۋاتىمەن، — دېدىم، نېمىشقىدۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن. بۇ سۆزنى ئېيتقىنىمدا پەخىرلەنگەندەك بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە ئىدىم، — مېنىڭ شتاتىممۇ سۇ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، رادىئو پونكىتىدا ياكى سودا كوپېراتىپلىرىغا تەقسىم قىلىنىشنى كۈتۈش ئەمەس!

— ئوھوي، قالتىسكەنغۇ؟ — ھامۇت ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپنى تاسادىپ ئاڭلاپ قالغاندەك ئەجەبلىنىپ قارىدى. كېيىن مەسخىرە بىلەن، — سىز كاتتا ئىش قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— كاتتا، قالتىس ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. مەن "كاتتا"،

"قالتىس" توغرىسىدا ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن...

— ئويلاش كېرەك، ھەممە نەرسە، ھەممە ئىش توغرىسىدا ئويلاش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىناۋەتلىك، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولىسىز.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم باشقا. — مەن سەل ھاياجانلىناتتىم. شۇڭا ھامۇتقا يان بەرگىم كەلمىدى، — مەن قىلماقچى بولغان ئىشلار گۇڭشېمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قەد كۆتۈرۈشىدە ئاز-تولا پايدىلىق رول ئوينايدۇ دەپ تونۇيمەن. ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئۆتمىسە نېمە بوپتۇ، ئۇ خەلقنىڭ نەزىرىدىن ئۆتىدۇ.

— ئارزۇ! — دېدى ھامۇت پەرۋاسىزلىق بىلەن، — بىز جاپاغا چىداپ ھېچقانداق ئىنشائاتلارسىزمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىۋېرىمىز. چېلەك، سوغىلار بىلەن ھەتتا ئۆرىق، چەينەكلەر بىلەن سۇ توشۇپمۇ زىرائەتلەرنى سۇغىرىۋەرگەنمىز. زۆرۈر تېپىلسا بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلالايمىز.

مەن بىر رەھبەرنىڭ ئاشۇنداق سۆز قىلىشىنى كۈتمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھېجىيىۋاتقان يېقىمسىز، سوغۇق، كۆرەك تەلەتىگە تىكىلىپ قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ بارغانسېرى كۆزۈمگە يىرتقۇچ ھايۋاندەك، ھېجىيىشلىرى چىشىنى ئىرجايتىپ تۇرغان كېلەردەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەن مۇشۇنداق ئادەم بىلەن ۋاقتىمنى زايا قىلىپ سوزلىشىپ ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن خورلىنىش ھېس قىلدىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ قاراپ قېلىشىمنى ۋە گەپ قىلمىغىنىمنى ئۆزىچە، ئۆز سۆزلىرىنىڭ تەسىر قىلغىنى، دەپ چۈشەندىمىكىن، بىرىپ ئۇستىلىنى "سافا" قىلىپ، پۇتىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ پەلسەپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ھەممە ئادەم مېڭىۋاتقان يولدا مېڭىش! مۇبادا بەك ھاياجانلىنىپ كەتسە-ڭىز، سەل ئالدىغىراق ئۆتۈۋالسىڭىزمۇ بولار. لېكىن ئەتراپىڭىزغا قاراپراق مېڭىڭ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە پىيادىلەر بىلەن پىيادە ئەمەسلەر تەڭ ماڭغىنى بىلەن پىيادە ئەمەسلەر يول باشلاپ ماڭىدۇ. بىزدەك رەھبەرلەر پىيادە ئەمەسلەر قاتارىغا كىرىمىز. سىز پىيادە ئەمەسلەر بىلەن ئىلاجى بار ماسلىشىپ مېڭىڭ. شۇ چاغدا، ماڭغان يولىڭىز ئاۋۇيدۇ، جاپاسىزراق بولىدۇ. ئۆزىڭىز پىيادە تۇرۇپ پىيادە ئەمەسلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسەڭ دېسىڭىز بىزدە پەيدا بولغان ھەرقانداق ھېسداشلىقتىن مەھرۇم قالىسىز.

ھامۇت بۇ قېتىم سۆزلىگىنىدە ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ھېجىيىپ كۈلمىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقان چىرايىنى پات-پات مەندىن قاچۇرۇپ ئۇ ياق، بۇ ياققا تۇرۇۋالغاندەك قارايتتى. سۆزدىن توختىغاندا، يەنە دېرىزە ئۆيۈقچىسىدىكى گېزىتتىن يىرتىپ موخۇركا ئوراشقا تۇتۇندى. مەن ھامۇتنىڭ كۆز قاراش، مەسىلەك جەھەتتىن رېھىم جۇيجاڭ بىلەن ئوخشاش بولۇپلا قالماي، تەڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئىشىم توغرىسىدا رېھىمدىن مەخسۇس پىكىر ئالغانلىقىنىمۇ پەملىدىم. ئۇ كەچكىچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ مېنى سۇ ئىشلىرىنى قىلىشتىن ۋازكەچتۈرمەكچى بولۇشى ئاساسىي مەقسەت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

— سىز يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گوڭشې رەھبىرى تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياخشىلاشنى قوللىمىسىڭىز توغرا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ھامۇتنىڭ چىرايىدا يەنە كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ مېنى مازاق
قىلغاندەك:

— قويۇپ بەرسىڭىز، ئاغزىمدا بىر قوللاشقا باشلىسام
ھەيرانمۇ بولۇپ قالسىز، — دېدى ۋە يەنە ئورنىدىن تۇردى، —
لېكىن مەن سۆزلىرىمنى ۋىجدانىم ئۈچۈن تارازا دەپ قارايمەن.
شۇڭا سۆزۈم بىلەن ئەمەلىيىتىمنىڭ بىردەك بولۇشىغا ئېتىبار بېرى-
مەن. شۇ سەۋەبتىن سىزنى ئۆز خام خىياللىرىڭىزدىن ۋازكېچىڭ
دەۋاتىمەن. بىز ھازىر چەكلىك مەبلەغ بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ
بارالمايمىز. بەلكى بىز شۇنىڭغا تايىنىپ ئىنقىلاب قىلىمىز. بۇ
ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارىمىز، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا كېڭەي-
تىمىز. گۇڭشېدا تۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتنى ئويلاش، پۈتۈن دۇنيانى
كۆڭلىمىزگە پۈكۈش دېگەن شوئارنىڭ مەنىسى شۇ! شۇڭا يولداش
گۈلنايىم، بىز ھازىر سىياسىي بىلەنلا، تەشۋىقات بىلەنلا شۇغۇل-
لىنىشىمىزغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئىشلەپچىقىرىش،
سۇ ئىنشائات دېگەنلەرنى مېڭىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ. لايىھە-پايىھە-
ڭىزنى قويۇپ بىزنىڭ تەشۋىقاتچىمىز بولۇپ رادىئو پونكىتىغا چىقىڭ.

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، لايىھە تۈزۈشنى پارتىيە تەشكىلاتى
تاپشۇرغان ۋەزىپە، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — پارتىيە
مېنى قوللايدۇ.

— ئۇنداقتا مەندىن ئاغرىنىپ قالماڭ، — ھامۇت مېنىڭ ئورنۇمە-
دىن تۇرغۇنۇمنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قوزغالدى، — مەن بىكاردىن-
بىكار سىزگە ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن دەپ بىر
سائەتتىن ئارتۇق ۋاقتىمنى سەرپ قىلىۋېتىپتىمەن. سىز پارتىيە
مېنى قوللايدۇ، دەپ قالدىڭىز، بۇمۇ بولىدىغان گەپ، لېكىن ھازىر

ئىنقىلابىي كومىتېتىن ئىبارەت قانۇنلۇق ئورگان هوقۇق يۈرگۈزۈ-
ۋاتىدۇ. ئەنە شۇ ئورگاندا مەن ئۆز سۆزلىرىمنى ئۆتكۈزەلەيدىغان
بىر رەھبەر، سىز مېنىڭ نەسىھەتلىرىمنى نەزەرگە ئالمىدىڭىز.
سىز ئىشەنگەن ئىبراھىم ۋە قوتلۇقلارنىڭ قانچىلىك ۋاقىت شۇجى
بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى خالىسىڭىز ئىنىق كۆرسىتىپمۇ بېرەلىگەن
بولاتتىم...

مەن ئاچچىقىم كەلگەن ۋە كۆڭلۈم غەش بولغان هالدا ئۇنىڭ
ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم. ئۇنىڭ: "هەي ئەقلى قىسقا زىيالىي
خوتۇن، سەن ئۆزەڭنى سۇ قۇرۇلۇشى قىلىشقا لايىق يارىتىلغان دەپ
ئويلامسەن؟" دېگەن غودۇڭشىشلىرى ئاڭلاندى. ئەمما، ئۇنىڭ يەنە
نېمىلەرنى دەپ بىلجىرلايدىغانلىقىنى تىڭشاپمۇ تۇرماي، ياتىقىم
تەرەپكە قاراپ كەتتىم.

ئاسمان بوشلۇقى سۇرلۇك هەم سۈزۈك ئىدى. هەددى-ھېساب-
سىز يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى. سوغۇق شامال قۇرۇغان،
يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ يۇزۇمگە مۇز-
دەك تېگەتتى ۋە ئاياغىقا ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن ياتىقىمغا خۇددى
باغچىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن كىشىلەردەك ئاستا قەدەم تاشلاپ،
هاموتنىڭ سۆزلىرىنى قايتا يادىمغا كەلتۈرۈپ ئۇنى مۇلاھىزە قىلغاچ
كېتىپ باراتتىم. كۆڭشېدىمۇ بىر كۆشەندە پەيدا بولغىنى، يەنە
كېلىپ بۇ كۆشەندىنىڭ ئەمەلىي هوقۇقى بار رەھبىرىي خادىم ئىكەن-
لىكى مەن ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلارنى ھېلىتىنلا ئالدىمغا دوق قىلىپ
قويۇپ تەھدىت سالماقتا ئىدى. مەن يەنە يولنىڭ ئىككى چېتىگە
قويۇلغان، ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تۇۋرۈكلەردەك قەد كۆتۈرۈپ
ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئاسمان بوشلۇقىغا

تىكىلدىم. يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارىسىدىن ھامۇتنىڭ مەسخىرىلىك ھېجىيىش قاپلىغان سۆرۈن، يېقىمسىز تەلەتتى مېنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى...

## 4

ئىككى كۈندىن كېيىن ئەتىگەندە ياتىقىمنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاھاپ ئاكا كىرىپ كەلدى. ئۇ خىلىغىچە تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ ئولتۇردىيۇ، نېمىشقا كىرگەنلىكىنى بىلىندۇرمىدى. مېنىڭ سېزىشىمچە، ئۇ نېمىدى-دۇ خىجالەت بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ كىشى 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. چېچىنى ئۇستۇرىدا ئالدۇرغانلىقى بىلىنەتتى، ساقىلىنى تازا ئۆستۈرۈپ قىرسا كېرەك، ھەمىشە ئۆسۈك ئىدى. چاچ ۋە ساقىلىنىڭ يېرىمى ئاقارغانلىقىغا قارىماي، پۈتۈنلەي دۈمچىيىپ بوۋايلاردەك ماڭاتتى. بەلكىم ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىنى كۆز پەسلىدىكى قارا قوچقاچقا ئوخشاتسا كېرەك، كىشىلەر ئۇنى "قاراغوجا" دەپ ئاتىشاتتى. ۋاھاپ ئاكا بۇ نامدىن خاپا بولمىغىنىغا ئوخشاش، خۇشالمۇ بولمايتتى، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئاڭلىغاندىكىدەكلا مۇئامىلە قىلاتتى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇ ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خوشلۇق بىلەن ئورۇنلايدىغان ۋەزىپە قايسى، خۇش ياقماي بېجىرى-دىغان ئىش قايسى، زادىلا بىلىندۈرمەيتتى. ئۇ ماڭىمۇ نورمال، رەسمىيەت بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى، ياتىقىمغا بولسا تېخىچە كىرىپ باقمىغانىدى. شۇڭا مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ تۇراتتىم. بىرھازاغىچە نېرى-بېرى گەپلەرنى قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزگەندىن

كېيىن، ئۇ بىرنەرسىنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دېگەندەك قىلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، ھېچ نەرسە دېمەي چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ــ نېمىشقا كىرىۋېدىڭىز ۋاھاپ ئاكا؟ ــ سورىدىم مەن، ئۇ ئىشىك يېنىغا بارغاندا، ــ بىرەر ئىش بىلەن كىرگەن بولسىڭىز ئېيتىۋېرىڭ. مۇنداقلا بىر كىرىپ چىققاي دېگەن بولسىڭىز بىرئاز ئولتۇرۇڭ، ھازىرلا چاي دەملەيمەن، بىللە ئىچىمىز.

ئۇ قولاقچىسىنى بېشىنىڭ چوققىسىدىن كەينىگىرەك سۈرۈپ قويۇپ، ماڭلىيىنى ئۇرۇنسىز تاتىلاپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ قاراپ تۇراتتىم. ئاخىرى ئۇ ماڭا يېرىم بۇرۇلۇپ كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن ئامالسىزلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈشكە بولاتتى.

ــ ئەسلىدە مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇتنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ قوياي دەپ كىرگەنىدىم. قارىسام بۇ گەپلەرنى ئېيتىش بىئەپ بولۇۋاتىدۇ.

ــ نېمە گەپ ئىدى؟ ئېيتىۋېرىڭ.

ئۇ ماڭا تولۇق بۇرۇلۇپ قاراپ مۇنداق دېدى:

ــ ھامۇت ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە بارغانىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن سائەت 8 دىن باشلاپ سىزنىڭ كۆڭۈشىي ئىدارىسىگە تەۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىقىغا چىقىشىڭىزنى ئۇقتۇرۇپ قوي دېگەن. كۈزگى بۇغداي توپىلاشقا قاتنىشىدىكەنسىز...

مەن سائەتكە قارىدىم. ھازىر، ھامۇتنىڭ بەلگىلىگەن ۋاقتىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ــ نېمىشقا ئۆز ۋاقتىدىراق ئۇقتۇرۇپ قويمىدىڭىز؟ ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئېيتىشتا قىينىلىپ كەتكىنىنى چۈشىنەلمەي، ــ بۇغداي توپىلاشقا قاتنىشىدىغان ئىش بولسا، مەنمۇ ھەممەيلەننىڭ

قاتارىدا قاتنىشىشىم كېرەك - تە؟

ۋاھاپ ئاكا يېقىمسىز كۈلدى - دە:

— سىز، كادىرلار ئۈپچى قاتنىشىدىغان بۇغداي توپلاش ئەمگىكى دەپ چۈشىنىۋاتىسىز، — دېدى كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ، — بۇندىن كېيىن سىز ھەر كۈنى گۈڭشې ئەزالىرى بىلەن بىللە ئەمگەككە قاتنىشىدىكەنسىز. ھامۇتنىڭ تاپىلىشىچە سىز گۈڭشېدا رەسمىي خىزمەتكە كىرىشىشتىن ئىلگىرى بىرمەزگىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، چېنىقىش جەريانىنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈشىڭىز لازىم ئىكەن، بۇ شۇنىڭ پىكرى، — ئۇ شۇنداق دەپلا مېنىڭ نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشۇمنىمۇ كۈتمەي، ناھايىتى تېز بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇ يېڭىلىققا نىسبەتەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بولغاندا، مەن ئەمدى ھەرقانداق لايىھە-پايىھەلەر توغرۇلۇق ئويلىيالمايدىغانلىقىمنى، لايىھە ئىشلەش ئۈچۈن ھېچقانداق تەكشۈرۈشلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ھامۇت مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر بېرىپ مېنى ئىشتىن چەتلەتمەكچى ۋە ئۆزى دېگەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاپ، تەشۋىقاتى ئۈچۈن كانايچى بولۇشقا قىستىماقچىمۇ؟

ئاشۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ چاي ئىچتىم. مەن نان چايناپ چاي ئىچىۋاتامدىمەن، ياكى نان مېنى چايناپ، چاي مېنى ئىچىۋاتامدۇ، بىلمەيتتىم. پىكىرلىرىم گادىرماشلىشىپ بۇ ئۇقتۇرۇشقا قارىتا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش توغرۇلۇق ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدىم.

ھامۇتنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىجرا قىلمىسام بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ "بۇغداي توپىلاش" دېگەن ئاجايىپ ئەمگەكنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇۋاتقاندا، بۇنداق پەسىللىكى مۇھىم بولغان ئالدىراش ئەمگەكنى قىلماي، باشقا ئىش بارلىقىنى، لايىھە تۈزمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولسام، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ باھانە بولۇپ بېرەتتى. ھامۇتقا ئوخشاش كىشىلەر مېنى گۇڭشېغا كېلىپلا كىبىرىسىنى كۆرسەتتى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش پەيتىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمگەككە قاتنىشىشتىن باش تارتتى، ئەمگەكنى پەس كۆردى دەپ چۇقان سېلىپ گەپ تارقىتىشى كۆرۈنۈپلا تۇرغان گەپ ئىدى. بۇرۇن، مەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدىلا، ئاشۇنداق ئادەملەر بىز زىيالىي ياشلار ئۈستىدە ھە دېسىلا ئاشۇنداق گەپ تېپىپ يۈرىدىغانلىقى يادىمدىن چىقمىغانىدى. ئەمما، ھازىر ھامۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى قىسقا، بىرئاز ۋاقىتقىلا سوزۇلىدىغان ئەمگەككە قاتنىشىش بولماستىن، ئۇنىڭ ئۆزى ماڭا يەتكۈزگىنىدەك، "بىرمەزگىل چېنىقىش" بولۇپ، مەن يەنە "ئىشتىن ئايرىلمايدىغان دېھقان"غا ئايلىنىپ كەتسەم، دەريانى تىزگىنلەيدىغان لايىھە ئىشلەپ چىقىشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشۈمگە توغرا كېلەتتى.

مۇشۇ چاغدا يەنە گۇڭشېدا قۇتلۇق شۇجى يوق، ئۇ قايسىبىر دادۈيگە كەتكەن بولۇپ، ئەھۋال ئېيتىشىنىڭمۇ ئامالى يوق ئىدى. مۇبادا ئۇ بولغاندىمۇ، بىر رەھبەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىنى توغرا بولمىدى، دەپ يەنە بىرسىگە سۆزلەپ يۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەستەك، چېقىمچىلىق بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۈچۈن شۇ تاپتا مۇھىم بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقىنى شۇ ئىدىكى، ماڭا يەتكۈزۈلگەن ئورۇن-لاشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ قارارىمۇ ياكى

ھامۇت بىر شەخسنىڭ ئۆزىچە چىقارغان قارارىمۇ، بۇنى بىلمەيتتىم. بۇنداق پەيتلەردە ھەر ئىككى ئېھتىمالنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ئۇيلا - ئۇيلا، مەن ھازىرچە ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن بۇغداي توپىلاش ئەمگىكىگە قاتنىشىۋەرمەكچى بولدۇم. بۇغداي توپىلاش تۈگىگىچە قۇتلۇق كېلىپ قالار، ئۇ مېنىڭ نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالار، ياكى ئۆزەمدىن سوراپ قالار دېگەن يەرگە كەلدىم.

قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ سىرتقا چىقتىم. گەرچە بۇغداي توپىلايدىغانلىقىم ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، نەدىكى بۇغداينى توپىلايدىغانلىقىمنى، كىملەر بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلىقىمنى بىلمىگەچكە، ئاۋۋال ئامبارغا بېرىپ ئۇ يەردىن كەتمەن ياكى قاپ ئالماقچى بولدۇم. مەن ئۇچۇن تېخى ئېنىق بولمىغان ھېلىقىدەك سوئاللارغا ئامبارچى ئىگەمبەردى جاۋاب بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ ئامبارچى پاكار بويلۇق، ۋىجىك، قارامتۇل كەلگەن، مەن بىلەن بىر دېمەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چېچەك ئىزى قالغان يۈزىدىكى كىچىككىنە كۆزلىرى ھەمىشە كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سۆز قىلسا ۋارقىراپ سۆزلەيتتىيۇ، ئاۋازى ئاياللارنىڭكىدەك چۇڭقۇلداپ چىقاتتى. باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا تارتىنىپ يۈرمەيتتى، باشقىلارنىڭ سۆزلىرى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئارىلىشىۋالاتتى ۋە بەزىدە دەككە يېسە خىجىل بولمايتتى. مېنىڭ ئۇ بارمىدۇ، يوقمىدۇ دېگەن ئەندىشەم بىكار بولۇپ چىقتى. ئامبارچى ئىگەمبەردى ئىشكىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ مېنى كۆرۈپ چېچەك ئىزى قالغان قارامتۇل يۈزىدىكى ئۆسكىلەڭ

ساقاللىرىنى ئاتىلاپ قويۇپ:

— كېلىڭ گۈلئايىم، مەن سىزنى كۈتۈپلا تۇرغانىدىم، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ، — 80 مو كۈزگى بۇغداي ئىككىمىزگە كۆتۈرە قىلىندى. مەن توپا ئۇسۇپ بېرىمەن، سىز قاپتا توشۇيسىز.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئامبىرىنى ئاچتى-دە، مەن يېقىنلاپ كېلىپ بولغۇچە، خېلى بالدۇر تەييار قىلىپ قويغان بولسا كېرەك، بىر تاغارنى مېنىڭ پۇتۇم ئاستىغا تاشلىدى ھەم ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىشىدا كەتمەن كۆتۈرۈپ چىققاچ ئىشىكنى قۇلۇپلىدى.

— كۆتۈرە بېرىپتۇ-دە ئىككىمىزگە؟ — سورىدىم مەن ئىككىمىز دەرۋازىدىن چىقىپ بۇغدايلىق تەرەپكە ئاپىرىدىغان يولغا چىققاندىن كېيىن، — ئۇنداق بولغاندا بىر قول ھارۋىسى تېپىپ ئىككىمىز تەڭ ئۇسۇپ، تەڭ تۆكۈپ، بىرلىكتە چاچساق تېز تۈگىمەمدۇ؟

— "كۆتۈرە" دېگەن سۆزنى مەن قوشۇپ قويدۇم، — دېدى ئىگەمبەردى تۆت تەرەپكە ئەنسىز قاراپ قويۇپ، — "كۆتۈرە" دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭىز؟ مۇئاۋىن مۇدىر سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى، مېنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمنى ئاتايىن تاپىلاپ قويدى دەڭا؟ كېيىن ئۆزى كېلىپ تەكشۈرمەكچى بولغانلىقى ھەممىدىن قالتىس تېخى!

— بۇ يەر گۈڭشې ئىدارىسىغىلا تەئەللۇقمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— شۇنداق بولمايچۇ؟ — ئىگەمبەردى جاۋۇلداپ چۈشەندۈردى، — گۈڭشېدا 80 كادىر بار. ھەربىرەيلەنگە بىر مودىن توغرا كېلىدۇ. قۇتلۇق ئاكا، ۋاھاپ قاراغوجىلاردىن باشقا رەھبىرىي

كادىرلار غوجا كۆردى ئۈچۈن قولىنىڭ ئۈچىدا تېرىغاندا بىر قېتىم، ئورمىدا بىر قېتىم قاتنىشىپ قويىدۇ. پەرۋىشىگە بىزدەك كادىرچاق دېھقانلار ئىگە، — ئۇ كۆلۈپ قويۇپ مېنىڭ ئىنكاس بىلدۈرۈشۈمگە قاراپ توختاپ قالدى. مەن گەپ قىلمىغانلىقتىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئورمىسىنى ئورۇپ، خامىنىنى ئېلىپ، چەشنى دۆۋىلەپ تەييار قىلغاندا، چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى "ئەمگەككە قاتنىشىش نورمىسى" دەپ بۆلۈپ بېرىدۇ. بۇ "بىر قىسمى" دېگىنى زادى قانچىلىك، ئىنىس-جىن بىلمەيدۇ. كادىرچاق دېھقانلار 30-40 جىڭدەك بىرنېمە ئالىمىز...

بىز ئېتىز قىرىغا كەلگەندە ئۇ ئىش ۋاقتى ۋە تەقسىماتىنى ئېلان قىلدى:

— ئىشقىلىپ، ھەر كۈنلۈك ئىش سائىتىمىز، سىزنىڭ ئون سائەتتىن، مېنىڭ سەككىز سائەتتىن كەم بولماسلىقى كېرەك ئىكەن. بۇ ناھەق تەقسىماتقا مەن سەۋەبچى ئەمەس، يولداش گۆلنايىم. ئوقتۇرۇشچە، مەن ئامبارچى بولغانلىقىمدىن سىزدىن ئىككى سائەت كەم ئىشلەيدىكەنمەن. مۇبادا مەن ئىش ئارىلىقىدا ئامباردىن باشقىلارغا نەرسە-كېرەك ئېلىپ بەرگىلى كېتىپ قالسام شۇنداق بولىدىكەن، ئۇنداق بولمىسا سىزگە ئوخشاش ئون سائەت بولۇۋېرىدىكەن. بۇ، تورغاي چۇۋ-چۇۋلىماستا "دولقۇن"غا چىقىپ ئىشلەپ، بىرىنچى باش توخۇ چىللىغاندا "سەكرەش"تىن ياندىغان گۆڭشې ئەزالىرىغا قارىغاندا ھەسسە-ھەسسىلەپ ئېتىبار بەرگەنلىك بولىدىكەن...

— شۇنداق، — تەستىقلىدىم مەن راستىلىق بىلەن، — گۆڭشې ئەزالىرىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن راھەت.

ئىگەمبەردى ماڭا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ:

— بىراق، بۇ 80 مو ئىككىمىزگە ئېغىرلىق قىلىدۇ- دە؟ بۇ يەردە ھەممەيلەننىڭ ھەسسىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، — دېدى.

"ماشا قارىتىلغان تەدبىر" دەپ بىلىدىم ئىچىمدە. لېكىن ئىگەمبەردىگە ھېچ نەرسە دېمىدىم.

بىز ھايالسىزلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. بۇغدايلىقنىڭ چېتىدىكى بىر بوشلۇققا چېقىۋېتىلگەن كونا ئۆيلەرنىڭ توپىسى دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئىگەمبەردى چوڭراق چالمىلارنى چوقۇپ يۇمشىتىپ تاغارغا ئۇسۇپ بېرەتتى، مەن دېماقنى ئېچىشتۇرىدىغان بۇ ئاچچىق توپىنى ھەممە ئايال ئەزالارغا ئوخشاشلا ئۆشنەمدە يۇدۇپ ئاپىرىپ بۇغدايلىققا توشۇيتتۇم. مەن بۇنداق تاغار كۆتۈرۈش ئىشلىرىنى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ كۆپ قىلغانلىقتىن، ئېغىر تۇيۇلمايتتى. ھەتتا، بەزى كۈنلىرى ئىگەمبەردى ئامبارغا چاقىرتىلىپ كېتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن كەتمەننى ئېلىپ توشۇلۇپ بولغان توپىلارنى تەكشى، بىر خىل قېلىنلىقتا بۇغداي مايسىلىرى ئۈستىگە چاچاتتىم...

ئىككى- ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تاماكىسىنى لەۋلىرى ئارىسىغا قىسىۋېلىپ، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ مۇئاۋىن مۇدىر كېلەتتى. ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك ئىگەمبەردى ئامبارغا كېتىپ قالغان چاغدا كېلەتتى. مەن قىسقا سالاملىشىپ قويۇپلا باش كۆتۈرمەي ئۆزەمنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرەتتىم. گەرچە ئېنىق كۆرمىگەن بولسامۇ، ئۇ مەندىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرىدىغانلىقىنى، مەندىن سۆز كۈتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ مېنى ئاۋۋال يالۋۇرسۇن دەپ سەۋرچانلىق بىلەن چىدىدى، بىراق مەن ئۇنىڭغا يېلىنمىدىم ۋە بۇغدايلىق تاما- مەن توپىلىنىپ تۈگىگىچە كۆرسەم سالاملىشىشتىن نېرى ئۆتمىدۇم.

ئۇنىڭ بارغانسېرى ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى، ماڭا يەپ كەتكۇدەك قارايدىغانلىقىنى كۆرگىنىمدە ئىچىمدە كۇلگۇم كېلەتتى.

بۇغداي تورپلاش تۈگىگەندىن كېيىن، مېنىڭ كۇتكىنىمگە قارشى ھامۇت مېنى يەنە گۇڭشې ئىدارىسى ھويلىسىدىكى كېلەر يىللىق كۆكتات تېرىلىدىغان سەيلىككە ئوغۇت يۆتكەشكە ئورۇنلاشتۇردى. كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارىنىڭ قاراۋۇلى، تۈگىشونيۈەنى (خەۋەرچىسى)، ئامبارچى قاتارلىقلارمۇ ئۆزلۈكىدىن ياردەم بەرگەچكە، ئىككى-ئۈچ كۇندىلا تۈگىتىپ قويدۇق. بۇ مەزگىلدە ھامۇت داۋالىنىمەن دەپ ناھىيىگە كىرىپ كېتىپ ئىداردە كۆرۈنمىدى. مەن رەسمىي لايىھىلەش ئىشىنى باشلاشتىن ئاۋۋال قۇتلۇق بىلەن ئېنىق ۋە رەسمىي كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۆرىيىتى بار دەپ تونۇغانلىقىمدىن، ئۇنىڭ گۇڭشېغا قايتىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇڭا قىلىدىغان باشقا ئىشىم بولمىغانلىقتىن، سومكامغا سېلىپ ئالغاچ كەلگەن چەت ئەلنىڭ ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرى بېسىلغان ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سۇ ئىشلىرىغا ئائىت كىتابلىرىنى كۆرۈپ كۈننى كەچ قىلىدىغان بولدۇم. زېرىككەندە پاراڭلاشقۇدەك كىشى يوق ئىدى، ئادەتتە تاماقنى گۇڭشې ئىدارىسى يېنىغا ئورۇنلاشقان دوختۇرخانىنىڭ ئاشخانىسىدىن يەيتتىم-دە، دەرۋازىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىشخانىلارنىڭ بىرسىنى ئاجرىتىپ راسلاپ بېرىلگەن كىچىككىنە ياتىقىمغا تىقىلىپ سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. بەزىدە گۇڭشې تېلېفون ئاپپاراتىنىڭ باش تەقسىملىگۇچىسى گۇلباھار كىرەتتى، ئەھۋال سوراپ قوياتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇنراق ئولتۇرالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى، ئۇ ھەر مىنۇتتا ناھىيىدىن گۇڭشېغا ياكى دادۈيلەرگە تېلېفون ئۇلاپ بېرىشى

كىرەكلىكىنى ئېيتىپ، مېنى چىقىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلاتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە بولۇپ، كېچىكپىرەك تۇردۇم. ئەتىگەنلىك چاي ئىچەي دەپ ئولتۇرغىنىمدا ھامۇت كىرىپ كەلدى.

— سالام گۈلنايىم، — دېدى ئۇ تەكلىپ قىلىشنى كۈتمەيلا بىر تۇرۇندۇقنى تارتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئەھۋالىڭىز قانداق، سالامەت تۇرغانسىز؟

— سالامەت تۇردۇم، قېنى چايغا كېلىڭ، — دېدىم مەن ساھىپخانىلىق بۇرچۇم بويىچە سىلىق ئىپادە بىلدۈرۈپ.

ئۇ ئالدىغا قويغان پىيالىنى قولىغا ئالماي، ئۇشتۇپ قويغان زاغرا نانغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالماي تاماكا ئۇراشقا باشلىدى.

— ئاخشام كەچ كەلگەنىدىم، كېلىپلا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سۈرۈشتۈردۈم، ھەممەيلەن بىردەك ئىپادىڭىزنى ياخشى، غەيرەتىڭىزنى يۇقىرى دەپ تونۇشتۇردى.

مەن ئۈنچىقمىدىم، ئۇنىڭ ھەجىيىشلىرى ئاستىدا قاچىغا چاي قۇيدۇم (مېنىڭ بىساتىمدا بىرلا پىيالەم بار ئىدى). ئۇنىڭ خۇشال بولۇشى نېمىشقىدۇ ماڭا ياقمىدى، گويا ئۇ ناھىيىدە چوڭ بىر پايدىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۇتتۇۋالغاندەك پۇتىنى لىڭشىتىپ، ماڭا يۇقىرىدىن نەزەر سېلىپ ئولتۇراتتى.

— ئۆزىڭىزنىڭ تەسىراتلىرىڭىز بىلەن تونۇشتۇرۇپ باقامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

مەن ئۇنى بىرپەس ساقلىتىپ، چايناۋاتقان نېنىمنى يۇتۇپ بولۇپ، ئۈستىگە بىر ئوتلام چاي ئىچىپ ئاندىن جاۋاب بەردىم:

— قاپ يۇدۇش، ئوغۇت توشۇش دېگەن ئىشلارنى مەن قىلىپ

كۆنگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممە گۈگۈشىپ ئەزالىرى شۇنداق ئىشلەۋاتىدۇ. مەندە سىز كۈتكەن تەسىرات يوق!

— ھەببەللى، — دەۋەتتى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — سۇ ئىشلىرىمۇ شۇنداق، يولداش گۈلنايىم. ھەممە گۈگۈشىپ ئەزالىرى سۇ بولسا تىرىكچىلىك قىلىدۇ، بولمىسا ئاسمانغا قارايدۇ، ئۇمۇ بولمىسا ئىنقىلاب مەنپەئىتى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدۇ. كەلگۈن بولۇپ قالسا، سۇ باسقان يەرنى تاشلايدۇ، ئۇرۇق بېرىلسە سىپىدۇ...

— بۇ باشقا گەپ، ئۇنىڭغا پەش ئاغزىمىغا چۈش، دەيدىغان بىھقان مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى سىز بىلمەيدىكەنسىز، — دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ئۇنىڭ سۆزىنى دەرھال بۆلۈۋېتىپ، — بۇ بەزىبىر كىشىلەرنىڭ گۈگۈشىپ ئەزالىرىنى بۆزەك قىلىش خىيالىنىڭ مەھسۇلاتى. ئۇلارغا سۇ بېرىلىشى كېرەك، شۇ چاغدا ئاسمانغا قارىمايدۇ. كەلگۈندىن مۇداپىئە قىلىش، سۇ بېسىپ كەتكەن زىرائەتلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇق بېرىلىشى لازىم.

— كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟

— بىز شۇنداق قىلالايمىز، — دېدىم مەن قادىلىپ قاراپ، — بىز دەريانى ئوبدان تىزگىنلىسەكلا سۇ بولىدۇ، كەلگۈنمۇ بولمايدۇ.

— پاھ، نېمە دېگەن ئۇلۇغ گەپ! سىزگە يەنە ئون يىل قاپ يۇدۇشكە توغرا كېلىدىكەن.

— بۇ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز. تەلىيىڭىز ئوڭمىدىن كەلسە ئۇنىڭغا ئېرىشىمۇ قالارسىز، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەسىراتىم سىزنى خۇشال قىلالمايدۇ.

ھامۇت قايتا تالاشمىدى، بىرەر سۆز ئويلاۋاتقاندەك ياكى ئاچچىقى

كەلگەنلىكىدىن ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە بىلەن تاماكىسىنى شوراپ، ئاقۇش كۆك تۈتۈننى ھالقا-ھالقا چىقىرىپ تورۇس تەرەپكە پۈۋلەپ خېلىغىنچە ئولتۇردى. ئاندىن تاماكىسىنى يەرگە ئېتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، چىرايىغا سۈنئىي ھېجىيىش تۈسىنى بېرىپ:

— مەن ئەتە ناھىيىگە يىغىنغا بارىمەن، مۇھىم يىغىن بولغانلىقتىن، گەرچە تۈنۈگۈن كەلگەن بولسامۇ يەنە بېرىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە سورىدى، — خەت-چەكلىرىڭىز، ياكى بىرلىرىگە ئېيتىدىغان گەپ-سۆزلىرىڭىز بولسا ئالغاچ كېتەي، بارمۇ؟

— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلغۇدەك خېتىممۇ، گېپىممۇ يوق، — دېدىم مەن چايدىن بېشىمنى كۆتۈرمەيلا.

ئۇ رەنجىگەندەك قىياپەتتە چىقىپ كەتتى. مەن كۆڭۈلسىزلىنىپ قالدىم. يەنە بىرەر بۇردا نان يېيىشكە زورلىنىپ باققان بولسامۇ زادىلا ئۆتمىدى. قاچا ۋە نانلارنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كىتاپ ئوقۇي دەپ باققان بولسامۇ، مېڭەمگە ھېچ نەرسە كىرمىدى، زېرىكىشكە باشلىدىم. بۈگۈنمۇ خۇددى تۈنۈگۈن ھەم ئالدىنقى كۈنلەرگە ئوخشاش جىمجىتلىقى بىلەن بىر خىل ھالەتتە بولسىمۇ، ھامۇتنىڭ روھىي ھۇجۇمىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى يەكشەنبىلىك ھېسسىيات بۇنداق جىمجىتلىققا ئادەتلىنەلمەيۋاتامدۇ، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئىچىم سىقىلىپ تار ئۆيگە سىغمايۋاتقاندەك بولۇپ قالدىم. سىرتقا چىقتىم. گۇڭشې بازىرىمۇ جىمجىت بولۇپ، توختاۋسىز شامال غۇيۇلداپ چىقىپ تۇراتتى. ھېچكىم دەم ئالمىغان، بازار كۈنى دەپ كېلىدىغان دېھقانلارنىڭ ھەرقانداق ئالدى-ساتتىلىرى مەنئى قىلىنغانلىقتىن بازارچىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.

چۈشكە يېقىن گۈلباھارنىڭ تېلېفون باش ئاپپارات بۆلۈمىگە كىردىم. ئۇنىڭ بۆلۈمى مېنىڭ ياتىقىمدىن ئۇنچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال قارشى ئالدى ھەم تار بۆلمىسىگە قويۇلغان بىردىنبىر ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بۈگۈن ئاجايىپ زېرىكتىم، قىلىدىغان ئىشىڭ بولمىسا كۈننى كەچ قىلىشتىن تەس ئىش يوق ئىكەن، — دېدىم مەن ئولتۇرۇپ ھال سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن.

گۈلباھار مېنى قۇۋۋەتلىدى:

— ئۇنىڭ گېپىنى بىر دېمەڭ گۈلئايىم. مەنمۇ سىز كۆرۈۋاتقان مۇشۇنداق جاپالىق، ئەلەملىك ۋاقىتنى دەل يېرىم يىل تارتقانىدىم. مەن شىنجاڭ داشۆبىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەنىمەن. "ماڭا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى بېرىڭلار" دەپ تەلەپ قىلىپ باقتىم. بىراق، مەكتەپلەردە خىمىيە دەرسى ئۆتۈلمەيدۇ، ئوكسىگېن بىلەن ۋودورودنى بىلمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ دەپ جاۋاب بېرىشتى. باشقا ئىشنى قىل دەپ بىردەم تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنىدا ئات-ئۇلاغلارنىڭ جابدۇقلىرىنى سېتىشىنى، ياكى مۇشۇ باش ئاپپاراتتا ئولتۇرۇپ تېلېفون ئۇلاپ بېرىشىمنى تەكلىپ قىلىشتى. ئەگەر قېرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئانام بىلەن ئېرىم ھەم بالىلىرىمنى دېمىسەم، شەھەرگە كېتىپ ۋىلايەتلىك تەقسىمات ئىشخانىسىدىن بىرەر زاۋۇتنىڭ لاباراتورىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى، شۇ يەردە پايدىلىقراق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىم مۇمكىنلىكىنى ئىلتىماس قىلغان بولاتتىم.

گۈلباھارنىڭ سۆزى بىلەن سۆھبەت تېمىمىز تۇرمۇش ئۈستىگە

يېتكەلدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"غا دۇچ كەلگەنلىكىنى، 1968-يىلى خوشۇت ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا چېنىقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، شۇ چاغدىلا ئائىلىسىنى كۆرگىلى كېلىپ مۇشۇ گۇڭشې پوچتا پونكىتىنىڭ باشلىقى بىلەن سىردىشىپ، كېيىن توي قىلغانلىقىنى، ھازىر ئۈچ بالىسى بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— سەرگۈزەشتىلىرىمىز ئاساسەن ئوخشايدىكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئۇچۇق-يورۇق پارىڭىدىن كۆڭلۈم يېشىلىپ، — مەنمۇ خۇددى سىز بىلەن ئوخشاش بىر يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1968-يىلى مۇشۇ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چېنىقىشقا ئەۋەتىلگەنىدىم. ئەمما مەن ساۋاقدىشىم، ئاگرونوم فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھاشىم بىلەن توي قىلدىم. بىلمەيمەن، مۇشۇ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن. ئۇ بولسا بىز مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدىلا ماڭا كۆز سېلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، تارتىنىپ گەپ قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، بەش يىلدىن بېرى بىرگە ياشاۋاتىمىز. ئىككىلىمىزلا "سېسىق زىيالىيلار" تەبىقىسىدىن بولغاچقا، كەڭ-كۇشادە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە يول قويمىدى، شۇنداقتىمۇ ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ياردىمىدە خېلىلا قىزىتتۇق. مانا ھازىر بىرپەستىلا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدىم...

— قارىغاندا، ئۈچىنچىسىنىمۇ تەييار قىپسىز، — دەپ كۈلدى ئۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقىمنى ئىشارەت قىلىپ.

مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ ھارغىنلىق باسقاندەك:

— شۇنداق، ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك دەپ

ئارمان قىلغان ئىشلىرىمىنىڭ بىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. مەن ناھايىتى نۇرغۇن ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن ئوقۇغانىدىم، — دېدىم.

گۈلباھار ھازىر خېلى سېمىز كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ بەستى ئۇنىڭ چىرايلىق قاش - كۆزلىرى، پىچىپ قويغاندەك زىناقلىق مەڭزى، سۈزۈك لېۋى ئورۇنلاشقان قىزىللىقنى يوقاتمىغان يۈزىگە يارىشىملىق ئىدى. پەقەت كۆز چۆرىلىرىدىكى قورۇقلارلا ئۇنىڭ 30 ياشتىن ھالقىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قويمىسا، كۆزىدىكى جۇشقۇنلۇق ئۇنىڭ 25 ياشلاردىكى ۋاقتىغا ئوخشاش جەۋلان قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىسسىپ كەتكەن تار بۆلۈمدىكى تىنجىقتىنمۇ ياكى ئۇمۇ باشقىچە بىر خىيال بىلەن مېنىڭ سۆزۈمنىڭ تەسىرىدىن دىل يارىسى ئېچىلىشىمۇ، ئەيتاۋۇر ئېغىر - ئېغىر تىنىپ خېلىغىچە جىم ئولتۇردى، ئاندىن:

— ئارزۇ - ئارمانلار كىشىگە كىچىك چاغدا يارىشىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى تەقدىرگە تەن بېرىپ ئانا بولۇشقا، نېمىلىكى بولمىسۇن ئوقۇغانغا جاۋاب دەپ بەرگەن مائاشنى تولۇق ئېلىپ شۈكۈرى قىلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. سىز كۆكشېغا يېقىندا كەلدىڭىز، كېيىنچە مېنىڭ سۆزلىرىمگە ھازىرقىدەك ئەجەبلىنىپ كەتمەيدىغان بولىسىز، — دېدى.

مەن، كۆكشېغا يېقىندا كەلسەممۇ ئەھۋاللارنى خېلى چۈشىنىپ قالغانلىقىمنى، شۇڭا ھازىرمۇ ئەجەبلىنىپ كېتىۋاتمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئەمما شۈكۈرى قىلىشقا قوشۇلمىدىم.

— ئانا بولۇش، مائاش ئېلىش — بۇ تۇرمۇشقا ئائىت مەسىلە. لېكىن بىر ياش ھاياتنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزۈۋەرسە، ئۇنىڭدا غايە، ئۈمىد بولمىسا، بۇنداق ياشاشنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولىدۇ؟

گۈلباھارنىڭ قىزىل يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئەمما، خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇ ئارىدا تېلېفون قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ ئۇ بۇرۇلدى-دە، كىمدۇ بىرسى بىلەن بىر مىنۇتتىن ئارتۇق سۆزلەشتى. گۈلباھار پەقەت "ھە، ماقۇل"، "بولىدۇ، مەن ئېيتىپ قوياي"، دېگەن سۆزلەرنىلا ئېيتىپ قارشى تەرەپتىكى كىشىنىڭ تاپىلاشلىرىغا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرغانلىقىنى، نېمىنى ئېيتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. گۈلباھار تۇرۇپكىنى جايىغا ئېلىپ قويۇپ، ئاندىن مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئولتۇردى-دە، باياتىن ئۈزۈلۈپ قالغان ئىككىمىزگە تەئەللۇق سۆھبەت تېمىسىغا كۆچتى:

— باياتىن سىز ئېيتقان نەرسىلەرنى مەنمۇ ھەمىشە ئويلايتتىم. ئەمما ئويلاۋەرگەن بىلەنمۇ شارائىت بولمىسا، بۇ ئارزۇدىن نېمە نەتىجە چىقىدۇ؟ مانا، سىز ئارزۇغىمۇ، تىرىشچانلىقىمۇ ئىگە ئىكەنسىز. ئىمكانىيەتلا بېرىلسە بىر ئوبدان سۇ ئىنژېنېرى بولۇپ بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز. ھازىرچۇ؟ ھېچ نەرسە قىلالمايۋاتىسىز. ھازىرقى ۋاقىتتا غايە دېگەننىڭ نېمىلىكىنى، قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئېھتىمال، كۈرەش قىلىش، توختىماي كۈرەش قىلىش: سىزگە قارشى مەن، ماڭا قارشى سىز ھەمىشە جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇپ كۈرەش قىلىش غايە بولامدىكىن تاڭ؟...

ئۇ كىچىككىنە دېرىزىدىن ئادەمسىز يولغا قاراپ سۆزلەيتتى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ماڭا مەنىلىك تىكىلدى-دە، كۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچتى.

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى مەن ئۈچۈن سىر بولۇپ تۇيۇلمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، شۇلار ئۈچۈنلا

ھەممىدىن بىزار بولۇش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشنى يوللۇق دەپ قارىغان چۈشەنچىلىرىگە قوشۇلغۇم كەلمەيتتى. گۈلباھار بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىدە گەرچە ھاموت بولمىغان بولسىمۇ، ياكى ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى گۈلباھارغىمۇ تەئەللۇق دەپ ھېساب-لىمىغاندىمۇ، گۈلباھارنىڭ سۆزلىرىدىن مۇئاۋىن مۇدىر ھاموتنىڭ "سىز ھېچقانداق قوللاشقا ئېرىشەلمەيسىز" دېگەن ھۆكمىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغانلىقىنى پەملىدىم.

يەنە بىرئاز ئولتۇرۇشتۇق، گۈلباھار مېنى ئۇ نۆۋەتچى بولمىغان چاغلاردا ئۆيىگە كېلىشكە، ئولتۇرۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىلاتتى ھەم ماڭا چىن دىلىدىن ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ھازىرقى شارائىتتا مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، شۇڭا كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى، ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپ ئۆزەمنى ئالدۇرۇپ قويماسلىقىنى قايتا-قايتا تەكرارلايتتى.

— مەن پارتىيە تەشكىلاتىغا ئىلتىماس قىلىپ باقمەن، — دېدىم مەن يەنە ئۆز كۆز قارىشىمدا چىڭ تۇرۇپ، — مېنى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئۆزى يۆتكەپ كەلگەن. بۇ گۇڭشېدا يەنە قۇتلۇق شۇجى مەدەت بەرگەن. بىزدە تېخى پارتىيە تەشكىلاتى بار.

— بولسىغۇ ئۆز كەسپىڭىز بىلەن شۇغۇللانغىنىڭىز ياخشى ئىدى، پارتىيە تەشكىلاتىغا، شۇجىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بېقىڭ، — دېدى ئىشىك ئالدىغا چىققاندا. ئۇ مېنى گويا يىراق سەپەرگە ئۇزىتىدىغاندەك كۆزىگە ياش ئېلىپ مەيۈسلىنىپ قارايتتى، — بېرىپ ئېيتىڭ، قوللاشقا ئېرىشىپ قالسىڭىز، مەنمۇ خۇشال بولىمەن. ئەمما، نېمىشقىدۇ ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار بىزدەك ياشلارنىڭ غۇلاچ تاشلاپ ئىشلىشىگە

ماقۇل دەۋەرمەيدىكەن. بۇ مېنىڭ ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن ئەمەلىي تەجرىبەم. لېكىن ئېھتىياتچانراق بولۇڭ، زەربە بېرىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ.

مەن كۈلۈپ قويدۇم-دە:

— پارتىيە تەشكىلاتى بىزنى قوللايدۇ، ئۇ بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سىز دېگەندەك ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار ماقۇل دېمىسە، بۇ بەرىبىر "ئايرىم"لار-دە؟ — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆزلىرىگە دېدىل قاراپ، — نەسىھىتىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، ئېھتىياتچان ھەم ئېغىر بېسىق بولۇشۇم لازىم. لېكىن خاتا ئىش قىلمىغان ئىكەنمەن، نېمىدىن قورقىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ سۇ قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق مۇددىئايىممۇ يوق. يالىڭاياغمەن، شۇڭا سۇدىن قورقمايمەن.

ھەر ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ خوشلاشتۇق. مەن سىرتقا چىققاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە يەنە ئېغىر بىر تاش يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغاندەك بىر خىل سىقىلىشنى سەزدىم. ھەر ھالدا زېھنىم چېچىلغانىدى.

## 5

قۇتلۇق شۇجىنى سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ بەشىنچى داۋىيدىن تاپتىم. بۇ داۋىي گۇڭشېدىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئاسادەن دەريا بويىغا جايلاشقان جاي ئىدى. ئۇنىڭ ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئاسادەن دەريا بويىغا جايلاشقان، لېكىن دەريا ئېقىمى دەل مۇشۇ داۋىي تەۋەسىگە كەلگەندە ھەددىدىن ئارتۇق پەستە ئاققانلىقتىن، ھەممە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە دېگۈدەك سۇ چىقمايدىكەن. داۋىينىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدىغان ئۆستەڭ بىرنەچچە

دادۇيدىن ئاتلاپ يۇقىرى تەرەپتىن كېلىدىكەن. قۇتلۇق شۇجىنىڭ بۇ دادۇيگە كېلىشىدىكى سەۋەب سۇغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىككى دادۇي ئوتتۇرىسىدا سۇركىلىش چىققانىكەن.

بەشىنچى دادۇيدىكىلەر يېڭىدىن سالالاشتۇرغان ئېتىزلىرىنى كېلەر يىلى سۇغىرىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ئول ئۆستەڭدىن يېرىپ بىر كىچىك ئۆستەڭ چېپىۋالغان. بۇ ئىش ئاياغدىكى ئالتىنچى دادۇيدىكىلەرنىڭ پىلانىغا زىت بولۇپ ئۇلار "بەشىنچى دادۇيدىكىلەر بىزگە كېلىدىغان سۇنى پۈتۈن قايدۇرۇۋېلىپ، ئۆز تەۋەسىگە ئېلىپ كېتىدۇ" دەپ قارىغانلىقتىن، بەشىنچى دادۇيدىكىلەر قېزىپ قويغان ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىنى بۇزۇپ، ئۆستەڭنىڭ باش قىسمىنى تىندۇرۇپ تاشلاشقا كىرىشكەن. بۇنى ئاڭلىغان بەشىنچى دادۇيدىكىلەر دەرغەزەپكە كېلىپ، تىندۇرۇلۇۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا يوپۇرۇلۇپ بېرىشقان. مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ شۇجىنىڭ ماجىرا چىققان نەق مەيداندا ئىكەنلىكىنى سوراشتۇرۇپ بىلىۋالغانىدىم. نەق مەيدانغا بارغان چېغىمدا، ئۇ يەردە چوڭ بىر ماجىرا بولۇۋاتاتتى.

— سىلەر بىزنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى بارىدىغان سۇغا ئاساسەن سالالاشتۇرغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆستەڭ قېزىۋالساڭلار، ھەممە سۇ سىلەر تەرەپكە ئاقامدۇ؟ — دەپ چۇرقۇرىشاتتى بىر ياندىكىلەر.

— ھەممىسىنى ئېقىتىپ بىز سۇ ئۇستىگە تېرىقچىلىق قىلامدۇق؟ — دەيتتى ئىككىنچى تەرەپتىكىلەرمۇ دېيىشىپ، — سىلەر بىزنىڭ ئۆستىڭىمىزنى بۇزۇپ - تىندۇرۇپ ئەمەلىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندىڭلار!

— جۆيلۈشمە، بۇزغۇنچىلار بىز ئەمەس، سىلەر!

— بۇزغۇنچىلار سىلەر...

ئۇنلىغان- يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشۋاتقىنىنى بىلگىلىمۇ بولمايتتى. قىزىرىپ كەتكەن يۈزلەرنىڭ، بويۇنلارنىڭ مۇناسىپ يېرىدە چوكىدىن تومراق ئۆرلەپ چىققان قان تومۇرلار دەم كۆپۈپ، دەم پەسىيىپ تۇراتتى. قارىداپ كەتكەن قوللار كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى، بىر- بىرىگە شىلتىلاتتى.

قۇلاقچىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ قويغان، كەمزۇلىنىڭ ئالدى ئوچۇق قۇتلۇق ئاكا قوللىرىنى بۇلاڭشىتىپ بىر ئۇ تەرەپتىكىلەرگە، بىر بۇ تەرەپتىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈش بەرمەكتە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى شاۋ- شۇۋنى بىرەر مىنۇتلا پەسەيتەلەيتتى- دە، ۋارقىراش- جارقىراشلار يەنە يېڭىباشتىن كۆتۈرۈلەتتى.

مەن كىشىلەر توپلىشۋالغان جايدىن 150- 200 قەدەمدەك نېرى جايدىكى دەريا بويىغا بېرىپ سۈيى تارتىلىپ ئازلاپ كەتكەنلىكتىن تارىيىپ قالغان، چىمىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ شۇجىنىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتتۇم.

ئېقىم مەن ئولتۇرغان توپىلىكتىن ئۈچ مېتىرچە پەستە ئىدى. دەريا قېشى يالىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوزۇقلار ئۈچ بۇرجەك قېقىلىپ دەرەخ شاخلىرى بېسىلغان، ئۈستىگە سىم تورغا قاچىلانغان چوڭ- چوڭ تاشلار تاشلىنىپ باسۇرۇلغانىدى. شۇ تاپتا بۇنداق توساقلارنىڭ بەزىسى سۇ ئوتتۇرىسىدا قالغان، بەزىلىرى قىڭغىيىپ، لايغا پېتىپ سۇ چېتىدە تۇراتتى. بىر قاراپلا بۇنىڭ ھەر يىلى ئۈزلۈكسىز قىلىنىپ تۇرغان مۇداپىئە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. مېنىڭ يەتتىنچى گۇڭشېغا كەلمىگەن، تېخى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ تۇرۇۋاتقان چېغىمدىلا ئىگەللىگەن بىرمۇنچە ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىل مۇداپىئە كۆرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ئانچە

يۇقىرى بولمايدىغانلىقى، پۈتۈن قىش بويى قىلىنغان ئەمگەكنىڭ ياز پەسلى باشلىنىشى بىلەنلا كېلىدىغان كەلكۈن تۈپەيلىدىن يېرىمدىن كۆپرەكى ئېقىپ كېتىپ بىھۇدە ئىسراپ بولىدىغانلىقى مەلۇملۇق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھازىرقى شارائىتتا ئەنە شۇنداق زور بەدەل تەلەپ قىلىشمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭسىز سۇ دەريا قېشىنى چېقىپ كېتەتتى. مەن مۇشۇ دەريانىڭ دەسلەپ مەن كەلگەن چاغدا ھارۋا بىلەن كېچىپ ئۆتكەن جايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. كۆڭلۈمدىن نەچچە ئون قېتىم كېزىپ ئۆتكەن: "بىر دامبا كېرەك، كەلكۈنگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سۇ ئازلىقىنىمۇ چاندۇرمايدىغان، ئۇنى بۆلۈپ ھەممە دادۇيلەرگە تەقسىم قىلغاندا ئۇنىڭ كۈچى ئاجىزلاپلا قالماي، سۇغىرىش كۆلىمىنى كۆپەيتىشكە بولىدىغان مۇستەھكەم بىر دامبا كېرەك!" دېگەن پىكىرلەر يەنە يادىمغا كەلدى. لېكىن بۇنداق قىلىش ئۈچۈن مېنى گۇڭشې پارتكومى قوللاپ، ئەمەلىي ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى. مەن مۇشۇلار توغرىسىدا ۋە باشقا نۇرغۇن خىياللىرىم توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشنى خالىغان قۇتلۇق ئاكا شۇ تاپتا، باياتىن توپلىشىۋالغان گۇڭشې ئەزالىرىنى تارقىتىۋېتىپ، ئىككى دادۇينىڭ كادىرلىرى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ يىغىن ئاچماقتا ئىدى. ئۇلار باياتىن سۈركىلىش چىقىشقا سەۋەبچى بولغان ئۆستەڭ دامبىسىنىڭ ئۈستىدە — يەرنىڭ ئۈستىدىلا ئولتۇرۇشاتتى.

مەن ئۇلارنىڭ يىغىنىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى ساقلاپ يەنە يېرىم سائەتتەك كۈتتۈم. ئىككى دادۇينىڭ باشلىقلىرى يىراقتىراق ھۆرپىيىشىپ تۇرغان ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئادەملىرىنى ئېلىپ ئۆز يوللىرىغا كېتىشكەندىن كېيىن، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، قۇتلۇق ئاكىنىڭ كېتىۋاتـ

قان يولنى ئۇدۇللاپ ئېتىز - قىرلارنى كېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم. يۈزى قىزىل قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن، لەۋلىرى تېخىچە بىرنەرسىلەرنى دەپ پىچىرلاپ كېلىۋاتقان قۇتلۇق خىيالدا تېخىچە يىغىنىنىڭ داۋامىنى ئىچىۋاتسا كېرەك، مېنى دەرھاللا پايقىمىدى. پەقەت مەن ئۇنى چاقىرغاندىن كېيىن ئاندىن مېنى كۆردى ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ، بىر سېكۇنتتىن ئىلگىرىكىگە ھېچ ئوخشىمايدىغان ئوچۇق چىراي بىلەن:

— ھە، گۈلئايىم، قانداق، ياخشىمۇسىز، بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى ھەم سوئالىنى چاقچاق بىلەن تولۇقلىدى، — سىز قايسى دادۇي تەرەپ بولۇپ كەلگەن ئىدىڭىز؟

— مەن سىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، شۇجى، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ، — سىزنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم، ئازراق سۆزۈم بار ئىدى، ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە...

— يۈرۈڭ، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى، — ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قاراپ قويۇپ، نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىمنى تەخمىن قىلغۇسى كېلەتتى، — سىز كەلگىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

— بىر سائەتتەك بولدى، — جاۋاب بەردىم مەن ئۇنىڭ چوڭ، تېز قەدەم تاشلاپ مېڭىشىغا ماسلىشىپ.

قۇتلۇق مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— بىر سائەتتەك بولغان بولسا، باياتىنقى سۇيى يوق قۇرۇق ئۆستەڭنى تالىشىش ماجىراسىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز - دە؟ — دېدى چاقچاق ئارىلاش.

— باشلىنىشىنى كۆرەلمىدىم، مەن كەلگەندە سىز قىزىپ سۆزلە-

ۋاتقان ئىكەنسىز، قانداق، مەسىلە ھەل بولدىمۇ؟
— نەدىكى ھەل بولۇش دەيسىز؟ — ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ داۋاملاشتۇردى، — كونكرېت مەسىلىلەرنى پارتكوم يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشنى، ئۇنىڭغىچە ھەر ئىككى دادۇي ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇشنى دېيىشىپ بىرلىككە كەلگەن بولدۇق. ھەر ئىككى تەرەپ بۇنداق ئىشلاردا ئۆزىنى توغرا دەپ، قارشى تەرەپنى ئەيىبلەپ پىكىر بىردىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىدىغانسىز بەلكىم؟
ئۇ تەپسىلىي سۆزلىمىدى، سۆزلىگۈسى باردەك، بىراق بىر نەرسە ـن قىسىلىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىمۇ نېمە گېپىم بارلىقى توغرىسىدا سوئال بەرمىدى. بىز تاكى بەشىنچى دادۇينىڭ ئادەم يوق جىمجىت ئىشخانىسىغا كەلگۈچە گەپ قىلىشماي كەلدۇق. ئوت قالانمىغان، سوغۇق ئىشخانىغا كىرىپ ئىچىرلاپ تۇرىدىغان ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۇ دەسلەپ ئېغىز ئاچتى:
— بۇ كۈنكى ماجىرانىڭ نېمە سەۋەبتىن چىققانلىقىنى بىلەمسىزمۇ؟
— ئاڭلاپ بىلدىم. بىر دادۇي غول ئۆستەڭدىن تارماق ئۆستەڭ چېپىۋاپتۇ، يەنە بىرسى ئۇنى بۇزۇپتۇ. قارىغاندا، تېخى سۇ مېڭىپ باقمىغان ئۆستەڭ ئۈچۈن قىلىدىغان تالاش-تارتىشتەك قىلىدۇ.
قۇتلۇق ئاكا قولاقچىسىنى كەينىگىرەك سۈرۈپ، چېچى چۈشۈپ كەتكەن پېشانىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:
— سۇ كېلەلىشى كېلىدۇ، بۇنىسى راست. ئەمما غول ئۆستەڭدە ئاقىدىغان سۇ ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، بىرسى كۆپرەك سۇغا ئىگە بولىمەنمىكىن دەپ، ئەسلىدىكى ئۆستەڭدىن بۆلۈپ يەنە بىر ئۆستەڭ

چاپقان. ئىككىنچىسى، ئۇلار سۇنى قايدۇرۇۋالىدۇ، بىزگە سۇ ئاز قالىدۇ، دەپ نارازى بولغان، — دەپ يەنە چۈشەندۇردى.

— نېمىشقا گۈگۈشىپدىن بىر تۇتاش پىلانلاپ بەرمەيدۇ؟ — سورىدىم مەن ئەجەبلىنىپ، — يەرلەرنى سالالاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆستەڭلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ پىلانلىق چېپىلىشى زۆرۈر بولار؟

— بۇنى كونكرېت، بىرقەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ پىلانلاپ بېرىدىغان ئادەم يوق، يەنى بىزدە مۇھىمى، زامانىۋى مىراب يوق، — دېدى ئۇ نارازى بولغاندەك چەتكە قاراپ، — بۇ قىشلىقى شەرق تەرەپتىن غەربكە يول ئالىدۇ، شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ يەرلەر سالالاشتۇرۇلىدۇ. ئۆستەڭ ۋە ئېرىقلارمۇ شۇنىڭغا ئاساسەن چېپىلىدۇ. ئىككىنچى قىشلىقى بولسا ئۆتكەن يىلقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەھسۇلات ئېلىنالمىدى دەپ قارىلىپ، يەرلەر باشقىدىن غەربتىن شەرققە قاراپ سالالاشتۇرۇلىدۇ، يول يېڭىدىن ئېلىنىپ، ئۆستەڭلەرمۇ باشقىدىن چېپىلىدۇ...

— ئۇ ھالدا قانداق قىلىپ پىلانلىغان مەھسۇلاتنى ئالغىلى بولىسۇن؟ — دېدىم مەن قۇتلۇق ئاكىغا قوشۇلۇپ، — يەرنىڭ نەملىكنى ساقلاپ كۆڭەن ۋە ئوغۇت يەپ كۆچلەنگەن يۈزى ئېلىنىۋېتىلسە، مەھسۇلاتقا تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، يېڭىدىن-يېڭى ئورۇنغا چېپىلىۋەرگەن ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭمۇ سۇنى سىڭدۇرۇۋېلىشى كۈچلۈك بولىدۇ.

قۇتلۇق ئاكا يېقىمسىز كۈلدى. تۈگۈلۈكنىڭ بالدىقىغا قونۇۋېلىپ چۇرقىرىشىۋاتقان قۇشقاچلارغا بىر قاراپ قويۇپ:

— توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ ئاشۇنداق بولىدۇ. ئەمما ناھىيىدە ئۆل-چەش-لايىھىلەش ئىشخانىسى ھەم سىز مەنسۇپ بولغان سۇ ئىشلار

ئىدارىسى بار. ئۇلار يېڭى ئىنشائات لايىھەلەش ئورنىغا ئەسلىدە بارلىرىنى قانداقتۇر بىر لوشيەنىنىڭ مەھسۇلاتى دەپ بوزۇۋېتىشكە تولاراق خوشتار بولغان ئادەملەرنى ئەۋەتىدۇ، ھەممىنى باشقىدىن قىلىمىز دەپ، بەزى كادىرلىرىمىزنى قايمۇقتۇرىدۇ، ئۇلار تېخى بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەق ئېلىشىدۇ. ئاشۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى سۆزلەنسىلا سىياسىي ھەرىكەتتىن كېيىن قالدى، دېگەندەك چوقانلار كۆتۈرۈلىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ ھالىتىدىن يەنە سۆزلىمەكچى، باياتىنقى سۆزلىرى ئۈچۈن ئەمدى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېيتقۇسى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما ئاغزىنىڭ ئۈچىغا كەلگەن سۆزلىرى لەۋلىرىدىلا قالدى. ئۇ ماڭا خېلى ئۇزۇنغىچە خىيال ئارىلاشقان نەزىرىنى تىكىپ ئاندىن مۇكچەيگەن قەددىنى كۆتۈردى ـ دە:

— بۇ يىل قىش، كېلەر يىل ئەتىيازدا قاتىلاڭچىلىق ئازايغان ۋاقىتتا باشقىچە بىر ئىش قىلىپ باقماقچىمىز. سىزگە تايىنىمىز يولداش گۈلئايىم. مەن تونۇگۈن يولداش ئىبراھىم بىلەن سىز توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدىم. سىز مۇشۇ قىزغىنلىقىڭىز بىلەن چىڭ تۇرۇپ بەرسىڭىز، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىر ئىش قىلىپ بېقىشنى ئويلاشتۇق. ئېنىق ئېيتقاندا، گوڭشېمىزنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىپ باقسىڭىز، — دېدى ئۇ ئىشەنىچ بىلەن ۋە توساتتىن ھازىرلا يادىغا ئالغاندەك تېزلا سورىدى، — ھە، راست، سىز بۇگۈن مېنى نېمىشقا ئىزدىگەنىدىڭىز؟

مەن ھاياجانلىنىپ ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ سوئالىغا خوشاللىق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— خۇددى يۇقىرىدا سىز ئېيتىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر توغرىسىدا

پىكرىمنى ئېيتماقچىدىم، بەك يالغۇز، قىيىن ئەھۋالدا قېلىۋاتقان-دەك ھېس قىلغانىدىم. ھەتتا تېخى مەن ۋەزىيەتتىن كېيىن قېلىپ، باشقىچە ئويلاۋاتامدىمەنيا؟ دەپ خىيال قىلىپمۇ قالغانىدىم، سىزنىڭ ھازىر ئېيتقان سۆزلىرىڭىزدىن قارىسام، مېنىڭ ئەسلى ئويلىغانلىرىم توغرىدەك قىلىدۇ.

— ھە، ھە، — دەۋەتتى ئۇ ياش باللاردەك قاقاقلاپ كۈلۈپ، — شۇنىڭ ئۈچۈنزە، ئۆز كەسپىڭىزنى قىلماي بۇغداي توپىلاپ يۈر-گەنىكەنسىز-دە؟ ماڭا ئىدارىدىكىلەر بۇنى ئېيتقاندا، لايىھە ئىشلەپ چارچىغاندا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

مېنىڭ دەرھال كۆزۈمگە ياش كەلدى، بۇنى شۇجىغا چاندۇرماس-لىق ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلانمىغان، قوپال تاختايدىن ياسالغان شىرەنىڭ ئېمىشقىدۇ كۆيگەن بىر يېرىگە قاراپ بىردەم شۈك بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ ئىچكى سېزىملىرىمنى ئۆزىچە چۈشىنىپ:

— يالغۇز قالغان چاغلاردا كىشى زېرىكىدۇ، بۇنىسى راست، قىيىن-چىلىقتا قالغان بولسىڭىز قاچانلا بولمىسۇن ئېيتىۋېرىڭ، ئىمكانىيىتى بارلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەيلى، ئاندىن مەن ئېيتىپ قوياي، 1965 - يىلى مەركىزىي كومىتېت ھال سوراش ئۈمىكى تارقىتىپ بەرگەن "مۇشۇك ئېيىقى" ماركىلىق يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئونى سىزگە بېرىپ تۇرسۇن، ئاخشىمى-ئەتىسى ئاڭلاپ پايدىلىنارسىز.

مەن قىيىنچىلىق توغرىسىدا، يالغۇز قالغانلىقىم توغرىسىدا سۆزلە-گىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. بېشىمنى دەس كۆتۈرۈپ ئۇرۇندىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ھاياجانلاندۇرۇپ يۈرگەن پىكىر-

خىياللىرىمنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردىم. ئېيتقاندىمۇ، شۇجىنىڭ باشقا مۇھىم بىر ئىشلىرى بولسا ۋاقتىنى مەن ئىگىللىۋالماي دەپ ناھايىتى تېز سۆزلىدىم. ئەمما قۇتلۇق ئاكا ھېچقانداق ئىشى يوق كىشىلەردە بولىدىغان ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇپ قۇلاق سالدى. مەن ھېچكىمنىڭ ئۈستىدىن سۆز قىلماسلىق ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشقان بولسامۇ، ئۆزەمنى تۇتۇپ قالالمىدىم، چۈنكى، شۇجىنىڭ نەزىرىدە، مەن ئۆز لايىھىلىرىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندەك كۆرۈنگىنىم، ئەمەلىيەتتە بىر تال سىزىقمۇ سىزمىغانلىقىم ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ، ئۆز-ئۆزەمنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇتنىڭ مەن بىلەن سۆھبەتلەشكىنىنى، ماڭا خىزمەت تەقسىم قىلغانلىقىنى، كۆڭلۈمگەنلىكىم ئۈچۈن قىيىنچىلىق پەيدا قىلغىنىنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن ئۇنى مېنىڭ سۆزلىرىمگە جاۋابەن كۈلۈپ تاشلايدۇ، دەپ كۈتكەن ئىدىم، ئەمما ئۇ بۇنداق قىلمىدى، ئەكسىچە، چىرايى بارغانسېرى جىددىي تۈس ئېلىپ قوشۇملىرى تۈرۈلدى.

— گەپ-سۆز دېگەن بەرىبىر گەپ-سۆز. ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن ئارسالدى بولۇپ يۈرۈش كېرەك ئەمەس، — دېدى ئۇ مەن سۆزدىن پۈتۈنلەي توختىغاندىن كېيىن، ۋەزىمىن تەلەپپۇزدا، — سىزنىڭ بۇلار توغرىسىدا ئىنكاس قىلغىنىڭىزمۇ يوللۇق، چۈنكى، بۇ گەپ-سۆزلەرگە ئېتىبار قىلماسلىقمۇ توغرا ئەمەس. مۇشۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلىرىمىزدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش، يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى ئېچىلغانىدى. ئەمما، ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلىرىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان

ئادەتلىنىپ قالغان ئۆزى خالىغانچە ئىشلەپ كۆپرەك ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تايىنىپ ياشاش خاھىشلىرىنى ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئۇلار ھېلىمۇ نېرۋا چارچىتىدىغان كونا مۇقاملارنى تەكرارلاۋاتىدۇ. بۇنى ئۆيىڭىزگە كىرىۋالغان قارا چېكەتكىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇ، كىچىك، قورقۇنچاق جانىۋار. ئەمما سىزنى ئۇخلاتماي چىرىلدىغىنى چىرىلدىغان. ئاشۇنداق كادىرلىرىمىز ھەممەيلەننى ئۆزى ماڭماقچى بولغان ئىزغا سېلىشقا تىرىشىدۇ. بىراق، يولداش گۆلئايىم، پارتىيەمىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى، ھەل قىلالايدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭ. پارتىيىنى، خەلق ئاممىسىنى يادىڭىزدا تۇتۇپ، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىسىڭىز ھەرگىز يېڭىلمەيسىز...

مەن كۆزۈمنى توسۇۋالغان ياش پەردىلىرى ئارىسىدىن قۇتلۇق ئاكىغا تىكىلدىم. بېشىمنى پەقەت "ماقۇل" ئىشارىتىگىلا لىڭشىتالىدىم. ئۇنىڭ يەنە كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتەتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇ تەلپۈنۈشۈمنى سەزگەندەك، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قەدەر زىيالىيلارغا بولغان بەزى توغرا بولمىغان كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئەمما، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ھامان ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ زىيالىيلارنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىللە ئۇلارنى ئاسرايدىغانلىقىنى، يۈرەكلىك، دادىل ئىشلىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كۆڭلۈمنى خېلىلا ئۈستۈردى. ئۇ يەنە ناھىيىمىزدە، گۇڭشېمىزدا سۇ ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداق قىلغاندا سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقى، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى؛ شەرقتىن غەربكە يول ئېلىش، شىمالدىن جەنۇبقا ئۈستەڭ چېپىشلارنى ھەر يىلى باشقىدىن ئۆزگەرتىپ يۈرۈش توگەيدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيتتى.

ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دەريا ئېقىمىنىڭ باش يازدا كېلىدىغان كەل-
كۈن تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە قاشنى سوقۇپ كەتكەنلىكى، ئىككى قىرغاق-
نىڭ داۋاملىق يېپىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا نەچچە ئونمىڭ
يۈەن قىممىتىدىكى شاخ-شۇمبا كەتكەندىن تاشقىرى، ھېسابسىز
ئەمگەك كۈچىنىڭمۇ ئىسراپ بولغىنىنى تونۇشتۇردى ھەم مېنىڭ
بۇلارنى يادىمدا تۇتۇشۇم لازىملىقىنى، بىخەستىلىك قىلىپ ئاددىي
ۋە يۈزە لايىھە تۈزۈپ قويماسلىقىمنى تاپىلاپ ئورنىدىن تۇردى.
مەن خۇشال-خۇراملىققا تولغان كەيپىيات ئىچىدە كۆپ رەھمەت
ئېيتقىنىمچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتىم. شۇ چاغدا ئۇ يەنە:
— بىز سىزنى، سىزنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ
قالغىنىمىز يوق. گوڭشې پارتكومى مەخسۇس يىغىن ئاچماقچى.
ناھىيىلىك پارتكومدىن يولداش ئىبراھىممۇ قاتنىشىشى مۇمكىن.
يىغىندا سىزنىڭ لايىھە تۈزۈشىڭىزگە ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن زۆرۈر
بولغان ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا مۇناسىۋەتلىك قارار چىقىرى-
شىمىز مۇمكىن، — دېدى ۋە قولۇمنى قىزغىن قىسىپ خوشلاشتى.
ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە
بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى، — مەن سىزگە مەخسۇس بىر ئىشخانا
بېرىشنى، بىر ۋېلىسىپىت ئاجرىتىپ بېرىشنى تاپىلاپ قوياي. قانداق
قىيىنچىلىق بولسا ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇڭ.
مەن بېشىمنى "ماقۇل" ئىشارىسىگە لىڭشىتتىم، كۆپ مىننەتدار
ئىكەنلىكىمنى ئېيتماقچىدىم، ئەمما، ئۇ كېتىپ قالدى، ئون قەدەم-
دەك ئۈزاپ، ۋېلىسىپىتكە تەپكۈچىنى دەسسەپ مىنمەي، خۇددى
ئېشەك مىنگەندەك، ئاۋۋال ۋېلىسىپىتنى چېتىغا ئېلىپ ئاندىن قوپال
ھەرىكەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئېگەرگە ئولتۇردى-دە، غىچىرلاپ

تۇرغان تەپكۈچىنى تىپىپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ھەممە سۆز-ھەرىكەت ۋە كۆز قاراشلىرىدىن مەندىن ئاغزاكى رەھمەت ئەمەس، ئەمەلىي ئىش كۈتىدىغانلىقىنى بىلدىم. نويابىرنىڭ بېشىدىكى سوغۇق شامال ئۇنىڭ تۈگمىلەنمىگەن پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىككى پېشىنى كەينىگە قايرىپ تۇراتتى. ئۇ شامالنىڭ توسقۇنلۇقىغا قارشى كېتىۋاتقانلىقىدىنمىكىن، ئالدىغا خېلىلا ئېگىشكەن ھالدا كونا ۋېلىسىپېتىنىڭ تەپكۈچىنى كۈچ بىلەن تېپەتتى. ئۇنىڭ قۇلاقچىسى ھامان بېشىنىڭ ئارقىسىغا قوندۇرۇقلۇقتەك، ئېرىدىن قارىغاندا گەجگىسىگە چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ ھەمىشە ئاشۇ كونا ۋېلىسىپىتكە مىنىپ قىرمۇقىر چېپىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ناھىيىدىكى ئىشلاردىن تارتىپ ھەممە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگىچە بېرىپ ئۇلگۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرگەنىدىم. بۈگۈن بۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپلا قالماي، نېمە ئويلايدىغانلىقى، كۆڭلىدە قانداق پىلانلارنى سوقۇپ يۈرىدىغانلىقىدىن تارتىپ ئاڭلاپ بىلدىم. بۇ نېمىدېگەن كەمتەر، خالىس ھارماس كىشى-ھە؟ ئۇ ماڭا شۇنچىۋالا ئىلھام بەردى. مېنىڭ ئىككىلەنمەسلىكىمنى، چېكىنمەسلىكىمنى تاپىلىدى. ماڭا تېخى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەتراپلىق، تولۇقراق لايىھە ئىشلەشنى تاپىلىدى...

مەن بۈگۈن يەنە شادلىنىپ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. ھامىلە ئىشقى تۈپەيلىدىن ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىمنى يېنىك-يېنىك ئېلىشقا تىرىشىپ، ئاستا ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا باردىم. ئۆزەمچە يۈگۈرۈپ يۈرگىلىرىم كېلەتتى. يوپۇرماقلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ سوغۇقتا شۈمشىيىپ كەتكەن چاتقاللارنى باھاردىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشىتىپ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقاتتىم ۋە راستتىن

ئۇلار گۈللەرگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ، شاخچىلارنى سۇندۇرۇپ قىرغاقتا ئۇزۇنغىچە مېڭىپ يۈردۈم. ئاستا ئېقىۋاتقان سۇمۇ ماڭا ئەمدى جانلىنىپ قالغاندەك، ئاپئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ كۈلۈۋاتقاندەك، مېنى شادلىقىم ئۈچۈن تەبرىكلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

توڭۇپ، قورسىقىم ئېچىپ كەتكەنلىكتىن، ياتىقىمغا قايتىپ كەلدىم. ئىچ-ئىچىمگە پاتمايۋاتقان شادلىق ناخشا بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى. مەن ئۈنۈمنى پەس چىقىرىپ ئوقۇيتتۇم:

مېنىڭ ياشلىقىم ئەمەستۇر ئاددىي،
ھۆپپىدە ئېچىلغان چېچەك ئۇ گويا.
ناخشا ئۇ ئەزىزلەپ ئېيتقۇدەك دائىم،
پاكى ئۇ شاۋقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا.
............

# بەشىنچى باب

## مەن ئىپپەتلىك ئايال ئىدىم

### 1

ئىنسانىنىڭ روھى كەيپىياتىنى نېمە دېسە بولىدىكىن، ئەگەر سەن غەم-ئەندىشىگە قالساڭ، ئەتراپىڭنى زۇلمەت باسقاندەك، ئۆزەڭ تۈتەك، مانان ئىچىدە قالغاندەك، كۈنلەر ئۆتمەيۋاتقاندەك، ۋاقىتلار توختاپ قالغاندەك بىلىنىدۇ.

كىشىلىك ئۆمۈرنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغانلىق سىرىمۇ ئاشۇ يەردە بولسا كېرەك. تۇرمۇش كىشىگە بەزىدە دەرد-ئەلەم ۋە بەزىدە شاد-خۇراملىق بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئۇمۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، ساناپ ئولتۇرغۇچىلىكى يوق، پەقەت ئۆمۈر بەزىدە خۇشال ۋە بەزىدە خاپىلىق بىلەنلا ئۆتىدۇ دەپ خۇلاسىلىنىدۇ. ئەسلىدە، بەزىدە ئۇنداق، بەزىدە مۇنداق ئۆتۈش ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. دەرد-ئەلەم كەينىدىن خۇشاللىق كېلىدۇ دەپ ئۈمىدلىنىش ئادەمنى ياشاشقا ئۈندەيدىغان، تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل.

يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتتى. لېكىن، بۇ ۋاقىتلار ئەمدىلىكتە مەن قوغلاپ يېتەلمەيدىغاندەك، ناھايىتى تېز ئۇچۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مەن قۇتلۇق شۇجى بىلەن سۆھبەتلەشكەن كۈننىڭ ئەتىسىلا

بىر ۋېلسىپىتكە ئىگە بولغانىدىم. شۇندىن بۇيان ۋېلسىپىتنى مىنىپ ماڭالايدىغانلا جايلارغا بېرىپ دەريا ئېقىمىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتىم. بۇرۇنقى كۆزىتىشلىرىم، تەكشۈرۈشلىرىم يېزىلغان خاتىرە دەپتىرىمگە يېڭىدىن-يېڭى بەتلەر قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلىۋالىمەن-دە، ئۆزەمگىلا يەتكۈدەك چاي سىغىدىغان كىچىك چايدىنىمغا قېنىق دەملەنگەن چاينى قاچىلاپ، نېنىمنى، سومكامنى ئېلىپ، ۋېلسىپىتنىڭ كەينىگە كىچىككىنە گۈرجەك، تۆمۈر تاياقچا قاتارلىق ئېقىننى تەكشۈرۈشكە لازىملىق سايمانلارنى قىستۇرىمەن. ئاندىن دەريا بويىغا بارىمەن. ئېمىشقىدۇ روھىم كۈندىن-كۈنگە كۆتۈرۈلۈپ، كەيپىياتىم ياخشىلىنىپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ەلبىمنى ھاياجانغا سالىدىغان شۇنداق خىياللىرىمۇ باركى، مەن ۆز ئەمەلىيىتىم ئارقىلىق، بىز زىيالىيلارنىڭ پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى ئىسپات قىلىمەن، دەپ ئۆز-ئۆزەمگە ۋەدە بېرەتتىم.

شۇ ئارىلىقتا مېنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بولدى. گۇڭشې پارتكومىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى مەن كېيىن بىلدىم. شۇ كۈنى مەن ئىدارىدە بولمىغان بولساممۇ، كەچقۇرۇن قايتقىنىمدا، يىراقتىن كەلگەن پارتكوم ئەزالىرىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ئەتكەن ئاشپەز بۇنى ماڭا ئېيتتى. ئاشپەز ماڭا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىمنىڭ مېنىڭ تاماقلىنىش ئەھۋالىمنى سورىغانلىقىنى يەتكۈزدى. مەن شۇنىڭغا قاراپ پارتكوم يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى پەملىدىم. پارتكومىنىڭ كونكرېت قارارلىرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمىسەممۇ، مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىم توغرىسىدىمۇ گەپ-سۆز بولغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى، قۇتلۇق ئاكا پارتكوم

يېغىنى ئېچىلسا سۇ قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

بىراق، خۇشال-خۇراملىقتا ھەمىشە رەقىب تېپىلىپ تۇرغىنىدەك، مەن ئۈچۈنمۇ كۈشەندە كەم بولمىدى. بۇ كۈشەندە يەنىلا شۇ مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت قىياپىتىدە چىققانىدى.

بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپلا قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. يۇمشاق، يېڭى قار پەسكە چۈشۈپلا ئېرىپ كېتەتتى، شۇڭا لاي بولۇپ كەتكەن توپا يولدا ۋېلىسىپىت مىنىشكە بولمىدى. قىسقا قونچلۇق كالاچ كىيىۋالغان بولسامۇ، پورپاڭ توپا لاي بولۇپ كەتكەنلىكتىن، چاچرىغان پاتقاقلار تىزىمغىچە يېتىپ باردى. بۇلارنى ئاز دېگەندەك، دەريا بويىدا كېتىۋېتىپ تېيىلىپ كەتتىم-دە، پۇتۇم سۇغا كىرىپ كەتتى. رىزىنكە كالاچنىڭ قونچىدىن كىرگەن سۇ بىلەن پايپاق-پايتىمىلىرىم چىلىق-چىلىق ھۆللىشىپ كەتكەنىدى. ياتىقىمغىمۇ كەچ قايتىپ كەلدىم، مەشكە ئوت يېقىپ يىلمان چاي بىلەن بىر زاغرا ناندا چاي ئىچىۋالدىم. كىچىككىنە ياتىقىم ئاستا-ئاستا ئىسسىشقا باشلىدى. مەن چەينەككە سۇ قۇيۇپ مەشنىڭ ئۈستىگە قويدۇم، ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن، يوتقان-كۆرپىلىرىمنى توپا-چاڭدىن ساقلاش ئۈچۈن يېپىلغان سۇلياۋ كىرلىك ئۈستىگە ئۆزەمنى تاشلاپ، پاتقاق بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىم بىلەنلا سۇنايلىنىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ياتتىم. سۇ قىزىغان بولسا كېرەك، چەينەك شىڭىلداپ ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. مەن يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇۋالماقچىدىم، شۇڭا ئۈستىباشلىرىمنى يېشىپ تاشلاپ ئىچ كىيىملىرىم بىلەنلا قېلىپ، داسقا سۇ تەڭشەشكە كىرىشتىم. بىراق، شۇ چاغدا مەن زادى ئويلاپ باقمىغان بىر ئەھۋال يۈز بەردى:

تۇساتتىن، ياتىقىمنىڭ ئۆزى بېكىلىدىغان قۇلۇپى شىرىقلىدى ۋە ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. مەن قىسقىغىنا ئۇھ تارتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. قولۇمدىن كۇرۇشكا چۈشۈپ كەتتى. مۇئاۋىن مۇدىر ھاموت ئالدىرىماي، سۈلەت بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىككى قولى ئادەتتىكىدەك شىمىنىڭ يانچۇقىدا ئىدى، نەم كالىپۇكلىرى ئارىسىدا ئادەتتىكىدىن ئۇزۇن يۆگەلگەن تاماكا قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلمايلا ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسى بىلەن تېپىپ ئىشىكنى ياپتى-دە، ماڭا قادىلىپ قارىدى.

ئىشىكنى پۇختا قۇلۇپلىغىنىم ئېنىق ئېسىمدە ئىدى، ئۇنىڭ كىرىپ ېلىشى شۇنچىلىك تاسادىپ بولدىكى، بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ەنكىرەپ ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن ئۆزەمگە كەلگەندىن كېيىن، ختىيارسىز ھالدا بىرلا ئىرغىپ كارىۋىتىمغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ:

— سىز قانداق كىردىڭىز، ئېمىشقا رۇخسەتسىز كىرىسىز؟ — دەپ سورىدىم غەزەپ بىلەن.

— قانداق كىرگەنلىكىمنى كۆردىڭىزغۇ؟ — ئۇ ھېچقانداق خىجىل بولماي بەخۇدۇك ھىجايدى، — ئىشىك بىلەن كىردىم.

— ئەدەبسىزلىك بىلەن رۇخسەتسىز كىرگىنىڭىز ئېمىسى؟

ھاموت كۈلۈۋەتتى:

— سىز مېنى قانداقتۇر بىر چەللىگە ئوخشاش يېپىلغان ئەرزىمەس گەمىلەرگە رۇخسەت سوراپ كىرىشى شەرت دەپ چۈشىنىدىكەنسىز-دە؟

بۇ ئۆي ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئىدى، تورۇسىدىن قومۇش، پاخال ۋە يېكەنلەرنىڭ ئۇچى ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئۇششاق بادىرىلار بىلەن ئېرى-بېرى يېپىلغان، بورا سېلىنمىغان بولغاچقا، ھەقىقەتەن چەللىگە

ئوخشايتتى، ھەتتا تورۇسنىڭ بەزى جايلىرى زەمبىلگە ئوخشاش قورساق سېلىپ قالغانىدى.

— بۇ مېنىڭ ياتىقىم، — دېدىم تېخىمۇ ئاچچىق بىلەن، — مەن سىزنىڭ بۇنداق ئەدەبسىزلەرچە قىلىقىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. چىقىپ كېتىڭ. كۆرمەيۋاتامسىز، مەن ھازىر سىز بىلەن پاراڭلىشالمايمەن. نېمانچە خىجىل بولمايدىغان ئادەمسىز؟

ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئېتىبار بەرمىدى. ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ۋە يەنە ھېچ نەرسە بولمايدىغاندەك بەھۇزۇر ھېجايغىنىچە مېڭىپ كېلىپ، ئۈستىگە كىچىك ئەينەك، تاغاق، يۈز مېيى قويۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقنى بىكار قىلىشقا كىرىشتى، ئورۇندۇقتىكى بەزى نەرسىلەرنى پەسكە، بەزىلىرىنى تام ئويۇقچىسىغا ئېلىپ قويۇپ، سوپۇن كۆپۈكچىلىرى بىلەن سۇ تامچىلىرىنىڭ ئۈستىگە لاسسىدە ئولتۇردى. پۇتىنى ئالدىرىماي مىنگەشتۈرۈپ ماڭا ھېجىيىپ قاراپ:

— مەن بۇ كەپىگە ھەمىشە، ھەرقانداق ۋاقىتتا كىرەلىشىمنى تېخى باياتىن بىلىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ بارمىقىدا يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئاچقۇچ ئېسىلىپ تۇراتتى، — مەن بۇ ئاچقۇچنى تېپىۋالدىم، سىنچىلاپ قارىسام، ئۇ مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىدەك بىلىنىدى، سىناپ كۆرۈۋىدىم، ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. مەن ئۆز ۋاقتىدا كىرگەندەك قىلىمەن. مۇبادا كېچىكىپ كىرگەن بولسام، سىز ئۇخلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى ۋە ئۇ چاغدا مېنىڭ كىرىشىم تۇپەيلىدىن زۆرۈرىيەتسىز چۈشىنىشمەسلىك تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— سىز چىقىپ كېتىڭ، سىز ئاچقۇچ ئوغرىلاپسىز، — دېدىم مەن ئاۋازىمنى كۆتۈرۈپ زەردە بىلەن، — زادى نېمىشقا رۇخسەتسىز

كېرەكسىز؟

— كەچۈرۈڭ ئايىم قىز، — ھاموت پىخىلداپ كۈلدى. كىرسىن لامپىسىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىنىڭ پۈرۈشۈپ كەتكىنى ئېنىق كۆرۈنەتتى، — ئىشىككە قوشۇپ بېكىتىلىدىغان بۇنداق قۇلۇپلارنىڭ ئۈچ ئاچقۇچى بولىدۇ. سىز ياتاق قىلىۋالغان بۇ ئۆي بىر چاغلاردا مەن ئۇيۇشتۇرۇپ تەشكىللىگەن بىر ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئامبىرى بولىدىغان. قولۇمدىكى بۇ ئاچقۇچ شۇ چاغلاردا مەندە قالغان بولسا كېرەك، بايىراق كونا نەرسىلەر ئارىسىدىن قولۇمغا چىقىپ قالدى، سىزگە بېرىۋېتەي دەپ كىردىم...

— چىقىپ كېتىڭ، — مەن ئۇنىڭ ۋاتىلداشلىرىنى بۆلۈۋەتتىم، — ئەقەللىي ئەدەب-ئەخلاق، ئادىمىگەرچىلىكنى بىلمەيدىكەنسىز...

— نېمانچە ياۋايى، شاش ئايالسىز؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ گېپىمنى قاپتىلىغىمۇ ئالماي، — ھەر ئىككىلىمىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن سىز مەسىلىگە، مۇناسىۋەتلەرگە ئىلمىي قارىمايدىكەنسىز، — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۆزىدىن ياش چىقتىمۇ، ياكى شۇنداق تەسىرات قالدۇرىمەن دېدىمۇ، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. كېيىن ئۇنىنى پەس، سىلىق چىقىرىپ مۇنداق دېدى، — ئىككىمىز ھەمىشە قېيىدىشىپ، ماي تارتىشىپ، ئۇرۇشۇپلا ئۆتىمىزمۇ؟ ئەپ ئۆتۈشكە بولىدىغانلا بولسا، ئىناقلىق نېمىدېگەن ياخشى؟ لېكىن سىز ئانچە-مۇنچە سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشنى خالىمايدىكەنسىز...

— ھازىر مەن ھېچكىم بىلەن سۆھبەتلەشمەيمەن، — دېدىم تەتۇر قاراپ، — سىزدىن قايتا تەلەپ قىلىمەن، چىقىپ كېتىڭ!

مېنىڭ ئاۋازىمدىكى قوپاللىق ھەم ئۇنى سىلكىشىم،

ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئالدىرىماي موخۇركا ئوراشقا باشلىدى. مەن ئىچ كىيىمىم بىلەنلا ئولتۇرغانلىقىمدىن، ئورنۇمدىن تۇرالمايتتىم ياكى ھامۇت قاراپ ئولتۇرغان بۇنداق شارائىتتا كىيىملىرىمنى كىيەلمەيتتىم. چۈنكى، ئالماشتۇرۇپ كىيىشكە راسلاپ قويغان كىيىملىرىم شىرەنىڭ ئۈستىدە بولۇپ ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن ھامۇت ئولتۇرغان جايدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئۇ ئوراپ بولغان موخۇركىسىنى لېۋىگە ئەپچىل قىستۇرۇپ بىر سەرەڭگە چېقىش بىلەنلا تۇتاشتۇردى. ئاندىن قاتتىق بىر سۈمۈرۈۋېلىپ قويۇق ئىسلار ئارىسىدىن ماڭا كۆزىنى قىسىپ قاردى.

— سىز ماڭا ئورۇنسىز، پۈتۈنلەي سۈنئىي يوسۇندا قوپال مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز. داشۆدە ئوقۇغانلار ئاشۇنداق بولۇشى، ھاكاۋۇرراق يۈرۈشى لازىم، دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك، — ئۇنىڭ ئاۋازىدا مېنى مەسخىرە قىلىش، كۆزگە ئىلماسلىق بىلىنىپ تۇراتتى، — ئەمما، مەلۇمات يېقىدىن ئېيتقاندا، بىلىپ قويۇڭكى، مەن خېلى بالدۇرلا سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمدەك، مەنمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان كىشىمەن، — ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شورىۋېلىپ داۋام قىلدى، — شۇ سەۋەبتىن، ئەدەب-ئەخلاق، ئادىمگەرچىلىك ھەققىدە ئۆزىڭىزگە ياراشقۇدەك گەپلەر بىلەن ئاۋۋال ئۆزىڭىزگە نەسىھەت قىلىشىڭىزغا مەسلىھەت بېرىمەن. تەكەببۇرلۇقىڭىزغا كەلسەك، بۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيانقى ھېسسىياتىڭىز ماڭا خېلىلا چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدى. سىز ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىسىز، سىزنىڭ دەريانى تېزگىنلەش ئۈستىدە لايىھە ئىشلەپ چىقىشقا ئاجىرىتىلىشىڭىز بۇ يەردە ماقۇللۇقتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، — ئۇ مىنگەشتۇرۇۋالغان پۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ

يەرنى تېپىپ قويدى. بۇ تېپىشى بىلەن "بۇ يەر"نى ئىشارە قىلىشى كۆكسىنى ۋە كۆكسىدا ئېچىلغان يىغىننى بىلدۈرگىنى ئىدى، — ناھى-يىگە بارغاندىمۇ ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشى ناتايىن. سەۋەبى شۇكى، قۇتلۇق دېگىنىڭىز بۇ يەرگە ئىبراھىمنى باشلاپ كېلىپ، ئۇنى ھىمات قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى پارتكومغا چاپلاپ قاراردىن ئۆتكۈزۈۋالغان بىلەن، بۇ پىلان ناھىيىگە يوللىنىدۇ. ناھىيىدە ئىبراھىمنىڭ ھەممە سۆزلىرىنىڭ قاتارغا ئۆتىدىغان پۇرسىتى بولۋەر-مەيدۇ. چۈنكى، ھازىرقى چوڭ يۆنىلىش — سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىنشائاتلار قۇرۇش بۇ ھەرىكەتنىڭ تۈپ مەزمۇنى بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدىغانلىقىنى ئالدىنقى قېتىم خېلى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم، سىياسىي ھەرىكەتنى ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق چەتكە قېقىپ باستۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلار خەتەرلىك ئاقىۋەتكە قالىدۇ. سىز مېنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمگە ئېتىبارسىز قارىماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى...

— چىقىپ كېتىڭ، مەن تەلەپ قىلىمەن، — دېدىم ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈپ، — مەن سىزنىڭ بۇنداق تەشۋىقا-تىڭىزنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىڭىزنى پارتكوم يىغىنىدا، ياكى ئاشۇنداق قارارلارنى مۇزاكىرە قىلىدىغان سورۇندا ئېيتىڭ.

— مەن سىز ھاۋالە قىلغان سورۇنلاردىمۇ بۇ كۆز قاراشلىرىمنى ئېلىپ قالماي سۆزلەپ ئۆتىمەن، — دېدى ئۇ يەنە ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان پەرۋاسىزلىق بىلەن؛ — لېكىن ئاز سانلىق بولغانلىقىم-دىن ئۇلار گېپىمنى تىڭشىمىدى، بەزىدە ھەقىقەت ئاز سانلىقلارنىڭ

قولىدا بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇ يىغىنىدىمۇ شۇنداق بولدى. مېنىڭ ھازىر سەۋرچانلىق بىلەن بۇلارنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇم سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن...

— سىز ئەجەب مېنىڭ غېمىمنى يەپ قاپسىزغۇ؟

— چۈنكى، سىز ھالاكەتكە مەھكۇم بولغان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ تارتىشى ئاستىدا تۇرۇۋاتىسىز، — دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ، — قارارنى سىزگە ئۇقتۇرسا رەت قىلىڭ. ھېچقانداق قۇرۇلۇش لايىھەلەش، سۇ ئىنشائاتى دېگەنلەر بىلەن شۇغۇللانمايمەن دەپ ئېيتىڭ، پايدىسىنى كېيىنچە كۆرۈپ قالىسىز.

— ماڭا ئاشۇنداق ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلسا، تەشكىل قوللاپلا بەرسە، جان-دىلىم بىلەن ئىشلەۋېرىمەن، — دېدىم چورت كېسىپ.

ھامۇت تاماكىسىنى يەرگە تاشلىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا يېقىن كەلدى ۋە مەن تەرەپكە سەل ئېگىلىپ:

— ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسەن زىيالىيچاق. سەن مېنى كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتامسەن تېخى؟ — دېدى.

ئۇنىڭ تىنىقىدىن ھاراق، ساماق ۋە ئاچچىق موخوركىنىڭ ئارىلاشقان بەتبۇي ھىدى كېلىپ تۇراتتى. مەن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ غەزەپ بىلەن:

— ماڭا يېقىنلاشما، چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىرىدىم.

ھامۇت چىقىپ كەتمىدى. ئۇ مەندىن سەللا يىراقلىشىپ، لەۋلىرىنى تېز-تېز يالاپ ئېغىر پۇشۇلداشقا باشلىدى.

— گۈلنايىم، ماڭا قاراڭ، ماڭا شۇ تاپتا سىز بىلەن بىللە بولۇشتىن باشقا ئارزۇ يوق. سىز ماڭا مۇشۇ مىنۇتتا بارلىق سىياسىيلاردىن، ئىشلەپچىقىرىشلاردىنمۇ مۇھىم. مېنى سىز قوپاللىق قىلىشقا، كۈچ

ئىشلىتىشكە زورلىمىسىڭىز بولاتتى، — ئۇ بوغۇلغان ۋە خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەچ ماڭا يەنە ئېگىشتى، — ئاۋۇ بىركۈنى ئاخشام سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى يالغان، باياتىن سۆزلىگەنلىرىمنىڭمۇ ھەممىسى سەپسەتە. سىزنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىش، دىدارىڭىزغا بىردەم بولسىمۇ ئارتۇقراق قېنىۋېلىش... مانا شۇلا مېنىڭ ھەممە ئارزۇ- ئۈمىدلىرىم...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كېلىشتۈرۈپ رەددىيە بېرەي دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگىلا ئۇ قوپال بىر ھەرىكەت بىلەن بوينومنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋېلىپ ھۆل لەۋلىرىنى لېۋىمگە يېقىۋالدى. ئۇنىڭ جەينەكلىرى مېنىڭ مەيدەمگە تېرەكلىك ئىدى. مەن ئۇنى ئۆزەمدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قولۇم بىلەن ئىتتەردىم، بىراق كۈچۈم يەتمەيتتى. ئۇ ھە دەپ ھاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزى بىلەن مېنىڭ لەۋلىرىمنى ئىزدەيتتى. مەن كۈچىنىپ تۇرۇپ يۈزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇراتتىم، ئۇنىڭ نېمىلەرنىدۇ دەپ پىچىرلاشلىرى قۇلىقىمغا زادى كىرمەيتتى، پات- پات "قويۇۋەت، قويۇۋەت مېنى..." دەيتتىم.

مېنىڭ كۈچىنىشىمدىنمۇ، ياكى ئۇ چارچاپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ بوينومدىكى قوللىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى ئالايغان ھالدا مەندىن يىراقلاشتى. مەن ئۇنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ سەنتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن پايدىلىنىپ يوتقان ئىچىگە كىرىۋالدىم- دە:

— چىقىپ كەت!، — دېدىم بوغۇلۇپ، — چىقىپ كەت تېز!

ھامۇت بىرھازاغىچە گەپ- سۆزسىز تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلغان بولۇپ، ساڭگىلاپ قالغان قوۋۇزى، شورىداپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان لەۋلىرىگە قاراش مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاينىتاتتى. "ئاشۇ يىرگىنىشلىك لەۋلەر- ھە..." دېگەن پىكىر يالت قىلىپ خىيالىمدىن

ئۆتتى. مەن لېۋىمنى ھىمىرىپ ئېگىشىپ تۇرۇپ تۈكۈرۈۋەتتىم.

— سەن ماڭا بۇيرۇق بېرىشكە ئالدىرىمايراق كىرىشسەڭمىكىن، — دېدى ئۇ باياتىنقىغا زادى ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا. ئۇنىڭ ئەمدى قەددى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا يۈرگەندەك قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن بىر ئىشىك تەرەپكە، بىر مەن تەرەپكە مېڭىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — پات يېقىندا ئەڭ، ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. يەنە بىر قېتىملىق زور ھەم كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەرىكەتتە ناھايىتى تەبىئىيكى، بۇرۇن بىر قېتىم يۈزىگە قارا كۈيە سۈرتۈلگەن، بېشىغا ئۇزۇن قەغەز كۇلا كىيدۈرۈلگەن، شۇنداق بولسىمۇ قارىسى سۈرتۈۋېتىلگەندىن، كۇلاسى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە ھۆركىرەپ، بۇرۇنقى كونا يولىدا جاھىللىق بىلەن مېڭىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى نەپەس يوللىرى سىقىپ تاشلىنىدۇ. ھە، ئەنە شۇ چاغدا "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ" دەپ، بۇ نەزەرىيىنى تۇتىيا قىلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، — ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سەل ئېگىشىپ سورىدى، — ئېيتقانلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەن ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن دەرمەھەللىككە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتىم. ئۇ ئىسسىپ كەتكەن ئۆيدە بارغانسېرى مەسلىكى ئۆرلەپ يېڭىباشتىن ئالجوقا سۆزلەشكە كىرىشتى، بىر قېتىم دەپ بولغانلىرىنى يەنە قايتىلاپ تەكرارلايتتى. ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق بولىدىغان ھەرىكەتتە قانداق ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋاتقانلىقى،

كىملەردىن قانداق ئۆچ ئالىدىغانلىقى، كىملەرنى مەڭگۈ قەد كۆتۈ-رەلمەس قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاغزى بېسىلماي ۋالاقلايتتى.
ۋاقىت ئۆتمەكتە، مەشكە كۆمۈر سېلىنىپ تۇرمىغاچقا ۋە كۆلى قېقىپ تاشلانمىغاچقا، ئوت ئۆچۈشكە باشلىغان بولسا كېرەك، ئۆي بارغانسېرى سوۋۇغىلى تۇردى. ھامۇت مېنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇر-غىنىمنى ئەمدىلا سەزگەندەك، سۆزدىن توختاپ مەن تەرەپكە بۇرۇلدى، ئۇ مېنىڭ شوك بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزىچە چۈشەندى:
— سەن يەنە بىر قېتىم زىيان تارتىدىغانمەن دەپ ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ. توغرا، 1966 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە سىلەر ئوقۇغۇچىلار خېلىلا كۈچ چىقارغان ئىدىڭلار. ئەمما كېيىنكى ۋەزىيەت شارائىتىدا سىلەردىن داۋاملىق پايدىلىنىشقا بولمايتتى. ئەمدى سەن دەرھال ئاتلىنىپ بىزنىڭ سېپىمىزدە تۇرۇشۇڭ لازىم. ماقۇل دېسەڭلا، مەن ئامالىنى قىلىمەن، بىز سېنى ئەرز قىلىش ئۈمىكى بىلەن مەركەزگە ئەۋەتىمىز. ئىككىنچى قېتىم ئالاقە باغلاش باھانىسى بىلەن بېيجىڭغا بېرىۋالسەن... قانداق؟
ئۇ "قانداق؟" دېگىنىدە، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ توختىغانىدى.
— ھېچقانداق يەرگە بېرىپ ئالاقە باغلىمايمەن! — دېدىم ھومىيىپ.
شۇ تاپتا، ھامۇتنىڭ چىقىپ كېتىشىنى بەكمۇ خالايتتىم. ئۇنى قانداق قىلىپ چىقىرىۋېتىشنى بىلمەي ئىچىم سىقىلاتتى. ھامۇت بولسا ھېچ نەرسە بىلەن چاتىقى يوق، ئۆز خىيالىنىڭ تۇتۇنىدە مەست بولۇپ يۈرەتتى:
— ئالاقە باغلىمايسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — بۇرۇن ئالاقە باغلاپ زىيان تارتتىم دەپ باتنايدىكەنسەن ـ دە؟ ئەمدى ئۇنداق

بولمايدۇ.

— مەن بۇرۇنمۇ ئالاقە باغلىمىغان!

ئۇ ئىشىك تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. مېنىڭ سۆزۈم بىلەن دەرھال بۇرۇلۇپ:

— سەن نېمە ئىش قىلغان ئۇ چاغدا؟ — دېدى.

— كۇتۇپخانىدا كىتاپ ئوقۇغان، ھەممە يەرگە دوقۇرۇپ يۈرمىگەنمەن، — دېدىم تەتۈر قاراپ.

ھامۇت سارائىغا ئوخشاش دەسلەپ چەكچىيىپ قارىدى، كېيىن قولاقنى پاك قىلغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن، قانداق تويۇقسىز كۈلگەن بولسا يەنە شۇنداق تويۇقسىز چىپپىدە توختاپ قالدى.

— ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى ئىكەنغۇ؟ بۇ سىز بۇچۇن بەكمۇ تەسلىكتە كېلىدىغان بىر پۇرسەتقۇ؟ — دېدى ئۇ راستىنلا ھەيران بولغاندەك قەددىنى سەل - پەل ئالدىغا ئېگىپ مېنى «سىز»لەپ، — بۇ قېتىم سىز ئالاقە قىلىشقا بېرىڭ، يالغۇز بارمايسىز، قورققۇچىلىقى يوق، ماشىنا، پويىزنىڭ كىرا پۇلى ھۆكۈمەتتىن بولىدۇ. ماتېرىيال ئېلىپ بارسىلەر، يوقىرى تەستىق سېلىپ بەرمىگۈچە ئۇشقۇق دېسىمۇ، ھە دەپ قويۇپ يېتىۋېرىسىلەر. ئەھۋالنى بىر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىپ تۇرىسىلەر. بىز بۇ يەردە يېتىۋەرسەك، ئىبراھىم، قۇتاۋىق دېگەنلەر بوزەك ئېتىپ بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا تەدبىر قوللانماساق بولمايدۇ. سىز ماقۇل دېسىڭىز، بارلىق قوپاللىقلىرىڭىزنى كەچۈرۈۋېتىمەن. كېيىنچە بىزنىڭ ئىشلىرىمىز كۆڭۈلىمىزدىكىدەك بولغاندا، سىزگىمۇ مائاش دەرىجە، خىزمەت دەرىجە قوشۇلىدۇ...

مەسلىكىدىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي ۋالاقلاۋەرگەن ھامۇت خۇمارى تۇتۇپ موخۇركا ئوراش يادىغا كەلگەندە، ئاندىن يەنە ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئۇنىڭ سەل بېسىقىپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ خېلىلا ئەدەب بىلەن:

— ھامۇت مۇدىر، چارچاپ كەتتىڭىز، ماڭىمۇ ئارام ئېلىش كېرەك ئىدى، چىقىپ كەتسىڭىز، ئەتە سۆزلەپ بەرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، — دېدىم.

ئۇ تەلۋىلەرچە كۈلۈۋەتتى- دە:

— چارچاپ كېتىش دېگەن ھېچنېمە ئەمەس، ئىنقىلاب قىلىش ئۈستىگە جاننى تىكىپ قويماقچى بولۇۋاتساق، بۇنىڭ كارى چاغلىق، — ئۇ موخۇركىسىنى يۆگىيەلمەي باشقا قەغەز يىرتتى، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ قايتىدىن يۆگەشكە كىرىشتى، — سىز مەندىن ئۆلگە ئېلىشىڭىز لازىم. ئۇلۇغ غايىگە يېتىش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قانداق، ئالاقە باغلاشقا بارامسىز؟ مەن ئەتىلا گۇڭشېغا ئىدارىسىدە بۇنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش رېھىم باش لىڭشىتىسىلا كېتتۇېرىسىز، ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشىدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىدىن خەۋىرى بار.

مەن ئۇنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈنلا، بارسام- بارمىسام كېيىنچە ئويلىنىپ ئەتە جاۋاب بېرەي، دەپ قۇتۇلماقچى بولۇۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئەتىلا گۇڭشېغا يېيىۋېتىمەن، دېيىشى مېنى خېلىلا چۆچۈتۈپ قويدى. شۇڭا:

— ياق، مەن ھېچقانداق يەرگە ئالاقە باغلاشقا بارمايمەن، مۇشۇ گۇڭشېدا ئىشلەيمەن، — دەپ ئېنىق ئېيتتىم.

— ھا، ھا. يەنە ئۆزگىرىۋالدىڭىز، — دېدى ئۇ قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىز بۇ گۈڭشېغا بەك تەستە، بويىڭىزدىن سۆرىگەندەك كەلگىنىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ بىرپەستىلا كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟ مەن ھەممىنى چۈشەندىم، سىز خىيالىڭىزدا مېنى قۇتلۇق قوللاپ قۇۋۇەتلەۋاتىدۇ. ناھىيىدە ئىبراھىم بار، دەپ خاتىرجەم بولىدىكەن-سىز-دە؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ! بىز ھازىر جىم يۈرگەندەك كۆرۈنگىنىمىز بىلەن ئاستىرتىن ھەرىكەتنى باشلىۋەتتۇق. ناھىيە بازىرىدا "ئۆگىنىش باغچىسى" ماۋزۇلۇق تام گېزىتى ئىشلەۋاتىمىز. ماتېرىيال رەتلەۋاتىمىز، سىزنىڭ قۇتاۋۇق، ئىبراھىم دېگەنلىرىڭىزنى ئەتە-ئۆگۈن باشلىنىدىغان چوڭ ھەرىكەتتە قاپاق تېرەكنى ئۆرۈگەندەك غولىتىۋېتىمىز...

— بۇ سىزنىڭ مەست بولۇپ قالغان چاغدىكى خىيالىڭىز بولسا كېرەك، — دېدىم ئۇنىڭ يار ئېلىپ كەتكەن ئۆستەڭ سۈيىدەك توختىماي ۋالاقلىشىدىن يىرگىنىپ، — قۇرۇق ۋارقىرىغانغا غولايدىغان ئىش بولامدىكەن، پاكىت بولسا بولىدۇ.

— جەزمەن غولىتىۋېتىمىز، غولىتىۋېتىش ئۈچۈن چوقۇم پاكىت بولۇشى لازىم، دەپ كىم ئېيتتى؟ — ئۇ مېنى سەسكەندۈرۈپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ سۆزلەيتتى، — ئەگەر جەزمەن پاكىت بولسۇن دېيىلسىمۇ قورققۇچىلىقى يوق. پاكىت تاغدەك تۇرۇپتۇ. باشقىلىرىنى قويايلى، سېنىڭ ئۆزەڭ بىر پاكىت. سەن سىنىق زىيالىي تۇرساڭ، يولداش رېھىم جۇيجاڭ سېنى گۈڭشېمىزغا ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتكەن تۇرسا، قۇتلۇقنىڭ سېنى يۆلەپ قوپۇرۇپ، قانداقتۇر دەريا تىزگىنلىتىمەن دېگەن ئاقماس ئىشقا تەيىنلىشى جىنايەت بولماي نېمە؟ قانداق، ئاغدۇرۇلامدىكەن...؟

— تۆھمەتچى ئىكەنسەن...

— تۆھمەت چاپلاپ بولسىمۇ ئاغدۇرىمىز، — ھاموت مېنىڭ كارىۋىتىمغا كىلىپ لوسىسدە ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ تام تەرەپكە نىقتىلىۋالدىم، — كەلگۈسىدە مەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇئاۋىن مۇدىر بولىمەن. رەسمىي مۇدىر بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى، ئۇنى يولداش رىھىمگە ئۆتۈنۈپ بەردىم. سىز مېنىڭ ئىستىقبالىمنى نېمىشقا كۆرمەيسىز؟ — ئۇ كۆزىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئاۋازىنى مۇلايىملاشتۇرۇپ مېنى يەنە سىزلەشكە ئۆتتى، — سىز ماڭا بۇنچىلىك ھومىيىپ، سەت قارىمىسىڭىز قانداق، جېنىم؟ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى لاي پاچاق ئېرىڭىزدىن ئاجرىشىڭ، ماقۇل بولسىڭىز ئەتىلا ئاياللىمنى تالاق قىلىمەن. مۇدىر خېنىم بولىسىز، مەيلى، بېيجىڭگىمۇ بارماڭ، دەريا بويىغىمۇ بارماڭ. سىزنى كۆرگەن كۈنۈم-دىن تارتىپ ماڭا ئاراملىق يوق. بىز ئۇرۇشمايلى، نېمىشقا دوست بولۇپ قالالمايمىز - ھە؟...

— يوقال، چىقىپ كەت ياتىقىمدىن! — دەپ توۋلىدىم مەن غەزىپىم تېشىپ، — ئەدەب - ھايانى بىلمىدىغان ئادەممۇ سەن ياكى...

بىراق ئۇ ئىتتىك ھەرىكەت بىلەن يىپىنىۋالغان يوتقىنىمنى يۇلۇپ تاشلاپ، سول قولى بىلەن كۆكسۈمگە چاڭگال سالدى، ئوڭ قولى بولسا تىزلىرىمدا مىدىرلاۋاتاتتى.

— سىز شۇنچىلىك گۈزەلسىز، شۇنچىلىك چىرايلىقسىز، مېنى قوغلىماڭ جېنىم گۈلئايىم، — دەيتتى ئۇ تومشۇقىدىن بىخسىپ چىقىۋاتقان ھەممە سېسىقچىلىقلارنى بۇرنۇمغا بارغانسېرى يېقىنلاشتۇ-رۇپ، — مەن سىزنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن، بەزىدە ھاياجانلىرىمنى باسالماي، قوپال سۆزلەپ قويىمەن، لېكىن

كۆڭلۈم ئاق...كېيىن سىزنى سۇ ئىشلار ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ...
— ۋەھشىي ھايۋان، چىق ياتقىمدىن! بولمىسا ھازىرلا ئادەم چاقىرىمەن، — دەپ بوغۇلاتتىم مەن ئۇنى ئۆزەمدىن نېرى ئىتتىرىپ.
— بىكار ئاۋارە بولۇسىز گۈلنايىم، قارشىلىق قىلىش سىزنى چارچىتىۋېتىدۇ. چاقىرغىنىڭىز بىلەن كىم كىرىدۇ! قاراۋۇلنى مەن ئىشقا بۇيرۇۋەتكەن، ئۇ كېلەلمەيدۇ. مۇبادا قانداقتۇر بىرسى كىرگەندىمۇ، سىز كىيىمسىز، ئىككىمىزنى بۇ ھالەتتە كۆرسە، ئايال كىشى ئۈچۈن ئاقلىنىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ...
ئۇ سۆزلەۋېتىپ قېپىپاش ئولتۇرغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇزلەندى ۋە مېنىڭ ئۈستۈمگە تاشلىنىشقا تەمشەلدى. ھاقارەتلىنىشكە، خورلىنىشقا قارشى جاسارەت قەيەردىندۇ ماڭا بىر كۈچ ئېلىپ كەلگەندەك بولدى-دە، ئىزا تارتىپ قورۇنۇپ ئولتۇرۇۋېرىشنىمۇ يىغىشتۇرۇپ، ئورنۇمدىن كۆتۈرۈلگىنىمچە ئۇنى ئارقىسىغا قاتتىق ئىتتەردىم. مەست ھايۋان سەنتۈرۈلۈپ، سۇ يۇقۇندىلىرىدا تېيىلىپ مەش ئۈستىدىكى چەينەكنى ئۆرۈۋەتتى. تۆكۈلگەن سۇدا سىيرىلىپ تېخىمۇ ئاياغقاراق باردى-دە، تام يېنىدىكى ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇلغان چىنە بىلەن داسنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. مەن ئىچ كۆينەك بىلەنلا بولسامىمۇ، ئۇدۇل ئىشىككە قاراپ يۈگۈردۈم. بۇرۇلۇپ ئېچىلىدىغان قۇلۇپنىڭ تۇتقۇچىنى ئەمدىلا بۇراپ ئىشىكنى ئېچىپ، سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان تالاغا ئۆزەمنى ئاتاي دەۋاتقىنىمدا، ھامۇت سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ ئۇزۇن چېچىمدىن چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ قوپال، كۈچلۈك بىر ھەرىكەت بىلەن قوللىرىنى ئۆزىتىپ بېلىمدىن چىڭ قامىدى ھەم سۆرەپ كارىۋات تەرەپكە ئېلىپ

ماڭدى.

— مەن ساڭا، سەندەك بىر ئاددىي خوتۇنغا ئەڭ نازۇك سۆيگۈ-مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلاي دەپتىمەن تېخى، — دەيتتى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — مەن كىم بولۇمەنۇ، سەن كىم؟ مەن سېنى ئۆز خاھىشىمغا بويسۇندۇرالمايدىغان بولسام مۇدىر بولماي كېتەي...

— قويۇۋەت، قويۇپبەر دەيمەن ئىپلاس ھايۋان، — دەيتتىم مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ.

بىراق، ھامۇت مەندىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۇزۇن چېچىمنى بېلىكىگە يۆگۈۋالغانلىقتىن، ھەرىكەت قىلالمايتتىم. بۇ شەرمەندە ئادەم مېنىڭ ھالسىزلىنىشىمنى كۈتۈپ، ھە دەپ ئىككى مۇرەمدىن بېسىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇشقا ئۇرۇناتتى. شۇ ئارىدا مەن ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدا قايچا بارلىقىنى يادىمغا ئالدىم. قارشىلىقىم ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ياردەمچىمۇ شۇ ئىدى. بېسىلىپ ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، سول قولۇم بىلەن ئۇنىڭ سېسىق تۇمشۇقىنى ئىتتىرىپ ئۆزەمدىن نېرى قىلغاچ، ئوڭ قولۇم بىلەن سىيپىلاپ قايچىنى تېپىپ سۇغۇرۇپ ئالدىم-دە، مېنى ئەمدى ماغدۇرسىزلىنىپ قالدى، قارشىلىق قىلالمايدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ھەمدە يېشىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان ھامۇتنىڭ مەيدىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ تىقىۋەتتىم. ئەمما، مېنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشۇم تولۇق ئۈنۈم بەرمىدى. قايچىنى كۆرۈپ قالغان ھامۇت ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ "ۋايجان" دەپ توۋلىۋەتتى. ھەر ھالدا مەن ئۇنىڭدىن سەل بولسىمۇ يىراقلىشىۋالدىم. غەزەپ-نەپرەت كۆز ئالدىمنى تۇمانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، بارلىق كۈچۈم بىلەن قايچىنى

ئىككىنچى قېتىم تىقتىم. بۇ قېتىمقى ھەرىكىتىمدە قايچا ئۇنىڭ ئىڭىكى قېتىش گېلىغا بېرىپ ئۇرۇلدى. ھايۋان قورقۇپ كەتتى، ئۇ ئېڭىكى ئاستىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قاننى سېزىپ مەستلىكىدىنمۇ يېشىلىپ كەتتى بولغاي، تىترىگەن، يالۋۇرغان ئاۋازدا، ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ:

— گۈلئايىم، سىز... سىز، مېنى كەچۈرۈڭ، بولدى ئەمدى، يەنە قايچا تىقسىڭىز قاتىل بولۇپ قالىسىز، — دېگىنىچە ئىشىك تەرەپكە كەينىچە داجىپ قېچىپ چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلدى.

شۇ شارائىتتىكى كەيپىياتىمدىن ئالغاندا، قاتىللىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. پۈتۈن ئىستىكىم قۇتراپ كەتكەن، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئاشۇ مەست ھايۋاننى ھەيدەپ چىقىرىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ "قاتىل بولۇپ قالىسىز"، دېيىشى ھەر ھالدا مېنى چۆچۈتۈپ، ئېسىمنى يىغىشقا سەۋەبچى بولدى. قايچىنى قايتا تىقماي، پەقەت شىلتاش بىلەنلا كۈپايىلەندىم. ئۇ ئىشىككە كەينىنى قىلىپ داجىغانلىقتىن، بىردەم ئۇ تەرەپكە، بىردەم بۇ تەرەپكە دوقۇرۇپ ئاخىرى ئىشىكنى تاپتى. سىلاپ يۈرۈپ، مەندىن كۆزىنى ئالماي ئىشىكنى ئېچىپ، كەينىچە چىققانلىقتىن، پاتقاقتا تېيىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇنى ھەيدەپ چىقارغانلىقىم ئۈچۈن يەڭگىل تىن ئېلىپ، كېيىنكى رەسۋاچىلىقنى كۆرگۈمۇ كەلمەي ئىشىكنى ياپتىم. ناھايىتى زەرب بىلەن ياپقان بولسام كېرەك، تورۇستىن توپا قويۇلدى. مەن قولۇپنى سىرتتىن ئاچقۇچ سېلىپمۇ ئاچالمايدىغان قىلىپ تاقاپ، دۈمبەمنى ئىشىككە يۆلەپ ئېغىر ھاسىراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆي ئەندى تامامەن سۈۋۈپ كەتكەن بولسىمۇ، پۈتۈن بەدىنىم ئوتتەك قىزىپ تۇراتتى. ھارغىن-

لىق پۈتۈمدىن تارتىپ، كۆز قاپاقلىرىمغىچە يېيىلاتتى. بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارنىڭ تېخى ھازىرلا سادىر بولغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلگەن چاغدا، ئۆزەمنى زادى تۇتۇپ تۇرالماي يۇگۈرگەن پېتىم كارىۋاتقا ئۆزەمنى تاشلاپ ئۈنۈمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىۋەتتىم.

## 2

ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋەت چۈشەنچىلىرىنى ئەڭ يارىماس دەرىجىدىكى ھايۋانىي تۇيغۇغا بېقىندۇرۇپ ئويلايدىغان ھامۇتىنىڭ پەسكەش قىلىقى كۆڭلۈمنى قاتتىق ئەزگەنىدى. دۈم يېقىلىپ ياتقان پېتى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، قانچىلىك يىغلىدىم، يادىمدا يوق. خىرە-شىرە مانانلاشقان خىياللىرىم مېنى ياكى ئوخاق ئەمەس، ياكى ئۇخلاق ئەمەس ھالەتكە ئېلىپ كەلگەنىدى. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆي پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ قالغان، ئېھتىمال، كىرسىن لامپىسىدا ماي كۆيۈپ تۈگىگەن بولسا كېرەك، كىرسىن پۇراپ تۇراتتى. سوغۇق دەستىدىن ئوشۇقۇمنىڭ تۆۋەن قىسمى ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك بىلىنەتتى. مەن يالىڭاياغ ھالدا سۇ چاچرىغان سوغۇق يەرنى دەسسەپ، تۇرغىنىمنى بىلدىم. ئوڭ قولۇمدا ماڭا ياردەمچى بولغان قايچا تۇراتتى.

مەن چىراغ يېقىشنىمۇ، ئۆچكەن ئوتنى قايتا يېقىشنىمۇ خالىمىدىم، ئوت ياققۇم بار ئىدى، لېكىن قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايدىغاندەك سېزىلەتتى، بولۇپمۇ قورسىقىم مۇجۇلۇپ، سانجىپ ئاغرىيتتى. مەن ئاياغلىرىمنى سۇرتۇپمۇ قويماي، قايچىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ، سوزۇلۇپ كارىۋاتقا چىقتىم، يوتقانغا كىرىپ قاراڭغۇلۇق بېسىپ تۇرغان تۇرۇسقا تىكىلىپ ئوڭدا ياتتىم. ئىچ-ئىچىمدىن ئېتىلىپ

چىقىۋاتقان يىغا پۈتۈن بەدىنىمنى تىترىتەتتى، لېكىن كۆز يېشىم قۇرۇپ كەتكەندەك بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى. دەل شۇ چاغدا كۆزۈمگە ھاشىم كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئوڭ بېلىكىگە ئوغلىمىزنى، سول بېلىكىگە قىزىمىزنى ئولتۇرغۇزۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى، شۇ تاپتا ماڭا شۇنداق تۇيۇلاتتىكى، ئوغلۇم بىلەن قىزىمنىڭ چىرايى ئېنىق كۆرۈنمەي غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئەمما ھاشىمنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى بىردە پەسلەپ بىر غېرىچ ئارىلىقتا كەلگەندەك، بىردە يىراقلاپ كۆك بوشلۇقىغا چىقىپ كەتكەندەك بولاتتى.

بىزنىڭ تونۇشۇشىمىز ئاجايىپ بولغانىدى، تويىمىزمۇ تونۇشۇپ بىر ئايدىن كېيىن بولغانىدى. مەن ئۇلارنى بۇرۇن ئانچە ئەسلىمەيتتىم، ئەسلىگىم كەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، دائىم ئۇنى ئۆز يېنىمدا دەپ ئويلىغانلىقتىن ئەسلىمەيتتىم. ھامۇتنىڭ بۈگۈنكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمى ئۇنى، تونۇشۇشىمىزنى ۋە تويىمىزنى يادىمغا سالدى.

دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي چېنىقىشقا كەلگەن ھەممە ياشلارنىڭ جۈپ ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم، ئەمگەكتىن يانغاندا بۇ جۈپلەر بىر-بىرىنى ساقلىشىپ تۇراتتى، بىر-بىرىنىڭ كىيىملىرىنى، ياكى ئىش قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ ئېلىشاتتى، ئېرىق، ئۆستەڭ بويلىرىغا كېلىپ، بىرسى يۈز-كۆزلىرىنى يۇسا، يەنە بىرى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. كىنو قويۇلسا — گەرچە بۇ كىنو كىشىنىڭ نېرۋىسىنى قاقشىتىپ، ھۇزۇر بېرىش ئورنىغا قوپاللىق، سۈرلۈك ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ئەقلىغە توغرا كەلمەيدىغان دىئالوگلار بىلەن توشقان بولسىمۇ، — ھەممە ئۆز جۈپ-جۈپى بىلەن يېقىن ئولتۇرۇشاتتى.

پەقەت مەنلا يالغۇز ئىدىم. ئەمگەكتىن ئۆزەم يالغۇز قايتاتتىم.

قىزلار كۆڭلۈم ئۈچۈنلا:

— تېززەك ماڭ، گۈلئايىم. بىرىپ تاماق قىلىپ يەپ يىغىنغا بېرىشىمىز كېرەك، تېخى، — دەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۆت تەرەپكە بويۇنداپ ئۆزىنىڭ جۈپى قەيەردىرەك كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىزدەيتتى، ھەممە ماڭا: "بىز شۇنداق دەپ قويدۇق، يەنە يېنىمىزغا كېلىپ چاپلىشىپ ماڭمىغىن"، دېگەندەك مۆلدۈرلەيتتى. تاماقنى قىزلار ئايرىم، ئوغۇللار ئايرىم قىلىپ يەيتتۇق، بەزىدە ئىشچىلار ئاشخانىسىدىن يەيتتۇق. ئۆزىمىز تاماق قىلىدىغانلا بولساق، مېھمان كەلمەي قالمايتتى. بۇ مېھمانلار يىراقتىن ئەمەس، يېقىندىن؛ باشقا كىشى ئەمەس، دەل ھېلىقى جۈپلۈكلەرنىڭ "سىڭا يىي" بولاتتى. بۇنداق چاغلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولاتتى. بارا-بارا مەن كۆندۈم، دەسلەپكىدەك سىقىلىش، بىئاراملىق سەزمەيدىغان بولدۇم. بەزى كېچىلىرى قىزلار ئۆزىنىڭ "سىڭا پېيى" بىلەن جىدەللىشىپ قالغانلىقى، ياكى يارىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا پىچىرلىشىپ سۆزلەشسە، بۇرۇنقىدەك ئىچىم سىقىلىپ تىت-تىت بولۇشتىنمۇ قالدىم. بىركۈنى خاسىيەت:

— سەن گۈلئايىم، بىرەرسىنى تاپمامسەن، ساڭا ھايات يېگانىلىك ئۈچۈن كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

غەزىپىم كەلگەنلىكىدىن:

— شۇنداقلا تاپىدىغان ئۇ بىرەرسى ئادەممۇ ياكى نەرسە-كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

خاسىيەت بۇنى ئۆزىچە چۈشىنىپ:

— ھە، بىلدىم. باشتا شۇنداق دېسەڭ بولمامتى؟ سەن چوڭ ئايغانسېرى تارتىنچاق بولۇپ كېتىپ بارىسەن، ئۇنداق قىلما، ئاخشام-

ئەتىلىرى يادىڭغا كېلىۋالدىغان، كۆرگۈك كېلىدىغان بىرەر يىگىت بولسا ماڭا ئېيت. بىز قىزلار ئۆزىمىزنىڭ جۇرئەتسىزلىكىمىز-دىن بەختسىز قالىمىز. تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بەرسە بولىدىغان يىگىتكە بىرىپ گەپ قىلالمايمىز. يىگىتلەر بولسا كۆڭلىدە بولسىمۇ، ئۆزىگە يىپپىشىدىغانراقىغا بالدۇرراق ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. مۇبادا ئاشۇنداق يىگىت بولسا، ئۇ تېخى بىرەرسى بىلەن پۈتۈشمە-گەنلا بولسا، سەن تارتىنىپ دېيەلمىگەن بولساڭ، ماڭا پىچىرلاپلا قوي. مەن بىزنىڭ باللار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈۋالايمىزمۇ؟...

تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم كۆپ يىللىق دوستۇم بولسىمۇ، مۇھەببەت، ياشاش توغرىسىدا پاراڭلاش-مىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆكۈندۈم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، مۇنداق دەپ تاقاق سالدىم:

— بولدى قوي بۇ گېپىڭنى، قولغا كېلىدىغىنىنى ئۆزەڭلا كەلتۈرۈۋال.

— نېمە، سەن قىز بالا ئەمەسمۇ؟ — دەپ تېرىكتى ئۇ، — ساڭا ھايات كېرەك ئەمەسمۇ؟

— مەن ئۆلۈۋېتىپتىمەنمۇ؟ — مەنمۇ قاپىقىمنى تۈرۈپ جىملە بولغانلىقىمنى يوشۇرمىدىم، — كىم ساڭا دەللاللىق قىلسۇن دەپ ئۆگەتتى. يىگىتى بولسا ھاياتلىق ھېسابلىنىدىغان بولسا، سەن ھايات ياشاۋەر، ماڭا ئارىلاشما.

خاسىيەت بۇنداق سۆزلەرنى تۇنجى قېتىم، يەنە كېلىپ مەندىن ئاڭلىغىنى ئۈچۈن رەنجىدى بولغاي:

— ھايات دېگەن مۇھەببەت، دەپ چۈشىنەتتىم، سېنىڭمۇ

شۇنداق ئويلىشىڭ مۇمكىنلىكىنى خىيال قىپتىمەن، كەچۈر، — دېدى ـ دە، كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

بىز ئۈستەڭنىڭ بويىدا پۇتىمىزنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ، پاراڭلاشقاندۇق، ئۇ پۇتىنى سۇدىن "شالاپپىدە" تارتىپ، پايپىقى بىلەن بەتىنكىسىنى كۆتۈرۈپ قوپقاندا، ئۇنىڭ تۇرغان جايىدا نەم ئىزى قالدى. مەن گۇرسۇلدەپ كېتىۋاتقان قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدىم، كۆڭلۈمدە تېخى خۇشالمۇ بولدۇم، چۈنكى، ئۇ ئەمدى بۇ ماۋزۇدا ماڭا قايتا ئېغىز ئاچمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

بىراق، ئولتۇرۇۋېرىپ، سۇ ئويناپ مونچاق چىقىرىپ، يالغۇز ـ لۇقۇمدىن مەيۈسلىنىشكە باشلىدىم. "هايات دېگەن مۇهەببەت"، دەپ ئېيتىلغان سۆزلەر قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. راست شۇنداقمۇ؟ دەپ ئويلاشقا باشلىدىم مەن، — مۇهەببەتسىز هايات بولمامدۇ؟ مېنىڭ ۋەتىنىمگە، ئاتا ـ ئانامغا، كەسپىمگە بولغان مۇهەببىتىم مېنىڭ هاياتىم ئۈچۈن يېتەرلىك بولمامدۇ ـ هە؟

مەن 26 ياشقا كىرگەنىدىم. مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ بىر يىلدىن كېيىن قۇددۇس ئىسىملىك بىر بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. نېمىشقا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭغا مۇهەببەت قويدۇم، هەممە ئوي ـ خىياللىرىمنى تۆكۈپ تاشلىدىم. دەرسنى بىللە تەكرارلايتتۇق، كىنو ـ ئويۇنلارغا بىللە باراتتۇق، يەكشەنبە كۈنلىرى بازارغا بىللە چىقاتتۇق، كۆپ چاغلاردا ئاپتو ـ بۇستا ئولتۇرماي، بۈك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئەخمەتجان كوچىسىنىڭ پىيادىلەر يۈرىدىغان تەرىپىدە ياندىشىپ مېڭىپ لومەن ـ چېڭغىچە كېلەتتۇق. قىلىشقان پاراڭلىرىمىز هەممىسى دېگۈدەك

دەرس، تاپشۇرۇق ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا دائىر بولاتتى. بەزى چاغلاردا مەملىكەت ئىچىدە ياكى خەلقئارادا ئوتتۇرىغا چىققان سۇ ئىنشائاتلىرىغا دائىر خەۋەرلەرنى ياكى قوشنا ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىشلارنىمۇ سۆزلىشەتتۇق. ئەمما، مۇھەببەت توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ سۆھبەتلەشمەيتتۇق. قۇددۇس بەزى-بەزىدە كىتاب ياكى كىنولار-دىكى مۇھەببەت توغرىسىدا ئېغىز ئاچاتتى، ئەمما ئىچكى سېزىملە-رىمدە بۇنداق تېمىلارغا ھەۋىسىم بارلىقىنى مىڭ مەرتىۋە ئېيتىپ، شۇ كىتاب ياكى كىنولاردىكى مۇھەببەتلەر ھەققىدە كۆز قارىشىمنى ئېلان قىلغۇم بولسىمۇ، ئاغزىمدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ ئويلاپ كېتەتتىم يالغۇز قالغانلىرىمدا، ياكى قۇددۇس كېتىپ قالغان چاغلىرىدا، — نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىمەنۇ، مۇشۇ تېمىدىكى كۆزقاراشلىرىمنىلا يوشۇرىمەن؟

بۇنىڭ سەۋەبىنى فاكۇلتېت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خەلچە مۇئەللىمە مەن بىلەن سۆزلەشكەندە ئاندىن سەزدىم.

— فاكۇلتېتىمىزدا ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسىز، دەرستە ئەلاچى، ئىنتىزامچان، ئەخلاقلىق، — دېدى ئۇ، لېكىن كۆزلىرى بۇ باھانى رەت قىلىشقا تەييار ھالەتتە جىددىي تىكىلەتتى، — ساۋاقداشلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىنكاس، گەپ-سۆزلەر بار، راستىنلا شۇنداق بولسا ئەركىنلىك. ئەمما بىزنى خەۋەردار قىلىپ قويۇڭ، بۇنىڭ زىيىنى يوق، سىز قۇددۇسنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مەن ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ سوئالى ئۈچۈن ئەمەس، نېمىشقا سورىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. بىراق، دىدىل تۇرۇپ، ئۆز قەلبىمنى يوشۇرماي جاۋاب بەردىم:

— ھەئە، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

— سلەر مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە يەنە ئىككى يىل بار. بۇ ئىككى يىل شۇنداق قىممەتلىككى، ئۇ كېيىن سىزگە ناھايىتى قىسقا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنى بىمىشقا ياخشى كۆرىسىز، بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە تەئەللۇق. ئەمما مۇھەببەت ئورتاق نىشان ئۈچۈن، بىر مەقسەت ئۈچۈن پەيدا بولۇپ، شۇ زېمىندا ئۆرۈق بولۇپ چېچىلسا، قۇياش نۇرىدەك يورۇق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا غايەت زور ياردەم بەرگۈچى مەنىۋى رول ئوينايدۇ. مېنىڭ مەسلىھىتىم شۇكى، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭ، مۇھەببىتىڭىز ئۆگىنىشىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بەرسۇن. كەلگۈسىدە جەمئىيەت ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئىشلىگەندە روھى كۈچ بولسۇن.

مەن سۆھبەتتىن كېيىن خۇشال بولۇشۇم كېرەك بولسىمۇ، كۆڭلۈمگە قانداقتۇر سەزگىلى بولمايدىغان بىر غەشلىك كىرىۋالغاندەك بىرقىسما بولۇپ قالدىم. بەختكە يارىشا، شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مەشغۇلاتى ئاخىرلىشىشقىلا قولۇمغا بىر باغاقنى تۇتقۇزدى، بۇ باغاقنى مەن باشقا ساۋاقداشلار پارتىلىرىنى تاراقشىتىپ چىقىپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا يوشۇرمايلا ئوقۇدۇم. چۈنكى قۇددۇس ئەزەلدىن ماڭا خەت يازمايتتى، ياكى بۇنداق قەغەز تۇتقۇزمايتتى. ئاندىن، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساۋاقداشلىقتىن ھالقىپ تۇرىدىغان يوشۇرۇن سىر بولماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. باغاقچىنى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ ئوقۇدى بولغاي، ماڭا قاراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ چىقىپ كېتىشتى.

مەن قۇددۇسنىڭ بىر قۇرلا خەت ئارقىلىق يازغان ئىلتىماسىغا ئاساسەن كۇتۇپخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تار يول بويىغا قويۇلغان ئۈچىنچى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن،

بىرىشمىغىلا قولۇمدىن تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— مەن بۈگۈن ناھايىتى بەختلىك، گۈلئايىم، — دېدى بوش ئاۋاز بىلەن.

— قېنى، بەختىڭىزنى ئېيتىپ بېقىڭا؟

— نېمە؟ خەلىچە مۇئەللىمە سىز بىلەن سۆزلەشمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ سەل تېڭىرقاپ.

— سۆزلەشتى، — دېدىم قىسقىلا قىلىپ.

قۇددۇس يەنە ئېچىلىپ كەتتى. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ۋاللداپ كەتكەنلىكىنى سېزىشكە بولاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا گۈلئايىمنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا توي قىلىمىز دەپ جاۋاب بەردىم. قاراڭ، مەن تەشكىلگە ئاشۇنداق ۋەدە بەردىم، — كېيىن ئۇ ئۆگىنىش، ئاندىن خىزمەت قىلىش توغرىسىدا بىرمۇنچە رەسمىيەت گەپلەرنى ئېيتتى، — ئەمدى مەن بەختلىك، سىز مېنىڭ...

ئۇ مېنىڭ مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمىپ قالدى. قولى تىترەيتتى ۋە توختىماي بارماقلىرىمنى نوۋۋەت بىلەن تۇتۇپ سىلاپ چىقاتتى. گويا ئۇنىڭ ھەرىكىتى چۈشىدە قىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ، پۈتۈن بەدەنلىرىم قىچىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

مەن ئۆز ھېسسىياتىم بويىچە، قىزلارنىڭ 18 دىن 22 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقتى يىگىتلەرگە ئەڭ ئىنتىلىدىغان، مۇھەببەت ئىزدەيدىغان پەيتلەر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمەن. قۇددۇسقا ئەنە شۇنداق ئىنتىلگىم كېلەتتى.

— سىز نېمىشقا توي قىلىش توغرۇلۇق بۇنداق بالدۇر ئويلاشقا كىرىشىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن پەس، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن

ئۇنىڭغا ئېگىزدىن قاراپ.

قۇددۇس مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلىدى، لېكىن ئاڭلىمىغاندەك، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك سىلىق ئاۋاز بىلەن:

— سىز رازى بولسىڭىزلا ئەتىلا توي قىلاتتۇق. سىز — مېنىڭ ھاياتىم، دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە ئۆگىنىش، خىزمەت دېگەنلەر-نىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇنداق پاك مۇھەببىتىم ئالدىدا نۆلگە تەڭ. شۇنداق، نۆلگە تەڭ...، — دەپ پىچىرلايتتى.

مەن ئۇنىڭ يىرىك، قىسقا چاچلىرى ئۇستىدىكى قولۇمنىڭ قانداق قىلىپ چۇشۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىگەنىدىم. بىراق، ئۇ بۇنى سېزىپ قاپتۇ:

— گۈلئايىم، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا سىزمۇ ئېچىلىپ، ماڭا مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلمايسىز؟ مەن سىزنى ئۆزەمنى بىلگەندەك بىلىمەن، سىزمۇ...

— مەن ھازىر ئوقۇغۇچى، كېيىن، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلقنىڭ خىزمەتچىسى بولىمەن...

"ئەگەر سىزمۇ شۇنداق ئويلىغىنىڭىزدا مەن سىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولاتتىم"، دېمەكچىدىم، ئەمما قۇددۇس سۆزۈمنى بۆلۈپ:

— سىز ھازىردىنلا مېنىڭ، كەلگۈسىدىمۇ مېنىڭ، بىزنىڭ شۇنداق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، بىھېساب قىممەتلىك ئائىلىمىز بولىدۇ. — ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ دېگۈدەك، خۇددى كەمپۈت شۈمۈۋاتقاندەك تامشىپ سۆزلەيتتى، — بىزنىڭ سىزگە ئوخشايدىغان چىرايلىق بىر قىزىمىز ۋە ماڭا ئوخشايدىغان بىر ئوغلىمىز بولىدۇ، بىز مۇھەببىتىمىزنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرىمىز...سىز

مېنى كۆتىسىز، مەن سىزنى كۆتىمەن، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ ئەبەدىيلىكى، ھازىرقىدەك ياش، ساپ ھالىتىدە تۇرىۋېرىشى ئۈچۈن ئىشلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى قىزلارنىڭ ئايال بولغاندىن كېيىن يەنە ئىشلەيمەن دەپ چېپىپ يۈرۈشى مۇھەببەت ئۈچۈن زىيانلىق رول ئوينايدۇ، بىرلا كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان مۇھەببەت ئىجتىمائىي سورۇنلاردا تۈرلۈك كىشىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈۋېرىش بىلەن سۇسلاپ كېتىشى مۇمكىن...

ئۇ نەدىن ئۆگىنىۋالغان سۆزلىرىكىنتاڭ، ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان تەلەپپۇز بىلەن «مۇھەببەتنىڭ تەرەققىياتى» توغرىسىدا سۆزلەۋەردى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، مۇھەببەتنى ئۇنداق چۈشەنمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. چۈنكى، قۇددۇسنىڭ سۆزلەۋاتقان «نەزەرىيىسى» بويىچە مەن توغىدىغان، بۆشۈك رولىنى ئۆتەيدىغان ئائىلە ئايالى بولۇشۇم كېرەك ئىدى.

مەن شۇ خىياللار بىلەن بولۇۋېتىپ، ئۆز بەدىنىمنىڭ ھەممە مۇسكۇللىرىدا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق يېقىملىق بىر سېزىمنى تۇيۇپ قالدىم: سۆزدىن توختىغان قۇددۇس مېنى قۇچاقلاپ يۈزىنى بوينۇمغا سۈركەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر قولى مېنىڭ بېلىمدە، بىر قولى كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. مەن ھالسىزلىنىۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇراتتىم. بۇ ھالسىزلىنىش پۇت-قولۇمدا جان قالمىغاندەك بولۇۋاتقان تەسىراتلا ئەمەس ئىدى. مەن مەست بولۇپ قالغاندەك، ئەتراپ كۆز ئالدىمدا چۆگىلەۋاتقاندەك، كىبلەچىكىم دائىم شۇ دەقىقىدىكى شېرىنلىككە ئەسىر بولغان ھالەتتە ئۆتىدىغاندەك بىلىنەتتى.

مەن قۇددۇسنىڭ سۆيۈشلىرىگە، ئىگىكىمنى، مۇرەمنى،

كۆكسۈمنى سىلاشلىرىغا يول قويۇپ، راھەت سېزىمى ئىچىدە ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۆزەمنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ قالدىم...

شۇ ھالەت قانچىلىك داۋام قىلدى، يادىمدا يوق. ئەمما، ئاشۇنداق ھالەتنىڭ ئەبەدىي تۇرىۋېرىشىنى خالايتتىم. بىراق... بىراق، قۇددۇسنىڭ بارماقلىرىنى تىزىم، يوتام ئۈستىدە سېزىپ قالدىم. يېنىك، يۇمشاق بارماقلار بەدىنىمگە تېخىمۇ قىچىق ئولاشتۇ-رۇپ قىمىرلايتتى ۋە توختىماي يۇقىرى ئۆرلەيتتى. قۇددۇس شۇ چاغدا ئاڭلىقمۇ، ئاڭسىزمۇ؛ ئۆزىنى تۇتۇپمۇ، ياكى تۇتالماي قېلىپمۇ، ئەيتاۋۇر رىزىنكە باغلىق كالتە ئىشتىنىمنى پەسكە تارتىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدىلا مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە يەنە سۈكۈت قىلسام بۇ ئىشنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ ئۈلگۈردۈم. قۇددۇسنىڭ ئۇرۇنۇشىنى تەلۋىلىككە جورىيالمايتتىم، شۇنداق پەيتلەردە ئىنسان سېزىملىرىنى ئۆزى باشقۇرماقنىڭ قانچىلىك قىيىن بولىدىغانلىقىنى بىۋاستە بېشىمدىن كەچۈرگىنىمدە، ھاياتنىڭ يەنە بىر مەنىسى بارلىقى، بۇ مەنىنىڭ ئىنسانىنى جەلپ قىلىش كۈچى، زورۇرىيەتلىك قىزىقتۇرۇشى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدى-غانلىقىنىمۇ چۈشەندىم. ئەمما، مەن يىگىتنىڭ ئۇرۇنۇشىغا ماسلىشىپ بېرەلمىدىم. مېنى بۇنداق ماسلىششتىن توسقان ئامىل نېمە؟ بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. بەلكىم، ئەۋلاد ئەۋلادتىن بۇيان قان-قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن "توي بولغان چاغدا" كۆز قارىشىدۇ... ياكى، "قىز"لىق ۋە "قىز ئەمەس"لىك چۈشەنچىلىرىدۇر...

مەن غايىبانە بىر كۈچنىڭ تۈرتكىلىكىدە ھېچقانچە ئەجىر قىلمايلا مېنى تامامەن "ماقۇل"غا كېلىپ بولدى دەپ ئويلاپ،

روھى تەييارلىقسىز ھالىتى بىلەن ئېگىشىۋاتقان قۇددۇسنى ئىتتىرىپلا ئۆزەمدىن نېرى قىلدىم ـ دە، كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ:

ــ سىز مېنى ھەققەتەن ياخشى كۆرسىڭىز، مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر مۇھەببەت تېمىسىدا ئېككىنچىلەپ سۆز ياكى ھەرىكەت قىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭ، ــ دېدىم.

قۇددۇس، مەن ئۇنى ئىتتەرگەن چاغدىن باشلاپلا تېڭىرقاپ قالغانىدى. مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپمۇ ئۇ دەرھال بىرنەرسە دېمىدى. خېلى ۋاقىتقىچە پۈشۈلداپ تۇرۇپ ئېغىر تىندى ۋە كېيىن يېنىمدا ئولتۇردى. ئەمدى ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا بايىقىدەك چاپىلىشىۋال-ماي، ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇردى. مەن ئۇنى ھاياجان ئىلكىدە قىلىپ، كېيىمنى ئېنىق چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا باشلىغانىدىم، ھېلىقى گەپنى قايتا تەكرارلاش، ماڭا ئېغىر كېلەتتى.

ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى. مەن ئۇنى قاتتىق رەنجىيدۇ دەپ پەرەز قىلغىنىمغا قارشى، ھېچقانداق ئاچچىق، تەنە ئارىلاشتۇرماي:

ــ چاقچاق قىلماڭ گۈلنايىم، بىز ئەمدى ھەربىر سېكۇنت، ھەربىر مىنۇت، ھەربىر سائەت ۋاقتىمىزنى مۇھەببىتىمىزنىڭ يالقۇنلىرىدا تاۋلاپ پۈشۈرۈشنى باشلىۋېرىمىز، ــ دېدى.

ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگەنلىكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. قۇددۇسنىڭ بەدىنى بىلىنەرلىك تىترەۋاتاتتى، مەن يەنە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھازىرلا يالقۇنلاپ يېنىپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئوت ئۆچقۇنغا ئوخشاش بىر خىل نۇرنىڭ ئەكسىنىمۇ كۆردۇم. بۇ ھەممىسى باياتىنقى ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، ئەكسىچە، ئاشۇنداق ھەرىكەتنىڭ قايتا باشلىنىشىدىن دېرەك

بېرەتتى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. خىيالىمدا: "ھەئە، مۇھەببەت ئاشۇنداق بولىدۇ، راستىنلا ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم، ئەمما..." دەپ ئويلاشقا باشلىدىم. بۇ ئويىنىڭ داۋامى يەنىلا ئەنسىرىتەتتى. ئاسمانغا تىكىلدىم، سۈزۈك ئاسماندا تولۇن ئاي ماڭا قاراپ ھەجىيىپ: "ئۆزەڭنى ئات، قارا! يۈرىكىڭنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلەمسەن؟ ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان كىشىگە ئۆزەڭنى ئات! پەقەت بىر سېكۇنتلا كېتىدۇ. بىرىنچى ھەرىكەتتىن كېيىن، سەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك تەگكۈزگەندىن كېيىن، ھەممە ھاياجانلىنىشلارنىڭ، ئەندىكىشلەرنىڭ سەۋەبى بىر سېكۇنتلۇق ئىككىلىنىش تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. بىر سېكۇنت..." دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

شۇ چاغدا مەن قۇددۇسقا قارىدىم. ئۇ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى، مەن بىر سېكۇنتنى قانچىلىك سېكۇنت دەڭسەپ، ئويلاپ ئۇزارتتىم، بىلمەيمەن. ئەمما قۇددۇس ھېچقانداق ئويلاپ يۈرمەيلا بۇ بىرىنچى سېكۇنتتىن بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇ شۇ بىر سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. دەپ ئويلىدىمىكىن، ماڭا تاشلاندى. ئۇ شۇنداق قىلمىغان بولسىمىغۇ ئاقىۋەت ياخشىراق خۇلاسىلىنىشى مۇمكىن ئىدىمىكىن! ئۇ خاتالاشتى. مەن ئاخىرقى قارارغا كېلىپ بولغۇچە قىلىنغان بۇ ھەرىكەت مېنى ئۆزەمنى تارتىشقا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مېنى قاتتىق قىسىپ قۇچاقلىغان دەسلەپكى سېكۇنتتا مەن توك تېپىۋەتكەندەك، ياكى ئېگىز جايدىن سەكرىگەندە بولغاندەك بىر خىل شۈركۈنۈش يۈرىكىمنى قاتتىق تىترىتىپ ئۆتتى. ئەمما، ئۇنىڭ داۋامى مېنى تۆمۈر ئامبۇردا قىسىۋاتقاندەك تەسىر قالدۇردى. قۇددۇس

شۇ دەسلەپكى قۇچاقلىشىدا قىسپلا قويۇۋەتسىمۇ ئاقىۋەتتى ياخشىراق خۇلاسىلىنىشى مۇمكىنمىدىكىن! ئۇ يەنە بىر قېتىم خاتالىشىپ سۆيۈش ئۈچۈن ئىنتىلدى. ئۆزەمنى تېزلا تارتتىم. ئۇنىڭ نەملەشكەن، ئىسسىق لېۋى قولىقىمنىڭ ئۈستىگە تېگىپ سىيرىلىپ كەتتى. قۇددۇس ئىش ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندى. ئۇ مېنىڭ مۈرەمدىن قىسىپ تۇتۇپ ئۆزىنى خېلىلا تارتتى. كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— گۈلنايىم...، — دەپلا توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ بۇ "گۈلنايىم" دەپ چاقىرىشىدا ئۇنىڭغىمۇ، ماڭىمۇ سىر بولمىغان ناھايىتى نۇرغۇن سوئاللار بار ئىدى. "سەن نېمە بولدۇڭ، سەنمۇ نېمىشقا مېنى قۇچاقلىمايسەن؟" دەيتتى بۇ گۈلنايىم دېگەن چاقىرىش. "سەنمۇ نېمىشقا مېنى سۆيمەيسەن؟" دەيتتى بۇ گۈلنايىم دېگەن چاقىرىش.

— سىز مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىسىز، — دېدىم مەن ھېلىلا ئېيتقان سۆزۈمنى تەكرارلاپ، — مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالغىنىمىزغا قەدەر، مۇھەببەت تېمىسىدا ئىككىنچىلەپ سۆز قىلماسلىقىا ۋەدە بېرىڭ، — مەن دەسلەپ بۇ سۆزنى ئېيتقىنىمدىن كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇتلارنى ئويلاپ قوشۇپ قويدۇم، — بىز ھازىر ئاساسىي زېھنىمىزنى ئۆگىنىشكە بېرەيلى، سىز ماڭا ئىشىنىڭ قۇددۇس، مەن سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرىمەن. بۇنى مەن خەلىچە مۇئەللىمەگىمۇ ئېيتقان. لېكىن...لېكىن مۇھەببەت دېگەن قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈشلا ئەمەسقۇ...

قۇددۇس جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ قولى تېخىچە مۈرەمدە تۇراتتى، ئەمما بۇ قول ئەمدى ھېچقانداق توك ئەۋەتمەيتتى،

بەلكى بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

مۇبادا قۇددۇس ماقۇل بولغان، قىزغىن جاۋاب بېرىپ قوشۇلـ. دىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، راستىنى ئېيتقاندا، شۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق قۇچاقلىغان، لەۋلىرىگە سۆيگەن ھەم ئۇلا ئىنتىلسە ئۇزاققىچە سۆيۈشكەن ۋە كېيىن قايتا تەكرارلىماسلىققا ۋەدىلىشىپ خۇشال - خۇرام قايتقان بولاتتۇق...

كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. "مۇھەببەت قانداق نەرسە؟" دېگەن سوئال بىلەن، "مەن ئۇنى رەنجىتتىممۇ ياكى ئۇ مېنى رەنجىتتىمۇ؟" دېگەن سوئال ئاستىدا تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئەمما ھېچقانداق چارچاش سەزمەيلا ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقتىم.

قۇددۇس شۇ چاغدا قولۇمغا ئىككىنچى قېتىملىق باغاقنى تۇتقۇزدى. ئۇ تۇيۇقسىز يېنىمدا پەيدا بولۇپ، قەغەزنى ئالقىنىمغا سالدى - دە، بارماقلىرىمنى يۇمدۇرۇپ قويۇپ، تۇيۇقسىز غايىب بولدى. مەن "ئاۋارە بولۇپ كەچۈرۈم سورىدى" دەپ ئويلىدىم ھەم گىمناستىكىنى تاشلاپ توپتوغرا سىنىپقا يۈگۈردۈم. دېرىزە ئالدىغا كېلىپ قەغەزنى ئاچتىم:

"كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، سىزنى خاتا چۈشەنگەن ئوخشايمەن، كەچۈرۈڭ مۇھەببەت ئىككى تەرەپتىن تەڭ كەلسە مېۋە بېرىدۇ. چېچەك ئاچىدىغان، مېۋىسى بەرمەيدىغان كۆچەتنى تىكىپ ئاۋارە بوپتىمەن. سىزگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇپراق تېپىلىدۇ..."

— ئەخمەق!، — دەۋەتتىم مەن ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ بولغانـ. دىن كېيىن، — ئاۋارە بولغىنى مەن ئىكەنمەن. مەن سېنى ئۇزۇن يىل مېۋە بېرىدىغان مېۋە كۆچىتى دەپتىمەن. سەن پەقەت بىرپەسلا مېۋە بېرىشنى خالايدىغان، كېيىن توزۇپ كېتىدىغان ماكاپ

ئىكەنسەن...

بۇ سۆزلەرنى ئاۋازلىق ئېيتتىم. سىنىپتا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا ئۆزەمدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى. ئاچچىق، غەزەپ بارا-بارا ئۆرلىدى، ئاخىرى چېكىگە يەتتى-دە، تاماققىمۇ چىقمىدىم. دەرسمۇ باشلاندى، مەن ئەلەم بىلەن قۇددۇسنىڭ خېتىنىلا ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇراتتىم. مېنىڭ كەيپىياتىمنى سەزدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا خەلىچە مۇئەللىمە ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى:

— گۈلئايىم، ئالدىنقى سائەتلىك دەرسنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرىنى تەكرارلاپ بېقىڭ.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ماڭا قاراپ تۇرغىنى خەلىچە مۇئەللىمە ئەمەس، قۇددۇس، دوسكىغا يېزىلغانلىرىمۇ قۇددۇسنىڭ خېتىدەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئاچچىق بىلەن:

— مەنمۇ سىزنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشىنىتىكەنمەن، — دەۋەتكەنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۆزەمگە كەلدىم. قاپىقىنى تۈرۈپ قاراپ تۇرغان خەلىچە مۇئەللىمگە خىجالەت بولغىنىمدىن تۈزۈكمۇ قارىيالمىدىم. مەكتەپ ھاياتىمدا — باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ شۇ سائەتلىك دەرسكىچە تۇنجى قېتىم ئەڭ نومۇسلۇق جاۋاب بەردىم، — كەچۈرۈڭ، بىلمەيمەن!

ئۇنىڭ رۇخسەت قىلىشىنىمۇ كۈتمەي ئولتۇردۇم-دە، بېشىمنى ئىككى بىلىكىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يىغلىۋەتتىم. قانداق دەرس ئۆتۈلدى، بىلمەيمەن. خەلىچە مۇئەللىمە دەرستىن كېيىن:

— سىزگە نېمە بولدى گۈلئايىم؟ — دەپ پىچىرلىغاندىلا بېشىمنى كۆتۈردۈم. سىنىپتا ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. مەن ئىچىمچە قولۇمدا سىقىملاقلىق تۇرغان خەتنى تەگلىدىم ۋە يەرگە قارىدىم. ئۇ خىلىغىچە گەپ قىلمىدى، كېيىن خۇددى بىز — قۇددۇس بىلەن ئىككىمىز سۆزلەشكەندە يېنىمىزدا تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلىغاندەك:

— سىز توغرا قىلغانسىز. سىز مۇھەببەت تۇپرىقىدا ھازىردىنلا مېۋە بېرىشكە باشلىسىڭىز ئۇقۇشنى، كەلگۈسىدە خىزمەتنى قانداق قىلىسىز؟ — دېدى ھەم مېنىڭ سەل يېنىكلەنگەندەك ئۇھ تارتقىنىمنى كۆرۈپ يېقىملىق كۈلدى. كىشى ئاشۇنداق چاغدا بىرەر كىشىنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا نەقەدەر موھتاج-ھە؟ كىشى قەلبىدىكى ھاياجان ئۆرلەپ، تېشىپ تۇرغاندا، ئۇنى كەلكۈنگە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن، پەقەت مەلۇم بىر پايدىلىق تەرەپكە باشلاپ ئېقىتىۋەتسە، كىشى نەقەدەر يېنىكلىشىپ قالىدۇ-ھە؟ خەلىچە مۇئەللىمەنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى ئەنە شۇ رولنى ئوينىدى، — ئازابلانماڭ، ھەر ھالدا مۇشۇنداق ئايرىلىش باشتاراق يەنى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىنىپ قالماستىراق بولغىنى ياخشى. سىز ئىستىقبالىڭىزنى، ياشلىق باھارىڭىزنى ئالدىراپ ئالماشتۇرۇشقا بېغىشلىماسلىقىڭىز كېرەك. دۆلەت سىلەرنىڭ بىر ئايلىق ئۆگىنىشىڭلار ئۈچۈن 50 نەچچە يۈەن خىراجەت چىقىرىدۇ. بىر يىلدا قانچە، بەش يىلدا قانچە بولىدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، سىزنىڭ پۇرسەتنى تۇتۇپ ئۆگىنىشكە چۆككىنىڭىز ياخشى بولغان...

كېيىنكى يىللاردا مەن قۇددۇس بىلەن سىنىپداش بولغانلىقىمدىن نورمال ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا تىرىشتىم، كۆڭلۈمنىڭ

بىر يېرىدە ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلىپ بولسىمۇ، ئەسلەپ بولسىمۇ، ئىشقىلىپ، نامەلۇم بىر خىل تۇيغۇ بارلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. ئاخىرقى يىللىق ئوقۇش باشلانغاندا، ئۇ پاراللېل سىنىپتىكى ئايشەم ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدىمۇ، ھېسسىياتىمنى داۋالغۇتالمىدى. مەن، مەن ياخشى كۆرگەن قۇددۇسنىڭ ھېلىقى ئاخشاملىق سۆھبەتتىن بۇرۇنقىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئەبەدىي كەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدىم ھەم مۇھەببەت قويۇش يولىدا ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەتتىنمۇ خالىي ئىدىم.

## 3

مەن ھاشىمنى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاشخانىسىدا كۆرگەنىدىم. شۇ كۈنى يىغىن بولۇپ "ئۆستەڭ قېزىش ئۈچۈن دەريانىڭ ھازىر بېرىۋاتقان سۇ مەنبەسىنى كۆپەيتكىلى بولامدۇ؟" دېگەن مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنغانىدى. مەن يىغىندا پىكىر بەرگەن، يىغىندىن كېيىن تەكلىپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلىغا بەرگەن پىكىرىمگە ئاساسەن، قايتا ئىزاھات بېرىپ كېچىكىپ قالغانىدىم. تاماق يەپ كېتىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرگىنىمدە ماڭا چىرايى تونۇش بولغان، لېكىن ئۇ چاغدا ئىسمىنى ياخشى ئەسلىيەلمىگەن ئاشۇ ھاشىم ئەمدى ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن تەخسىگە چوكا سالاي دەپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ شوك بولۇپ قالدى، ماڭا قىزىقسىنىپ قارىدى. مەن يېقىنلاشقاندىن كېيىن:

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سالاملاشتى.

مەن ئۇنىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن ھەم خېلى كۈنلەردىن بېرى

قىردۇرمىغان ئورۇق يۈزىگە، خۇش خۇي كۆزلىرىگە بىر قاراپ ئۇنىڭ سوئالىنى تەكرارلاپ جاۋاب بېرىش بىلەن سالاملاشتىم ـ دە، تاماق ئېلىپ چىقتىم. تاماق شىرەسى كۆپ ئىدى، مېنىڭمۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېگىم يوق ئىدى. ئەمما ئۇ مېنىڭ بىلىشىمچە مەن ئۇچۇن چوكا راسلاپ قويغان، مەن چىقىۋاتـ قاندا، بىر چىنىگە چاي قۇيۇۋاتقانىدى. بۇ ئېنىق مەن ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تەييارلىق ئىدى. شۇڭا تەخسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ راسلاپ قويغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— سىزلەرنىڭ ئەترەتتە تاماقىڭلار ياخشى بولسا كېرەك گۇلئايىم، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئېنىق ئاتاپ، يېقىنلىق بىلەن.

مەن تاماق يەپ بولۇپ چاي ئىچمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم ۋە نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرپەس كۆزۈمنى ئۇزمەي قارىدىم، كېيىن:

— مەن سىزنى ئەسلىيەلمىدىم، — دېدىم ئۇنىڭ سوئالىغىمۇ جاۋاب بەرمەي، باشقا تېمىدىن سۆز ئېچىپ.

ئۇ ئىسمىنى ۋە بىزنىڭ مەكتەپداش ئىكەنلىكىمىزنى، باشقا فاكۇلتېتتا ئوقۇغانلىقى ۋە بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بۇ يەرگە چېنىقىشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ھازىر مەيدانىنىڭ ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش پونكىتىدا تەجرىبە ئېتىزلىقىدا چېنىقىۋاتقانلىقىنى، مېنى بۇرۇن مەكتەپتە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

بىز بىللە قايتتۇق. ئۇ يول قايرىلىپ ئىككىمىز ئايرىلغۇچە يېڭى بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش ئارزۇسىدا تىرىشىۋاتقانلىقىنىلا سۆزلىدى. ئۇنىڭغا بۇ خىيال بۇرۇنمۇ كەلگەنىكەن .بىراق، مەيدانىغا كەلگەنـ

دىن بۇيان بۇ يەردىكى تۇپراق زەي بولۇشتىن تاشقىرى، شورلۇق ئىگەنلىكى، ئاشۇنداق شارائىتتا ماسلىشالايدىغان بۇغداي ئۇرۇقى بولمىغانلىقتىن، مەھسۇلات باشقا جايلاردا تېرىلغان بۇغداي مەھسۇ-لاتىدىنمۇ تۆۋەن بولۇۋاتقانلىقىدىن، يېڭىچە، ماسلىشالايدىغان سورت يېتىشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەكمۇ ھېس قىپتۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بەش كۈندىن كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالدىم. قېزىلماقچى بولغان ئۈستەڭگە قوزۇق قېقىش بىلەن تەجرىبە ئېتىز-لىقىغا بارغانىدىم. ئۇنى شۇ يەردە ئۇچراتتىم. مەن مەخسۇس ئاجرىتىلغان سۇ خادىمى بولماي، ۋاقىتلىق پىلانلاشقا قاتناشقانلىقىم-دىن، تەجرىبە ئېتىزلىقى رايونىدىكى قوزۇق قېقىش تۈگىگەندە ئۆزەمنىڭ ئەترىتىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئۇ مېنى تاماق يەپ كېتىشكە، شۇ باھانە بىلەن ئۆزى بىلەلمىگەن بىر ئىنگلىزچە ماقالىدىكى ھاۋا رايىنىڭ سورتقا بولغان مۇناسىۋىتى قىسمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ئۇنىڭ ياتىقى پاسكىنا ئىدى. كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا كىتاب، دېرىزە ئويۇقچىسىدا كىتاب، يەردىمۇ كىتاب ئىدى. سۈپۈرۈلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، شىرەنىڭ ئۈستىدە قېتىپ كەتكەن پارچە نانلار، كۆيگەن ناننىڭ ئۇلى تۇراتتى. كىرگەن كىشىنىڭ نەزىرىدە ناھايىتى رەتلىك كۆرۈنىدىغىنى بىر دەستە ئاق قەغەز ئىدى. ئۇ مېنى باشلاپ كىرگە-نىگە خىجالەت بولغانىدەك ھەم پۇشايمان قىلغانىدەك شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. بىر مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكۈچە مەن نەدە ئولتۇرسام بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدىم. ئۇ ئۈستەلدىكى بىر توپ كىتابنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ دېرىزە ئويۇقچىسىغا قويدى، قالغىنىنى نەگە ئېلىۋې-تىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، دەرھال كارىۋات ئۈستىدىكى

كىتابلاردىن بىرمۇنچىنى قۇچاقلاپ ئۈستەلگە قويدى.

مەن دەسلەپ ئىچىمدە كۈلدۈم، كېيىن ئۆزەمنى تۇتۇپ، تۇرالماي پىخىلداپ كۈلۈۋەتتىم. ئۇ تېخىمۇ ھودۇقۇپ، بىر دەم ئۇ ياققا، بىر دەم بۇ ياققا چاماداپ يۈردى. شۇ ئەسنادا مەن كىتابلارنى قەيەرگە تىزىپ قويسا بولىدىغانلىقىنى پەملىۋالغانىدىم. مەن ھەرىكەتكە كەلگەندە ئۇ بىردىن قارشى چىقتى:

— مەن ئىلمىي ماقالە يېزىۋاتاتتىم. بۇ كىتابلار قالايمىقان بولۇپ كەتسە، مەن يەنە بىر ھەپتە مۇندەرىجە كۆرىمەن.

— ئۆرە تۇرىۋېرەمدۇق؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ كۈلۈپ. ئۇ توختاپ قالدى ـ دە، كەچۈرۈم سوراپ:

— رەنجىمەي سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن قوشنىلاردىن ئورۇندۇق ئاچىقىمەن، بىر مىنۇت تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى.

— بولدى، بولدى ئاچىقماڭ. بەرىبىر ئۇنى قويۇش ئۈچۈنمۇ يەر يوق ئىكەن، يەنە كىتابلىرىڭىزنى يۆتكەشكە توغرا كەلگۈدەك.

ئۇ بىچارىلەرچە ھىجىيىپ قويدى. ئەمما ئولتۇرۇش ئۈچۈن جاي راسلىيمەن دەپ يەنە كارىۋاتتىكى كىتابلارنى ئۈستەلگە، ئۈستەلدىكى كىتابلارنى كارىۋاتقا يۆتكىگىلى تۇردى.

مەن ئۇنى توسۇپ كارىۋات ئۈستىدىكى كىتابلارنى چەتكىرەك سۈرۈپ ئولتۇردۇم. كېيىن تاماقنىڭ گېپى بولدى. تاماقنى سىرتتا يېتىمەن دېدى ئۇ. شۇنداق دېگىنى بىلەن تاماق ئەتمەي زاغرا بىلەن چاي ئىچىدىغانلىقىنى بايقىغىلى بولاتتى: سىرتتىكى ئوچاق ئۈزاقتىن بېرى ئوت كۆرمىگەن، ئاليۇمىن قازان بىر ئىلمەك توپا بولۇپ كەتكەنىدى.

مەن تاماق ئەتتىم. ناھايىتى ئۇزۇندا پىشتى. ھېلى ئۇ نەرسىنى،

ھېلى بۇ نەرسىنى قوشنىلاردىن ئاچچىقشقا ياكى كىتاب، قەغەزلەر تېگىدىن تېپىشقا توغرا كەلدى. لەغمەن پىشقاندا چوكا بولمىغانلىق-تىن، ئېرىق بويىدىكى سۆگەتنىڭ شېخىدىن كېسىپ كېلىپ چوكا قىلدۇق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مېنىڭ كۈلكىلىرىم دەسلەپ ئۇنى خىجالەت قىلسىمۇ، كېيىن ئارىلىقتىكى تارتىنىشنى تۈگەتتى. ئاخىرى ئۇ مەندىن ئاشۇرۇپراق كۈلۈشكە باشلىدى:

— نېمىسىنى ئېيتىسىز، قۇرۇپ كەتسۇن بۇ بويتاقلىق. يېرىم ئادەم ھېسابىدا ياشايدىغان گەپ ئىكەن.

مەن كۈلكىدىن توختاپ قالدىم. ئۇنىڭ "بويتاقلىق"، دېيىشى ماڭا ئاجايىپ تەسىر بەردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر قاراپ باققىم بار ئىدى، ئەمما بۇ بىر قاراش بىلەن ياكى مەن ئۇنىڭغا ياكى ئۇ ماڭا ناباپ تەسىر قالدۇرۇپ قويمىغىيدى، دەپ ئەنسىرىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىنگلىزچە ماقالىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق تېمىدىكى سۆھبەت زادى قوزغالمىدى. مەن بۇنى ھېلىقى "ئەنسىرەش"نىڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى دەپ ھېسابلايتتىم.

نېمىدىن ئەنسىرەش؟ بۇ سوئالنى قايتىپ كېلىۋاتقۇچە ئويلىدىم، ئاخشىمىمۇ ئويلىدىم. قىزىق يېرى شۇكى، شۇ كېچىسى ئۇ مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ، ھە دېسە "قۇرۇپ كەتسۇن، بۇ بويتاقلىق" دەيتتى. شۇنداق خىيال ۋە پىكىرلەر بىلەن ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدۈم. تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ھاشىم بىزنىڭ ئەترەتكە كەلدى. مەن ئۇ كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىنگلىزچە باشقا بىر ماقالىنى ۋە مېنىڭ ياردىمىمنى بىر باھانە دەپلا چۈشەندىم. چۈنكى، بۇ ماقالە ئۇ قىزىقىۋاتقان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشكە ھېچقانچە مۇناسە-

ۋىتى يوق، بەلكى مەن قىزىقىۋاتقان سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا دائىر ماقالە ئىدى. ماقالىدە كانادادا قوللىنىشقا باشلىغان، سۇ ئاستىدا تۇرىدىغان، چىداملىقلىقى يېقىندىن بېرمۇنچە ئىلغار بولۇشتىن تاشقىرى، قۇرغاق ھەم سۇسىز شارائىتتا يېرىلمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بېتون تەركىبى توغرىسىدا ساۋات بېرىلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ كىلىش غەرىزىنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئۇنى قىزارتىپ يۈرگۈم كەلمىدى. ياتىقىمدىكى قىزلار مېنىڭ خاراكتېرىمنى بىلگەنلىكتىن، ھاشىم بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار باشقىچە چۈشەنچىدىمۇ بولۇشمىدى، ئەكسىچە، ھاشىمنى شاگىخو قىلىپ، ئۇنىڭ ساقال ئالمايدىغانلىقى ياۋايىلىققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ، ژۇرنالدىكى رەسىملەرنى كۆرگەچ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشەتتى. گويا ھاشىم مېنى ئىزدەپ كەلمەي شۇلار ئۈچۈن كەلگەندەك ماڭا گەپ قىستۇرۇشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى، ھاشىممۇ مەن بۇ يەردە يوقتەك بىرەر- يېرىم سوئالمۇ سوراپ قويمىدى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خۇشال ئىدىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ تۇراتتى. بىرەرسىنىڭ چىندىن ياكى چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ كېلىشىگە باشقىچە مەنە بېرىپ قويۇشىدىن ناھايىتى ئەنسىرىدىم. نېمىشقا، نېمىدىن ئەنسىرەيمەن؟

ھاشىم تاماقتىن كېيىن كەتتى. ئۇنى ھەممە قىزلار ئۇزىتىپ چىققانىدى. ماڭا ئايرىمچە سۆزلىشىش، خوشلىشىۋېلىشقىمۇ نېسىپ بولمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ نېمىشقىدۇ باشقا ھەرقانداق سۆزلەر بولمىغاندىمۇ، ئۇزەم يالغۇز چىقىپ "خوش" دەپ ئۇزىتىپ قويغۇم بار ئىدى. تەقدىرىمدە شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش باردەك،

ھاشىمنىڭ ژۇرنىلى ماڭا ياردەم قىلدى. ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، خاسىيەت كارىۋات ئۈستىدە قالغان ژۇرنالنى كۆرسىتىپ:

— مانا، قاراڭلار، ھاشىم دېگەن بۇ تەپسە تەۋرىمەسنىڭ ژۇرنىلى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەمدى ژۇرنىلىم قاپتۇمۇ دېيەلمەيدۇ، — دېدى ھەم باشقىلارغا نۆۋەت بىلەن كۆرسىتىپ چىقىپ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزدى، — يۇگۇر گۇلنايىم، ئېغىر ئالماي ئاپىرىپ بەر. ئۇ يەنە ھېلىقى ماقالىسىنى يازالماي يۈرمىسۇن.

مەن ژۇرنالنى ئېلىپ سىرتقا چىقتىم. ھاشىم 200 مېتىردەك ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، بويىنىدىن بىرسى سۆرىگەندەك شۇنچىلىك ئاستا ۋە مۈكچىيىپ كېتىپ باراتتى. مەن توۋلاپ چاقىرىپ توختىتىش كېرەكمۇ، ياكى يۈگۈرۈپ يېتىشىپ تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەكمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقىنىمدا، ئۇنىڭ ئۆزى مېڭىشتىن توختىمايلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ مېنى كۆردى، مەن سەزگۈدەك ھىجايدى-دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن توختايدىغان ئالامەت چىقمايتتى، شۇڭا قولۇمدىكى ژۇرنالنى ئېگىز كۆتۈردۈم. ئاندىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭ تەرىپىگە قاراپ كەتتىم. ئەسلى ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىسىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇ مەندىن تېز مېڭىپ كەينىگە ياندى.

— ژۇرنىلىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز، — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن ھاسىراپ، — كېيىن ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم.

— ئۆزەملا ئاۋارە بولاي دەپسىز-دە؟ — دېدى ئۇ يېقىمسىز كۈلۈشكە زورلىنىپ، — مەن ژۇرنال ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كېلەر مەن، دەپ ئويلىغانىكەنمەن.

ئۇ شۇ سۆزلەرنى دېگەندە كۆزىگە غىللىدە ياش كەلگەنلىكىنى مەندىن يوشۇرۇش ئۈچۈن چەتكە قارىۋالدى. شۇنداقتىمۇ مەن ياش پەردىسىنى كۆرۈپ بولغان، ماڭا ياردەم بېرىپ كەچكى شەپەق ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدە ۋاللىدە قىلىپلا يېنىپ كەتكەندى.

ئۇنىڭ سۆزىگە مەن ھېچ نەرسە دەپ جاۋاب بەرمىدىم. ئۇ مەندىن بىرەر گەپ چىقىشىنى تەمە قىلىپ سەل تۇردى. ئۇنىڭ ھالىتىدىن مەن ئېنىق دېمىسەممۇ، تۇتۇقراق بولسىمۇ بىرەر ئېغىز سۆز ئاڭلاش خاھىشىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مەن تولىمۇ روشەن چۈشەنگىنىمگە ئوخشاش، مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى، قانداق جاۋاب بەرسەم ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇمۇ شۇنداق چۈشىنىپ تۇراتتى. ئەمما، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. دېگۈم بار ئىدى، لېكىن ئالدىرىمىدىم، چۈنكى، مەن ھاياجانلىنىۋاتاتتىم، مەن ئۆزەمنى بېسىۋېلىش، يەنە بىر قېتىم ئويلاپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كېتەتتى. ھازىر شۇنداق بىر جايغا كەلگەن ئىدىمكى، يەنە يېرىم مېتىر ئىلگىرىلىسەملا مەن چىقماقچى بولغان چوققىنى دەسسەپ تۇرالايتتىم، ئەمما مەن سىيرىلغاق بىر تاش ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغاندەكلا ئىدىم، سەللا خاتا ھەرىكەت بىلەن چەكسىز ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۇنىڭ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرۇپ ئۆزەممۇ ئارقامغا ياندىم. خىيالىمدا بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق ھېسسىي دولقۇنلار قايىنىغاندەك بولاتتى. ياتاقتىكى قىزلار ئۆزىنىڭ دائىملىق مەشغۇلاتى ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىپ چېچىنى تاراپ، يۈزلىرىگە ماي سۈركەپ بەتىنكىلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇلار مېنىڭ بارلىقىم ياكى يوقلۇقۇم ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىردەك، نەزىرىنىمۇ

سالماي، سوئال سوراپمۇ ئاۋارە قىلماي كەينى-كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى. مەن يالغۇز قېلىشنى، بۇ يالغۇزلۇقتا كۆپرەك نەرسىلەرنى ئويلىۋېلىش مۇمكىنلىكىنى ئارزۇ قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كەچكىچە، كېچىچە، تاكى تاڭغىچە ئويلىدىم، ئەتىسى چۈشكىچە ئەمگەككە قاتنىشىپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ياتىقىمغا قايتماي، توپتوغرا ھاشىمنىڭكىگە باردىم. ئۇمۇ ئىشتىن كېلىپ تۇرغان بولسا كېرەك، چاپىنىدىكى توپىلارنى قېقىۋاتاتتى. مېنى كۆرگەندىن كېيىنكى تۇرقىغا قاراپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتمىگەنلىكىنى، ھەتتا، كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ باقمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ:

— گۈلئايىم، سىز...؟ — دېگىنىچە توختاپ قالدى ھاڭۋېقىپ.

— ھە، نېمە بولدىڭىز، كۈتمىگەنمىدىڭىز؟ — مەن كۈلدۈم ھەم ھېچقانداق تارتىنمايلا ئاۋۋال باشلاپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردىم، — ژۇرنال ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم مېنىڭكىگە بارماقچى ئەمەسمىدىڭىز، مەن ئۆزەملا كەلدىم.

ئۇ باللارغا خاس ئوماق ھەرىكەت بىلەن ماڭا خېلىلا يېقىنلاپ كەلدى. يىللىق كۈلۈمسىرەش نەزىرىنى تىكتى ۋە:

— رەھمەت، سىزگە كۆپ رەھمەت. مەن ناھايىتى خۇشال بولىمەن، — دېدى.

— بىر-بىرىنىڭ ياتىقىغا كەلگەنگىمۇ رەھمەت ئېيتقان بارمۇ؟ — دېدىم مەن. شۇ مىنۇتتا يوشۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغان ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي، مەخپىي ساقلاۋېرىش ئۆزەمگىمۇ ئازاب بولىدىغانلىقىنى سېزەتتىم، مەن بۇنداق تۇيغۇنى ھاشىمنىڭ ئىللىق كۆزلىرىدىن پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىمۇ كۆردۈم.

— مەن رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ، سىز بۇنداق رەھمەتكە ئەرزىيـ-
سىز، — دېدى ئۇ ۋە ئاخىرقى تاۋۇشى پەسلىشى بىلەن تەڭ يەرگە
قارىدى، — چۈنكى، مەن تاشلاندۇق ئادەم، مەن ئۆز- ئۆزەمگە،...
نېمە دەي...؟ — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىغانـدا، تونۇگۈن
كەچتىكى شەپەق ئەكسلەنگەن ياش پەردىسىنى قايتا كۆردۈم، —
مەن بىر سىرداش دوستقا، ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان سەپداشقا
بەكمۇ موھتاج ئىدىم...
بۇ، ئىككى بىسلىق گەپلەر ئىدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭ چىن
مەنىسىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتىم.
— مەن سىزگە ئاشۇنداق دوست ۋە سەپداش بولغىلى
كەلدىم، — دېدىم مەن دېدىل قاراپ، — قانداق...؟
ئۇ دەرھال بىرنەرسە دېمىدى. لەۋلىرى ياپراقتەك تىترەپ،
كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. كۆرۈنۈشتە، ئۇ ھەتتا
بۇ ياش تامچىلىرىنى سەزمىگەندەك ئىدى، شۇڭا، ياش تامچىلىرى
كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ مەڭزىدىن ئاتلاپ جاۋغىيىغا كەلگەندە
يامراپ كەتتى. شۇ ھالدىمۇ ئۇ بۇ ياش تامچىلىرىنى سۈرتۈشكە
ئۇرۇنمىدى. مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن، بىرىنچى مەرتىۋە ئېتىلىپ
بېرىپ ئۇنىڭ ياشتىن نەملەشكەن يېرىك مەڭزىگە يۈزۈمنى يېقىپ
تۇرۇپ قالدىم.
شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىغىچە ئەسلىيەلمەيـ-
مەن، ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنداق ئىنتىلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىشكىمۇ مۇۋاپىق سۆز تاپالمايمەن. جۈرئەتنى قەيەردىن ئالدىم،
قانداق كۈچ مېنى ئەسىر قىلغان، بۇنىمۇ بىلمەيمەن...
مېنىڭ يادىمدا قېلىشىچە، شۇ چاغدا مېنىڭ پۈتۈن پىكىر- خىيالـ-

مىنى چۈلغۈالغىنى ئاۋۋال مەن ئۆزەم، ئاندىن مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ئاشۇ ھاشىم ئىدى. مەن 26 ياشقا كىرىپ قالغان قىز ئىدىم. ئاشۇ ياشتىكى قىز چوقۇم ئەرلەرگە ئۆزى ئاۋۋال ئىنتىلىشى كېرەك بولمىسىمۇ، ماڭا، مېنىڭ ھاياتىمغا بىر ئەر كىشى ھەمراھ بولۇپ ياشىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. مېنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشىمگە، ئېھتىمال ئۇنىڭ "موھتاج بولۇش" توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرى تۈرتكە بولغاندۇ، ياكى مېنىڭ ئۆزەم ئۇنى ئاشۇ سۆزنى ئېيتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىغاندۇ. بىراق، ماڭا كېرىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان، ھېچكىم توسالمايدىغان ۋە نېمىشقا دەپ سوئال قويۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان مۇقەددەس ياشاش قانۇنىيىتى ئىدى. بۇ قانۇنىيەت ئەلمىساقتىن تارتىپ ئادەمنىڭ ماھىيىتى بولۇپ كەلگەندەك، مېنىڭمۇ ماھىيىتىم ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

بىرمۇنچە كىتابلاردا، بىرمۇنچە سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كىنولاردا قىزلارنىڭ ھېسسىياتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا قارىتىلغان كۆز قارىشى تولۇق، ئەينەن ئەكس ئەتتۈرەلمىگەنلىكىنى خېلى بالدۇرلا سېزەتتىم. بىر تالاي يازغۇچىلار ھەتتا ئايال يازغۇچىلارمۇ قىزلارنىڭ ھېسسىياتىنى توختام سۇدەك قىلىپ يېزىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاياللار ئەبەدىلئەبەد ئىنكاس قايتۇرغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. يىگىتلەر، ئەرلەر ئاۋۋال ئۇلارغا گەپ قىلىشى، ئۇلارغا ئاۋۋال تەلپۈنۈشى، قىزلار ۋە ئاياللار بولسا شۇنىڭغا بېقىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىنتىلىشى لازىم ئىدى. مۇبادا بىرەر قىز ياكى ئايال ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا باھا بەرسە، بۇ ئۇياتسىزلىقنىڭ، "يۈزى قېلىن"لىقنىڭ ئىپادىسى

بولۇپ تامغا بېسىلدى. ئەگەر ئۇلار بەرگەن باھاسىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىرەر ئەمەلىي ھەرىكەتنى بىلەن كۆز قارىشىنى شەرھلىسە بۇ ئەرلەر ئاردىسىدىلا ئەمەس، ئاياللار ئارىسىدىمۇ "غەيرىي" ئىش دەپ تونۇلدى. ئەجەبا، تۇرمۇش ئەرلەر تەرىپىدىنلا يارىتىلىپ، شۇلار ئارقىلىقلا مەزمۇن پەيدا قىلامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن قىز-ئاياللارمۇ بىر ئىنسان سۈپىتىدە ئۆزى كەچۈرمەكچى بولغان تۇرمۇشى ئۈچۈن، ئۆزى ئويلىغان، ھېس قىلغان، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باققان ئارمانلىرى ئۈچۈن، ھەمىشە ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك كۆرۈشنى خالايدىغان كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى ئالدىماي، ئۆزى ئۈچۈن ئۆزىنى سىرلىق دۇنياغا ئايلاندۇرۇۋالماي، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن تۇرمۇشقا تەلپۈنۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن؟

مۇبادا بۇ ئۇياتسىزلىق، يۈزى قېلىنلىق، ئۆرپ-ئادەتكە خىلاپ دېيىلىدىغان بولسا، ئالەمدە تۇغۇلۇش، ياشاش بولمىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەت رەسىم ياكى ھەيكەلدەك قىمىرلىماي، ھەرىكەت قىلماي تۇرىدىغان جانسىز جىسىم بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ ماھىيىتى ھەرىكەتتە. ھەرىكەتسىز ھايات ھېچقاچان بولمايدۇ. بۇنداق ھەرىكەت ھېسسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە شۇ ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلىدىغان ھەرىكەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىچىككىنە ھەرىكەتنى ئاياپ، پىخسىقلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش بېرىشى مۇمكىن بولغان بەختىدىن قۇرۇق قالغان قىزلارنىڭ سانىنى كىم ئالالايدۇ؟ ئەجەبا، بۇ "ئۆرپ-ئادەت" ئىنسانلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان قىز-ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئاقلايدىغان، ئۇنى قالقان قىلىدىغان يەنە نېمە ئارتۇقچىلىقى

بار؟...

ھاشىم مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمغا قوشۇلاتتى. بەزى سۆزلىرىمنىڭ ئۇنىڭغىمۇ غەلىتىرەك ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن سېزىپ قالاتتىم. لېكىن، ئۇ، مېنىڭ ئۆزلۈكۈمدىن ئۇنىڭغا: "مەن سىزگە ئاشۇنداق دوست ۋە سەپداش بولغىلى كەلدىم..." دېگەن سۆزۈمگە ھەيران بولمىغانلىقىنى، بۇ سۆز ئۇنى خۇشال قىلىپ، بېشىنى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك ياياراتقانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ:

— مېنىڭ بەختىم شۇ سۆز ئارقىلىق ئېچىلدى. مېنىڭ تەقدىرىم شۇ سۆز ئارقىلىق يېشىلاندى. مېنىڭ پۈتۈن بارلىقىمنى شۇ سۆز ئۆزەمگە تونۇتتى...، — دەپ پىچىرلايتتى.

بىز بىرنەچچە كۈن پاراڭلىشىپ، مۇڭدىشىپ يۈردۈق. سۆھبىتىمىزنىڭ تېمىسى ئۇنچە كەڭ دائىرىلىك بولمىسىمۇ، ئاشۇ بىر مەزمۇننى ئايلىنىپ ھەممە نەرسىلەرگىچە سۆزلىشەتتۇق.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بىز توي قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلغىنىمىزدا، بىزنىڭ ساۋاقداشلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەندىن "نېمىشقا ئۇنداق"، "قاچان پۈتۈشتۈڭلار"، "قاچاندىن بېرى..." دېگەندەك ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان بىرەرمۇ سوئال سورىمىدى. نېرى-بېرى تەييارلىقلاردىن كېيىن ئاددىيراق بولسىمۇ، بىزنىڭ ھەممىمىز ئۈچۈن ئاجايىپ خۇشال-خۇرام بىلىنگەن تويىنى قىلىۋالدۇق. بۇ تويىمىزدىن، يەنە كېلىپ ھەممىدىن ئاۋۋال ھاشىم بىلەن مەن خۇشال بولدۇق ۋە بەختىمىزدىن مەمنۇن بولدۇق. تويىمىزنىڭ يەنە بىر مەنىلىك يېرى شۇ ئىدىكى، بىز، زىيالىي ياشلار ئىچىدە توي

قىلىپ ئۆزى ئوتتۇرىنىڭ باشلامچىسى بولغانىدۇق.

مەن ھېلىغىچە ئۆز بەدەنلىرىمدە ھاشىمدىن باشقا يات ئەركىشىنىڭ قولىنى سەزمىگەنىدىم. ھاۋانىڭ پەسكەش قىلىقى روھىمغا شۇ قەدەر قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ھاياتتا ئاشۇنچىۋالا پەسكەش، رەزىل مەخلۇقلارنىڭمۇ بارلىقىدىن، مەن ئاشۇنداق تۇرقى ئادەم، تەبىئىتى ھايۋان رەزىللەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىمدىن ئۆز-ئۆزەمگىمۇ كايىدىم.

ئەمما، تۇرمۇش بەرىبىر تۇرمۇش. كىم بىلەن بىللە ئىشلەش، كىم بىلەن تونۇش-بىلىش بولۇپ يۈرۈش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزى بەلگىلىگىلى بولىدىغان ئىشمۇ؟...

بىرمۇنچە كىشىلەر سىياسىي بورانلارغا پۇرسەت دەپ ئارىلىشىپ، ھەر خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى كۆردۈم ياكى ئاڭلاپ كەلدىم. ئۇلار ئۆزىنىڭ سىياسىي نىيىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەچكە، نە نومۇس، نە نەسەب، نە ئادىمىگەرچىلىكنى بىلمىدى. جامائەت نەپرەتلىنىدىغان پەسكەشلىكلەر ئۇلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تۇتىيا قاتاردا تىلتۇمار قىلىندى. ھەممە ئىنتىلىدىغان شەرەپلىك ئىشلار ئۇلار تەرىپىدىن چەيلەندى، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ئىدى.

# ئالتىنچى باب

## دوختۇرخانىدا كۆرۈپ ئويلىغانلىرىم

### 1

ئاھانەت، خورلۇق شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئەتىسى ئەتى-
گەندە، پۈتۈن تۈن بويى كىرپىك قاقماي چىققانلىقىمغا قارىماي،
ۋۇجۇدۇمدا خېلى كۈچ سېزىپ ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم. يۈيۈنۈش
ئۈچۈن سۇغا چىقىپ قايتىشىمدا ئىشىككە بور بىلەن يېزىلغان،
"گۈلنايىم — بۇزۇق ئايال..." دېگەن ئىرماش-چىرماش يېزى-
قىقا كۆزۈم چۈشتى. پۇت-قولۇمدا جان قالمىغانلىقتىن، ئىشىككە
يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم: كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم پىرقىراپ
كەتتى. ھېلىقى يېزىقلارنىڭ داۋامى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدى-
غان دەرىجىدە رەسۋا، پەس سۆزلەر ئىدى. ئۇنى ئوقۇشقىمۇ،
ھەتتا يادىغا ئېلىشقىمۇ ۋىجدان چىدىمايتتى.

قورۇدا كىشىلەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندىلا ئۆزەمگە
كەلدىم. ئەتراپقا قارىسام، كۈن خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدەك
بىلىندى. مەن ئىشىككە يۆلىنىپ قانچىلىك ۋاقىت تۇرغىنىمنى، مېنى
بىرەرسى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ھەممىدىن بەك
ئەنسىرىگىنىم ھېلىقى خەتلەر بولۇپ، بۇنداق تىل-ھاقارەتنى باشقى-
لارمۇ ئوقۇپ قالغاندەك ئىزا تارتىپ ئەتراپقا ئەنسىز قارىدىم. لېكىن،

يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.
مەن ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئىشكتىكى يېزىقلارنى ئالقىنىم بىلەن سىپاپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، يەنە ئەتراپىمغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن چىلەكىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئاران كىرىۋالدىم ـ دە، ئۆزەمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتىم.
مېنىڭ كۆڭلۈم يامانلاشقانىدى. مەن گويا قېلىن، قويۇق تۇمان ئارىسىدا قالغاندەك، نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئادىشىپ قالغان يولۇچى ھالىتىنى بېشىمدىن كەچۈرۈۋاتاتتىم. ئەمما، بۇ خىل تېڭىرقىشىم ئۇزۇنغا بارمىدى. قانچىلىك ياتتىم، بىلمەيمەن. ئورنۇمـ دىن تۇرغىنىمدا قەلبىمدە بىر خىل يېڭى، مېنى دەيدەيگە سىلىۋاتـ قان قەتئىي قارار باش كۆتۈرگەنىدى: "كېتىمەن، ــ دەيتتىم ئىچىمدە، ــ ماڭا بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە كېرىكى بار. ساغلام، پاك تۇرۇپ، ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان ھاقارەتلەر بىلەن نامىمنى بولغاپ، ئەل ئارىسىغا تارىلىشقىمۇ ئۇنۇمايمەن. زادى كەتكىنىم كەتكەن..."
كىيىملىرىمنى يۆتكەپ، شكىللىرىمنى تېڭىشقا بىر ئازلا ۋاقىت سەرپ قىلدىم. سومكىلىرىمنى جايلاپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى قاچىلاۋاتقاندا، مەن ھېچ كۈتمىگەن ئىش بولۇپ گۈلباھار كىرىپ كەلدى. ئۆزەممۇ سەزمەيمەن، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇناسىۋەت قىلمسام كېرەك، ئۇ بىرھازا ماڭا ۋە ئۆيي ئىچىگە سەپسىلىپ چىقتى. كېيىن مېنىڭ پوزىتسىيەمنىڭ قوپال بولۇشىمۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تېڭىۋەتـ كىنىممۇ ئۆز ئىختىيارىمچە بولمىغىنىنى سەزگەندەك:
ــ گۈلئايىم، بىرسى سىزنى خاپا قىلدىمۇ؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

مەن جاۋاب بېرەلمىدىم. جاۋاب بەرسەم بېشىمدىن كەچۈرگەن خورلۇقىنى، ئەتىگەندىلا ئۇچراتقان ئاھانەتنى سۆزلەپ بېرىپ تاشلايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق دېمىگەندە باشقىچە سۆز ياساپ ئۇنىڭغا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گادىرماش ئىچكى ھېسسىياتلىرىم يول قويمايتتى.

ئۇ مېنىڭ گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى بولغاي، ئاۋايلاپ مېڭىپ كېلىپ يېنىمدا توختىدى-دە، مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا، ئۈننى سىلىق چىقىرىپ:

— بىرسى كۆڭلىڭىزگە ئازار بەردىمۇ گۈلنايىم؟ — دەپ سورىدى ۋە مېنى يەنە جىم تۇرۇۋالمىسۇن دېگەندەك قوشۇپ قويدى، — ھەرقانچە خاپىلىقىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىچ-قارنىڭىزنى تۆكىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ھېچكىمىڭىز يوققۇ؟

ئۇنىڭ سوئالى، ئەسلىدە، نېمە ئىش يۈز بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىمنى تېڭىشقا مەجبۇر بولغانلىقىم توغرىسىدا بولسا مەنتىققە ئۇيغۇن بولاتتى. لېكىن ئۇ مېنىڭ شىگلى تېڭىشىمنى چوقۇم بىرەر خاپىچىلىقتىن بولغان دەپ ھېسابلاۋاتاتتى. مېنىڭ مۇشۇ مىنۇتتا بۇنداق نازۇك تەرەپلەرنى ئويلاپ يەتكۈچىلىكىم يوق، شۇڭا ئۇ "ھەرقانچە خاپىلىغىڭىز بولسا ماڭا ئېيتىڭ، سىزنىڭ بۇ يەردە ئىچ-قارنىڭىزنى تۆكىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ھېچكىمىڭىز يوققۇ" دېگىنىدە، بۇ سۆز شۇ قەدەر يېقىملىق تۇيۇلدىكى، مەن ئەڭ يېقىن دىلكەشىمنى ئۇچراتقاندەك تەسىراتقا كەلدىم. راستىمنى ئېيتقاندا، شۇ چاغدا گۈلباھارنىڭ ئورنىغا ھاشىم كەلگىنىدىمۇ بۇ تەسىراتقا كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەۋەبى ئۇ مېنىڭ ئۇچرىغان خورلۇقۇمغا ھېسداشلىق قىلىشىپ بېرىدىغانغا لايىق بولمىغان ئەركىشى ئىدى. ئەركىشى

بولغاندىمۇ مېنىڭ ئېرىم، باللىرىمنىڭ دادىسى بولغان ئەر كىشى ئىدى. بۇنداق ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىش، ياخشىلىقچىراق بولغاندا ئۇنىڭ ماڭا بولغان ھېسداشلىقىدىن كۆرە، ھاموتقا بولغان غەزىپىنى ئاشۇرۇش، يامىنىغراق پەرەز قىلغاندا، ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان رول ئوينايتتى. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ياخشى كۆرۈشىدىغان ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە يۈزدە-يۈز سىرداش بولۇشى، بىر-بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى كېرەك دېگەن ئەقىدە ئادەتتىكى شارائىتتا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسا كېرەك، دەپ ھېس قىلىمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقىلار بولغىنىدا ئېرىگە دەپ ئۈچىنى ئالارمىدىكىنتاڭ؟

مەن گۈلباھارغا تاشلىنىپ يىغلىۋەتتىم ھەم بوغۇلۇپ-ئېسەدەپ تۇرۇپ ئاخشامقى ئىشتىن تارتىپ، ئەتىگەن ئىشكتە كۆرگەن خەتلەرگىچە قىسقا سۆزلەپ بەردىم.

— كېتەي جېنىم گۈلباھار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن يېشىمنى كۆتەرمەيلا، — مەن بۇ يەرگە خورلىنىش ئۈچۈن ئېرىم، باللىرىم، ئۆيۈمنى تاشلاپ كەلگەن ئەمەس...

گۈلباھار ئىككى مەگزىمدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى. مەن ياش يۇقى كۆزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم. چۈنكى، ئەسلىدە ئۇ ئاچچىقلىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ ھاموتقا غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرۈشى شەرت بولمىسىمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ بەزلەيدۇ، مەن بۇنداق بەزلەشلەرگە موھتاج بولمىغىنىمدىمۇ، ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى بىراۋغا دەۋالغانلىق بىلەن يېنىكلەپ قالىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، گۈلباھار ئۈن-تۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. چوڭ-چوڭ ياش دانچىلىرى ئۇنىڭ قىزىللى كەتمىگەن

بولسىمۇ تاتىرىپ كەتكەن مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. كۆڭلۈمدە دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق گۇمان پەيدا بولدى. ئۇمۇ ھايال ئۆتمەي گۇمان تۈگۈچلىرىمنى يېشىپ:

— بىز ئاياللار ئاشۇ ھامۇتتەك بىر-ئىككى لۈكچەك ھوقۇقدارنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قۇتۇلالمايدىكەنمىز...مەن، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئۇياتلىق ئىشنىڭ سىزدىمۇ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن شۇنچە ئەنسىرەيتتىم. شۇڭا سىزگە سەگەك بولۇشنى، ھوشيار تۇرۇشنى تاپىلاپ كەلگەندىم، — دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى تارتتىم. بۇ تارتىش، ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىمدىن، ئۇنىڭدىن سەسكەنگەنلىكىمدىن ئەمەس، ئۇنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىۋاتقانلىقىغا، مېنى ئۆزى كۆرگەن "ئۇياتلىق ئىش"نى بېشىدىن كەچۈردى دەپ قاراۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىشتىن كېلىپ چىققانىدى.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن ئۆزەمدە بىر خىل جاسارەت سەزگەندەك، — مەن ئۆزەمنى بۇلغىغىنىم يوق. مەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالدىم. مەن...ئۇنىڭغا قايچىنى تىقىۋەتتىم.

گۈلباھار ئەجەبلىنىپ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. نېپىز لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ ئاران-ئاران ئاڭلانغۇدەك:

— ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى.

مەن سەل تۇرۇۋېلىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

— ئۆلمىدى، قېچىپ كەتتى دۈيۈز...

گۈلباھار بىرھازا شۈك تۇرۇپ قېلىپ مېنىڭ كەينى تەرىپىمگە كېلىپ دۈمبەمنى يېنىك سىلاپ:

— ياخشى قىپسىز، ئۇ ئاخىرى بېشىنى يەيدىغانلىقىغا ئىشىنەت-

تىم، — دېدى ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ، — مەن قايتاي. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كېلەتتى. چۈشتە بېرىپ بىرئاز ئولتۇرۇپ كېلەر، دەپ ئېيتىپ قويغىلى كىرىۋىدىم. خالىسىڭىز بارارسىز.

مەن ئۇنكاس بىلدۈرمىدىم، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى، ئۈزۈتۈپ قويۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقىدۇ ئۈزىتىش سۆزلىرىنىمۇ ئېيتالمىدىم. ئۇ مېنى بۇ يەردىن كەتمەك دېيەلمىدى، قېلىڭمۇ دېيەلمىدى. بەلكىم، ئىككىمىز ئوخشاش تەقدىرگە يولۇققاندا، ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرىپ، دەپسەندە قىلىنىشقا رازى بولۇپ، دەردنى ئىچىگە سېلىپ يۈرگىنى بىلەن مېنىڭ قارشىلىق قىلىشىم، خورلۇقتىن ئۆچ ئالغانلىقىم سېلىشتۇرما بولۇپ، تەگلىكتە قالغان بولسا كېرەك. بەلكىم، ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ...

ئەمما، مەن كېتىشتىن يالتايدىم. ماڭا كېتىش ھامۇتنىڭ خورلىشىغا، دەپسەندە قىلىشىغا سۈكۈت قىلىشتىن دېرەك بېرىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئىچىمدە: "ئۆچ ئالدىمغۇ، قېچىپ كەتكىنى ئۇغۇ؟ ئەمدى مەن يەنە قاچامدىمەن؟ ساۋاقداشلىرىم نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ دېسە، ئېرىم نېمە بولدى؟ دېسە قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ بۇ بىر ئۇياتلىق ئىش. مۇنداق-مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى دەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن ئەمەس. گەپ-سۆزچىلەر نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟" دەپ ئويلىدىم.

مەن نەرسە-كېرەكلىرىمنى يەشتىم. ياتىقىمنى قايتىدىن تۈزەپ ھەممە نېمىلىرىمنى جاي-جايىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. مۇشۇ ئارىلىقتا، باياتىن گۈلباھار بىلەن سۆزلەشمىگەن بولسام ياخشى بوپتىكەن، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، بۇ سۆھبەت ھەر ئىككىمىزگە ئوبدان تەسىرات قالدۇرمىدى. يەنە كېلىپ گۈلباھار مېنىڭ ئالدىمدا

ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى سېزىپ خىجىل بولماي قال-
مىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىتىلغان ياخشى ھېسلىرىمىنىڭ يەنە بىر
قىسمىدىن ئايرىلغانىدىم، ئېھتىمال، بۇ دەز بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى
مۇناسىۋىتىمىزدە يەڭگىلى بولمايدىغان، ئېيتقىلىمۇ بولمايدىغان
يوشۇرۇن كۆلەڭگە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى...

بۇنىڭ شۇنداق بولۇشى، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا مەلۇم بولدى. مەن گۈلباھارنىڭ ئۆيىگە بارمىدىم. باراي دەپ نەچچە تەرەد-
دۇتلەندىمۇ، نېمىشقىدۇ بارغۇم كەلمىدى. ئۇ ئەمدى مېنى كۆرسە
خىجىل بولىدۇ، دەپ ئويلىشىم بۇنىڭغا مەن تەرەپتىن كۆرسىتى-
لىشى مۇمكىن بولغان بىرىنچى باھانە ئىدى...

## 2

شۇ كېچە ۋە ئەتىسى سەھەردىكى پاراكەندىچىلىكنىڭ تەسىرى-
دىنمۇ، ياكى ئۇنىڭغا تۆپىلەپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقىمدىنمۇ،
ئەيتاۋۇر ئىسسىتمام ئۆرلەپ، پۈتۈن ئەزايىم سىرقىراپ بىرنەچچە
كۈن يېتىپ قالدىم. بۇ جەرياندا ئويلىغان، ھېس قىلغانلىرىم،
ئۆزەمدىن ھەرقانچە نېرى ھەيدىگىنىم بىلەنمۇ، بەرىبىر ئۆتۈپ
كەتكەن كۈنلەردىكى سەراسىمىلىككە تەۋە ئىدى. ئەمما، ئىشلەش
ئۈچۈن مەندە يېتەرلىك جىسمانىي ماغدۇر ۋە روھىي قۇۋۋەت بولۇشى
كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلار مەندە يوق ئىدى.

مەن كۈنلىرىمنى ئېرىم ھاشىمغا خەت يېزىش بىلەن، شۇ كۈن-
لەردە مەن ئىسمىنى ۋە ئادرېسىنى ئەسلىيەلەيدىغان ساۋاقداشلىرىمغا
خەت يېزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ خەتلەرنى قايغۇلۇق
ھېسسىيات بىلەن يازمايتتىم. بېشىمغا چۈشكەن خورلۇق قىسمەتلەر

توغرىسىدا بىرەر سۆزمۇ قىستۇرۇلۇپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلاتتىم. مەن ئۆيۈمگە يازغان خېتىمدە ئېرىم ۋە بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇقراق سورايتتىم، پات-پات خەت يېزىپ تۇرۇشنى، خەتلەر تەپسىلىي يېزىلىشىنى ئىلتىماس قىلاتتىم.

بۇلار ئىچكى ھاياجىنىمنى بېسىش ئۈچۈن تولاراق ئىزدىنىۋاتقانلىقىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مېنىڭ ئېرىم پسىخولوگ بولغىنىدا ئىدى، بىرەر سۆز يازمىغان بولسىمۇ، مېنىڭ روھىي-ھالىتىمدە قانداقتۇر بىر پەۋقۇلئاددە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىۋالغان بولاتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ خەتلىرى ئىككى ھەپتىدە، بەزىدە سەل ئېشىپ كېلەتتى. خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە يادىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، شۇ قېتىم يازغان خەتلىرىمگە ئۇ تېز-تېز جاۋاب يازدى. بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ كىچىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇچۇر-بۇجۇرىگىچە، ئەڭ كىچىك قىلىقلىرىغىچە تەسۋىرلەپ يازدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ئۆزگىرىشكە، يەنى تېز-تېز خەت يېزىشقا ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىدىكى تەپسىلىيلىككە دىققەت قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسام كېرەك، ئەمما، كېيىنكى چاغلاردا ھاشىم مېنىڭ روھىي ئەھۋالىمدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. پەقەت ئۇ، "نېمە بولدۇڭ، سەندە بىر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ؟..." دەپلا سورىمىغانىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا مەن ئىدىم. ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ كېتەي دېمەيتتى. مەن ئۆزەمدىن تولاراق قورسىقىمدا يېتىلىۋاتقان يەنە بىر تۆرەلمە ئۈچۈن غەم قىلىشقا باشلىدىم. بۇ قانداق غەم؟ ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ ناھايىتى نازۇك، ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر تۇيغۇ ئىدى. بۇنى تۆرەلمە يېتىلىپ بولمايلا نابۇت

بولۇپ كېتەرمۇ دەپ ئېپادىلىگىلىمۇ بولمايتتى. بۇنى پەقەت ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئايالنىڭ ئەڭ ئىچكى سەزگۈسىلا تونۇيالايدىغان، ئانا بولۇپ باققان ئايالنىڭمۇ ئۆزىگە بىلىنەر-بىلىنمەس خىرە-شىرە ھالدا ياندىشىپ تۇرىدىغان ئىچكى كەچۈرمىلىرىلا چۈشىنەلەيدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئىدى. بۇ تۇيغۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق ھەم تونۇش، ھەم ناتونۇش؛ ھەم يېقىن، ھەم يىراق بولۇپ سىزىلەتتىكى، بىر جاننىڭ ئىگەلەپ دۇنياغا تۆرىلىشى بىلەنلا ھېلىقى تۇيغۇلار غايىب بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۇتقىلىمۇ. ئەستە ساقلىغىلىمۇ ۋە كېيىن يادىغا ئالغىلىمۇ بولمايتتى. مېنىڭ غېمىم ئاشۇنىڭغا مەنسۇپ ئىدى.

مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم ۋە بىركۈنى سەھەردە ھالسىز تېنىمنى تەستە كۆتۈرۈپ گۈڭشې دوختۇرخانىسىغا قاراپ ماڭدىم.

گۈڭشې بازىرىنىڭ ئىچىنى بەك چوڭ دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەسلى ئاساسى بىر كەنت بولۇپ، 60-يىللارنىڭ بېشىدا گۈڭشې قىلىپ ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا بازار بولۇشقا باشلىغانلىقى ماڭا باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق مەلۇم ئىدى. گۈڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن خېلىلا چوڭ يول ئېلىنغان، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت قاتاردىن تېرەك قويۇلغان بولۇپ، تېرەكلەر ئوبدان ئاينىغاندى. ئېلىنغان بىر مېتىرچە كەڭلىكتىكى ئېرىق بىلەن ئىككى تەرەپكە سېلىنغان بىر قەۋەتلىك، ئاددىي، ئەمما دېھقان ئۆيلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆركەم، گۈڭشې باشقۇرىدىغان ئىدارە ئۆيلىرىنىڭ قورۇق تېمىغا ئۇلىشاتتى. تام بىلەن ئېرىقنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى مېتىرچە كەلگۈدەك يول بار ئىدى.

كۆز بىلەن كۆرۈپ باقماي، باشقىلار تەرىپىدىن ئاڭلىغانىدىمۇ، چوڭ يول، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېرەكلەر، ئېرىق كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تەسىرات بېغىشلايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈڭشى بازىرىنىڭ ئىچى ياخشى لايىھەلەنگەنىدى. رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقسا، رەسسام ئانچە تالانتلىق بولمىغاندىمۇ، بىر ئۇز مەنزىرىنى قايتا كۆرسىتەلەيتتى. ئەمەلىيەتتە، چوڭ يول كەڭ بولغىنى بىلەن ئوشۇقىچە توپا كېچىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭغا قاچاندۇ چاغلاردا، بىر ئېھتىمال يېڭى ياسالغان چاغلاردا بولسا كېرەك، شېغىل تۆكۈلگەن، ھەتتا بۇ شېغىللار تۈزۈكرەك يېيىستىلمىغانلىقتىن، ئېگىز يېرى ئېگىز، پەس يېرى پەس پېتى تاشلاپ قويۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا، تراكتور، ھەر خىل ھارۋىلار يىللاپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان، يول بېتى ئاسرىلىپ تۇرمىغانلىقتىن، كاتاڭلىشىپ كەتكەنىدى. ئەگەر بىرەر يېرىمتە ماشىنا، چوڭ تراكتورلار ئۆتۈپ قالىدىغان بولسا، توپا ـ چاڭ دەستىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ نېرى قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى. شامال يوق كۈنلىرى ئاشۇنداق كۆتۈرۈلگەن توپا ـ تۇمان گۈڭشى بازىرىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قويۇق كۆتۈرۈلەتتى. توپا ـ چاڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ رەڭگىنى، بولۇپمۇ ئەتىيازدىن كۈزگىچە داۋاملىشىدىغان يېشىللىقنى سارغۇچ توپا رەڭگە كىرگۈزۈپ قوياتتى. بۇ يولدا ئات، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرىلا بىرقەدەر مۇۋاپىق سۈرئەت بىلەن ماڭالايتتى. ئەمما، مەن ھېچقاچان ۋېلسىپتلىك ياكى پىيادە ئادەملەرنىڭ بۇ يولدىن مېڭىپ باققىنىنى كۆرمىدىم. ۋېلسىپتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېرىق بىلەن تام ئارىلىقىدىكى يولدا مېڭىشاتتى. پىيادىلەر بولسا توپىنىڭ

چوڭقۇرلۇقى چوڭ يولدىكىدىن سەللا تۆۋەن تۇرىدىغان شۇ يولدىمۇ ماڭمايتتى. ئۇلار ئۇشۇقىغىچە توپا كېچىشتىن كۆرە تېرەكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ماڭاتتى. تېرەكلەرنىڭ ئاستىغا سۇ قويۇلمىغانلا بولسا، ئۇ يەردە ئەگرى-بۈگرى بىر چىغىر يول بارلىقىنى بىر قاراپلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە گۇڭشېغا تەۋە بولغان ئاشلىق پونكىتى، پوچتا پونكىتى، چارۋا ماللار پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، بانكا، دوختۇرخانا، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، ئاشخانىسى...دېگەنگە ئوخشاش كەسپىي تارماقلار جايلاشقانىدى. بازاردا يەنە بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بار ئىدى. ئەمما، ھەر ئىككى مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى بازار تەرەپتە ئەمەس ئىدى.

يەر ئانچە قىس بولمىسىمۇ، نېمىشقىدۇ دوختۇرخانىغا بېرىلگەن ئورۇن بازار ئىچىدىن بىر ئۇن يېتىم يىراقلىقتا ئىدى. بۇنىڭدا، دوختۇرخانا توپا-چاڭدىن، ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن يىراقراق، تىنچراق جايدا بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇش مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە، بۇنى شۇنداق چۈشىنىدىغان، ياكى چۈشىنىشنى خالايدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى. دوختۇرخانىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغۇچىلارمۇ بۇنى ھېچكىمگە چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنى ئويلاشمىغاندۇ بەلكىم. ئەمما، مەن دوختۇرخانا قۇرۇش ۋاقتىدا چوقۇم بۇ ھەقتە بىرەر گەپ-سۆزلەر ۋە سەۋەبلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماي قالمىغان بولغىيدى، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ بۇنداق ئويلىشىمنىڭمۇ ھېچكىمگە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بۇنى ئۆزەممۇ بىلىمەن، بۇ كۈلكىلىك ئەخمىقانە ۋە بىھۇدە خىياللار ئىدى، خالاس!

مەن گۆشنى قورۇسىدىن چىقىپ، ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئەگرى-بۈگرى پىيادىلەر يولى بىلەن ماڭدىم. تەلىيىمگە چوڭ يولدا ۋە ۋېلسىپىتلىكلەر يولىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، شۇڭا توپا-چاڭمۇ يوق ئىدى. گۆشنى بازىرى تىمتاس، تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن ۋە ئۈنىڭدىن بۇرۇن قانداق بولغان بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتى ئىدى. ماڭا بۇ ئۆلۈك تىمتاسلىق ئەتە، ئۆگۈن ۋە شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇ پېتى داۋاملىشىۋېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

گۆشنى دوختۇرخانىسى ئۆزىنىڭ سالاپىتىگە لايىق قورۇق تام ئىچىگە ئېلىنغانىدى. تامنىڭ سىرتى تۆت قاتار تېرەكلىك بەلباغ بىلەن يۆگەلگەن بولۇپ، ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تامنىڭ ئېرىسىنى كۆرسەتمىگۈدەك زىچ، ئېگىز ئۆسكەنىدى. ئىككى يېرىم غۇلاچتىن ئوشۇقراق كەڭلىكتىكى ياغاچ دەرۋازا ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندە تام ياقىلاپ قويۇلغان ئىككى قاتار تېرەك كۆزگە چېلىقاتتى. تېرەكلەرنىڭ تومۇلۇق ۋە ئېگىزلىكىدىن قارىغاندا، تام سىرتىدىكىلىرى بىلەن ئوخشاش ياشلىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

دەرۋازىدىن 50 مېترچە يىراقلىقتا، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىر قەۋەتلىك دوختۇرخانا ئىشخانىلىرىغا بارىدىغان يول بار ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى يازدا كۆكتات تېرىلىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بىر تەرەپتە يەنە مۇشۇ گۆشنىنىڭ باشقا ئىدارىلىرىدىكىدەك، دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئائىلىلىك ئۆيلىرى جايلاشقان، يەنە بىر تەرىپى باغ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

مەن دوختۇرخانىنىڭ ئېشىدىن كۆرگەن، بىر-ئىككى قېتىمچە ئالدىدىن ئۆتكەن بولسامۇ، ئىچىگە كىرىپ باققىنىم مۇشۇ بۈگۈن

ئىدى. قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئاقلانغان بولسىمۇ، ھازىر ھاكلىرى توزۇپ كەتكەن تاملار، رەتلىك يول ۋە ئۆي ئالدىدىكى سەينا، بۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئىمىلا بولمىسۇن ئۆز رەڭگىدە بولۇشى، كۆڭلۈمگە: "ئىمىلا بولمىسۇن دوختۇرخانا دېگەن پاكىزرەك بولۇشى تەبىئىي" دېگەن پىكىرنى كەچتۈردى. ئەمما، دوختۇرخانا ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا دۈۋىلىشىپ تۇرۇپ كەتكەن ئېشەك ھارۋىلىرى ۋە ھارۋىغا قېتىلمىغان ئېشەكلەرنىڭ ئۆزئارا ھاڭرىشى، پۇشقۇرۇشلىرى، ئاياللارنىڭ مىشىلداپ، بالىلارنىڭ قىرقىراپ يىغلاشلىرى، كىشىلەرنىڭ ئاجىز، پەس، ئەمما بوغۇق خىرىلداشلىرى كەيپىمنى قاچۇردى. دېمەك، بۇ جاي ماڭا دوختۇرخانىدەك تۇيۇلمايتتى. چۈنكى، مەن بىلىدىغان ۋە مېنىڭ مۆلچەرىمدىكى دوختۇرخانا جىمجىت بولۇشى كېرەك ئىدى.

مۆلچەرلىشىمچە، سەينادا 20دىن ئارتۇقراق ئېشەك ھارۋىسى قالايمىقان تۇرۇشاتتى، بەزى ئېشەكلەر ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلاپ قويۇلغان، يەنە بەزىلىرى پۇتىدىن چۇشەپ قويۇلغان، بەزىلىرىنىڭ تۇمشۇقىغا توغرا (بوغۇز خالتىسى) كىيدۈرۈلگەنىدى. ئېشەكلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئالدىغا سامان، ياكى شاخ تاشلاپ بېرىلگەنىدى. مېنىڭ دىققىتىم، تولاراق، پاختىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، ياكى يامالغان يوتقان-كۆرپىلەرگە يۆگەپ قويۇلغان كېسەللەرگە چۈشتى. بۇ كېسەللەر ياشانغانراق بوۋاي، مومايلار بولۇپ، تېخى ھارۋىدىن چۈشۈرۈلمىگەنىدى. تام تۈۋىدە قاتارلىشىپ ئولتۇرغان باشقا كېسەللەرنىڭ تولىسى ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋانلار بولۇپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ ياش چوكانلار، ئون ياش ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك قىز بالىلارمۇ بار ئىدى. ئاياللارنىڭ كۆپرەكىنىڭ قۇچىقىدا بوۋاق بالىلىرى بار ئىدى.

بالىلارنىڭ كۆزىنى ئاچماي ياتقانلىرى، ئۇخلاۋاتقانلىرى ئاز، خىرقىراپ يىغلاۋاتقانلىرى كۆپ ئىدى. نېمىشقىدۇ يىغلاۋاتقان بالىلارنىڭ ئانىلىرى بۇ بالىلارنى پەس قىلىشىنىڭ كويىنى قىلىشمايتتى. بۇنداق كۆرۈنۈشكە قاراپ، كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگىنى ئانىسىمدۇ، بالىسىمدۇ؟ ئانىسى بولسا، بالىسىنى پەس قىلغۇدەك ماجالى يوق، بالىسى بولسا، ئانىسى پەس قىلالماي ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغان ئوخشايدۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلمەي قالمايتتى كىشى.

قاچاندۇ بىرچاغدا، قايسىبىر ساۋاقدىشىم ماڭا: "دوختۇرخانىغا بېرىپ قالساڭ، پۈتۈن ئالەمنى كېسەل بېسىپ كەتكەندەك، ساق ئادەم يوقتەك ھېس قىلىپ قالىدىكەنسەن، بۇ خۇددى باغچىغا كىرسەڭ، دۇنيادىكى جىمى ئادەم ئىشى يوق بىكار تەلەپ بولۇپ لاغايلاپ يۈرۈۋاتقانغا ئوخشايدىكەن..." دېگەنىدى. مەن دوختۇرخانىغا نەچچە بارغان، ھەر ئىككى تۇغۇتۇمدا دوختۇرخانىدا بوشانغاچقا، ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان ھېلىقى ساۋاقدىشىمنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغانىدىم. ئەمما، بۈگۈنكىدەك كۆرۈنۈش مەن ئۈچۈن تېخى يېڭىلىق ئىدى. بۇ دوختۇرخانىدىكى مەنزىرە، پۈتۈن گۇڭشې تەۋەسىدە ساغلام ئادەم قالمىغانمۇ نېمە، دېگەن ئويىنى ئەمەس، بەلكى، بۇ گۇڭشېدا يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن ئاياللار، بالىلار ۋە قېرىلار كېسەل بولۇپ يېقىلىۋاتامدۇ نېمە؟ دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلاتتى. ھاۋانىڭ مۇشۇنداق سوغۇقلۇقىغا قارىماي، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپى ناھايىتى يېلىڭ كىيىم كىيگەنىدى. قۇچاقتىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ پۇتى ئانىسىنىڭ يىرتىق كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكىدىن چىقىپ تۇراتتى.

مەن مەكتەپتىكى چاغنى — "قارا يىپلار"نى كۈرەش قىلىدىغان سورۇندىلا بىر ئوقۇتقۇچىنى پىپەن قىلغان چاغدىكى پاش قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى يادىمغا ئالدىم. شۇ چاغدا پاش قىلغۇچى سەھنىگە چىقىپ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇرنىغا نوقۇپ تۇرۇپ: "ھەي 'قارا يىپ'، سەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شۇنچە باياشات، بەختلىك، شاد-خۇرام ياشاپ كۆپىيىۋاتقانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، 'ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئۈچ مىليون ئىدۇق، ئېنىقچە تۆت مىليونغا يېتەلمەيۋاتقىنىمىزنىڭ بىر سەۋەبى، داۋالاش شارائىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، دورا كەمچىل-لىكى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىپتىدائىيلىقى ھەمدە يۇقۇملۇق كېسەللىك-لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى يولغا قويالمىغانلىقى-مىزدا، دېدىڭ. بۇ بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىمىزغا كۆز يۇمۇپ، پاراۋانچىلىقىمىزغا ھۇجۇم قىلغانلىقىڭ بولماي نېمە؟..." دېگەنىدى. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى نېمە دەپ جاۋاب بەردى، پاش قىلغۇچى يەنە قانداق تەھلىل قىلدى، بۇنىسى ئېسىمدە يوق، ئەمما، نوپۇسنىڭ كۆپەيمىگەنلىكىگە داۋالاش، ئۈسكۈنە، دورا، ئالدىنى ئېلىش... قاتارلىقلارنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىش مۇۋاپىق ئىكەن دېگەن يەرگە كەلدىم.

شۇ تاپتا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا چوڭ-كىچىك بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ تۇرقى، ئاشۇ كىيىم-كېچىكى، بەدەن تازىلىقىغا بىر قاراپلا، ھېلىمۇ مۇشۇ بوۋاي-مومايلار ئاشۇ ياشقا كەلگۈچە ياشاپتۇ، ھېلىمۇ ئاشۇ چوكان-جۇۋانلار تۇغۇپ، ئەۋلادىنى ئۈستۈرۈۋېتىپتۇ، ھېلىمۇ ئاشۇ باللار ئەي بولۇپ، چوڭىيىۋېتىپتۇ، كېسەل ئەمەسلىرى ئېغىرراق كېسەلگە ئۇچرىمىسىلا، كېسەللىرىمۇ شىپالىق تاپالىسىلا چوڭ بولۇپ قاتارغا

قوشۇلىدۇ ـ ھە؟ دەپ ئويلىدىم.

خىيالىمغا يەنە، دورىلار ئۈچۈن، ئۇسكۇنىلەر ئۈچۈن، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن پۇل كېرەك، بۇ پۇل نەدە، بار پۇللار نېمىگە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ؟ دېگەن ئوي كەلدى.

## 3

ئىنجىقلاش، ئىڭراش ۋە يىغلاشلار توساتتىن ئەۋجىگە چىقىپ، ھەممىيلەن ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. كىشىلەر بىردىنلا ئىككى قاناتلىق كەڭ ئىشىك تەرەپكە ئىنتىلىشتى، ئالدىدا تۇرغانلار بويۇن-داپ قارىشاتتى، كەينىدىكىلەر بولسا ھە دەپ ئالدىدىكىلەرنى قىستايتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ـ چۇڭ ۋە پاتىپاراقچىلىق باشلاندى.

مەن بۇ ئالتوپىلاڭنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشەندىم: دوختۇر-خانا ئەمدىلەتىن ئىشقا چۈشۈشكە تەييارلانغانىكەن، زىلۋا كەلگەن، ئانچە ئۇز چىراي بولمىسىمۇ، مېھرى ئىسسىق بىر ئايال كېسەل كۆرسىتىش نومۇرى تارقىتىۋاتاتتى. بۇ ئايال دوختۇرمۇ ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارغا ئىرەن قىلمايتتى. ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى باسالمىسىمۇ، باسالايدىغاندەك ئۆزۈندە ئوقۇپ قوياتتى:

ـــ "ئىنتىزامچانلىق كۆچەيسە، ئىنقىلاب غەلىبە قازانماي قالمايدۇ"، "كېسەللەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، يارىدارلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىلدۇرايلى". ...

"بالام ئاغرىق ئىدى، ئىككى كۈندىن بۇيان بىر ئوتلام سۇ، بىر تال گىيا ئاغزىغا سالمىدى."، "ئانام سەكراتتا ياتىدۇ، ئۈچىرەتسىز قاراپ قويسا بولاتتى..." دېگەندەك نالىلەرگە ئۇ كۆزىنى مىت

قىلىپمۇ قويمايتتى.

يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇ نومۇرنى تارقىتىپ بولدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىقمىغان بولسىمۇ، بايىقىدەك بەك قالايمىقان ئەمەس ئىدى. ئايال شۇ چاغدىلا ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا[1] تۇرۇپ، باياتىنقى تەلەپپۇزىغا ئوخشىمايدىغان ۋە بىپەرۋالىقىغا زادى ياراشمايدىغان مېھرىبانلىق بىلەن:

— كېسەللى ئېغىرلار بىلەن ئەمچەكتە بالىسى بار ئاغرىقلارغا ئازتولا ئىنساپ قىلايلى ئەزالار. ھەممىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بار، ھەممىمىزنىڭ بالا-چاقىسى بار، ناھايىتى كەلسە يا بەش مىنۇت ئالدىن، يا بەش مىنۇت كېيىن پەرق قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەممەيلەننىڭ كېسەلنى كۆرۈپ بولۇپ، ئەزالىرىمىزنىڭ "ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى، ئۇرۇش تەييارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش"كە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، "لەخمىنى چوڭقۇر كولاش، ئاشلىقنى كەڭرى جۇغلاش، زومىگەر بولماسلىق" پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىدۇ،...، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرگەن ئۇزۇندىلىرى بىلەن يىغىلغانلارنىڭ كەيپىياتى تازا ماسلاشمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مەيلى ئۇ جايغا كەلتۈرۈپ دېگەن بولسۇن، ياكى زورۇرىيەت يۈزىسىدىن دېگەن بولسۇن، كۆپچىلىكنىڭ كەيپى بىرئاز بېسىقتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ خېلىلا پەسەيدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئۈمىد بېغىشلايدىغان ۋەدىسىگە ئىشەنگەندەك تۇراتتى.

مەنمۇ ئاشۇ ئىشەنگۈچىلەرنىڭ بىرسى ئىدىم. ئۇنداق بولمىغىنىدا، باياتىنقى ئۆچمەنلىك، پاتىپاراقچىلىق، ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن بېشىم ئايلىنىپ كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلغان، قانداق كەلگەن بولسام

شۇنداق كېتۇۋېلىش خىيالىغا كەلگەنىدىم.

— بىرىنچى نۆۋەتتە قىزىل چىققان ئىككى بالىنى كۆرىمىز، — دەپ ئېلان قىلدى ئۇ، — بىرىنچى، ئىككىنچى نومۇر كىرىڭلار!

قىزىل چىققىنى قايسى بالا، نومۇرى قايسىسىغا بېرىلگەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئانىلار قولىدىكى قەغەزنى ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا كۆرسىتىشتى. قىزىل چىققان بالىنىڭ بىرسى ئۆچىرەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىرسى ئاياغدا بولۇپ چىقتى. ئۇلار "قىزىل" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق قىلدىمۇ، يا ئەسلىدىلا شۇنداق تۇتۇپ كەلگەنمۇ، ئىشقىلىپ قېلىن يۆگەلگەن بالىلىرىنى كۆتۈرگەن ئىككى چوكان دوختۇر ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرى كىرىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەتتىنچى نومۇرغىچە كېسەللەر ھارۋىدىن چۈشمەي ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ يەنە، — بالىلارنى كۆرۈپ بولۇپلا دوختۇر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا چىقىدۇ. قالغانلار نومۇر بويىچە كىرىسىلەر...

ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ئەمدى ئۆچىرەتتە تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ قاتارنى بۇزۇۋاتقانلارغا مۇنداقلا قارىغىچە ئارىلىقتا مېنى كۆرۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بېرەي دەپ ئويلاۋاتاتتىم. ئەمما، ئارىلىقىمىز 20 قەدەمچە كېلىدىغان بولغاچقا، بېرىپ سالاملىشىشنىمۇ، ياكى نېرىدىن باش لىڭشىتىپ، كۆز ئىشارىتى قىلىپ سالاملىشىشنىمۇ بىلەلمەيۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ ئالدىمغا تېز كېلىپ، مۇزلاپ كەتكەن قولى بىلەن بارماقلىرىمنى قىسىپ تۇتتى.

— بۇ ياققا كېلىپ قاپسىز، گۆلنايىم. ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — قالايمىقانچىلىق ئىچىدە

سىزگە دىققەت قىلمىغىنىمنى كۆرۈڭ...

— ھېچقىسى يوق، ناھايىتى ئالدىراش ئىكەنسىلەر...، — دېدىم مەنمۇ يارىشىقىنى قىلىپ. ئۇنىڭ مېنى تونۇيدىغانلىقى، ئېتىمنىمۇ بىلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ئەمما، بۇ ھەقتە سوراپ سۈرۈشتۈرۈشنى خالىمىدىم.

— نېمە بولدىڭىز؟ — يەنە سورىدى ئۇ، — تەق-تۇرقىڭىزدىن خېلى سولىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىسىز، ئېغىر ئاغرىق ئەمەستۇ؟

— ياقەي، كەيپىم تازا جايىدا ئەمەس، — ئاندىن كۆز ئىشارىتى بىلەنلا قورسىقىمنى ئىملاپ قويدۇم، — بىرەر ھەپتىدىن بۇيان تولا بىئارام بولۇۋاتىمەن، تەكشۈرۈتۈپ باقاي دېۋىدىم...

— ھە، ئوبدان قىپسىز، قېنى يۈرۈڭ، دورىخانىدا ئولتۇرۇپ تۇرارسىز. دوختۇر باللار بىلەن ھالى پەس ياشانغانلارنى كۆرۈپ بولمىغۇچە قولى بوشىمايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە مېنىڭ رازى بولۇش-بولماسلىقىم بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيلا جەينىكىمدىن تۇتۇپ باشلاپ ماڭدى، — ئىككى بالىنىڭ بىرسىنىڭ ھالى خېلىلا پەس، — دېدى يەنە پىچىرلاپ دېگۈدەك، — ھارۋىدىن چۈشەلمەيۋاتقان بىر موماينىڭمۇ بىرنەچچە كۈنلۈكى قالغاندەك تۇرىدۇ... شۇڭا ئاۋۋال ئاشۇلارنى كۆرۈۋەتسۇن دېدىم...

مېنى تونۇيدىغان، لېكىن ماڭا تونۇش بولمىغان بۇ ئايال پوزىتىسىيىسى بىلەن ماڭا يېقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرا ئىدى. ئىككىمىز قەھر-غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ئۆچلۈك نەزىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ ئىشىكتىن كىردۇق. ئۇلارنىڭ غەزىپى، ئۆچلۈكى ماڭا قارىتىلغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ تۇرقۇمغا، دوختۇر ئايالنىڭ ماڭا تۇتقان

مۇئامىلىسىگە قاراپلا، "ئارقا ئىشىك"تىن كېسەل كۆرسىتىپ، ئۆزلە-
رىنىڭ ساقلاش نۆۋىتىنى ئۆزارتىۋەتكەن ماڭا ياخشىلىق تىلىمەيدى-
غانلىقى ئېنىق ئىدى.

بىز كىرگەن ئىشىك كارىدورنىڭ ئىشىكى ئىدى. ئىككى تەرەپتە
بىر قاناتلىق ئىشىكلىرى بار ئۆيلەر بار ئىدى. بەزى ئىشىكلەرگە
تەكشىسىز يېڭى يېزىق بىلەن "دوختۇرخانا باشلىقى ئىشخانىسى"،
"كاسىر ئىشخانىسى"، "ئوكۇل ئۆيى"، "كېسەل كۆرۈش ئۆيى"
دېگەندەك ۋىۋىسكىلار مىخلانغانىدى. بەزى ئىشىكلەرنىڭ ۋىۋىسكا-
سىمۇ يوق ئىدى. شۇنچە ھەشەمەتلىك ۋىۋىسكىسى بولغىنىغا قارى-
ماي، كارىدور قاراڭغۇ، ئۈستىدىن ئېچىلغان ئۈچ يەردىكى تۈڭلۈكنىڭ
بىرسىنىڭ ئەينىكى لاي، توپا بىلەن كۈن نۇرىنى ئۆتكۈزمەيتتى،
بىرسىگە ئېمشىقىدۇ شاخ-شۇمبىلار بېسىقلىق ئىدى. ئۈچىنچىسىلا
ئەينەكلىرى سۇنغان، راملىرى قايغان ھالىتى بىلەن كارىدورنى سەل
يورۇتۇپ تۇراتتى. مۇشۇ ئۈچۈق تۈڭلۈكنىڭ ئاستىدىكى يەر تېخىمۇ
مەينەت ئىدى.

بىز ئىشىك بېشىغا "دورىخانا" دېگەن ۋىۋىسكا قېقىلغان ئىشىك
يېنىدا توختىدۇق. ئۇ يانچۇقىدىن بىر چاڭگال ئاچقۇچ ئېلىپ، بىرى-
سىنى ئايرىپ ئىشىكتىكى قۇلۇپنى ئاچتى. ئاندىن مېنى ئىچكىرى
كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. مۇشۇ يەردىلا مەن تۇنجى قېتىم دورا
پۇرىقىنى پۇرىدىم ۋە مەن تۇرۇۋاتقان ئورۇننىڭ دوختۇرخانا ئىكەن-
لىكىنى يادىمغا ئالدىم.

— ھەر كۈنى مۇشۇنداق كېسەل كۆرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم
مەن ماڭا ئولتۇرۇش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇ-
ۋېتىپ. مەن شۇ تاپتا بۇ ئايالنى دوختۇر ئەمەس، دورىگەر ئىكەن

دېگەن تونۇشقا كېلىپ.

— ئاساسەن ئوخشاش، — دېدى ئۇ باغ تەرەپكە قارايدىغان دېرىزە تەكچىسىدىن قانداقتۇر بىر قەغەزلەرنى ئېلىۋاتقۇچە، — ناۋان-ناۋاندا بەش-ئون كېسەل كېلىپ قالمىسا، تولا چاغلاردا كېسەل ئۇزۇلمەيدۇ. پەقەت كەلمەيدىغان كۈنلەرمۇ بار، ئۇمۇ ئېتىز ئەمگىكىنىڭ ئالدىراش ياكى ئارىسالدىلىقىغا باغلىق. ئەمما، بۈگۈن-كىدەك كۆپ كېلىدىغان ئىشمۇ دائىملىق ئەمەس.

— دوختۇرلار يېتىشەمدۇ؟ — يەنە سورىدىم مەن ئۇنىڭ ئاۋاللىراق مەندىن سوئال سورىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ. چۈنكى، مەن تونۇمايدىغان بۇ ئايالنىڭ مەندىن بىرنېمىلەرنى سورىشىنى، مەيلى ئۇ ئەڭ ئادەتتىكى نەرسىلەر بولسىمۇ سورىماسلىقىنى خالايتتىم. ئۆزەممۇ سەۋەبىنى بىلمەيمەن، جاۋاب بېرىش ماڭا قىيىندەك بىلىنەتتى.

— نەدىكىنى؟ — دېدى ئۇ دورا جاۋىنىنىڭ ئالدىدا، كىچىكرەك شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — فېلدشېر ئۇنۋانلىق دوختۇردىن بىرسى، دورىگەردىن مەنلا بار، ئىككىمىز تىببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ھېساب تا. ئۆزىمىز تەربىيىلىۋالغان ئوكۇل ئۇرىدىغان سېستىرادىن بىرسى بار. دوختۇرخانا باشلىقى، كاسسىر بولۇپ يەتتە شتاتىمىز بار.

— ھە، — دەپ قويدۇم مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي.

— دورىلىرىمىز يوق، ياخشىراقلىرى تېخىمۇ يوق، — ۋايىساشقا چۈشتى ئۇ، — قىممەترەك، ئوبدانراق دورا ئاچچىقساق گۈگۈشېدىكى بەزى ئامبالىلاردىن، خوتۇن-بالىلىرىدىن ئاشمايدۇ. ئۇلار كېسەل بولسىغۇ بۇ يەرگە كەلمەي ناھىيىگە چاپىدۇ، ئەمما ساق تۇرۇپ دورا خىللاشقا كەلگەندە ۋراچلاردىنمۇ تەجرىبىلىك. بەزى دورىلار-

نىڭ قانداق ئۇنۇمى بارلىقى، قانـداق رېئاكسىيە بېرىـدىغانـلىقى، ھەتتا تۇزەتكۈچىسىنىڭ قانداق دورا ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئاڭقىرالماي-مەن تېخى...

— ئۇنداقتا، — مەن خېلى ئەجەبلەندىم، — ھەقىـقىي كېسەللەر ئۇچۇن دورا كېرەك بولسا قانداق قىلىسىلەر؟

ئۇ كۈلۈپ كەتتى-دە:

— بىزنىڭ دوختۇرمۇ پىشىـپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتـتى، — دېدى ئۇننى بارا-بارا پەسلىتىپ، — ئېغىرراق كېسەللەرنى ناھىيىگە دەپ يولغا سېلىۋېرىدۇ، مۇنداقراق كېـسەللەرگە بىزدە بار دورىـنى يازىدۇ. ھە دېسىلا "ئاغرىق توختىتىش تابلېتكىسى"، پېنتسىلىن، تېتراتسىلىن... دېگەندەك. بەزى كېسەللەرگە يېسە زىـيان قىلمايدىغان، رېئاكسىيىمۇ قىلمايـدىغان دورىلارنى يېزىۋېرىـدۇ. مەن تولا قايناپ، جىق گەپ قىلىپ، يۇقىرىغا ئىنكاس خېتى يېزىپمۇ بىر باشقا چىقالمىدىم، تېخى يامان ئاتىلىق بولۇپ، "يالـغاياغ دوخـتۇر" قاتا-رىدا دادۇيلەرگە چۈشۈرۈۋېتكۈسى بار. شۇڭا گەپـنى ئاز قىلىدىغان بولدۇم. ئەمما، ئازاب تارتىـۋاتـقان كېسەللەرنى كۆرسەم چىداپ تۇرالماي قالىمەن...

ئۇنىڭ شۇنداقلىقىغا باياتىنلا ئىشەنگەنىدىم. شۇڭا تەسەللى تەرد-قىسىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغۇم كەلدى:

— مەسئۇلىيىتىڭىزگە ئوبدان قارايدىكەنسىز. ئازاب چېكىۋاتقان كېسەل ئۇچۇن كۆيۈنگىنىڭىزنى بايىلا كۆردۈم. سىز دورا ئەكىلىدى-غان چاغدا باياتىن تەرىپلىگەندەك "ئامبال"لارغا كېرەك بولىدىغان دورىلارنى ئەكەلـمەي، جىـددىي ئېھتىـياجلىق دورىـلارنى كۆپرەك ئەكەلسىڭىز بولغۇدەك...

— يول قويامدۇ؟ — سورىدى ئۇ ۋە سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ ئۆزىگە ئۆزى جاۋاب بەردى، — سىزگە ئېھتىياجلىق دورىلار ناھايىتى كۆپ، دېمىسىمغۇ ئۇنداق دورىلار دورا شىركىتىدىمۇ قىس. ياش-ياش چوكانلار بالىياتقۇ، بەلدىن كېتىۋاتقان، نېمىشقا دېمەمسىز؟ ئەتىگەندە تورغاي چۈچۈۋۈلماستا قاپنى يۇدۇۋالسا، يۇلتۇز چىققۇچە چۈشمەيدۇ. زىناخور دادۇيجاڭلار ئېرىنى ھاشارغا ئەۋەتىۋېتىپمۇ بولسا بوزەك قىلىدۇ...بۇنداق ئىشلارنىڭ ئۈستىگە ئوزۇقلۇق ماددا كەم، ئوزۇقلۇق ماددا يېتىشمەسلىك چوڭدىن-كىچىك ھەممەيلەننىڭ ئورتاق كېسەل مەنبەسى. بىزگە ۋىتامىنلىق دورىلار كېرەك، ئەمەلىيەتتە ئېغىرىغىمۇ، يېنىككىمۇ بېرىدىغان دورىمىز APC بىلەن تېتراتسىلىن. سىز "جىددىي ئېھتىياجلىق دورىلارنى كۆپرەك ئەكەل" دەيسىز، مەن ئىسمىتا تۈزۈپ گۇڭشېغا پۇل تەستىقلاتقىلى بارسام، دىرا ئىلمەدىن سۇدەك خەۋىرى بار "ئامبال"لار ئۇنى قوشىلى، بۇنى قوشىلى دەپ ئالدىنئالا رېتسېپ بېرىدۇ. بۇ رېتسېپنى بىزنىڭ دوختۇر يېزىپ بەرگەن، باشلىقىمىز تەستىقلىغاندىكىن ماقۇل دېمەي چارە يوق. ھېلىقىدەكلەر بۇيرۇيدىغان دورىلار ساپلا بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان، زىناخورلۇقنى قاندۇرىدىغان دورىلار، باھاسى يۇقىرى. پۇل ئاز بولغاندىكىن، ئەرزان باھالىق دورىلارنى ئالماي قانداق قىلاتتۇق...

ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى، مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، گۇڭشې ئەزالىرىدا كۆپىيىپ كېتىۋاتقان قان ئازلىق، جىگەر قېتىش كېسىلى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا بىرمۇنچە بىلىملەرنى چۈشەندۈردى. بۇلارنى ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەل-

ەيتتىم ۋە ئەجەبلىنەتتىم. پەقەت پەرەز قىلالىشىملا مۇمكىن ئىدى. ئېھتىمال، ئۇ تونۇيدىغان، بىلىدىغان ئادەملەرگە تولا دەپ ئاقتۇ-رالمىغانلىقتىن، بىرمەزگىل تىنچىغان بولسىمۇ، مېنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ، تونۇمسىمۇ ئىچىنى بوشاتقۇسى كەلگەندۇ.

بۇ يەردە ئىككىمىز شۇنچە ئۇزۇن ئولتۇرغان بولساقمۇ بىرەر كېسەلنىڭ دورا ئېلىشقا كەلمىگەنلىكى مېنى ئەجەبلەندۈردى. شۇنچە ۋاقىتتا دوختۇرنىڭ بىرەر كېسەلنى كۆرمەسلىكى ۋە دورا يېزىپ بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ مېنىڭ باشقا بىر خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىمنى سەزدىمۇ، ياكى دەيدىغانلىرى تۈگىدىمۇ، ئىشقىلىپ مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە ارتىپ قولۇمنىڭ دۈمبىسىگە بوشلا نوقۇپ قويدى-دە، يەنە سۆز-ەشكە باشلىدى. ئەمما، بۇ سۆزى مەن ئەجەبلەنگەن ئىككىلا مەسىلىگە جاۋاب بولدى:

— باياتىن مەن ئالدىن كۆرسىتىشكە بۇيرۇغان باللارنى ناھىيىگە بۇيرۇدى بولغاي، — دېدى ئۇ مېنى چۆچۈتۈپ. يۈرىكىم "جىغ" قىلىپ قالدى. قىزىل چىققان باللار ئۆيىدىن سىرتقا چىقىرىلماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇشۇ يەرگە ئەكەلگىنىنى ئاز دەپ ناھىيىگە بۇيرۇش-قان، مۇنۇ ئايال دورىگەر "بىرىنىڭ ھالى پەس" دېگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسى ناھىيىگە بېرىشقا ئۇلگۇرەلمەيتتى. ئۇ ئېغىر تىندى. مەن ئۇنىڭ كۆزىدە يالتىراپ تۇرغان ياش پەردىسىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى ۋە يەرگە قارىۋېلىپ ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشتىم، — ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، بىزدىكى ئەھۋال مانا شۇنداق، — ئۇ بىر ئېغىر تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ تۇنجى كۆرۈشىشىمىز بىلەنلا يار ئېلىپ كەتكەن ئۆستەڭدەك ئاغزىمنى قويۇپ

ېرىشمىنىڭ بىر سەۋەبى، سىزنى باشلىقلارغا يەتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئەھۋالىمىز تۈپتىن ياخشى بولۇپ كېتەلمىگەندىمۇ، ئاز-تولا ئوڭشىلارمىدىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم...

ئۇنىڭ نىيىتى ياخشى ئىدى. ئەمما، نېمىشقا ئۆزى ئىنكاس قىلىپ جايىغا يەتكۈزەلمىگەن ۋە ئوڭشىيالمىغان ئەھۋالنى مەن يەتكۈزسەم ئوڭشىلىدۇ دەپ قارايدىغانلىقى چۈشىنىكسىزدەك تۇيۇلدى. مەن ھەيران بولغان ھالدا، ئۇ ئىنكاس قىلغۇچىلار كۆپرەك بولغىنى ياخشى دەپ ئويلامدىغاندۇ، ياكى مېنى قانداقتۇر بىر باشلىق بىلەن يېقىن دەپ قارامدىغاندۇ دېگەن گۇمان بىلەن سورىدىم:

— بۇنداق ناھەقچىلىقلارنى كىملا ئىنكاس قىلسا بولىۋېرىدۇ، — دېدىم ئاۋۋال ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، — لېكىن سىز نېمىشقا مېنى ئىنكاس قىلسا ئەپلىكرەك، دەپ ئويلايسىز؟

ئۇ ئويلانمايلا جاۋاب بەردى:

— سىزنى بىر چوڭ قۇرۇلۇشنى لايىھىلەشكە يۇقىرىدىن تەيىنلەپ ئەۋەتىپتۇ دەيدۇ. دېمەك، سىز يۇقىرى رەھبەرلىك قولىغان، ئىشەنچلىك ئادەم. سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ھەرقاندىغىمىزدىن كۈچلۈك بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن...، — ئۇ سەل تۇرۇۋې-لىپ قوشۇپ قويدى، — سىزنى ئاڭلىساق ئىككى تىللىق، ھەتتا ئۈچ تىللىق مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنسىز. گەپ قىلىسىڭىز قىلىپ، گەپ قىلىش پۇرسىتى چىقماي قالسا، بىرئاز ۋاقىت چىقىرىپ بىرەر ۋاراق بىر نەرسە يازسىڭىز، تەكشۈرگۈچى ئەۋەتىپ قالامدىكىن دەپ...

مەن ئۇنىڭغا چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، سوغۇق كۈلۈپ قويدۇم. ئىچىمدە بولسا "مېنىڭ دەردىمنى، نېمە كۈنلەرگە قېلىۋاتقىنىمنى بىلسەڭ ئىدىڭ..." دەپ ئويلىدىم.

شۇ چاغدا ئىككىلىمىزنى چۆچۈتۈپ تالا تەرەپتىن يىغا-زار ئاڭلاندى.

4

"هالى پەس" دېيىلگەن موماي ئۆلگەنىدى. دورىگەر بۇنى ئالدىنئالا پەرەز قىلغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۇنچە هاياجانلىنىپ كەتمىدى. ئەمما بۇ ئىش ماڭا ناهايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ، بىر تۇغقىنى ئۈچۈن هازا ئېچىۋاتقاندەك بوزلاپ يىغلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بارغۇممۇ كەلمىدى. مەن كارىدورنىڭ چىقىش ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم-دە، كۆزۈمنى يۇمدۇم.

دورىگەر ئايال مېنىڭ ئۆزگەرگەن كەيپىياتىمغا قاراپ ئەنسىرىدىمىكىن، ئالدىراپ:

— سىز جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، مەن دوختۇرنى چاقىراي، — دېگىنىچە ئۆلۈشۈۋالغان كىشىلەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ هەرىكەتلىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ سېزىپ تۇراتتىم.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا دوختۇر بىلەن دورىگەر ئايال مەن تەرەپكە ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. دوختۇر تېز-تېز سۆزلەپ مومايىنىڭ ئۆلگىنىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

ئۇلار تېزلا مەن تۇرغان يەرگە كېلىپ قېلىشتى. ئۆزلىرىنىڭ كېپى جايىدا قېلىپ، دوختۇر مەن بىلەن سالاملاشتى.

— هە، گۈلئايىم، ياخشىمۇسىز؟ ساقسىز بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

مەنمۇ ئۇنىڭ كېپىگە يارىشا جاۋاب بېرىپ، نۆۋىتىدە ئۇنىڭدىنمۇ

ئەھۋال سوراپ قويدۇم ۋە مىجەزىم يوقلۇقىنى، بىر كۆرۈنۈپ باقاي دەپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — كۈلدى ئۇ، ياخشى بوپتۇ دېگىنى مېنىڭ مىجەزىم يوق بولۇپ قالغانلىقىغا قارىتىلغانمۇ، ياكى دوختۇرخانىغا كەلگەنلىكىمگە قارىتىلغانمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى، — يۈرۈڭ، ئىشخانىغا كىرەيلى، — دېدى ئۇ يەنە ۋە ئۆزى باشلاپ ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كۆزىڭىز كۆرگەندەك، دوختۇرخانىمىزدا ئادەم ئاز، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار كۆپ، زادى بوشىنالمايمىز. سىزنىڭ كېلىپ ساقلاپ تۇرغىنىڭىزنى نەدىن بىلەي؟ ئاۋۋال تېلېفون بېرىپ قويماپسىز...

ئۇ ئىشىكنى ئاچتى. ئاۋۋال ئۆزى كىرىپ ئاددىيغىنا جاھازلانغان، بىر بۇلۇڭغا قارىداپ كەتكەن رەخت بىلەن توساق ئايرىپ كارىۋات قويۇلغان ئىشخانىنىڭ دېرىزە تەرىپىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا دورىگەر ئايالنىڭ دورىخانىسىدا قويۇلغانغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى شىرە قويۇلغان، شىرە ئۈستىدە تەكشى كېسىلگەن چاسا ئاق قەغەزدىن بىر دەستە ۋە يېنىدا قان بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەۋابتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. مەن ھېچقانداق باسما ھەرپلىرى يوق ئاق قەغەزنىڭ رېتسېپ يېزىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى پەملىدىم. تامنىڭ ھەممە تەرىپىدە قىزىل قەغەزلەرگە سېرىق رەڭ بىلەن ئۇزۇندى يېزىپ چاپلانغانىدى. پەقەت ئىشىكنىڭ كەينىگىلا قىپيالىڭاچ بىر ئەر كىشىنىڭ رەسىمى ئېسىلغان بولۇپ، رەسىم ئۈستىدە ئىمىر-چىمىر توچكىلار بار ئىدى. توچكىلار قىلدەك ئۇششاق سىزىقلار بىلەن رەسىم يېنىدىكى ئاق بوشلۇققا يېزىلغان خەتلەرگە تۇتاشتۇرۇلغانىدى. بۇ رەسىم مۇشۇ ئۆينىڭ دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى

بىلدۈرىدىغان بىردىنبىر بەلگە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەپسۇسكى ئۇ قارىداپ، چۈشىن چېچىپ، توپا قونۇپ رەسۋا بولۇپ كەتكەن، بېسىلغان چاغدىكى ئەسلى توچكىلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالغانىدى. ئۆيىنىڭ باشقا تەرەپلىرىمۇ كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى، تاملار قارا-قۇرا، ئۇزۇندى يېزىلغان قەغەزلەرنىڭ قىزىل رەڭگى ئۆڭگەن ۋە توپا باسقان، تامنىڭ بۇلۇڭلىرى بىلەن تورۇستىن ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن ئىستىن ھاسىل بولغان تورلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

"ساق ئادەمنىمۇ كېسەل قىلىدىغۇ بۇ مۇھىت، — دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە، — كېسەل كۆرىدىغان ئۆينى بولسىمۇ تازىلاپ قويمامدىغان..."

— گۈلپەم، سىز ئاۋۇ ئالىمانىنى بىرىنبىمە قىلىۋەتسىڭىز، — دەپ ئىشىك يېنىدا ئۆرە تۇرغان دورىگەر ئايالغا بۇيرۇدى دوختۇر دېرىزە سىرتىنى ئېڭىكى ئارقىلىق ئىشارەت قىلىپ. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ دېرىزە سىرتىغا قارىسا، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر توپلىشىپ تۇرغان سەينا تاكى چوك دەرۋازىغىچە ئېنىق كۆرۈنەتتى، — ئۆلگىنى ئۆلدى، ئەمدى ئاپىرىپ كۆمۈپ قويسىلا تۈگىمىدىمۇ؟ ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇغۇ؟ دوختۇرخانىنىڭ جىمجىتلىقىنى خالايدىغان جاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويارسىز.

— ئۆلگەن ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ قانداقمۇ سىز دېگەن گەپلەرنى دېگىلى بولىدۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئىسمى ئەمدى ماڭا تونۇشلۇق بولغان گۈلپەم، — ئاشۇ موماي بۈگۈن بىلەن ئۈچ قېتىم كەلدى، ياخشىراق داۋالىنىش شارائىتى بولسا، بەلكىم...

— كىم ئۇنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بارمىسۇن دەپتۇ؟ — دوخ-

تۇر گۈلپەمنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى، — نەچچە قېتىم كەلگەن بولسا، شۇنچە قېتىم كېسىلىنى كۆردۇق، بىزدە بار دورىنى ئايىمىدۇق. يەنە نېمە قىل دەيسىز؟

— مەن نېمە قىل دېيەلەيتتىمۇ؟ — گۈلپەمنىڭمۇ ئاچچىقى تۇتتى، — مەن ئۇلارنى قانداق چىقىرىۋېتەلەيمەن دەۋاتىمەن، ھېچ بولمىسا خەق قانغۇدەك يىغلىۋالمىسۇنمۇ؟

— دوختۇرخانىدىن چىقىپ يىغلىسۇن، بۇ ئەھۋال گۇڭشې تەرەپلەرگە ئاڭلىنىپ قالسا، كېيىن بىزگە گەپ كېلىپ قالىدۇ. كېسەل كۆرسىتىشنى باھانە قىلىپ، ئېتىز ئەمگىكىدىن قېچىپ بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدا ھاموت جۇرېنىڭ مەخسۇس يوليورۇقى بار، بۇ مېنىڭ ئۆزەمچە چىقىرىۋالغان قائىدەم ئەمەس.

تەھدىت خاراكتېرلىك بۇ گەپكە گۈلپەم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، يۈزى پوكاندەك ئېسىلغان پېتى چىقىپ كەتتى. ئەمما، مەن دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ توپلىشىۋالغانلار يېنىغا بېرىش-بارماسلىقىنى كۆزەتتىم، ئۇ بارمىدى.

دوختۇرنىڭ گۈلپەمنى ئىشقا بۇيرۇشى ماڭا ئاتايىن ئۇنى چىقىرىۋېتىپ بارغاندەك، مەن بىلەن يالغۇز قېلىشنى خالاۋاتقاندەك تەسىر بەردى. ئۇ ئەمدى ماڭا بايىقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

— قېنى، جىڭدا ئولتۇرمايدىغان گەپلەرنى قىلىپ سىز بىلەن پاراڭلىشالماي قالدىم. مىجەزىڭىزنىڭ قانداق يوقلۇقىنى سۆزلەپ باقسىڭىز، — دېدى.

بۇ دوختۇر گۈلپەمنىڭ تونۇشتۇرغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆلگەن

موماي توغرىسىدىكى ئەدەبسىز گەپلىرى بىلەن، كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر توغرىسىدىكى تەرىپى ۋە "هاموت جورىنىڭ مەخسۇس يوليورۇقى"نى ئىجرا قىلىش تەدبىرلىرى بىلەنلا ماڭا ياقماي قالغانىدى. مەن 40 ياشلارغا كىرىپ قالغان، قوشۇما قاش، قوشبۇرۇن، ساقاللىرىنى پاكىز قىرغان چاغدىمۇ يۈزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تۈكچىدەك ساقال ئىزناسىنى يوقىتالمايدىغان بۇ ئادەمنى گۆگشىپ قورۇسىدىمۇ بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم. ئۇ چاغدا پەقەت ئۇنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنىلا بىلمەيتتىم.

ئۇ ياقسۇن-ياقمىسۇن، بەرىبىر دوختۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگەنىكەنمەن، بىرنېمە دېيىشىم كېرەك ئىدى. دورىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى گۈلپەمدىن ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن، دورا ئېلىش تەمەيىم بولمىسىمۇ، مەسلىھەت ئالارمەن دېگەن نىيەت بىلەن بەدەن ئەھۋالىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، كەيپىياتىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ كېسەل كۆرىدىغان دوختۇرغا ئەمەس، بىكار تەلەپ كىشىلەرنىڭ چاقچاقلىشىشىغا ئوخشايدىغان تەلەپپۇز بىلەن:

— دوختۇرخانا مەن ئۈچۈن چېنىقىدىغان مەكتەپ، تەجرىبە ئاشۇرىدىغان مەيدان بولۇپ قالدى، — دېدى ھېجىيىپ، — نۇرغۇن كېسەللەرنى كۆرۈش، دورا بېرىشنى ئەمەلىيەت ئۆگەتتى. بۇ سۇدا ئۈزۈشنى سۇغا چۈشۈش جەريانىدا ئۆگىنىشنىڭ دانا تەدبىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ يەردە ئىچكى، تاشقى، بەش ئەزا، سۆڭەك، نېرۋا كېسىلىدىن تارتىپ تېرە كېسىلى، تۇغماس كېسىلى، ئاياللار كېسىلى...گىچە ھەممىگە باپ كېلىدىغان دوختۇر بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ئون قېتىمدىن ئارتۇق تۇغۇت ئانىسى بولۇشقىمۇ توغرا كەلدى، تەتۈر كېلىپ قالغان، توغرا تۇرۇۋالغان، تۇنجۇ-

قوۋپ قالغان باللارنى ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ھېلىقى...

ئۇنىڭ گەپلىرى ماڭا يالغاندەك، لاپ ئۇرۇۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق نازۇك، ئىلمىي گەپلەرنى دوختۇرغا خاس بولغان مەخسۇس تېرمىن ۋە ئاھاڭدا سۆزلىمەي، غەلىتە تەلەپپۇز بىلەن، كۆزلىرىدىن ئادەم ھەيران قالىدىغان ئۇچقۇنلارنى چاچرىتىپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى.

— يۈرىكىڭىزنى تەكشۈرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ ئاخىرى ۋە بوينىدىكى تىڭشىغۇچنى تۈزەشتۈرۈپ، ئاڭلايدىغان ئىككى موتىكىنى قۇلىقىغا تىقتى. بىر قولىدا سول بىلىكىمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ قولىنى پوپايكامنىڭ ئاستىدىن مىدىرلىتىپ، ئىچ مايكامنى قايرىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ يۈرىكىم ئۈستىگە تىڭشىغۇچنىڭ ئاۋاز چوڭايتىدىغان يۇمىلاق تەخسىسىنى قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ بارماقلىرى دەل كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدە مىدىرلىماي تۇراتتى. بۇ قىلىق ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئاشۇ ھالەتنى بۇزماي بىرنەچچە ئۇن سېكۇنتنى ئۆتكۈزدى. مەن بۇنداق تەكشۈرۈشنى قائىدىگە ئۇيغۇن دېيەلمەيتتىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇ تۇساتتىن تومۇر تۇتقان بىلىكىمدىن بارماقلىرىنى ئاجراتتى، كۆكسۈم ئۈستىدىكى بارماقلىرىدىمۇ مەيدەمنى سىلاپ دېگۈدەك تۆۋەنلەپ، كېيىن سىرتقا قايتىپ چىقتى.

— يۈرەك ھەرىكىتى سەل تېز، — دېدى ئۇ قولىدىكى تىڭشىغۇچنىڭ موتىكىنى چىقىرىۋېتىپ، بېشىنى سىلكىپ قويۇپ، — قارىغاندا، سىز يېقىندىن بۇيان جىق ئىشلەپ كەتتىڭىزمۇ، ياكى ئوي-خىيالنى كۆپرەك قىلىپ چارچاپ قالدىڭىزمۇ؟ ئىشقىلىپ، نېرۋىلىرىڭىزدا بىر خىل جىددىيلىشىش باردەك قىلىدۇ...

مەن گەپ قىلمىدىم، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يالغان دېيىشكە، قارىسى-غىلا سۆزلەۋاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقىمۇ بولمايتتى. لېكىن، ئۇ ماڭا ئەدەبسىز، ئىشەنچسىز، ھەتتا خېلىلا شاللاق ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. باياتىنقىۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىدىن باشقا تەرەپكە قارىماي ئولتۇردى، شۇ تاپتا سۆز قىلىۋېتىپمۇ كۆزۈمگە قادىلىپ، ھېجىيىپ قارايتتى. بۇ قاراشلارنى ئەمدى مەن "ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇچ-قۇن"لارنى چاچرىتىپ قاراش دېيەلمەيتتىم. مەن بۇنداق "ئۇچقۇن" لارنى يادىمغا ئالدىم، بۇنداق "ئۇچقۇن"لارنى ئۇجۇر-بۇجۇر سىگچە ۋە تېگى-پېيىگىچە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، ھەرقانداق بىر ئايال ئۆزىگە نورمال بولمىغان مۇئامىلىنى تەقدىم قىلىشقا تەييارلىنى-ۋاتقان ئەر كىشىنىڭ كۆزىدىن بۇنداق "ئۇچقۇن"لارنى تاپالايتتى.

ئۇ مېنىڭ كۆز قارىشىمدىكى "بەلگە"لەردىن ئۆزى تاراتقان "ئۇچ-قۇن"غا ئىنكاس قايتۇرىدىغان مۇۋاپىق "سىگنال"نى ئۇچرىتالمىدى بولغاي، خېلىلا ياۋاشلاپ، پايپېتەك بولۇپ تىڭشىغۇچىلىرىنى يىغىش-تۇردى، ئاپپاق رېتسېپ قەغەزلىرى، قان بېسىمىنى ئۆلچەش ئەسۋا-بىنى ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ شىرەنىڭ بىر تەرىپىگىرەك سۈرۈپ قويدى. ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ:

— ھامىلىنىڭ ئورنىنى بىر تەكشۈرۈپ باقايمىكىن، — دېگىنىچە رەخت بىلەن توسالغان كارىۋات تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

مەن ئۇنىڭچە بولسا ئاشۇ داق كارىۋاتتا يېتىشىم، ئۇنىڭغا قورسى-قىمنى كۆرسىتىشىم ۋە ئۇنىڭ "تەكشۈرۈشى" ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىپ "سىيلاش"، "تۇتۇپ بېقىش"لىرىنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك ئىدى. تىببىي ئىلىم نۇقتىسىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك ھېچيېرى يوق، ناھايىتى نورمال بىر ئىش ئىدى. دوختۇرلارنىڭ

بۇنداق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلمايدىغان ھېچكىم يوق، مېنىڭ ئۆزەممۇ تالاي قېتىم ئاشۇنداق تەكشۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىراق، مۇنۇ ئادەمنىڭ "ئۇچقۇن"لىرى مېنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋا-تاتتى. ئۇ دوختۇرغا، ئىلمىي خادىملارغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەرىكەتنىغۇ قىلمىدى، قاراشلىرىدا بولسىمۇ ئىچكى تەقەززاسىنى يوشۇرۇپ قالالمايۋاتاتتى.

— رەھمەت، — دېدىم مەن ئۇنىڭدا يەنە باشلىنىۋاتقان "ئۇچ-قۇن"لارغا مۇزدەك نەزەر سېلىۋېتىپ، — مەن ناھىيىگە بارماقچى ئىدىم، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا بىراقلا تەكشۈرۈتۈۋالاي...

شۇنداق دەپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ چاپىنىمنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ بولدۇم. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ چاندۇرماي:

— ھەي ئىست، دوختۇرخانىمىزنىڭ شارائىتى سىزگە مۇناسىپ ئەمەس...، — دەپ قويدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن "ئۇچقۇن" غايىب بولدى. جاۋغايلىرىمۇ لىپىلداپ توساتتىن سولىشىپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭغا كېسەل-لەرنى ياخشىراق، ئىلمىيرەك كۆرۈش، ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن دورا بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلىپ قويغۇممۇ كەلدىيۇ، يەنە شۇ ئان بۇ پىكرىمدىن ياندىم. ئەگەر ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ۋىجدانەن ئورۇن-لىمىغانىكەن، تامغا چاپلانغان شۇنچە نۇرغۇن قىزىل قەغەزلەردىكى ۋەزنى ئېغىر، ھۆرمىتى چوڭ، قۇدرىتى كۈچلۈك سۆزلەر ئۇنىڭ ئىشىغا تۈرتكە بولالمىغانىكەن، مېنىڭ قىلغان گېپىمنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولار؟ گەرچە ھەر ئىككىلىمىز ئوچۇق ئېغىز ئاچمىغان بولساقمۇ، ئىككىمىز ئارىسىدا بىرنەچچە سېكۇنتقا سوزۇلغان تارتە-شىش جېڭى بولۇپ ئۆتتى. بۇ جەڭدە ئۇ مەغلۇپ بولدى. ئەگەر

ئەقلى-ھوشى جايىدا بولسا، بۇ مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، باشقا كېسەللەرگە خەيرخاھراق بولار، ئۇنداق بولمىسا، مېنىڭ كېيىم بىلەن تېخى ئۆزىچە نومۇستىن غەزەپلىنىپ، دەردىنى كېسەللەردىن ئېلىشىمۇ مۇمكىن.

مەن بۇ ئادەمنىڭ باياتىن گۈلپەم بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىدىكى تەلەپپۇزىغا قاراپلا، بۇنداق ئادەمدىن مېھرىبانلىقنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك، دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم.

مەن چىقىپ كەتتىم، ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆزىتىپ قويىدى بولغاي، قىلغان گېپى قۇلىقىمغىمۇ كىرمىدى. كارىدورغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ گۈلپەم تۇراتتى، ئۆلگەن مومايىنى تۇغقانلىرى يىغا-زار بىلەن ئېلىپ كېتىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتاتتى. باشقىلار بولسا ئاستا-ئاستا جىمىپ قالغان بولسا كېرەك، يىغلىسىمۇ ئۈننى چىقارماي ياش تۆكمەكتە، بەزىلىرى ئۆتتۈر كەلگەن يەردە ئولتۇرۇپ باللىرىنى پەپىلەش، ئۆلۈم، كېسەل ھەققىدە پاراڭلىشىش...تەرىپىگە ئۆتكەنىدى.

گۈلپەم مېنىڭ قايتىپ چىققىنىمنى، قولۇمدا رېتسېپ قەغىزى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، قەددىنى سەل تىكلىدى-دە، ئۆزىگە يېقىنراق تۇرغان بىرسىنى چاقىردى:

— سىلەر كىرىڭلار، دوختۇر ھازىر بىكار!

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بىر چوكان ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يېشى ناھايىتى كۆپ بولسا 18 لەردە بار ئىدى. قۇچىقىدا بىر بوۋاق كۆچ بىلەن شوراپ ئەممەكتە ئىدى. چوكاننىڭ ئۈستىبېشى جۇلجۇل، پۇتىغا كىيىۋالغان ئۆتۈكنىڭ باشلىقى ئۇزۇنىسىغا يىرتىلىپ كەتكەن، ئاشۇ يىرتىقتىن شال پاخلىنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى.

دوختۇر بىلەن بولغان قىسقا، بىر دەملىك ئۇچرىشىش تەسىرىدىن مەن ئايال بولساممۇ، ياش چوكاننىڭ ئۇچۇق كۆكسىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆينىكىنىڭ ئالدى ئوچۇق ئىدى. بوۋاق ئەممىگەن يەنە بىر كۆكسىمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. — دوختۇر بۇ ئەمچەكلەرنى قانچىلىك ۋاقىت مىجىقلاپ ئولتۇرار؟ — دەپ ئويلىدىم، چوكان ئالدىمدىن ئۈن-تىنسىز سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا.

— كۆرۈنۈپ بوپسىز-دە؟ — سورىدى گۈلپەم مەندىن، — دورا يازدۇرماپسىزغۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپ سوراپلا يەنە ئۆزى ئىزاھلاپ جاۋابىنى بەردى، — يازدۇرمىغىنىڭىزمۇ بوپتۇ. بىزدە باپ كەلگۈدەك دورىمۇ يوق، ناھىيىگە بېرىپ باقسىڭىز قانداقراقكىن؟

— شۇنداق قىلماقچى بولۇپ قايتىپ چىقتىم، — دېدىم مەن تېخىمۇ ھېلىقى چوكاننىڭ كەينىدىن قاراپ، خىياللىرىمنى سۈرگەچ، — تەكشۈرۈتۈشنىمۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تەكشۈرۈتەي دېگەن يەرگە كەلدىم...

گۈلپەم ناھايىتى سەزگۈر ۋە تەجرىبىسى بار بولسا كېرەك، مېنىڭ كەيپىياتىمدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ھېلىقى چوكان ئالدىمغا كەلگەندىن تارتىپ قارىسى يوقالغۇچە كۆكسىگە قاراپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئۆزىچە بىر خۇلاسىگە كەلگەندەك سوغۇق، نەپرەتلىك كۈلدى.

— ھېلىقى نائەھلىي دوختۇر بولماي ئېشەك بولسۇن ئىلاھىم! — دەپ ئاغزىنى بۇزدى ئۇ، — پۇتۇم ئاغرىيدۇ دېسە تېقىمىنى سىلايدىغان، يۈرىكىڭنى تەكشۈرىمەن دەپ ئەمچەكنى مىجىقلاپ سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان بىرنېمە ئۇ. ئۇنىڭ يېنىغا قورساق ئاغرىقىنى كۆرسىتىمەن دەپ ياش ئاياللارنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. ياشانغان ئاياللارنىڭ تومۇرىنىمۇ تۇتۇپ باقمايدۇ، ئاغزىدىن

قايېردم ئاغرىيدۇ دېگەن گەپ چىقسا، شۇنىڭغا قاراپ دورا يازىدۇ. ياش چوكانلارغا كەلگەندىزە، چىشىم ئاغرىيدۇ دېسىمۇ ئىڭەك، بويۇن، قوللىرىنى مىجىقلىغىنى مىجىقلىغان. ئۈز چىراي، رەسىدە بولۇپ قالغان قىزلارغا ھەتتا ئۇكۇل يېزىپ بېرىپ، ئۇكۇل ئۇرىدىغان يەرگىچە كەينىدىن كىرىپ، ئۇغرى مۈشۈكتەك بىرپەس قاراپ تۇرۇۋالمىسا تىنىقى جايىغا چۈشمەيدۇ... مېنىڭ، سىزنىڭ نېمە قىلىمەن دېسە ماقۇل دەيدىغىنىڭىزغا كۆزۈم يەتمىگەندى، ياخشى قىپسىز، ناھىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈتۈڭ، بۇنداق گەپلەرنى باشتا دېسە چۈشىنىشمەسلىك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ كىشى.

مەن بۇ يەردە تۇرىۋېرىشنى خالىمىدىم. گۈلپەمنىڭ ئاغزىغا قارىسام، ئۇنىڭ سۆزى، سۆز ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ ئۆتىدىغان پاكىت-مىساللىرى ۋە مۇلاھىزىلىرى تۈگىمەيدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى توغرا ئەمەس دېيەلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ، بۇ سۆزلەر ماڭا ئىجابىي تەسىر بەرمەيتتى. ھەتتا گۈلپەمنىڭ پاراڭلىرى ئاللىقانداق بىر تۈرلۈك خاتا چۈشەنچىنىڭ مىكروبىنى تارقىتىش رولىنىمۇ ئۆزىگە يوشۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مەن خىياللىرىمنى يول بويى سۇرمەكچى بولۇپ گۈلپەم بىلەن خوشلاشتىم. ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتكەنلىكىمگە ناھىيىگە بارىدىغان بىر ماشىنىنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتى توشۇپ قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ كۆرسەتتىم.

— رەھمەت گۈلپەم، تونۇشتۇق، مۇڭداشتۇق. مەن تەرەپلەرگىمۇ بېرىڭ. گۇڭشېغا بارسىڭىز ياتىقىمغا كىرىڭ، — دېدىم مەن- ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ.

— ماقۇل، ماقۇل. سىزمۇ قانداق دورا لازىم بولسا خەۋەر قىلىڭ،

بىكار بولۇپ قالسىڭىز كېلىڭ، — دېدى ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، — پاراڭلىشىمىز، مۇڭدىشىمىز. بولمىسا، كۆزىڭىز كۆرگەندۇ، بۇ سەھرايى قىيامەتتە زېرىكىپ ئۆلمىگەندىمۇ ئېلىشىپ قالىدۇ كىشى. مېنىڭ ئۆيۈم تراكتور پونكىتىنىڭ ئىچىدە. بىلىدىغانسىز؟ بازاردىن ئۈچ-تۆت كىلومېتىر نېرى، ئۆيگە بىر باشلىۋالمىسام، ئۆزىڭىزچە بارمايسىز، بىزنىڭ ئادەم پونكىتتا تېخنىك...

ئۇنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ مېڭىشقا ئالدىرىدىم.

— رەھمەت، باشلىمىسىڭىزمۇ تراكتور پونكىتىنى بىلىمەن، بىر يەكشەنبە كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ بارارمەن، خەير-خوش!

— خوش، — ئۇ توساتتىن جىددىي قىياپەتكە كىرىپ، — ھېلىقى ئۆتۈنۈشنى ئۇنتۇپ قالماڭ-ھە؟ — دېدى.

ئۇنىڭ دوختۇرخانىنىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىپ قويۇش توغرىسىدىكى گېپى يادىمغا چۈشتى. ياخشى ئارزۇدىن چىققان بۇ ئۆتۈنۈشنى كىمگىلا يەتكۈزگىنىم بىلەن بۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، گۈلپەمگە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ يۈرۈشنى ھاجەتسىز ھېسابلاپ:

— يادىمدا بار، قېنى تىرىشىپ باقارمەن، — دېدىم. كۆڭلۈمدە بولسا "مەيلى، توغرا كېلىپ قالسا، قوتاۋۇقتا ئېيتىپ كۆرەرمەن..." دەپ ئويلىدىم.

يولدا كېلىۋېتىپ، ھېلىقى دوختۇرنىڭ قىلىقلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

ھامۇتقا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى نېمە دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؟ ئىپتىدائىي ئادەملەرنى بىز ئاڭسىزلىقتا كەچۈرۈۋېتىمىز، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللىقاچان مەۋجۇت ئەمەس،

ئۇلارنىڭ داۋامى بولغان بىز بۈگۈنكى ئادەملەر ئۇلارنىڭ قىلمىش-لىرىنى ھايۋانىي قىلىق دەپ ئېيتىشتىن قاچمايمىز.

مۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەدىبىنى يەپ تۇرۇقلۇق يەنە ئادەملەر ئىچىدە ياشاشقا رازى بولىدىغانلىقىغا ئەجەبلىنىمەن. بەلكىم بۇمۇ ئۇلارنىڭ ھايۋانلىق تەبىئىتىدىن بولسا كېرەك.

مەن ياتىقىمغا قايتىپ كەلگەندە، روھىم ئاۋۋالقىدىن سەل ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى يول بويى سۈرۈپ كەلگەن خىياللىرىمنىڭ نەتىجىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. مۇشۇ ھالىتىم بىلەن ھاشىمغا خەت يازدىم، ئۇنىڭغا ناھىيىگە بارىدىغانلىقىم، دوخ-تۇرغا كۆرۈنۈپ بولۇپ ئۆيگە قايتىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويغۇم كەلدى. مەن يازغان خېتىمنىڭ مەندىن ئىلگىرى يېتىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى بىزنىڭ پوچتىمىزنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى شۇنچىلىك بولۇپ، ئەجەبلىنىشكە بولمايدىغان بىر تالاي ئىشلار قاتارىغا خەت، تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋاقتىدا يەتمىگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايدىغانلىقىمۇ كىرەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، خەت يېزىش مەن ئۈچۈن دوختۇرغا كۆرۈنۈش-تىن ئوبدانراق ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.

## يەتتىنچى باب

## لايىھەم پۇتۇپ قالدى

### 1

مەن ئۆز ئۆيۈمدە بولدۇم. دېھقانچىلىق مەيدانى ماڭا گويا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدەك، ئوقۇپ، بىلىم ئالغان مەكتىپىمدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ، يۇرتۇمنىڭ سۆيىمنى، تۇپرىقىنى بۇ يەردە قايتا كۆرگەنلىكىمدىن، شۇنداقلا مەكتەپداش ساۋاقداشلىرىمنى ۋە مەكتەپتە بىللە ئوقۇمىغان بولساقمۇ، بىللە "قايتا تەربىيە ئالغان" دوستلىرىمنى كۆرگەنلىكىمدىن پەيدا بولغان تەسىرات ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ يەردە ئېرىمنى، بالىلىرىمنى كۆرگەن، ئۇلار بىلەن قۇچاقلاشقان، سۆيۈشكەن، بىللە تاماق يەپ، بىللە ئويناپ، بىللە كۆلۈش پۇرستىگە ئېرىشكەنىدىم. مېنىڭ بۇنچىۋالا تەسىرلىنىپ كېتىشىم بەلكىم ئۇلارنى سېغىنغانلىقىم ئۈچۈندۇ ياكى بەلكىم ھامۇت بىلەن بولۇپ ئۆتكەن تىركىشىش، مېنى بۇ جان - جىگەرلىرىمگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ تەلپۈندۈرىدىغان قىلىپ قويغاندۇ...

شۇنداق، مەن ئۆزەمنىڭ ئادەملىك خىسلىتىمنى، قىممىتىمنى ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان توسما لايىھلەش خىزمىتى ئىچىدە دەپ بىلىمەن، مەن ئىشىمنى بەختىم دەپ ھېسابلايمەن. شۇنىڭ بىلەن

بىرگە مەن يەنە ئايال، ئادەملەرنىڭ بىر بۆلۈكىنى تەشكىل قىلىدى-
غان ئاياللا ئەمەس، ئادەملەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ۋە ۋارىسلارنى
يېتىشتۈرگۈچى ئايال. مېنىڭ ئاياللىق قىممىتىم، پەخرىم مېنىڭ ئېرىمە-
نىڭ ھەم باللىرىمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.
مۇشۇنداق ھېسسىيات ئېرىمگە قارىتىلغان پەۋقۇلئاددە ئەركىلەش ۋە
باللىرىمغا قارىتىلغان ئالاھىدە ئەركىلىتىش بىلەن ئۆزىنى ئاشكارى-
لىنۋەتكەن بولسا كېرەك، ھاشىم بىرنەچچە قېتىم سورىدى:

— گۈلنايىم، سەندە ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىش سېزىۋاتىمەن، بۇ
سېغىنغانلىقتىنلا ئەمەستۇ؟

مەن نېمە دەيتتىم؟ كۈلۈپلا قويدۇم. ئۇ ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى
سەزگۈرلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ھېچنېمىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقى،
كۈلكە بولسۇن، مەيۈسلىنىش بولسۇن، ئۇنى كۆزىتىپ مەنبەسى
ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا خۇلاسە چىقىرىپ باقىدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ ماڭا
چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇ سوئال سورىغان بىلەن مېنى قىستىمايتتى.
شۇنداق بولسىمۇ مەن توسما قۇرۇش لايىھەسى ئىشلەشكە بۇراپ،
خۇشاللىقىم شۇنىڭدىن دەپ قۇتۇلدۇم.

بۇنى ئېيتىش ماڭا ئۆز بۇرچۇمنى ئەسلەتتى. مەن يەنە قايتىپ
كېتىشنى زۆرۈر تاپتىم. دېگەندەكلا ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ ئىشىمغا
كىرىشىپ كەتكىنىم بىلەن تەڭلا ھامۇتنىڭ قىلمىشى ئەمەس، ئۆزىمۇ
ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مەن يۈرگەن يەرلەردە
كۆرۈنمەيتتى.

مەن ئۇنى كۆرمىگىلى بىر ئاي بولغان بىركۈنى چۈش ۋاقتىدا
ئۇ مېنىڭ ياتىقىمغا تۇيۇقسىز، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كىرىپ
كەلدى. مەن دەسلەپ ئىشىك قېقىلغاندا، ئۇ ياتىقىمغا كىرىپ قالار،

دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. شۇڭا "كىرىك"، دىدىمىۇ، ئۇ كىرگەندە تۇرۇپلا قالدىم.

— ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس، سالامەتلىكىم تېخىچە ئەسلىگە كېلەلـمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تېخىچە بىنىت بىلەن تېڭىلغان ئېڭىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھازىرغىچە داۋالىنىۋاتىمەن، ئارىدا ۋىلايەت مەركىزىگىمۇ بېرىپ كۆرۈنۈپ كەلدىم. دوختۇرلار ئاساسىي خەۋپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بىنىتنى يەڭگۈشلىتىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

مەن ئۇنىڭغا پۈتـۈن ۋۇجۇدۇمدىكى ئاچچىق، ئەلەملىرىمنى ئېيتىشقا تەييار ھالەتتە غەزەپ بىلەن قادىلىپ قارىدىم. ئۇ بۇنى كۆرمىگەندەك ئىشىكنىڭ يېنىدىن ئۆي ئىچىگە بىر قەدەم تاشلىدى. مەن دەرھال ياستۇق ئاستىدىن قايچىنى سۇغۇرۇپ ئالدىم - دە، ئۇ تەرەپكە بىر قەدەم تاشلىدىم.

ھەممە كۆرەڭ كىشىلەر قورقۇنچاق ۋە نامەرد بولغىنىدەك، ھامۇتنىڭمۇ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قايچىدىن كۆزىنى ئالماي.

— بولدى، بولدى گۈلنايىم، — دېدى يېقىمسىز ھىجىيىپ ۋە مېنىڭ تەكلىپ قىلمىغانلىقىمغا قارىماي، ئورۇندۇقنى ئىشىككە يېقىنراق ئاپىرىپ ئولتۇردى، — سىز ئەقىلسىزلىق قىلىپ تىغ بىلەن ئوينىشىۋېرمەڭ، ئۆزىڭىزنى خاراب قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن...

— سىز ئىپلاس ئادەم ئىكەنسىز،... — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى ئارىمىزدا ھەرقانداق نورمال مۇناسىۋەتنىڭمۇ بولمايدىغانـلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، — مەن سىزنى بۇرۇن نېمىلا بولمىسۇن بىر كۈنچىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەپ بىلگەنىدىم...

ئۇ ئېڭىكىنى تاڭغان بىنىتنى سىلاپ قويۇپ ھىجايدى:

— مەن ھېلىمۇ مۇئاۋىن مۇدىر.

— ياق، سىز ھايۋاندىنمۇ ناباپ بىرنېمە ئىكەنسىز. چىقىپ كېتىڭ، بېزىرىپ ئولتۇرۇپ مەندىن نېمە كۈتۈسىز؟ چىقىپ كېتىڭ، بوسۇغامغا قايتا ئاياغ باسقۇچى بولماڭ!

— بوپتۇ، — ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ مىدىرلاپ قويدىيۇ، ئولتۇرۇۋەردى، — مەن چىقىپ كېتىمەن، ئەمما، سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي. ئۇلۇغ 1976-يىلى باشلىنىۋاتىدۇ، سىلەر خۇشال بولىدىغان ۋاقىتلار تۈگەي دەپ قالدى. گېزىت كۆرۈۋاتىدىغانسىز، زىيان تارتىشىڭىز ئېنىق ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمەيۋاتامسىز؟

— گەپنى قىسقارتىپ كۆزۈمدىن نېرى بولامسىز، قانداق؟، — مەن ئورنۇمدىن يۆتكەلدىم، — سىز ھەرقانچە تەرغىبات قىلغىنىڭىز بىلەن، مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلىپ بولغانمەن. سىزنىڭ ھەممە خىيالىڭىز، مالىمانچىلىق توختىماي بولۇپ بەرسە توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ مەن ھەرقانچە زىيان تارتقاندىمۇ، سىزنىڭ شەپقىتىڭىزگە موھتاج ئەمەسمەن.

ئۇ كۈلمەكچى بولسىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىدى، ياڭاق تېرىلىرى تارتىشىپ كالپۇكى قىيشىيىپ قالدى. يەنە بىر قېتىم ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى بولمىسا، خەير-خوش. مەن چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئاپئاق كۆڭلۈم بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئېيتىپ قوياي، لايىھىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ. ئۇ لايىھە سىزنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋەتمىسۇن...

مەن، يەنە گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم-دە، ئۇنىڭغا سىرتنى ئىشارەت قىلدىم.

ئۇ بوشاشقان هالدا ئىرىنچەكلىك بىلەن ئاستا چامداپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ مۆلچەرىمگە قارشى هالدا ئۇ ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولدى. مەن ئۇنى ئىزا تارتماي ئىزىمغا چۈشۈشتىن يالتايمايدۇ، بىر - ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە يېپىشۋالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم ۋە ئۇنىڭدىن هوشيار بولۇپ، زۆرۈرىيىتى بولسۇن - بولمىسۇن ئۆزەمنى چەتكە ئېلىپ يۈرەتتىم. ئۇمۇ مېنى كۆرسە كۆرمەسكە سالىدىغان، ئىمكانىيىتى بولسىلا ئۆچ-رىشىپ قېلىشتىن قاچىدىغان بولدى. مەن خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ ئۆز ئىشىم بىلەن شۇغۇللاندىم. ئاخىرى بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىشلەپ چىققان لايىھەمنى گۇڭشې پارتكومىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كاتىپقا بەردىم. بۇ لايىھە رەسمىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىزىلغان تېخنىكىلىق چېرتيوژ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇچۇن سىزىلغان تېخنىكىلىق چېرتيوژ ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدا دەرياغا توسما قۇرۇلىدىغانلىقى، توسما ئارقى-لىق توسۇپ كۆپتۈرۈلگەن سۇنىڭ تەقسىملىنىش يوللىرى كۆر-سىتىلگەن تەپسىلىي پىلان بار ئىدى. مەن يەنە بىر ئىلاۋە يېزىپ، بۇنداق كەڭ ۋە توسۇن دەرياغا قۇرۇلىدىغان توسما ئۈچۈن ئىنچكە لايىھە ئىشلەش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقەدەر مۇكەممەل، نازۇك بولغان تېخنىكىلىق چېرتيوژ سىزىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئەس-كەرتىپ قويدۇم. مېنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، گۇڭشې پارتكومى بۇ دەسلەپكى ئەمگىكىمنى كۆرۈپلا قوللىدى هەم يەنە يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلدى.

لايىھىنىڭ تېخنىكىلىق تەرەپلىرىگە مېنىڭ ئىزاهات بېرىشىم زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتكوم يىغىنىغا مېنىمۇ چەتتىن قاتناش-

تۇرغانىدى. لايىھە كۆرۈلۈپ بولۇپ، مەن چۈشەنچە خاراكتېرلىك سۆز سۆزلىدىم، قوشۇمچە ئىزاھنامە ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا، ھامۇت توقۇمنى قارىنىغا ئالدى. ئۇ لايىھىگە، لايىھىنى تۈزگەن ماڭا ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. شۇ قاتاردا مېنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، قۇتلۇققا، ناھىيىلىك پارتكومدىكى يولداش ئىبراھىمغىمۇ ئاچچىق تەنىلەرنى بولۇشىغا ياغدۇردى. ئىشقىلىپ، ناھىيىنى، گۈكشىنى ئومۇمىي ۋەزى-يەتكە ئەگىشىپ ماڭمىدى، سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى چوڭ-قۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماقچى بولدى، دەپ ئەيىبلىدى. مېنى قايتا تەربىيە ئېلىپ ئۇزاق مۇددەت تاغار يۇدۇشقا لايىق تۇرۇقلۇق قولىغا قېرىنداش بىلەن سىركول ئېلىۋالدى، دەپ دەشنەم بەردى.

مەن پارتكوم ئەزاسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن، پەقەت ئاڭلاپلا ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە غەزىپىم كەلگەن بولسىمۇ، لېۋىمنى چىشلەپ ئۈنچىقماي قۇلاق سالدىم. ھامۇت كۆپ سۆزلىسەم قايىل قىلىمەن، دەپ ئويلىدىمىكىن، توختىماي سۆزلەيتتى. ھەتتا سۆز-لەپ بولغان، قاتار تىزىۋالغان سىياسىي ئىبارىلەرنى ھېلىدىن-ھېلىغا تەكرارلاپ كۆپ ۋاقىتنى ئىگىلىدى. پارتكومنىڭ باشقا ئەزالىرى دەسلەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمىدى، دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. كېيىنچە ئۇلارمۇ زېرىكتىمىكىن، ئېغىر-ئېغىر تىنىشقا، تاماكىنى كۆپرەك چېكىشكە، دېرىزىدىن سىرتلارغا قاراشقا، تولاراق مىدىرلاپ، پات-پات يۆتىلىشكە باشلىدى. يىغىننىڭ كەيپىياتىنى كىچىكپرەك چۈشەنگەن ھامۇت ئاچچىقى كەلگىنىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ:

— ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ھازىرچە شۇلارنى سۆزلەي، كېيىن يەنە پىكىر بېرىمەن، دەپ كېپىنى توختاتتى-دە، زەردە بىلەن

قەغەز يىرتىپ ئاماكا ئۇراشقا تۇتۇندى.

ھامۇتىنىڭ سۆزلەۋاتقان ۋاقتىدىلا لوقما تاشلاشقا تەييار تۇرغان توختى ئاكا ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىششىغىلا پىكىر بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. بۇ كىشى مەن دەسلەپ كەلگەندە ھارۋا بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ بىللە ئەكەلگەن بەشىنچى دادۇينىڭ شۇجىسى ئىدى.

— مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇتىنىڭ ھارماي ـ تالماي شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت قىلغان سۆزلىرىدىن مېنىڭ چۈشەنگەنلىرىم شۇكى، بىزگە ھازىر زۆرۈر بولۇۋاتقىنى بىر ـ بىرىمىزگە پايلاقچىلىق قىلىش، ئامال ـ چارە ئىزدەپ ھەممە تەرەپتىن تەڭ دۈشمەن ئىزدەپ تېپىش، ئەتىدىن ـ كەچكىچە چوڭ يىغىن، كىچىك يىغىن ئېچىپ، بىر ـ بىرىمىزگە پىكىر بېرىش... بولسا كېرەك. ھېچقانداق ئىش قىلماسلىق، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىمەسلىك ھامۇتىنىڭ چوڭ يۈنىلىشى ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ ھامۇتقا نەشتەردەك قادىلىپ قاراپ، — ئەمما مەن گوڭشېمىزدىكى ئون نەچچە مىڭ نوپۇسنىڭ يىغىن ئېچىپ، كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش بىلەنلا شۇغۇللانسا ئاشلىق، مايلىق دان، پاختا ئىشلەپچىقارمىسا ھايات ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. بىزگە ئىشلەپچىقىرىشنى ئېلىپ بېرىش ناھايىتىمۇ زۆرۈر. ئادەتتىكىدەك زۆرۈرلا ئەمەس، قاتتىق كۈچەپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن توسما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان بۇنداق لايىھەنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشىمىز لازىم.

— گوڭشېمىزنىڭ ھەرقايسى ئەترەتلىرى سۇغا تويۇشى ئۈچۈن، زىرائەتلىرىمىز سۇغا قېنىشى ئۈچۈن، بىزگە بىر ئىنشائات زادىلا

كېرەك، — دەپ قوۋۋەتلىدى يەنە بىر ھەيئەت، — ئاشلىقنىڭ مول بولۇشى دۆلەت ئۈچۈنمۇ، كوللېكتىپ ئۈچۈنمۇ، كۆكچى ئەزالىرى ئۈچۈنمۇ پايدا كەلتۈرىدۇ، قۇرۇق گەپ بىلەن قورساق تويمايدۇ.

— توسما قۇرماي كىم ئۆلۈپ قاپتۇ؟ — دەپ قارشى چىقتى ھامۇت يەنە، — سىلەر بۇ توسما ئارقىلىق ئىنقىلابىي-سىياسىي ھەرىكەتنى توسۇۋېلىش غەرىزىنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك. بىز بۇرۇنقىدەك ئۇسۇل ئارقىلىقمۇ تىرىكچىلىك قىلىۋېرىمىز.

— بۇرۇنقىدەك ئۇسۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن كېيىن قېلىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ تېخىمۇ باي بولۇشى، خەلقىمىزنىڭ توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرمىسەك بولمايدۇ، — دېدى قۇتلۇق ئاكا ۋەزمىن ئاھاڭدا ھەربىر سۆزنى دانە-دانە قىلىپ، — ھەرقانداق سىياسىي ھەرىكەتمۇ مول ماددىي ئاساسقا ئىگە بولغاندا ئۈنۈملۈك بولىدۇ...

— ماددىي ئاساس دېگەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، — دەپ يەنە گەپنى بۆلدى ھامۇت، — روھىي ئاساس بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي شۇئار كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان بىردىنبىر ئامىل.

قۇتلۇق ئالقىنى بىلەن ھامۇت پۈۋلىگەن ئاچچىق تاماكىنىڭ تۈتۈنىنى تارقىتىپ تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— روھىي ئاساسمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىل. ھازىر بىز نەزەرىيە جەھەتتىكى مەسىلىنى ئەمەس، كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىنى ئويلىشىپ باقايلى. بىزنىڭ يېنىمىزدىكى بۇ دەريا بىزگە يېتەرلىك مەنپەئەت بەرمەي بىھۇدە ئېقىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى

يۈگەنلەشكە ئاتلىنىشىمىز، ئۇنى ئۆزىمىزگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز بىزدە روھىي ئاساسنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟

ھامۇت تەرسالىق بىلەن يەنە قارشى چىقتى:

— ئەمما بۇ توسما، قانداقتۇر كىچىك بالىلارنىڭ ئېرىقنى توسۇپ ئوينايدىغان توسمىسى ئەمەس-تە؟ ئۇ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ يىلىكىمىزنى سۈيىۈلدۇرۇۋەتكەن بىردەرياغا قۇرۇلىدىغان چوڭ ئىنشائات. بۇنداق ئىشقا ئىشەنچىسىز، تەجرىبىسىز بىر ئايالنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى تېخىمۇ چوڭ پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئومۇمەن ھازىر بۇنداق ئىنشائات بىلەن شۇغۇللىنىش، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەممە جەھەتتىن مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئوشۇق ئاۋارىچىلىق.

سىز دېگەن "ھەممە جەھەت"نى قانداق چۈشىنىمىز؟ — دېدى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى.

— ھەممە جەھەت دېگەن بارلىق جەھەت، دېگەن بولمامدۇ؟ — دېدى ھامۇت ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن بوغۇلۇپ، — ئاۋۋال سىياسىي جەھەت. ھازىرقى شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغانلىق سىياسىينى باسقانلىق، سىياسىي ھەرىكەتنى چەتكە قاققانلىق بولىدۇ. ئاندىن قالسا ئىقتىسادىي جەھەت. گوڭشېمىزنىڭ ئاران-ئاران جان ئوتكۈزۈۋاتقان ئىقتىسادىي مەبلىغىنى ئىشەنچلىك بولمىغان توسما ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان كەلكۈنگە يەم قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. ئۈچىنچى جەھەت شۇكى، گۈلئايىمنى ھازىر تېخى پرولېتارىيات جەڭچىسى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ زىيالىي. يەنى بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ. گەپنىڭ نان تېگىدىكىنى شۇكى، مەن توسما قۇرۇلۇشىغا قارشى. ھەرقانداق لايىھىنى مۇزا-

كىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلسەكمۇ مەيلىكى، پرولېتارىيات پرىنسىپىدىن ۋازكېچىپ قورۇلغان توسمىنىڭ باياشات سۈيىدىن پايدىلانمايمىز...

ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆلكىگە سەۋەبچى بولدى. پارتكوم ھەيئەت ئەزالىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "ھەممە جەھەت"لىرىنى بىر-بىرلەپ رەت قىلىپ پىكىر بايان قىلىشتى، ئىقتىسادىي مەبلەغ مەسى-لىسىگە كەلگەندە، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى قۇتلۇق ئاكا ئىشەنچ بىلەن چۈشەندۈردى:

— توسما ھەققەتەن پۇختا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردا سېمونت، پولات چىۋىقلار كېرەك بولىدۇ. مۇشۇ مەسىلىدە ناھىيىلىك پارتكوم ھازىر بىزگە قوشنا بولغان ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن جىددىي كېڭەش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلاردىكى سۇ قىيىنچىلىقىمۇ مۇھىم بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇنداق توسما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى قىزغىن قوللاپ، ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ سۇ ئېھتىياجى ئۈچۈن ياسماقچى بولۇپ پىلانلاپ يۈرگەن سۇ ئامبىرى ئورنىغا يەر-زېمىن ۋە شارائىت بېرىمىز. بۇنداق بولغاندا، ناھىيە ۋە ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى كېتەرلىك مەبلەغنى مۇۋاپىق ھۆددىگە ئالىدۇ...

— ياخشى ئىكەن، ئۇنداقتا توسمىنى ئارمىيە دېھقانچىلىق مەي-دانى ئۆزى ياسسۇن، — دەپ ھۆرپەيدى ھامۇت غەزەپلەنلىكىدىن لەۋلىرىنى تىترىتىپ، — بىز مۇزاكىرە قىلىمىز دەپ ئاقماس لايىھىگە نېمىشقا يېپىشىۋالىمىز؟

— سۇ ئەڭ ئاۋۋال كۆكشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك، — دېدى قۇت-

لوق ئاكا جىددىي ۋە قەتئىي تۇردە. ئۇنىڭ تۇرقى ۋە سۆز ئورا-
مىدىن ئەمدى جاسارەت، چېكىنمەسلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى، —
توسما قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقا كۆكشېلار قاتارىدا، ئەڭ ئاۋۋال
بۇ سۇدىن بىز پايدىلىنىمىز، شۇ سەۋەبتىن بىز ناھىيە ۋە ئارمىيە
دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سانائەت ئەشيالىرى بىلەن قاتناش تەرەپ-
لىرىدە بېرىدىغان ياردىمىگە تايىنىمىز. ئەمگەك كۈچى ۋە قىسمەن
مەبلەغنى بىز ئۆزىمىزمۇ چىقىرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— "سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ" بولىدىكەن-دە، —
دەپ مازاق قىلىپ كۈلدى ھاموت، — پۈتۈن ۋىلايەتنى ياردەمگە
چاقىرىڭلار، نېمە ئۈچۈن، نېمىگە ئاساسلىنىپ ياردەم بېرىشنى ئۇلار
ئويلانمايلا سېمونت بىلەن پولات چىۋىقلارنى توشۇۋەرسە، قويىدىغان
يەر تاپالماي قالامدۇق، تېخى!...

— نېمىشقا بۇنداق توقۇناقلىق قىلىسىز؟ — قۇتلۇق ئاكا خېلىلا
تەلەپچانلىق بىلەن ھاموتنى جىم ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — نېمىگە
ئاساسەن بولاتتى؟ ئەلۋەتتە لايىھىگە ئاساسەن بولىدۇ، بۇ لايىھىنى
يولداش گۈلئايىم ئىشلەپ چىقىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ئالاقىدار
تارماقلار گۈلئايىمغا ئىشەنسە بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناھىيىمىزدىكى
يۇقىرى مەلۇماتلىق سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرى ئىكەن-
لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دورۇس، ئۇنىڭ لايىھىسى رەسمىي چېر-
تيوژغا چۈشكەندىن كېيىن رەسمىيەت بويىچە ناھىيىلىك ئولچەش-
لايىھىلەش ئورنى بىلەن ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ لايىھىلەش
ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇلىدۇ. كېيىن رەسمىي
قۇرۇلۇش باشلىنىپ قالسا، لايىھىلەش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىشى
مۇمكىن...

قۇتـلۇق ئاكىنىڭ سۆزلىرىنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنى تولۇق ئاڭلى-
يالـمىدىم. ماڭا بۇنچىلىك ئىشەنچ بىلدۈرگەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ
سۆزلىرىنى پۈتۈن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ ئولتۇراتتىم.
يۈرىكىم ئۆز جايىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندەك تېپىرلايتتى ۋە
مەن ئۇنىڭ سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى بەھۇزۇر ئاڭلىماقتا ئىدىم. مەن
ياغلىقىمنى ئېلىپ ئانچە ئىسسىپ كەتمىگەن ئىشخانىدا تەرلەپ كەت-
مىگەن بولسامۇ، شۇ تاپتا چاناقلىرىمغا توشۇۋالغان كۆز ياشلىرىمنى،
تەرىمنى سۈرتكەن بولۇپ ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئاستا سۈرتۈۋالدىم.
قۇلىقىممۇ تۆگمەنگە كىرىپ چىققانغا ئوخشاش غۇڭۇلدايتتى. ماڭا
بەقەت: "يولداش گۈلنايىمغا ئىشەنسە بولىدۇ"، "ئۇ، ناھىيىمىزدىكى
ەلۇماتلىق سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى"، دېگەن سۆزلەر تەكرار-
ەكرار ئېيتىلىۋاتقاندەكلا بىلىنەتتى...

يېغىن تۈگىگەندە، ھامۇتىنىڭ شۇنچىۋالا قارشىلىق قىلغانلىقىغا
قارىماي دەسلەپكى لايىھە ۋە پىلان مەزمۇنەن تەستىقتىن ئۆتتى.
تېخنىكىلىق تەرەپلەردە تەلەپ قىلىنىدىغان تەپسىلىي چېرتيوژ
ئىشلىشىم لازىملىقى، توسما ئۈچۈن كېتىدىغان ماتېرىياللارنىڭ تۈرى،
سانى ھەم ئۆلچەملىك بەلگىلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي ئىزاھنامە
بىلەن قوشۇمچە دوكلات تەييارلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

كېيىنكى تاپشۇرۇق مەن ئۈچۈن خېلىلا قىيىن كېلىدىغان مەسىلە
ئىدى. چۈنكى مەن ئەسلىدە بىر گۇڭشېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىلا كۆزدە
تۇتۇپ ئاددىيراق لايىھە ئىشلىگەنىدىم. ئەمدى ماڭا يەنە قايتىدىن
ئۆلچەش، پىلانلاش ۋە توسمىنىڭ چىداشلىق بېرىش دەرىجى-
ئۈستىدە ئىلمىي ئىسپاتلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. بۇ ھالدا كەلكۈن
كەلگەندە ئۇشۇق سۇنى ئېقىتىۋېتىدىغان قوشۇمچە ئۆستەڭنىڭ زۆرۈ-

رىيتىمۇ ئەمەلدىن قالاتتى.

— سىز نېمە دەپ ئويلىغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى قۇتلۇق ئاكا كۈلۈپ كېتىپ، — سىز رەسساملاردەك سىزىپ رەسىمنى كۆر-سەتسەملا قالىمىنى ئۇلار ئۆزى بىلىپ ئىشلەيدۇ، دەپ ئويلىغانمى-دىڭىز؟ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇكەممەل، تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە ھېساب بىلەن ئىشلەپ چىقىلغان مەلۇمات يوللاڭ. كەم ھېسابلاشمۇ، بىھۇدە ئىسراپچىلىقمۇ بولمىسۇن. تېخنىكا تەلىپىدە قانداق قىلىشقا توغرا كەلسە شۇنداق قىلىڭ، بۇ تەرەپكە كەلگەندە سىز كەسىپ ئەھلى، چۈشەندۈرۈشىڭىزمۇ بىلىسىز.

مەن ئۇنىڭ جىددىي، تەلەپچان قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ بېشىمنى "ماقۇل" ئىشارىتىگە لىڭشىتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەن ئۇ ئېيتمىغان، ئېيتىشنى خالىسىمۇ، مېنى چۈشىنىدۇ دەپ قارىغانلىقى-نى، پەقەت بىشارەت بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن سەممىي ئۈمىد ھەم ئەستايىدىل تەلەپ قويۇۋاتقان "قارا، بىز سېنى شۇنچىۋالا زور كۈچ بىلەن قوللاۋاتىمىز. چاتاق چىقىرىپ قويۇپ ئۆزەڭنىمۇ، بىزنىمۇ مات قىلىپ قويما!" دېگەندەك ئىچكى مەنىنى چۈشەنگەنىدىم.

قۇتلۇق ئاكا تەلەپ قىلغان دوكلات ۋە ئىزاھنامە مەلۇماتلىرىنى ئىشلەپ چىقىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى ئېيتقىنىمدا، ئۇ ئانچە رازى بولمىدى.

— بىر ئاي دەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ جاۋاب ھېسابىغا باش لىڭشىتقىنىمنى كۆرگەندىن كېيىن، سەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئودۇلدىكى تامنىڭ ئاللىقانداق يېرىگە قاراپ تۇرۇپ خۇددى ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ساناشقا باشلىدى، — يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولىدىكەن. پىلان ۋە چېرتيوژلارنى يېرىم ئاي

ئىچىدە تەستىقلىدى دېگەندە، ئۈچىنچى ئاي كىرىپ قالىدى دېگەن سۆز...

— مەن يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ، ئەستايىدىل ۋە پۇختىراق ھېساب قىلىپ بېقىشنى كۆزلەۋاتىمەن، — دەپ چۈشەندۈردۈم ئۆزەمنى ئاقلىغاندەك بولۇپ.

دېمىسمۇ، قۇتلۇق ئاكىنىڭ ئېيتقان ۋاقتى ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان بولۇپ، لايىھە، چېرتىيوژلار ھامۇت ئېيتقاندەك "يۇقىرى"دا بىرمۇنچە تالاش-تارتىش، مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ھامۇت، رېھىم دېگەنگە ئوخشاش كىشىلەر ئۇنى رەت قىلىش ئۈچۈن ناھىيىدە "كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەت" لىپ يېرىپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا تىرىشىپ كۆرىدىغان- نىنى قىلچە يوشۇرماي ئېيتىپ يۈرگەن شارائىتتا، مۇبادا چېرتىيوژ ەستىقلاندى، دېگەندىمۇ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېتىز-ئېرىق پەرۋىشى بىلەن، قورۇلۇشقا ئىش باشلاش يازغا قالاتتى. يازلىق يىغىم، كۈزلۈك تېرىلغۇ بىلەن يەنە قىش باشلى- ناتتى. بۇ، توسما قۇرۇلۇشغا ئىش باشلاش كېلەر يىلغا قالىدى. دېگەن گەپ ئىدى. بىراق...

— مەيلى، سىز تېخنىكا ئەھلى، — دېدى قۇتلۇق ئاكا ئامالسىز- لىقىنى بىلدۈرۈپ، — تېخنىكا ئۆلچىمى، تەلىپى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە ئىشلەڭ.

يىغىن تۈگەپ ھەممە تارقىغاندا ئۇ ماڭا ئايرىم:

— سىز نېمىدىندۇ ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك تۇرامسىز نېمە؟ — دەپ سوئال بەردى.

مەن راستىمنى ئېيتتىم:

— شۇنداق شۇجى، مەندە بىر ئاز ئەندىشىمۇ بار. ئەگەر كىچىككىنە بىر سىزىق خاتا سىزىلىپ قالسا ياكى بىرەر خانە سان سەۋەن ھېسابلىنىپ قالغۇدەك بولسا، مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئەمگىكى، نۇرغۇنلىغان ماددىي ئەشيا، ماتېرىياللار كەلكۈن سۈيى بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا پارتىيە، خەلق ئالدىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى ئەۋلادلىرىممۇ يۇيۇپ تۈگىتەلمەيدۇ...

قۇتلۇق ئاكا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرپەس تۇردى. ئاندىن:

— قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزغا بۇنچىۋالا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قارىشىڭىزدىن راستتىنلا تەسىرلىنىۋاتىمەن. ئەمەلىي مەسىلە ھەققەتەن سىز دېگەندەك ئېغىر ھەم مۇھىم، — دېدى ھەم دەرھاللا چىرايىنى ئوچۇق كۈلكە بىلەن ئالماشتۇردى، — شۇنداقتىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىپسىز. بۇ يەردە ئىلمىي قانۇنىيەتمۇ بار ئەمەسمۇ، سىز تېخنىكا تەلەپلىرىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق دەريا ئېقىنىنىڭ ئاستى، يەر قاتلام تۈزۈلۈشى ئالاھىدىرەك ئىكەن، — دېدىم ئەندىشە قىلىشىم ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، — ئېقىنىنىڭ پەس تەرىپى تاش قاتلىمىنىڭ سىرغىپ تۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان بولغاچقا، توسما خۇددى يىقىلىۋاتقان تامنى تىرەك قويۇپ توختاتقاندەك بولىدۇ. كۈچلۈكرەك كەلكۈن بىرىنچى ئۇرۇنۇشىدا بۇ توسمىنى ئەكېتىشى مۇمكىن.

— بۇنداق نازۇك تەرەپلىرى سىزگە بەكرەك چۈشىنىشلىك، — دېدى ئۇ يەنە مېنىڭ توغرا ياكى خاتا سۆزلەۋاتقىنىمنى باھالىمايلا، — نېمىلا بولسۇن بىر يىل، ئىككى يىللىق ئەمەس، ئۇزاق يىللار چىدىغۇدەك، پۇختا، مەزمۇت توسما قۇرۇشىمىز لازىم. بۇنداق ئىكەن، بىر ئاي كەتمەمدۇ...

## 2

شۇ كۈنلەردە بەزىلەر بىزگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياشلارنى "ئاغزىدا شەھەر ئالدىغان پوچى"لار دەپ ئەيىبلىشەتتى. ياتىقىمغا كەلگۈچە ئاشۇ سۆز ئېسىمگە كېلىپ قالدى - دە، گويا ئەتراپتا بىرەرسى مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق دەۋاتقاندەك تۆت تەرەپكە بىر قاراپ قويۇپ ئىزا تارتىپ قالدىم. ياتاققا كىرىپ ئوت يېقىشىمۇ خۇش ياقماي، چايمۇ ئىچمەي مۈكۈلنىپ ئولتۇرۇپ خېلى ۋاقىتقىچە خىيال سۈردۇم. راستىمنى ئېيتسام، ئەندىشە ئەمەس، ۋۇجۇدۇمنى جۇرئەتسىزلىك، قورقۇنچاقلىق ئىگەللىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن خىيالدىن ئازاد بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئوت قالانمىغانلىقتىن، ياتاق مۇزلاپ كەتكەن، مەن ھەتتا پۇتلىرىمنىڭ كۆيۈشۈپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي ئولتۇرۇۋەرگەنىدىم. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، سەرەڭگىنى مىڭ تەسلىكتە تېپىپ كىرسىن لامپىسىنى ياندۇردۇم - دە، لايىھەمنى شىرەگە يېيىپ ئۇنىڭغا قايتا سەپسېلىپ قارىدىم.

مەن قانچىلىك تۇردۇم، يادىمدا يوق. ئەمما ئۆزەمنىڭ ئاجىزلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن مۇزاكىرىگە سۇنغان لايىھىنى ماتېرىيال ئۇندىچىلا كۆپ بولمايدۇ، پولات چىۋىقلارمۇ ئانچە كۆپ كەتمەيدۇ، دېگەن تونۇشقا ئاساسەن ئىشلىگەنىدىم. قۇتلۇق ئاكىنىڭ ماددىي ئەشيالار مەنبەسى توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، قايتا لايىھە ئىشلەش زۆرۈرىيىتى بار. ئەمما ئۇ ئەشيالار لايىھىگە ئاساسەن يۆتكەپ كېلىنەمدۇ، ياكى لايىھە ماددىي ئەشيالار مەنبەسىگە ئاساسلىنىپ ئىشلىنەمدۇ؟

مەن قۇتلۇق شۇجىنىڭ ئۆيىگە بېرىش قارارىغا كەلدىم-دە، قەغەزلىرىمنى رەتلىك يىغىشتۇرۇپ سومكامغا سېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. "ئۇخلىغان بولسىمۇ ئويغىتىمەن، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنىڭ، چىگىش سوئاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىمەن، — دەيتتىم سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇرغان قاراڭغۇ يولدا ئىگىز-پەس دەسسەپ كېتىۋېتىپ، — مەن ئۆز قابىلىيىتىمگە ئاساسەن لايىھە ئىشلەۋەرسەم، گۇڭشېمىز، ناھىيىمىزنىڭ ماددىي ئەشيا شارائىتى يېتىشەلەمدۇ؟ دەپ سورايمەن."

بۈگۈن يىغىن كەچرەك تۈگىگەنلىكتىن، قۇتلۇق ئاكىنىڭ بىر ياققا كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشىنەتتىم. دېگەندەكلا، گۇڭشې كادىرلىرىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا بارغىنىمدا، قۇتلۇق ئاكا ئولتۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. مەن خۇش بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئىشىكنى قاقتىم.

— كەچۈرۈڭ قۇتلۇق ئاكا، — دېدىم مەن ئىشىكنى ئېچىپ چىققان قۇتلۇققا خۇش خۇي ئاۋاز بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ، — كېچىدە كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

ئۇ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ، يېپىلىپ قارشى ئالدى:

— كېلىڭ گۈلنايىم، ئۆيگە كىرىڭ، — مەن ئۇ باشلىغان ئۆيگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سورىدى، — خوش، يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، سىز تېخىچە ئۇخلىماپسىزغۇ؟

مەن ئۇ سېلىپ قويغان كۆرپىگە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جاۋاب بەردىم:

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزەمنى تەكشۈرگىلى كەلدىم، بۈگۈن قورقۇنچاقلىق، جۈرئەتسىزلىك قىلىپ قويغىنىمنى باياتىن ھېس

قىلدىم. مېنىڭ بىر ئاي ۋاقىت كېتىدۇ دېيىشىم، ھەقىقەتەن جۈرئەتسىزلىك بولىدىكەن. ئۇنى تېزرەك ھېسابلاشقىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ...

ئۇ مېنىڭ ھاياجانلىنىپ، تۇتۇشمۇتۇش سۆزلەۋاتقان ھالىتىمدىن ئۆزىچە بىر خۇلاسە چىقاردى بولغاي، گېپىمنى كېسىپ قويدى:

— توختاڭ، توختاڭ. سەل-پەل ئارام ئېلىپ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. ئاۋۋال ئازراق چاي ئىچىڭ، ئاندىن بەھۇزۇر سۆزلەپ بېرىسىز.

مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، چاي ئىچمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىشىقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم. قۇتلۇق ئاكا سۆزلەپ بولۇپلا تېز بۇرۇلۇپ باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەن ئولتۇرغان بۇ ئۆيى ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. چوڭ سۇپىغا گۈللىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى كېگىز سېلىنغان، تامغا كىچىك گۈللۈك تېگى قىزىل چىتتىن زەدىۋال تۇتۇلغانىدى. سۇپىنىڭ ئىشىك تەرەپكە يېقىنراق لېۋىگە قويۇلغان قىسقا پۇتلۇق يۇملاق شىرەنىڭ ئۈستىدە قەلەم قىستۇرۇپ قويۇلغان قېلىن، كۆك تاشلىق خاتىرە دەپتەر بار ئىدى. مەن كىرىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىرەر نەرسە يېزىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

ئۇ ھايال قىلماي داستىخان ۋە چايدان بىلەن كىرىپ كەلدى. دەپتىرىنى ئېلىۋېتىپ شىرەنى مەن بار تەرەپكىرەك سۈرۈپ قويۇپ داستىخاننى يايدى. ئۇنىڭدا سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغان تۆت-بەش جەۋەندە نان تۇراتتى. قۇتلۇق ئاكا توسقۇنۇمغا قارىماي نان ئۇشتۇدى، ئاندىن پىيالىگە چاي قۇيۇپ، مېنىڭ ھەرقانداق تەكەللۇپ قىلىشىمنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغاندەك يېرىم چاقچاق، يېرىم جىددىي ئاھاڭدا:

— قېنى، قاتتىق-قۇرۇق بولسىمۇ بەھۇزۇر ئېغىز تېگىڭ. بۇ بىز دېھقان خەقلەرنىڭ ئالىي يېمىكىمىز، — دېدى ۋە ، — باللارنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەن ناندىن بىر پارچە ئېلىپ چايغا تۇگۇردۇم، ئاغزىمغا سالماي تۇرۇپلا ئىچىمگە پاتماي تېپىرلاۋاتقان سۆزلەرنى ئېيتىشنى باشلاۋەردىم:

— شۇجى، سىز بۈگۈن مېنى پوچى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزغۇ، دەيمەن؟

— نېمىشقا شۇنداق ئويلاپ قالىدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەيران بولغانلىقنى ئىپادىلەپ، ئاغزىغا ئاپارغان پىيالىسىنى ياندۇ-رۇپ، — سىز نېمىگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىڭىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى...، — مەن ئەمدى سورىغان سوئالىم ئۈچۈن خىجالەت بولۇپ قالدىم. ئۇ ئۇنداق ياكى بۇنداق ئويلىم-غانلىقنى ئىسپاتلاپ جاۋاب بېرىپ مېنىڭ روھىي تەييارلىقىمنى قوچۇ-ۋەتكەنىدى، — شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن لازىملىق ماتېرىياللار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان دوكلات تەييارلاش ۋە چېرتيوژ ئىشلەشكە كېتىدىغان ۋاقتىنى مۆلچەرلىگىنىمدىكىدىن ئۇزۇنراق ۋاقتقا سوزۇپ ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويغانىدەك تۇرىمەن.

— ياق، ياق. سىز رەنجىپ قالماڭ، — دېدى ئۇ مېنى چايغا يەنە بىر قېتىم زورلاپ قويۇپ، — قارىغاندا، سىزدە گۆدەكلەرچە يۈرەكزادىلىق خېلىلا بار ئىكەن. راستىنى ئېيتقاندا، سۇ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىنچىكە تېخنىكىنى بىز تازا چۈشەنمەيمىز. قۇرۇلۇش لايىھىسى ئىشلەپ چىقىشتىكى ئىلمىي قانۇنىيەتلەردە ئۆزىمىزنى ساۋاتسىز دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەھەتتە كەسپ ئەھلى بولغان سىزگە

تاپىنىمىز. تاپالىغاندىمۇ سىزگە ئىشىنىپ تاپىنىمىز. ئەگەر بالدۇرقى ۋاقىتلارغا ئوخشاش قورۇق قىلىپ، تاش سېلىنغان سىم تور تاشلاپ، شاخ-شۇمبا بىلەنلا قىلىۋېتىدىغان ئىش بولغىنىدا، بىز بۇنى سىزگە تاپشۇرمايلا ئۈچ-تۆت كۈن ئىچىدە "ھە-ھۇ" بىلەن پۈتتۈرۈۋېتەلەيتتۇق. بىراق بىز پۇختا، چىدامىلىق بولسۇن، مۇنتىزىم مۇكەممەلرەك بولسۇن، ئۆز ھالىمىزغا يارىشا زامانىۋىراق بولسۇن، دەۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟

مەن كۆڭلۈمگە كەلگەن گۇمانىمنى يوشۇرمىدىم:

— ئۇنداقتا، سىز بىر ئاي ۋاقىتقا قانائەت ھاسىل قىلماي، ئاستا بولۇپ قالدۇ دېگەنىدەكرەك بىر ئىپادىسىنى بىلدۇرگەن ئىدىڭىز...

قۇتلۇق ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. پىيالەمنى لىقلاپ چاي قويۇپ قويغاندىن كېيىن:

— بەك نازۇك، زىل، تويغۇن ئىكەنسىز، — دېدى ۋە كۆلكىدىن بوشاپ يەنە داۋام قىلدى، — بۇنداق خاراكتېرنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار. سىزنىڭ سەزگىنىڭىزمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس، مېنىڭ ھەيران بولغىنۇم راست. نېمە ئۈچۈن پۈتكەن، تەييار بولغان لايىھىنىڭ چېرتيوژى ۋە لازىملىق ماددىي ماتېرىيال ھېسابلاش ئۈچۈن بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

— چۈنكى ئىككى خىل ماددىي مەنبەگە ئاساسلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ چۈشەندۇرۇشكە ئالدىرىدىم مەن. — مۇزاكىرىگە قويۇلغىنى ئۆز كۈچىمىزنىڭ ئەھۋالىغا لايىقراق كېلەتتى. ناھىيىنىڭمۇ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭمۇ ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، كۆزدە تۇتمىغانىدىم.

قۇتلۇق ئاكا ئىككىلىمىزنىڭ پىيالىسىنى لىقلاپ قويۇپ، پەسلەۋاتقان لامپىنىڭ پىلىكىنى چىقىرىۋاتقاچ سۆزلەيتتى:

— بۇ بىزنىڭمۇ، سىزنىڭمۇ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس. لايىھىڭىز بويىچە قارىغاندا، دەريا سۈيىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن پايدىلىنالايمىز. توسما بىر تەرەپتىن باشلاپ قوپۇرۇلۇپ يەنە بىر تەرەپكە بەش مېتىر قالغاندا ئۇچۇق قالدۇرۇلىدۇ. سۇ ئاز ۋاقىتلاردا ئۇ يەرگە ۋاقىتلىق كۆتۈرمە قوپۇرۇلىدۇ، كەلكۈن بولغاندا سىز چۈشەندۈرگەن قوشۇمچە ياي شەكىللىك ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇ ئېقىتىلىۋېرىدۇ. بۇلار چۈشىنىشلىك. مېنىڭ ئويلىغىنىم، ھېلىقى بوش قالدۇرۇلغان جاي ئېتىپ تاشلانسىلا بولمىدىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى، سۇ كۆپ كەلسە قوشۇمچە ئۆستەك بار ئەمەسمۇ؟

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۈزۈپ قويدۇم:

— پۈتۈن توسۇپ قويۇلسا تاشقىن بولىدۇ، شۈجى، — دېدىم مەنمۇ ئەگىشىپ كۈلۈپ، — قوشۇمچە ئۆستەڭگە ئۇ چاغدا تايانغىلى بولمايدۇ. كەڭ دەريا قىزىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ دەريانىڭ ئېقىن يولىنى ئۆزگەرتىش رولىنىلا ئويناپ، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن "ئىككى يەردە سەككىز — ئون ئالتى" دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئىلمىي قائىدە بويىچە ئىشلەڭ، — ئۇ سەل جىم بولدى-دە، يەنە چىرايى تۇتۇلۇپ سورىدى، — باشقىچە لايىھە ئىشلەپ چېرتيوژ سىزسىڭىز تامامەن يېڭىباشتىن باشلامسىز؟ ئۇ چاغدا بىز ھەممىنى باشقىدىن باشلاپ مۇھاكىمە قىلامدۇق؟

— ياق، لايىھە مۇشۇ بويىچە بولىدۇ، چېرتيوژنى باشقىدىن سىزىپ چىقىمەن. چۈنكى ئېقىن، يەر ئاستى قاتلاملىرى، تۇپراق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قايتا تەكشۈرمىسەممۇ بولىدۇ. ماددىي ماتېرىياللارنىڭ ئۆلچىمى مەن تۈزگەنگە لايىق دەپ قارالسا، شۇنداق، ئۆلچەملىك ماتېرىيال تېپىلسىلا ئۇن كۈندە تەييار قىلىمەن.

— مەسلەن، قانداق ماتېرىيال؟

— 400 دىن يۇقىرى 500 دىن تۆۋەن نومۇرلۇق سېمونت بىلەن ھەر خىل دىئامېتىرلىق پولات چىۋىق.

— ناھايىتى ياخشى، — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى قۇتلۇق ئاكا، — ماتېرىيالدىن بىزنى قورقۇتالمايسىز. مەن نېمىشقا بۇنداق ئىشەنچ بىلەن سۆزلەۋاتقىنىمنى بىلەمسىز؟ ناھىيمىزدە ھازىر بېسىلىپ ياتقان خېلى نۇرغۇن مىقداردىكى پولات چىۋىقلار دات بېسىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ نەشىيالار تەقسىماتقا ئاساسەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى يۆتكەپ كېلىنىۋېرىپ بۇرۇن بىر قىسمى نەيزە ياساشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، قالغانلىرى كارىۋات، قالارغا پۇت بولۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ دەپ قارىلىپ ماددىي شىيالار ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيال ئامبىرىدا تۇرۇۋاتقۇدەك. ئارمىيە يېقانچىلىق مەيدانىدا 450 نومۇرلۇق ياخشى سېمونت بار ئىكەن. يولداش ئىبراھىم بۇلارنى ماڭا ئېيتىپ، ئاشۇ ماتېرىياللارنى توسمىغا ئىشلەتسەك بولامدۇ، دەپ سورىدى. شۇڭا سىز خاتىرجەم بولۇپ، تېز ھەم ياخشى لايىھىلىسىڭىزلا بولىدۇ. مېنىڭ ئالدىرىغىنىم ئەتىياز-لىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كەتسە، پۈتۈن دىققىتىمىز، ئەمگەك كۈچىمىز توسما قۇرۇلۇشىدىن چەتلىمەي قالمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىزمۇ مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم مەن، — چوقۇم تەلەپكە لايىق، تېز ئىشلەپ پۈتكۈزىمەن.

— بەزى كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن، نېرى-بېرى پوپوزد-لىرىدىن ئېنسەنكرەپ كەتمەڭ، — دېدى شۇجى مېنى ئۇزىتىۋاتقۇچە، — ناھىيىلىك پارتكومنىڭ پىكرىمۇ ئاساسەن بىردەك. بەزىلەرنىڭ

غودۇراشلىرى، شالىنى چىچىپ ۋارقىراشلىرى ئۇلارغا سىڭىپ قالغان ئادەت. ئۇلار قانداق شامال چىقارسىمۇ بىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ. سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۆپرەك ئاشلىق تېرىش، مەھسۇلاتنى مول ئېلىش، خەلقىمىز ئۈچۈن پاراۋان تۇرمۇش يارىتىپ بېرىش — بىزنىڭ ئىستىكىمىز. پارتىيىمىزنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى شۇ!

3

مەن ئەتىسى ناھايىتى سەھەر تۇردۇم. بۈگۈن ھاۋا شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتكەنىدىكى، ئاسماندا بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى، بۇنداق ئوچۇق ھاۋادا ئادەتتە بەك سوغۇق بولىدىغان. يا بۈگۈنمۇ شۇنداق سوغۇقمۇ، يا مېنىڭ كەيپىياتىم يۇقىرى، روھىم ئۈستۈن تۇرغانلىقىدىنمۇ، ھاۋانى يىللىق قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. شىڭلى، نەرسە-كېرەكلىرىمنى تېڭىپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ تۇرۇشۇمغا كونا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ قۇتلۇق ئاكىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ سەپەرگە چىقىشىم توغرىسىدا ھېچقانداق ئالدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن، مېنى كۆرۈپ ھەيران قالغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغا بىر قاراپ ئاندىن شىڭلىيىمنى ئىشارەت قىلىپ.

— بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتمەكچىمەن شۇجى، — دېدىم قانچە چاندۇرماي دېگىنىم بىلەن كۈلۈپ تاشلاپ.

ئۇ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ھېچنېمىگە چۈشەنمىگىنىنى بىلدۈرۈپ:

— نەگە كۆچۈپ كېتىسىز، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ يەنە سورىدى ئۇ.

مەن تېپىشماقنى دەرھال يېشىۋەتتىم:

— ئۇچىنچى دادۇيدە مېنىڭ بىر ئاتام بار. مەن گۇڭشېغا دەسلەپ كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ بىر ئاخشام قونغاندىم. بىز ئاتا - بالا بولۇشقاندۇق. مېنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىم بۇ ئىدارىدە بولمىغاندىن كېيىن كۆچۈپلا كېتەي، دەۋاتىمەن.

قۇتلۇق ئاكا بىر مىنۇتچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ھەرىزىمنى چۈشەندى - دە، ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى:

— غىپپىدە غايىب بولىمەن، دەپتىكەنسىز - دە؟ ئەمما بۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى رەسمىيتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئالدىن ئېيتىپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدى.

— كۆچۈپ بولۇپ ئېيتسامۇ بولار، دەپ ئويلاپتىمەن.

— بوپتۇ كېتىڭ، سىزگە دېمىسىمۇ دەريانىڭ بويى ئەپلىكرەك، — دېدى قۇتلۇق ئاكا سەل ئويلىنىۋېلىپ، — بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونغان بولسىڭىز ئەھۋالىنى بىلگۈدەكسىز. بىز سىزگە ئوتۇن - كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرەيلى. قىيىنچىلىق تارتىپ قالسىڭىز ئىشخانىدىكىلەرگە ئېيتىڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ شۇجى، — مەن ئۇنىڭ غەمخورلۇقىدىن ھەم تەسىرلىنىپ، ھەم تېتىكلىنىپ قالدىم، — مەن ئۇلار بىلەن چىقىشىپ كېتەلەيمەن. قىيىنچىلىق جاپا دېگەنلەرگىمۇ چىدىيالايمەن. مېنىڭ ئاتا - ئانامۇ ئاشۇلاردەك دېھقان ئەمەسمۇ؟

مەن گۇڭشې ئىدارىسىنىڭ ئىشەك ھارۋىسىغا يۈك - تاقلىرىمنى بېسىپ ئاشۋاقتى بولغۇچە كېرىم ئاكىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولدۇم. بوۋاينىڭ قورۇسى، ئەھۋالى ماڭا تونۇش ئىدى. گەرچە ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە بىر ئاخشام ۋە ئەتىسى چۈشكىچىلا تۇرغان بولۇشۇمغا قارىماي، ئۇنىڭ كېلىنلىرى، ئوغۇللىرى ۋە چوڭ

ئۇنىڭ تۆت ياشلىق بالىسى بىلەنمۇ تونۇشۇۋالغانىدىم. بۇ قېتىم بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى بىر كەلمەي قويمايدۇغۇ، دەپلا ئويلايتتىم قىزىم. توختىنى كۆرسەملا سېنى سورايمەن. ئۇ قىزىڭ بار بوۋا، دەيدۇ، باشلاپ كەلمەيدۇ. مانا ئۆزەڭ كېپسەن. خوپ، ئۇنتۇپ قالماپسەن. ئۆز ئۆيۈڭدەك تۇرىۋەر، — دەپ قارشى ئالدى.

ئەتىسى گۇگۇمدىن ئۇتتۇن ۋە كۆمۈر ئېلىپ ئىككى هارۋا كەلدى. بۇنىڭ قۇتلۇق ئاكا بىلدۇرگەن غەمخورلۇق ئىكەنلىكىنى دەرهال ئەسلىدىم هەم كىردىم بوۋايغا ماڭا بىر ئۆي راسلاپ بېرىشىنى، مەن ئۇ ئۆيدە يېتىپ هەم ئىشلەيدىغانلىقىمنى، ئەگەر بوۋاي بار ئۆيدە تۇرسام، كېچىسى ئىشلەيمەن دەپ ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويۇشۇم مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىم.

— تاماقنى ئۆزەم قىلىپ بېرىمەن بوۋا، — دېدىم ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — تاماق يەيدىغان ئۇنۇمنى ئۆزەم ئېلىپ كېلىمەن. سەي-كۆكتاتنى سىز چىقىرىسىز، بۇنىڭغا پۇل تۆلەيمەن.

بوۋاي بۇ سۆزگە رەنجىگىنىنى ئېنىق ئېيتتى:

— ئاداۋەتسىز يوغان ئىش قىلدىڭىزغۇ. سېنىڭ تۆلىگەن پۇللىرىڭ بىلەن ئىشىكىمنى تاقاپ ياتىدىغان بولامدىمەن تېخى؟

ئۇنىڭ گېپى كېلىنلەر بىلەن مېنى خېلىغىچە كۈلدۈردى. بوۋاي ئۆزىنى راستتىن خاپا بولغاندەك كۆرسەتكۈسى كېلىپ، ئۆزىچە غودۇڭشىپ ئاخىرى بولالماي هىجايدى-دە:

— يېڭى كەلگەن چېغىڭدا ئاسلانغا ئوخشاش تۇگۈلۈپ، مىرقىراپ ئولتۇراتتىڭ، بىر-ئىككى ئاي ئۆتۈپ خېلى گەپدان،

شوخ بولۇپ قاپسەنغۇ؟ ــ دېدى.

ــ سۇيى ياراشتى، ــ دېدىم قىسقىلا قىلىپ.

مېنىڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىم ھېچكىمگە سىر ئەمەس ئىدى، خېلى بالدۇردىن تارتىپ دەريا بويىدا توپا قېزىپ، شېغىل كولاپ يۈرگىنىمدىلا شۇ ئەتراپتىكى گۆڭشې ئەزالىرى مېنىڭ كەسپىمنى بىلىپ بولغانىدى. كېيىن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىشىممۇ توسما قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يوشۇرغىلىمۇ بولمايتتى. بارغان كۈنۈم بوۋاي يېرىم كۈنگىچە ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ۋە گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشىغا رۇخسەت بەردى. مەن ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇن كۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ويغاچقا، ئۇ، ئەمدى كەلگەنلەرگە:

ــ قىزىم دەريادا، شۇ يەرگە بېرىڭلار، ــ دەپ چاقچاق قىلىپ كىرگۈزمەيدىغان بولۇۋالدى. مەنمۇ جىددىي ئىشلەپ سىزىقلارنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپلا كەتتىم. بەزى چاغلاردا زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن دەرياغا باراتتىم. بۇنداق چاغلاردا كېيىم ئاكا مەن بىلەن بىللە بولاتتى. ئۇ ئۆزى كىچىك چاغلاردا مول سۇ ئاققان، ئەمدىلىكتە بارا-بارا سۇ چىقماي قالغانلىقىنى، پاينىپ دەپ ئاتىلىپ خېلىلا ئېگىز تۆپىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى ياكى بوشلۇقلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ھېكايە ئېيتقاندەك سۆزلەپ بېرەتتى. بوۋاينىڭ بەكمۇ يىراقتا قالغان ئۆسمۈرلىكىدە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى كىشىنى ئېچىندۇراتتى. مېنىڭ يادىمدا قالغىنى ئۇنىڭ 18 ياش ۋاقتىدىكى ئۆيى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى بولۇپ، شۇ چاغدىكى كەلكۈن ئۇنىڭ ئۆيىنى خۇددى يوپۇرماقنى ئېلىپ ماڭغاندەك سىرىپلا ئەكەتكەنىكەن. جانىنى ئاران ئېلىپ قاچالىغان ئائىلە تاكى بوۋاي

40 يېشىدا ئۆيلەنمەلىگەندەك بولغۇچە قايتا ئۇنى كۆرمىگەنىكەن. يەر ئىسلاھاتىدا ئۇنىڭغا ئۆيمۇ، سەرەمجانىمۇ بېرىلىپتۇ. شۇ قاتاردا ئالدىنقى يىل ئەتىيازدا قازا قىلىپ كەتكەن، ئەسلىدە باينىڭ دېدىكى بولغان قەدىناس ھەمراھىنىمۇ بېرىپتۇ.

مەن بالدۇرراق بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلمىگەنلىكىمگە خېلىلا پۇشايمان قىلدىم. نېمىلا بولمىسۇن مەن بىر كۈندە ھېچ بولمىسا بىر-ئىككى سائەت كۆكشىي ئەزالىرى بىلەن بىرگە بولالايتتىم ياكى ئۇچرىشىپ قىسقىراق بولسىمۇ پاراڭلىشىپ تۇراتتىم. پاختىلىرى تىتىلىپ كەتكەن قىشلىق چاپىنىنىڭ مۇرىسىدە تاغار قويۇپ قىغ ياكى توپا توشۇۋاتقان قىز-ئاياللار مېنى كۆرگىنىدە ئېرىنمەستىن تاغىرنى يەردە قويۇپ كۈلۈمسىرەپ:

— گۈلئايىم، تىنچمۇسىز؟ بۇيان چىقىپسىز، — دەپ بېشىنى ئېگىپ سالاملىشاتتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تېز باراتتىم-دە، شامالدا يېرىلغان، سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن، ئەمما تۆمۈردەك چىڭ مەڭزىلەرگە يۈزۈمنى يېقىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورايتتىم.

قارىداپ، يۈگۈرۈپ بۇرتۇپ چىققان ئاق تۇماقلىرىنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان ئەرلەرمۇ مېنى كۆرگەندە كەتمىنىنى قويۇپ ھېجىيىپ:

— قانداق تېخىنىڭ ئەھۋالىڭىز، توسىمغا قاچان ئەۋەتىسىز؟ — دەپ سورىشاتتى.

مەن ئۇلارنىڭ ماڭا قاراشلىرى، قىزغىنلىقلىرىدىن ھۆرمەتلىدى دېگەندىن كۆرە، مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمغا ئۈمىد، ئارزۇسىنى بېغىشلىدى، دېگەن تۇيغۇنى تولاراق سېزەتتىم. بۇ كىشىلەر تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئىدى. كۈلسە چىن دىلى بىلەن قېتىقىنىپ راست كۈلەتتى. خاپا بولسىمۇ ۋايىغا

يەتكۈزۈپ خاپا بولاتتى. ئۇلار ھېرىش-چارچاشنى بىلمەيتتى.
ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا دەم ئالىدىغانلىقىنى، قانداق چاغدا تاماق
يەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار كۈلۈپ
ياشايتتى. مەن ئاشۇ تەسىراتلىرىمنى بىركۈنى كەچ كېرىم ئاكىغا
سۆزلەپ بەردىم. ئەمما ئۇ ھاياجان بىلەن:

— بىزنىڭ بۇ ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق مىجەزى نەدىن كەلگەن-
لىكىنى سىلەردەك ئوقۇغان ئادەملەر بىلىسىلەر، — دېدى ۋە ماڭا
تىكىلىپ قاراپ داۋام قىلدى، — سەن كىشىلەرنىڭ چىراي-
شەكلىنى، كۆلكە-قايغۇسىنى ئۆلچەپ يۈرگۈچە، ھېلىقى توسما
دەمسەن، پوسما دەمسەن ئاشۇ بىرنېمىگىنى تېزرەك باشلىساڭ
بولاتتى. ھەر يىلى قىشتا بىر-بىر يېرىم ئاي ۋاقتىمىز دەريانىڭ
بېشىغا شاخ-شۇمبا قويۇپ قوزۇق قېقىش بىلەن كېتىدۇ. ئۇنداق
قىلمىساق باش يازدا قاشنى سۇ چېقىپ زىرائەتنى باسىدۇ. كۆسۈت-
كىدەك يىغقان ئاشلىقىمىز دەريانىڭ بېشىدا يېيىلىپ تۈگەپ، ئەتىيازدا
مەدەك يېگىلى تاس قالىمىز. بۇ يىل قىش ھەممە ئەزالار ساڭا زور
ئۈمىد بىلەن قاراۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار سېنى كۆرسە مەسىلىكى
كېلىدىغاندۇ...

بۇنداق گەپلەر ماڭا قامچىدەك تېگەتتى ھەم قېنىمنى قىزىتاتتى.
زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ سېزەتتىم.

— سەن خىيالىڭدا، مەن كادىر بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەزالار
ھۆرمەت قىلىدىكەن دەپمۇ چۈشىنىدىغانسەن، — دەيتتى بوۋاي
دەريا بويىلاپ يۈرگىنىمىزدە، — ئۇلار سۇ قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل
قىلىپ بېرىدىكەن، دەپ ساڭا بۆلەكچە ئىخلاس قىلىۋاتىدۇ. سىقسا
ياغ تامىدىغان يەرلىرىمىز بار. بىراق، سۇنىڭ ئىشى چاتاق. پولۇمۇ

چايسىز بولمايدۇ ئەمەسمۇ قىزىم؟...

مەن تازا بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتىم. كەچلىرى ھەربىر سىزىق سىزىلىپ پۈتكەندە، ھاياجانلىنىپ ئۆزەمنى بېسىۋالالمايتتىم. ھەتتا ئۆيۈمنى، بالىلىرىمنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ئىدىم. تاسادىپ ئۇلار يادىمغا كېلىدىيۇ، يەنە ئۇلارنىڭ ئورنىنى قەغەزدىكى سىزىقلار، سانلار ۋە سىركۇل بىلەن قېرىنداشلار ئىگەللەپ ئالاتتى. شۇ توسمىنى پۈتتۈرۈۋېتىش تەقەززاسىدا بەزىدە كىچىك بالىلاردەك خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتىمەن. كۆڭلۈمدە كۈنىگە مىڭ قېتىم: "چوقۇم پۈتىدۇ، ياخشى توسما بولۇپ چىقىدۇ" دېگەنلەرنى تەكرارلايمەن.

مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر ماڭا جىددىي ئىلتىماس بىلەن مۇراجىئەت قىلىپ باقمىغان دادۇي شۇجىسى توختىمۇ بىركۈنى كېلىپ سەل ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— تۈگىتەمسىز، قانداق؟ — دەپ سورىدى تەقەززالىق بىلەن، — يازىسىز، يازىسىز، ئۆلچەيسىز، يەنە ئۆلچەيسىز، ئويغا چۆمۈسىز، ئورغۇن يەرلەرنى كولاپمۇ ھارمىدىڭىز، بىزنىڭ ئەزالارنىڭ بولسا تاقىتى بىر يەرگە بارغىلى تۇردى.

## 4

لايىھەنى ئاخىر ئاياغلاشتۇردۇم. سېلىشتۇرۇپ، قايتا تەكشۈرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن يەڭگىللىنىپ قالدىم. بۈگۈن ۋەدە بەرگىنىمگە يارىشا 10 ـ كۈن ئۆتۈپ، قەلەمنى قويغىنىمدا 11 ـ كۈنىنىڭ تاڭ سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچ يېرىم بولغانىدى.

مەن كىرىسىن لامپىسىنىڭ ئوتىغا كۆزۈم تالغۇچە قاراپ ئولتۇر-

دۇم، ئۇيقۇم كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئالدىمدا يېيىلىپ ياتقان قېلىن قەغەزگە سىزىلغان ئىنچىكە، گادىرماش سىزىقلاردىن ئاستا-ئاستا بىر ھەيۋەتلىك تۇسما كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە. ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق، قۇدرەتلىك ۋە مەزمۇت. ئۇنىڭ كەۋدىسى 53 مېتر كېلىدىغان دەريا كەڭلىكىنى بەتلەگىلىك يادەك توسۇپ ياتماقتا. قورقۇنچلۇق كەلكۈن سۇ تۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئۆزىنى ئۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئېقىمغا قارشى ياسالغان، بۇرتۇپ چىققان رومبا شەكىللىك قانىتىغا تېگىشى بىلەن بۆلۈنۈپ كەتمەكتە. ئاچچىق بىلەن مەۋج ئۇرۇپ ئاققان سۇ ئۆزىگە رۇخسەت قىلىنغان ئېغىزلاردىن ياۋاشلىق بىلەن باش ئېگىپ ئۆتۈپ ئاياغقا ئاقماقتا. مۇنتىزىم تاقاقلار خالىسا ئۇنى پۈتۈنلەي توسۇپ قويالايدۇ. توسۇلۇپ كۆپكەن سۇ پىرقىراپ-چۆگىلەپ كېيىن ئۆستەڭلەرگە، ئاندىن ئېرىقلارغا بۆلۈنۈپ، ئۇششاق كۆپۈكچىلەرنى چاچرىتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتماقتا. بۇغداي مايسىلىرى، زىغىر، قىچىلار يېنىك تەۋرىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا...ئەنە ئۇ مايسىلار سارغايدى، پىشتى. ئورغاقلار ئۇلارنى يىقىتماقتا...سەل نېرىدا يېڭىدىن ئېچىلىپ كېڭەيتىلگەن پايانسىز ئېتىزدا، دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتتەك قەد كېرىپ كومبايىنلار گۈرۈلدەپ يۈرۈشمەكتە. سۇنىڭ دولقۇنلىرىنى بېسىپ چۈشمەكچى بولغاندەك بۇغداي دانلىرىنىڭ شارقىرىشىدىن ئۆرلەۋاتقان چەشلەر بىر خىل ئاۋازدا شارقىراپ ماشىنا كوزۇپلىرىغا تۆكۈلمەكتە... ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشەۋالغان قىز-يىگىتلەر، بوۋاي-مومايلار خۇشال كۈلۈمسىرىمەكتە...

"تاراققىدە" قىلىپ ئېچىلغان ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈپ خىيال قوينىدىن تارتىپ كەلدى. ساڭگىلاپ كەتكەن

جىيەكلىرىگە يېپىشقان قار بىلەن ئاق مامۇقتىن تۇماق كىيىۋالغاندەك كۆرۈنۈپ كېرىم ئاكا كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

— قارىسام چىرىغىڭ ئۆچمەپتىكەن، مۇشۇنداق كېچىچە ئىشلىسە قانداق بولار، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ھازىر قارىسام يەنىلا يورۇق چىقىپ تۇرۇپتۇ. دېرىزەڭدىن مارىسام بىر ئەپلىك ئۇخلاۋاتسەن، — دېدى ئۇ كايىغان ھالدا، — ھىجىيىپ ئۇخلاۋاتسەن، ئۆيۈڭ چۈشۈڭگە كىرىپتۇ ـ دە؟

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ بوۋا، — دەپ كارىۋىتىمنى تەكلىپ قىلدىم ئۇنىڭغا. بوۋاي ئولتۇرماستىن ماڭا كايىدى.

— ماڭا ئىش تېپىپ بەرمىگىن يەنە؟ سەن ئاغرىپ بەرسەڭ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن قىزىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ئۈستىخان ئىكەنسەن، ئۆزەڭنى ئاياشنى بىلمەيدىكەنسەن.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ بوۋا، — دەپ كۈلۈپ تاشلىدىم مەن، — ئۇخلاپ ئولتۇرغىنىم يوق. پەقەت خىيال سۈرۈپ مۈگدەپ قالغاندىمەن. كۆز ئالدىمغا توسما پۈتكەندىن كېيىن بولىدىغان كۆرۈنۈشلەر كېلىۋېلىپ، شۇنىڭ خۇشلۇقىدا ھىجايغاندىمەن.

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى ئۇ قىسقا لېكىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلاپ، — سەن توسماڭنى يېزىپ تۈگەتتىڭمۇ، ئەمدى كەتمەننى ئېلىپ ماڭساق بولامدۇ؟

مەن ھاياجانلانغانلىقىمدىن بېشىمنى "ھەئە"، ئىشارىسىگە لىڭشىتىپ چېرتيوژ سىزىلغان قەغەزلەرنى بوۋاي تەرەپكىرەك سۈرۈپ قويدۇم. ئۇ قارى ئېرىپ سۇ تامچىلىتىۋاتقان تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ قەغەزلەرگە قىزىقىپ ھەم ئەيمىنىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە:

— ناھايىتى ياخشى قىپسەن قىزىم. تۈگىتىپ بەك ئوبدان

قىپسەن، ــ دېدى.

ــ مانا بۇ دەريانىڭ ئاساسىي ئېقىنى، ماۋۇ دۆڭلەكلەر توسمە-نىڭ سۇ ئۆتۈش ئېغىزلىرى، بۇ قىزىل تۇرغىنى توسما گەۋدىسى، ــ دېدىم ئۇنىڭغا قەغەزدىكى بەلگىلەرنى كۆرسىتىپ، ــ ماۋۇ يەرگە سۇ ئامبىرى ياسىلىدۇ. بۇ يەر سۇ ئاقىدىغان غول ئۆستەڭ. تۇپراق تۈزۈلمىسى مۇنۇ ئىككىنچى قەغەزدە...

ــ رەھمەت قىزىم، سەن مېنىڭ كۆڭ كۆرسەتكىنىڭ بىلەن بۇ قەغەزدىكىلەرنى مەن چۈشىنەلمەيمەن. ماڭا چاپىدىغان يەرنى كۆرسەتسەڭ، مۇشۇنچىلىك كۆچۈم بار چاغدا ئالتە كەتمەن قۇم چاپىسام كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ. قەغەزلىرىڭنى سەن پارتكومغا ئوقۇپ بەر. ئەمدى قەغەزلىرىڭنى نېرىراق ئېلىۋېتىپ تۇر. مەن سېنى دەپ كېلىنلەرگە ئېيتىپ قويۇۋىدىم...

ــ بۇ قانداق قىلغىنىڭىز بوۋا؟ ــ دېدىم ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى چۈشەنگەندىن كېيىن راستتىنلا خىجالەت بولۇپ، ــ سىز بۇنداق قىلسىڭىز مەن ئەتىلا كۆچۈپ كېتىمەن.

ــ تېڭ كۆچمىز قىزىم، ــ دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، ــ سەنمۇ مەنمۇ تېڭ كۆچمىز. ھەرقانچە كۆچسەك دەريا بويىغا كۆچەرمىز؟ لېكىن ھازىرچە قەغىزىڭنى نېرىراق ئېلىۋەت، ئاشنىڭ سۈيى تېگىپ كەتمىسۇن.

بوۋاي ماڭا كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇ تېخى قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ بولماي تۇرۇپلا بوسۇغىدا ئۇنىڭ كېلىنى نىساخان پەيدا بولدى. نىساخاننىڭ قولىدا ھورى چىقىپ تۇرغان سۇيۇقئاش بار چىنە تۇراتتى.

ــ بۇ ئاشنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ نىساخان، ــ دېدىم مەن

كۆزۈمنى تومۇۋالغان ياش پەردىسنى يىغىشتۇرۇۋالالمايدىغانلىقىمنى چۈشەنگەن ھالدا، — مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەر بىلەن ئوخشاش تاماق يېگەن تۇرۇقلۇق يەنە تۆتىنچى قېتىم ئوشۇق تاماق يەمدىمەن، مەن بۇنى ئالدىنقى كېچىسى تاماق ئەتكەن ۋاقتىڭىزدىمۇ تاپلاپ ئېيتقان ئىدىمغۇ؟

— ئاشنى سوۋۇتماي قىزىقىدا ئىچىۋال قىزىم، — دەپ كىرىپ كەلدى بوۋاي يەنە شۇ چاغدا، — غەلۋە قىلما. سەن تۆت قېتىملىق تاماققا لايىق كۆپ ئىشلىگەندىن كېيىن بۇنچىلىك ئاشنى ئىچىۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەس. سۆيۈقئاش دېگەن بىر كىرلىسەڭ توگەيدىغان نەرسە.

— قىزىقىدا ئىچىۋېلىڭ ئاچا، — دەپ بوشراق پىچىرلىدى نىساخانمۇ، — يەنە بىر جانمۇ بار، ئۇنى ئويلاپ قويمىسىڭىزمۇ بولماس...

مەن مەززىلىك ئېتىلگەن، توخۇم چېقىلغان سۆيۈقئاشنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ ئىچىپ توگەتتىم. بوۋاي بىلەن كېلىنى چىقىپ كېتىشىدە مېنى ئۇخلىۋېلىشقا ئۈندىگەنىدى. لېكىن يالغۇز قالغىنىمدىن كېيىن يەنىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. بوۋاينىڭ ۋە كېلىنىنىڭ ماڭا كۆيۈنۈشى ۋە غەمخورلۇقى يادىمغا كېلىپ تەسىرلىنىپ بىرپەس ئولتۇردۇم. بۇ غەمخورلۇق ۋە كۆيۈنۈشلەر ماڭا قىلىنغان بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولماستىن، بوۋاينىڭ ماڭا پات-پات ئېيتقىنىدەك، مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىم توپەيلى-دىن بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمدا، كۆز ئالدىمغا يەنە تومسا قۇرۇلۇشى كېلىپ گەۋدىلەندى-دە، ئۇيقۇ قاياقلارغىدۇ غايىب بولۇپ، ئۆزەمنى تېتىكلىشىپ قالغاندەك سەزدىم. چېرتىيوۋ سىزىلغان قەغەزلەرنى يەنە

يېيىپ قايتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتىم. قىلغان ئىشىم ۋە ئۇنىڭ قولۇمدىن چىققانلىقى ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق بىلەن روھىم كۆتۈرۈلۈپ قىلچە ھارغىنلىقمۇ سەزمىدىم.

مەن سىرتقا چىققىنىمدا تاڭ ئېتىپ قالغانىدى. قار تېخىچە يېغى-ۋاتاتتى. سەگىدەش ھەم بوۋاينى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن، يۇمشاق قار بىلەن مەڭزىمنى ئىشقىلاپ يۈزۈمنى يۇيۇۋالدىم. شۇ چاغدا نىساخاننىڭ ئىشىكمۇ غىچىلداپ ئېچىلدى-دە، ئۇنىڭ ئۇيقۇ-سىرىگەن كۆزلىرى ئەجەبلىنىپ كېرىلدى:

— ۋاي ئاچا، سىز قار بىلەن يۈز يۇيۇۋاتىسىزغۇ؟ مەن سىزگە ئىسسىق سۇ ئاچىقىپ بېرەتتىم، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — سىزمىزە، بۈگۈن نېمانچە سەھەر تۇرۇۋالغانسىز؟

— بۇ يىل قىش قار ئوبدان يېغىپ بەردى، — دېدىم مەن ئۇنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، — قار بۇنداق ياغسا سۇمۇ كۆپ كېلىدۇ. تۇپراقتىمۇ نەملىك كۆپ بولىدۇ.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاستا، ئۇششاق قار سىپىۋاتقان ئۇسمىدەك ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ:

— دېگىنىڭىزغۇ راست، لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردىكى يەرلىرىمىز سۇغا تويمايدىغان ئاچ ئەرۋاھ، — دېدى-دە، مەرەۋاتقان ئۆچكىلىرى بار ئېغىل تەرەپكە كېلىپ، ئوقۇرغا ئاق قوناق شېخىنى تاشلاشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىغا تەۋە بۇ ئۆچكىسى ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا ئىككىنى ئوغلاتلىغان، بۇ يىلمۇ يەنە ئىككىنى ئوغلاق-لايدۇ، دەپ تەمە قىلىپ ئوبدان باقاتتى. بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى ئىشىكنى ئايرىم ئېچىۋالغان بولسىمۇ ئوغلاقتىن بىرنى ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن، ئۇمۇ ئوغلاقلايدۇ، دەپ يۇرۇشكىنىنى بىلەتتىم.

نىساخان شاخ تاشلاپ بىرىۋاتقۇچە كوروسلىتىپ چايناۋاتقان ئۆچكىلەر بىلەن بىرنەرسىلەرنى دەپ، خۇددى بۇ ھايۋانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك چاقچاق قىلىشىپ تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ ساددا، تەبىئىي، خۇش چاقچاقلىقىغا بىرپەس قاراپ تۇرۇپ، ئۆزەمچە كۈلۈپ قويدۇم. ئىنسان دېگەن ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ئەسلى تۇغۇلۇشىدىنلا ساپ، ساددا بولغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مەزمۇنىغا ھامان ئاشۇ ساپلىق ۋە ساددىلىقتىن نەقىش سىزىدۇ. مانا، نىساخانىنىڭ ئۆچكىلەرگە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى ھەرقانداق يېقىنلىرىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىگە قارىغاندا شۇنچىلىك ساپ ۋە تەبىئىي.

قىلىدىغان باشقا ئىشىم يوق ئىدى. تەبىئەت گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. مەن تامغا يۆلەكلىك تۇرغان سۈپۈرگىنى ئالدىم-دە، ھويلىدىكى قارلارنى سۈپۈرۈشكە باشلىدىم. يۇمشاق قار قېلىن بولغىنىغا قارىماي، سۈپۈرگىگە بويسۇنۇپ سۇس ئاۋاز چىقىرىپ سۈرۈلەتتى. يۈز، قۇلاق ۋە بارماقلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئېچىشتۇرغۇدەك سوغۇق سېزىپ تۇرساممۇ، روھىم خېلى ياخشى بولۇپ، چارچاش سەزمەي قار سۈپۈرەتتىم...

## سەككىزىنچى باب

## يىغىن ۋە مۇھاكىمە لايىھە تەرەپتە

### 1

ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقىنىمىزدا ئۆيگە توساتتىنلا توختى شۇجى بىلەن قۇتلۇق ئاكا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىرىشى شۇنچىلىك تۇيۇقسىز بولدىكى، ھېچقايسىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قارشى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدۇق. سىرتتىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ قۇلاقچا ۋە تۇماقلىرىنىڭ يۇڭلىرى ۋە قاش، كىرپىك، ساقال-بۇرۇتلىرىغىچە ئاپپاق قىراۋداپ كەتكەنىدى.

قۇتلۇق ئاكا ئىساخاننىڭ ئۆيدىكى پاخال ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزگە ئولتۇردى. توختى شۇجىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا باداشقان قۇردى. ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن كىگىز ئاستىدىكى پاخاللار غىرىسلاپ ئاۋاز چىقاردى. قۇتلۇق ئاكا ئىساخاننىڭ چاي ئەكىرىشىنىمۇ كۈتمەي:

— ئاخىر تۈگىتىپسىز-دە؟ — دەپ سورىدى ئالدىراپ، — كېرىم ئاكا باياتىن توختاخۇنغا خەۋەر قىلغانىكەن، — ئۇ توختى شۇجىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — مەن توختاخۇندىن ئاڭلىدىم...

توختى شۇجىمۇ تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

— شۇنداق، مېنىڭچە، تۈگىدى دېسەممۇ بولار، — دېدىم مەن.

توختى ئاكا قىزىق چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن قۇتلۇققا بۇرۇلۇپ:
— پارتكوم ئەزالىرىنى دادۇيگىلا چاقىرساق قانداق؟ — دېدى.
قۇتلۇق ماقۇللاش ئىشارىسىگە باش لىڭشىتىپ:
— شۇنداق قىلماقچى. مەن دادۇيدىكىلەرگە بۇنى ئېيتىپ قويغاچ كەلدىم. دادۇينىڭ تېلېفونى ئارقىلىق ھەممە پارتكوم ئەزالىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىنماقچى بولغان، بىردەمدىن كېيىن كېلىپ قالار، — دېدى.
مەن ئۇ ئىككىيلەننىڭ كەيپىياتى، ئۆزئارا پاراڭلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى، ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇلار گەرچە بۇ يەردە ئولتۇرسىمۇ پىكرى بۇ يەردە ئەمەس ئىدى، گويا ئۇلارنىڭ كۆڭلى مېنى ئالدىرىتىپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈندەك پات - پات ماڭا قاراپ قوياتتى. مەنمۇ چېيىمنى ئالدىراپ ئىچىپ بولۇپ، باشقا كۆنلەردىكىدەك قاچا يۇيۇشقا تۇتۇنماي ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن دادۇينىڭ ئىشخانىسىغا كەلدىم. ئىشخانىدا مەن كۆرگەن پارتكوم ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئولتۇرۇشاتتى. بىز كىرگەن ھامان ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى، كۆلكىلىرىمۇ توختىدى.
— مانا بىز قولۇپنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى قۇتلۇق، ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغانلارنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ، — ھەممەيلەن تولۇق كەلگەندەك تۇرامدۇ نېمە؟
— ھاموت كېلەلمىدى. ئۇ يولداش ئىبراھىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانىدى، — دەپ مەلۇم قىلدى مۇئاۋىن شۇجى.
قۇتلۇق ئاكا جانلىنىپ:

— نېمە، يولداش ئىبراھىممۇ گۇڭشېغا كەلگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ توققۇزىنچى گۇڭشېغا كېتىۋاتقانىكەن، بۇ يەردە يىغىن ئاچىدىغانلىقىمىزنى، يىغىننىڭ مەزمۇنىنى ئۇققاندىن كېيىن قاتناش-ماقچى بولغانىدى، ھاموت ئۇنى كۆرۈپلا غەلۋىسىنى باشلىدى.

— سەل كۈتۈپ تۇرايلى، يولداشلار. ئۇلار كەلگەندە باشلارمىز.

مەن ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا ماڭا بولغان كۆيۈمچان، ئىللىق قاراشلارنى سەزگەنىدىم. گويا مەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق مېھماندەك، ھەممەيلەن مېنى مەشكە يېقىنراق جايدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشتى. مەن بۈگۈنكى يىغىننىڭ مەزمۇنىنى بىلگەنلىكىمدىنلا ئەمەس، ناھىيىلىك پارتكومدىن يولداش ئىبراھىمنىڭمۇ كېلىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىپ سەل-پەل ھودۇقۇ-ۋاتقانلىقىمنى تۇيۇپ قالدىم. لېكىن پارتكوم ئەزالىرى بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىنلا جانلىنىپ ئوخشىمىغان ماۋزۇلاردا ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى. بۇ يىل قارنىڭ ئوبدان يېغىپ بەرگەنلىكى، قايسى دادۈيدە بۇغداي توپلىنىپ بولغانلىقى، قايسىبىر دادۈيدە ئۆستەڭ-ئېرىق چېپىشنىڭ سۈرئىتى... توغرۇلۇق سۆھبەت باشلاندى. بۇرۇنقى چاغلارغا ھېچبىر ئوخشىمايدىغان بىر تەرزدە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ مەندىن لايىھە، چېرتيوژلار توغرىسىدا سوئال سوراپ قويمىدى ياكى ئالدىنئالا پۈتۈشۈۋالغاندەك، ئۆزئارا سۆھبەتنىڭ ماۋزۇسىنى توسما قۇرۇلۇشىغا ئائىت تەرەپكە يۆتكىمىدى. ھەتتا بۇ ئىشنى مېنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە ئۇجۇر-بۇجۇرىنچە سوراي-دىغان توختى ئاكىمۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ ماڭا پات-پات كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچ نەرسە دېمەي

باشقىلارنىڭ سۆزىگىلا قولاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

مەن يەنە بىرئاز ئولتۇرۇپ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قاتناشقان گۇڭشې پارتكوم ئەزالىرى يىغىنىدا دوكلات قىلماقچى بولغان قەغەزلىرىمنى سومكامدىن ئالدىم-دە، تىزىمغا يېيىپ يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىشقا تۇتۇندۇم. بۇ ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمدىن پارتىيىگە بېرىدىغان دوكلاتىم بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، چېرتيوژلارغا قارىغان كۆزلىرىمىنىڭ تورلىشىۋاتقىنىنى، قەغەزنى تۇتقان بارماقلىرىمنىڭ بىلىنگۈدەك دەرىجىدە يەڭگىل تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم.

ئىبراھىم شۇجى بىلەن ھامۇت بىرگە كىرىپ كەلدى. مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت گويا "قاراڭلار، مەن كىم بىلەن بىللە كېپتىمەن؟" دېگەندەك بىر خىل نەزەر بىلەن ھەممەيلەننىڭ ئۈستىدىن مەغرۇرانە قاراپ چىقتى، ئاندىن ئىبراھىم بىلەن بىرلىكتە ھەممەيلەننىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشتى. ئۇ ماڭا قولىنى بەرگەندە قولىنىڭ تىترەۋاتقىنىنى، ئىككى زىنىقىدا سارغۇش دائىرە پەيدا بولغىنىنى سېزىپ تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنى بوشلا تۇتۇپ قويۇپ ئېتىبارسىزلىق بىلەن چەتكە قارىدىم.

ئىبراھىم ئاكا ئىككى-ئۈچ مىنۇتتەك ئۇيان، بۇ يانىڭ گەپلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ قۇتلۇققا قاراپ "باشلايلى" ئىشارىتىگە كۆزىنى قىسىپ قويدى. قۇتلۇق:

— توسما قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسى، چېرتيوژلىرى ھەم لازىملىق ماددىي ماتېرىياللار توغرىسىدىكى دوكلات تەييار بوپتۇ. يولداشلىرىمىز بۇنى خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان كۈتۈۋاتقاندى، — دېدى ھەم ماڭا مېھرىبانلارچە بىر قارىۋېلىپ، نەزىرىنى باشقىلارغا يۆتكىدى، —

بۇگۈنكى يىغىلىشىمىزدا بىز يولداش گۇلئايىمنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بىرىدىغان تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىماقچى...

ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىغان چاغدىلا ھەممەيلەننىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەندى.

ئولتۇرغانلار قاتارىدىن پەقەت ئىبراھىم شۇجى بىلەن مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇتلا ماڭا قارىمىدى: ئىبراھىم ئاكا موخۇركا ئوراش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاچقا، قوتىسىدىن نەزىرىنى ئالمىدى. ھامۇت بىردەم تۆگىلۈككە، بىردەم تامغا يېزىلغان شوئارلارغا قاراپ ئولتۇراتتى.

مەن قوتلۇقنىڭ باش ئىشارىتى بىلەن قەغەزلىرىمگە ئېگىلىشتىم. بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا تونۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى مېنى باشلاپ دەريا بويلىرىغا ئاپارغان، بەزىلىرى مەن بىلەن بىرگە يەر كولىغان، بەزىلىرى مەن بىلەن بىرگە يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرگەن بولۇپ، مېنىڭ ئىشنى قانداق باشلىغانلىقىم ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىقىم توغرىسىدا خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا ئەھۋالنى يۈزەلا بايان قىلىپ ئېيتىپ بېرىپلا خەرىتىلىرىمنى قوپال، بۇدۇر - چوقۇر شىرە ئۈستىگە يايدىم.

— مانا بۇ بىرىنچى خەرىتىدە دەريا ۋە ئۇنىڭ قاسنىقىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى كۆرسىتىلگەن، — دەپ باشلىدىم مەن تونۇشتۇرۇشۇمنى.

ماڭا يېقىنراق ئولتۇرغانلار خەرىتىگە ئېگىلىشىپ قاراشتى. نېرىراقتىكىلەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ گادىرماش سىزىقلار ئىچىدىن بىرەر مەنىنى چۈشەنمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراشتى. ئىبراھىم شۇجى بۇ خەرىتىلەر ئۇنىڭغا يىراق بولغانلىقىدىنمۇ ياكى خەرىتىسىزلا ئىزاھات ئاڭلاشنى خالىغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ تاماكە-

سنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ھامان ئالدىدىكى تاماكا قۇتىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان رازىمەنلىك، خۇشاللىق نۇرلىرى يالتىرايتتى.

مەن يېغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنىڭ تامامەن مەندە ئىكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، خېلىلا روھلانغان ھالدا دەريانىڭ قىرغاقلىرىدىكى يەر قاتلىمى بىلەن ئېقىن ئاستىدىكى يەر قاتلىمىنىڭ بەزى ئوخشاشماسلىقلىرىنى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، سۇ ئېقىمىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشلىرىنى ھەم بۇنىڭغا ئۆزەمنىڭ تەھلىلى ئارقىلىق چىقارغان ھۆكۈملىرىمنى قوشۇپ سۆزلەشكە باشلىدىم، ئىككىنچى خەرىتە يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن دەريا ئېقىنىنىڭ ئۈچىنچى دادۆي تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان جاينىڭ باش تەرىپىگىرەك قۇرۇلىدىغان توسمىنىڭ چېرتيوژى ئىدى.

مېنىڭ سۆزلىرىمنى ھەممەيلەن رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، شادلانغانلىقلىرىنى بىلدۈرۇپ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئىبراھىم ئاكا يەنىلا تاماكا قۇتىسىدىن كۆزىنى ئالماي، ئۇنى توختىماي پىرقىرىتىپ ئولتۇراتتى. ئەمما، كۆزلىرىدىكى تەبەسسۇم كۆلكە كۆز چۆرىلىرىگە يەلپۈگۈچتەك قورۇقلارنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى. كۆپچىلىكنىڭ بۇ خىل كەيپىياتى ماڭا يەنىمۇ رىغبەت بولۇپ، مەن تېخىمۇ ھاياجان بىلەن قىرغاقتىن قانچىلىك مىقداردا، ئېقىنىنىڭ ئاستىدىكى جايدىن قانچىلىك مىقداردا توپا قېزىلىشى لازىملىقى، قېزىلغان جاينىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ۋە چېرتيوژدىكى شەكىل سىزىقلارنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتىم.

مەن سۆزدىن توختاپ بېشىمنى كۆتۈرۇپ كۆپچىلىككە قارىدىم،

توختى ئاكا دەرھال قايناقسۇ قۇيۇلغان ھېجرنى ئالدىمغا قويدى. مەن ئۇنىڭدىن ئىككى ئۇتلام ئىچىپ قۇرۇغان گېلىمنى نەملەپ تۇرۇشۇمغا ئىبراھىم ئاكا ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە:

ــ ئەمدى سىز توسمىغا كېتەرلىك ماتېرىياللار توغرىسىدا سۆزلەيسىزغۇ، دەيمەن؟ ــ دەپ سوراپ قالدى.

مەن شۇ ئان بېشىمنى لىڭشىتىپ:

ــ شۇنداق، مەن ئەمدى ماتېرىياللار توغرىسىدا سۆزلىمەكچىدىم، ــ دېدىم، لېكىن لايىھە توغرىسىدا ئۇنىڭ باشقىچە كۆز قاراشلىرى بارمۇ نېمە دېگەندەك خىيال بىلەن، ئۇنىڭ بىرنەرسە دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەمما، ئىبراھىم ئاكا مېنىڭ سۆزلەپ بولغانلىرىم توغرىسىدا ئەمەس، ئەمدى سۆزلىمەكچى بولغانلىرىم توغرىسىدا باشقىچە بىر تەكلىپى بارلىقىنى ئېيتتى:

ــ بىز دېھقان خەق تولاراق ئەمەلىيەتچى كېلىمىز. ئاۋۋال توختىكام ناشتىلىقىمىزنى بېرىۋەتسە، قورساقنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، دەريا بويىغىلا بارمايمىزمۇ؟ ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دەسلەپ ماڭا، ئاندىن باشقىلارغا قاراپ، ــ بىز نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە توسمىنىڭ قەيەرگە قۇرۇلىدىغانلىقى، قانداق قۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاڭلاپ باقساق. چۈنكى، گۈلئايىم باياتىن سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئۇ يەردە يەنە بىر تەكرارلاپ بەرمىسە ئېسىمىزدىنمۇ چىقىپ قالىدۇ. شۇ يەردە پاراڭلاشساق، ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بولسا مۇھاكىمە قىلساق، تېخنىكىۋى مەسىلىلەرگە يولداش گۈلئايىم ئېنىقلىما بەرسە قانداق دەيسىلەر يولداشلار؟

باشقىلار ماڭا قاراپ قويدى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن گويا

بۇ تەكلىپكە مەن بولدۇ ياكى بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بىرىشىم زۆرۈردەك بىر مەنىنى سەزگىلى بولاتتى.

— ئۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدىم مەن راستىنلا خۇشال بولۇپ، — نەق مەيداندا سۆزلىسەم ماڭىمۇ ئوڭاي، يولداشلارنىڭ ئېنىقراق چۈشىنىشىگىمۇ پايدىلىق بولاتتى.

— يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا-ئۆلچەش ئورگانلىرىنىڭ تەستىقىسىزلا دەريا بويىغا بېرىپ "بولدىمۇ، بولدى" قىلىپ بۇ لايىھەنى تەستىقلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەن-دە؟ — دەپ سورىدى ھامۇت ئىبراھىمغا قادىلىپ قاراپ.

— تەستىقلىتىمىز، تېخنىكا-ئۆلچەش ئورگانلىرى كۆزدىن كەچۈرىدۇ، بۇ ئىشلار كېيىنكى باسقۇچقا مەنسۇپ، — دەپ ئىزاھات بەردى ئىبراھىم ئاكا، — بىز ئاۋۋال پارتكوم ئەزالىرى ئىچىدە بۇ لايىھەنى چوڭقۇرراق ۋە ئەتراپلىقراق مۇزاكىرە قىلىپ باقماق بولمايدۇ. شۇنداقمۇ يولداشلار؟

باشقىلارنىڭ بەزىلىرى ئاۋازىنى چىقىرىپ "شۇنداق"، دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى. بەزىلىرى باش ئىشارىتى ئارقىلىق قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— پارتكوم تەستىقلىغان دەپ قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىكەن-دە؟ — دېدى ھامۇت يەنە غودۇڭشىپ. ئۇنىڭ يۈزلىرى ھازىرلا بىرسى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ قالغاندەك قىپقىزىل بولۇپ ئېسىلىپ كەتكەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزى ئانچە ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى.

باشقىچە پىكىر چىقىپ قالامدۇ قانداق، دېگەندەك ئىپادە بىلەن قۇتلۇق كۆپچىلىككە بىر مىنۇتچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھازىر ناشتا قىلىمىز! — دېدى ۋە باشلاپ ئورنىدىن تۇردى.

ھەممەيلەن كۈلۈۋەتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇشتى. توختى ئاكا شۇ ئارىلىقتا چىقىپ كېتىپ بىر تەۋەگدە يېڭى قومۇرۇلغان ئىسسىق كۆممىقوناق زاغرىسىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. يەنە بىر چىقىپ كىرىشىدە بىر دەستە چىنە ۋە چايدان ئېلىپ كىردى.

## 2

ھاۋا ناھايىتى ئۇچۇق بولۇپ، ئاسماندا ئالقانچىلىك بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەمما، سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى ۋە ئۇ يۈز، قوللارغا يىڭنىدەك سانجىلاتتى. قۇياشنىڭ نۇرى كەڭ دالادىكى قار داستىخانلىرى ئۈستىدە چىمىرلاپ ئۇنىڭ ئەكس ئېتىشىدىن قايتقان ئۆچلۈك نۇر كۆزنى چېقىپ قاماشتۇراتتى.

پارتكوم ئەزالىرى ئىككى-ئۈچتىن بۆلۈنۈپ ئۆزئارا نىمىلەرنىدۇ سۆزلەشكەچ توسما قۇرۇلماقچى بولغان دەريا بويىغا كېتىشەۋاتاتتى. يول تارراق بولغانلىقتىن ھەممەيلەن توغرا سەپ بولۇپ ماڭغىلى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ، بۇ يول كېيىن ئېتىزلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ، توسما قۇرۇلماقچى بولغان تەرەپكە توپتوغرا قار كېچىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان پاراڭلارمۇ توختاپ، ھەممەيلەن پۇتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ بىردىن قاتارلىشىپ يۈرۈشكە باشلىدى. توختى ئاكا ھەممىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭ ئىزى بىلەن كېتىۋاتاتتى. مەن ھەممىنىڭ كەينىدە، ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانىدىم. ئۇ توساتتىن قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ماڭا قىيا بۇرۇلدى-دە:

— ئائىلىڭىزنى سېغىندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە يەنە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقاچ ماڭا ئاڭلانغۇدەك ئاۋاز بىلەن سوئالىغا ئىزاھات

بەردى، — سىز ئۆيىڭىزدىن ئايرىلغانغا ئىككى ئايدىن ئاشتىغۇ دەيمەن؟

مەن ئېرىمنى، بالىلىرىمنى سېغىنغىنىمنى يادىمغا كەلتۈردۈم، بەزىدە ئاشۇنداق سېغىنىش تەسىرىدە يۈرىكىم شۇۋۇلداپ، بەدەنلىرىمدە ئۆزەممۇ ئېنىق ئايرىپ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ بىر سېزىمنى بايقايدىغانلىقىمنى ئەسلىدىم. ئۇنىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە راستىنلا ئىككى ئايدىن ئاشقانىدى.

— ھەئە، ئىككى ئايدىن ئاشتى، — جاۋاب بەردىم مەن ئۇنىڭ قارنى غاچىلدىتىپ تاشلاۋاتقان قەدىمىگە ماسلىشىپ ياندىش مېڭىشقا تىرىشىپ، — ھەر ھەپتىسى دېگۈدەك خەت كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەنمۇ يېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. بالىلىرىممۇ سالامەت ئىكەن.

— سەل بوش بولسىڭىز بېرىپ كەلسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى پەسلەپ كەتتى. مەن بىرنەرسىدىن سىقىلىۋاتامدىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. شۇڭا دەرھال:

— مەن مۇشۇنداق ئالدىراش خىزمەت بولۇشىنى، مۇشۇنداق قانغۇدەك بىر ئىشلىۋېلىشنى ناھايىتى ئارزۇ قىلاتتىم، — دېدىم مەن چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ راستىلىق بىلەن، — يۈرىكىمدىكىنى ئېيتسام، ھازىرقى ئىشلىرىم تېخى رەسمىي ئىشنىڭ بىسمىللىسى بولسىمۇ، ماڭا كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. مۇشۇ توسما قۇرۇلۇشى مېنىڭ تۇنجى لايىھىلەپ چىققان ئەمگىكىمنىڭ مېۋىسى. ئوقۇغانلىرىم ئۈچۈن بېرىدىغان ئەمەلىي ئىمتىھانىم بولارمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. نەتىجەم قانداق بولىدۇ، تېخى؟ ئۆيۈمگە كېيىنچىرەك بارساممۇ بولار دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ئىبراھىم ئاكا قانائەتلىنىپ كۈلدى-دە:

— توسما پۇتۇپ بولغاندىغۇ بارارسىز. ئۇنىڭغىچىمۇ بىرىپ كېلىڭ. لايىھە، چېرتيوژلىرىڭىزنى ناھىيىدە يەنە مۇزاكىرە قىلىمىز. تەستىقلىنىشىغا مەن ئىشىنىمەن، تەييارلىق ئىشلىرى پۇتۇپ بولغۇچە بىر قېتىم بىرىپ كەلسىڭىز ۋاقىت يېتىشىدۇ، — دېدى.

توسما قۇرۇلىدۇ، دەپ بېكىتكەن جايغا كېلىپ قالغانلىقتىن، ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. دەريا قىرغىقى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئاقىرىپ ياتاتتى. ئۇ قېلىن قارغا كۆمۈلگەنلىكتىن بالدۇرقىدىن پەسلەپ كەتكەندەك ياكى بىزنى كۆرۈپ مۈكچىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. دەريانىڭ سۈيىمۇ بالدۇرقىدىن ئازلاپ تارتىلىپ قالغاندەك، شۇنداقلا بىر قارىغاندا، ھەتتا ئۇ ئاقماي توختاپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. پەقەت سۈيى ئازلاپ قالغانلىقتىن، قىرغاقتىكى قۇرۇغان چۆپلەرلا توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتى، چۆپلەرنىڭ ئەتراپىدىكى سۇنىڭ سۇس چىمىرلاشلىرى دەريانىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

توختى ئاكا توختاپ ماڭا قارىدى. باشقىلارمۇ كېلىشىۋالغاندەك ماڭا تىكىلدى. بۇ يەر سەل ئېگىزرەك بولۇپ دالدا بولغۇدەك بىرەر توسالغۇ بولمىغانلىقتىن، شامال بەكرەك سوقاتتى ھەم شۇ سەۋەبتىن قاتتىق سوغۇق ئىدى، ھەممىمىز دېگۈدەك شامالغا دۈمبىمىزنى قىلىپ بىر تەرەپكىلا قاراپ تۇرساقمۇ، مەن ئۇلارنىڭ دىققىتى مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىمدا ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— توسما مانا شۇ جايغا قۇرۇلىدۇ، — دېدىم مەن ئالدى تەرەپتىكى دەريانى كۆرسىتىپ.

— قېنى، ئەمدى باياتىن سۆزلىگەنلىرىڭىزنى قىسقىچە تەكرارلاپ باقسىڭىز، — دېدى قۇتلۇق ئاكا.

مەن يەنە ياندۇرمىلاپ تەپسىلىيرەك سۆزلەشكە باشلىدىم. ئىچكى هاياجانىمنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، سوغۇقنىمۇ سەزمەيتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، قولۇمنى چىقىرىپ ئۇ ياق، بۇ ياقلارغا شىلتىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسامىمۇ، يەنىلا قىزىپ، تەرلەۋاتقىنىمنى تۇيۇپ تۇراتتىم. مېنىڭ كۆرسەتكەنلىرىم توسما قورۇلغاندىن كېيىن قېزىلماقچى بولغان ئىككى ئاساسىي غول ئۆستەڭنىڭ ئورنى، توسمىنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتۈن توسۇپ ھەممە سۇنى ئاقتۇرۇۋالغاندىمۇ، بۇ ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقى قاتارلىقلار ئىدى. مېنىڭ قىزغىنلىقىمغا سەۋەبچى بولغان يەنە بىر ئامىل ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ كەيپىياتى ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئەستايىدىل، بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا خۇشال تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى، گويا ئۇلار كەلگۈسىدىكى پۈتكەن ئۆستەڭلەرنى، ئۇنىڭدا ئېقىۋاتقان سۇلارنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېجىيىپ تۇراتتى. ھەتتا ھامۇتمۇ دەسلەپىدە بۇ ئومۇمىي شادلىققا قىزغىن قوشۇلۇپ، كۈلۈمسىرەشلەرگە ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى. بىراق، مېنىڭ سۆزۈم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوچۇق ھاۋادا قار ياغقاندەك تۇساتتىن جىددىيلىشىپ چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈردى.

— مېنىڭچە گۈلئايىمخان بىزگە ئۇچار ئات توغرۇلۇق توقۇلغان چۆچەككە ئوخشايدىغان چىرايلىق بىر ئەپسانىنى ئېيتىپ بەردى. بىز بۇ يەردە چوكا مۇزغا ئايلىنىدىغان ئەلپازدا تۇرۇپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەممىسى بىر ئارزۇ بولۇپ قالىدۇغۇ، دەيمەن، — دېدى ئۇ دەسلەپ ماڭا ھېجىيىشقا تىرىشىمۇ، زەھەردەك قاراپ، كېيىن نەزىرىنى ئىبراھىم ئاكىغا بۇراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇنداق چوڭ تېپىشكى، سەنمىنشىياغا ئوخشىتىلغان

ھەيۋەتلىك تۇسمىنى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى قورۇپ چىقالايدۇ، دەپ ئىشىنىش زىيالىيلارچە خام خىيالغا بېرىلگەن ھەۋەس بولۇپ قالىدۇ.

شۇ تاپتا ھاممۇتنىڭ مەسخىرە قىلىۋاتقىنى يالغۇز مەن بولماستىن، مۇشۇ يەردە تۇرغان كوللىكتىپنىڭ ھەممىسى ئىكەنلىكىنى ھەربىر كىشى ئېنىق بىلەتتى. ئىبراھىم ئاكا قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ باشقىلاردىن ئېگىزرەك بىر جايدا دەرياغا قاراپ ئۈنچىقماي تۇراتتى. ھەممەيلەننىڭ دىققەت نەزىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەندىمۇ ئۇ تۇرقىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. ئۇ شېئىر ئويلاۋاتقاندەك ياكى كەلگۈسى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەت بىلەن ئالدىرىماي، سۆزلەرنى سوزۇپ، ئېنىق قىلىپ ھاممۇتقا جاۋاب بەردى، شۇنداقتىمۇ ۋۇنىڭ سۆزلىرى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئورتاق ئىدى:

— شۇنداق، ھەممىمىز بىر نىيەتتە تىرىشساق، مۇشۇ يەردە تۇرغان پارتكوم ئەزالىرى ئوخشاش كۈڭۈل بىلەن خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلساق، بۇ جايدا ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتىياسى بەرپا بولۇپ قالسا بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟

— تىرىشىش بىلەنلا پۈتەمدۇ؟ قېنى مەبلەغ، قېنى ماتېرىيال؟

ئىبراھىم ئاكا يەنىلا ھاممۇتقا قارىمىدى، ھاممۇتنىڭ سوئاللىسىزمۇ ئۇ ئېيتىپ بەرمەكچى بولغاندەك ئالدىراپ:

— مەبلەغ ۋە ماتېرىيال — ئەشىيا مەسىلىسىدە ناھىيە قاراپ ئولتۇرمايدۇ. بىز ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن ھېلىغىچە مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتىمىز. سىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمگەك كۈچى توغرىسىدا كۆپرەك باش قاتۇرسىلا بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئەمگەك كۈچىنىڭ تولۇق بولۇشىدا سىلەرگىلا قاراپ تۇرماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، مۇھىم نەرسە لايىھە...

ھاموت قاملاشمىغان، سون-ئىيلىكى چىقىپ تۇرغان كۆلكىسى بىلەن ئىبراھىم ئاكىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— بەلكى، كۆلىمى ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز بولغان بىر ئىشلەپ-چىرىش ئىنقىلابىي بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمىز. بۇ ھالدا بارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەر، نۆۋەتتە مۇھىم دەپ ئوتتۇرىغا قويۇ-لۇۋاتقان ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەتلەر بىراقلا بىھىسلىپ كېتىدىغان بوپتۇ-دە؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئاكا تېز بۇرۇلۇپ ھاموتقا زەردە بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ھاموتمۇ بۇنداق ئۆتكۈر تىكىلىشكە چىداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى ئىبراھىم ئاكىدىن يۆتكەپ پوتىنىڭ ئۇچىغا قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى مەسخىرىلىك كۆلكىمۇ غايىب بولدى. مەن شۇ تاپتا ئىبراھىم ئاكىنى ئاچچىق بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ھاموتقا رەددىيە بېرىدۇ، دەپ كۈتكەنىدىم، ئەمما ئۇ مېنىڭ كۈت-كىنىمگە قارشى بىر سېكۇنتتىن كۆپرەك ۋاقىت جىمىپ قېلىپ، ئاندىن كۈلۈپ قويىدى-دە، مۇنداق دېدى:

— سىز يولداش ھاموت سىياسىي جەھەتتىن كۆپرەك چېنىقىسىز بولغۇدەك. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئىكەنلىكى توغرۇلۇق كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. مېنىڭچە، ھەرقانداق شەكىل ۋە ھەرقانداق كۆلەمدىكى سىياسىي ھەرىكەت، ئاممىۋى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرگەنلىكى ياكى ئەكسىچە بولغان-لىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

— توسما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارساق، قۇرۇلۇش كۈرۈشىمىزنىڭ، ناھىيىمىزنىڭ، ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا

ناھايىتى زور پايدا يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ قانداق يامان يېرى بار؟ — دەپ قوشۇلدى قۇتلۇق.

— ئىنىمىز ھامۇت سەل چاپا تارتىپ قالدۇ، شۇ! — دېدى توختى ئاكا تەنە بىلەن.

ئىبراھىم شۇجىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ھامۇتقا قاراپ قويىدى. ھامۇتنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكى چىرايىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، زىناقلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ دومسايدى.

ئۇ ھېچكىم بىلەن خوشلاشماي، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ زەردە بىلەن گۈرسۇلدىتىپ دەسسەپ كېتىپ قالدى. پارتكوم ئەزالىرىدىن بىرەرسىمۇ ئۇنى توۋلاپ توختىتىۋالمىدى، چۈنكى، ئۇنى چاقىرغان بىلەنمۇ پايدىسىز بولۇپ، ھامۇتنىڭ بۇنداق قىلىقى ھەرقانداق يىغىندا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى كۆپچىلىك ئەزالىرىغىمۇ مەلۇملۇق ئىدى. پارتكوم ئەزالىرى ئاپئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن دالىدا ئۇنىڭ قارىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ ئاخىرى چېكىتتەك چوڭلۇقتا يەتكۈچە ئۇنىڭغا چىقماي تۇرىۋەردى. ئاخىر قۇتلۇق شۇجى باشقىلارغا بۇرۇلۇپ:

— مېنىڭچە، بىر ھامۇتتىن باشقا پارتكوم ئەزالىرى بۇ لايىھەگە قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلايمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى توختى ئاكا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككىيلەن تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ باش لىڭشىتتى.

— قوشۇلىمىز، ناھىيىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاپ بېرەيلى، — دېدى يەنە ئۈچ ئاۋاز ئۇلارنىڭ كەينىدىن.

سەل جىملىقتىن كېيىن، ئۈزلىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان

قوتلۇق شۇجىغا ئاخىرقى ئىككىلەن جاۋاب بەردى:
— بىزدە باشقىچە پىكىر يوق، لايىھەدىكى توسما قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلىمىز.
مەن ئۇنچىقماي بۇ يەردە تۇرغان مەندىن باشقا توققۇز كىشىگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم ئاكىدىن باشقا سەككىزى كۆكشىپ پارتكومىغا تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى چىددىي، كۆرۈنۈشى قەتئىي تۈس ئالغانىدى. ئۇلار تەكشى بولمىغان ئېگىز-پەس جايدا قالايمىقان هالدا تۇرۇشقان بولسىمۇ، مېنىڭ كۆزۈمگە ھەممىسى بىر سەپتە رەتلىك تۇرغاندەك، ئۆزىدىن نەچچە ئون باراۋەر ئۇشۇق ساندىكى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغاندەك، ياكى دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا قەسەمياد قىلىشۋاتقان جەڭچىلەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاشۇنداق كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئېگىز بويلۇق، چىرايى قارايغان، كۆز قاراشلىرىدىن ئىرادىسى ۋە قەتئىيەتلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئىبراھىم ئاكىنى بۇ جەڭگىۋار سەپنىڭ قوماندانى دەپ تونۇشقا بولاتتى. مەن شۇ چاغدا ھامۇتنىڭ بايىقى بىمەنە سۆزلىرىنى ئەسلىگىنىمدە، ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ تېشىۋاتقان پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنىمنى سېزىپ تۇراتتىم. مەن ئاشۇنداق بىر جەڭگىۋار توپنىڭ ئەزاسى بولمىساممۇ، ئاشۇ توپنىڭ ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىمنى ئېنىق چۈشىنەتتىم. شۇ سەۋەبتىن ئىككىلەنمەي، قەتئىي ئىرادە بىلەن بۇ جەڭگىۋار سەپكە ئەگەشسەم ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىنى، يېڭىلمەيدىغانلىقىمنى، ئېزىپ كېتىپ قالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ جەڭگىۋار سەپ قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئىلھام، مەدەت

بىر بەرگەنلىكىگە، ئۆگۈشسىزلىكقا ئۇچرىغاندا قولدىن يېتىلەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندىم... مېنىڭ بۇ تاتلىق خىياللىرىمنى ئىبراھىم شۇجىنىڭ سۆزى بۆلۈۋەتتى. مەن يەنە رېئاللىققا ــ دەريا بويىغا ــ توسما قۇرۇلماقچى بولغان جايغا قايتىپ كەلدىم.

ــ گۇڭشې پارتكومى بىرگە قارشى سەككىز ئاۋاز بىلەن يولداش گۈلئايىم ئىشلەپ چىققان لايىھەگە قوشۇلدى.

ــ بىز پارتكومنىڭ بۇ قارارىنى ئىلتىماس تەرىقىسىدە ناھىيىلىك پارتكومغا يوللايمىز، ــ دېدى قۇتلۇق ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ يولداش گۈلئايىمنىڭ لايىھە، چېرتيوژلىرىنىمۇ قوشۇمچە ھۆججەت قىلىپ بىرگە ئەۋەتىپ بېرىمىز.

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭلار، ــ دېدى ئىبراھىم ئاكا قوشۇلۇپ ە ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ، ــ سىز ئەتە چۈشتىن كېيىن ئىدارىڭىزگە بېرىڭ، لايىھىڭىز ئۈستىدە بولىدىغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىسىز، ئىزاھ بېرىسىز.

مەن بېشىمنى ماقۇل ئىشارىتىگە لىڭشىتتىم. ئۆزەممۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئىچكى ھاياجان تەسىرىدىن پۇت ـ قولۇم بوشىشىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى ۋە مەن ئۇ ياشنى سىرتقا چىقارماسلىققا تىرىشىپ باقتىم. بۇرنۇمنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. بۇ ئېھتىمال ھاياتىمدا ئۇچرىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ بىرىسى بولغان ئەمگىكىمنىڭ دەسلەپكى ئۇنۇمىنى كۆرگەنلىكىمدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ تەسىرىدىن بولۇۋاتسا كېرەك.

# 3

يىغىن باشلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرىلا سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئانچە كىچىك بولمىغان يىغىن زالى توشۇپ كەتكەنىدى. كىيىنرەك كىرگەنلەر تام ياقىلاپ قويۇلغان ئورۇندۇقلارغا سىغمىغانلىقتىن، زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىگىلا ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئىشىككە يېقىنراق قويۇلغان توم، چوڭ كانايلىرى زالنىڭ بۇ چېتىدىن نېرىقى تەرىپىگە قەدەر سوزۇلغان مەش شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەنىدىكى، كىشىنىڭ دىمىقى ئىچىشىپ، پېشانىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى تاماكا چەككەنلىكتىن، توروستا قىلىن، قويۇق ئىس قاتلىمى لەيلەپ تۇراتتى.

يىغىن زالىنىڭ ئىشىككە ئۇدۇل تېمى يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى ئۈچۈن ئادەتتىكىدەكلا راسلانغان، ئۇزۇن شىرە، ئۈستىدە ئەينەك ئىستاكان ۋە بىرنەچچە چايدان قويۇلغانىدى. يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى قاتارىدا مەن تونۇيدىغان كىشىلەردىن ئىبراھىم شۇجى بىلەن سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېھىملا بار ئىدى. ئىبراھىم ئاكا ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان يېشى 50 لەرگە بارغان بىر خەنزۇ بىلەن ھەم ئېگىز، ئورۇق، ياشراق يەنە بىر خەنزۇ بىلەن نۆۋەتلىشىپ پاراڭ سېلىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇ خەنزۇ كىشىلەرنى ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىرى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. بېرىسىدا ئولتۇرغان رېھىم جويجاڭ قاپىقىنى سېلىپ، ئۆزىگە سورلۇك تۈس بېرىپ جىمجىت ئولتۇراتتى.

ئاخىر ئىبراھىم ئاكا سائەتكە قارىدى ۋە بۇيۇنداپ رىھىمگە ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— يولداش رىھىم، باشلىساق قانداق؟ — دېدى.

رىھىم جۇيجاڭمۇ سائەتكە قارىدى، قايسىدۇ بىر بۇلۇڭدىكى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرسىنى ئىشارەت قىلدى. ئۇ تەرەپتىن رەيھانىسا ئورنىدىن تۇردى، مەن ئۇنى شۇ تاپتىلا كۆردۈم، ئۇ خېلى بالدۇرلا كەلگەن بولسا كېرەك، يالاڭ چاپان كىيىۋالغانىدى. مەن لايىھە توغرۇلۇق سۆز قىلىشىم مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىبراھىم ئاكىنىڭ كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى ئولتۇرىدىغان شىرەگە يېقىنراق بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىمدىن، رىھىم جۇيجاڭ بىلەن رەيھانىسانىڭ پارىڭىنى ئېنىق ئاڭلىدىم:

— چاقىرىشقا تېگىشلىك بىزنىڭ كىشىلەردىن بەزىسى كۆرۈنمەيدىغۇ رەيھانىسا؟

— ئىشقىلىپ ھەممىسگە خەۋەر قىلدىم، سىزنىڭ ئالاھىدە يوليورۇقىڭىزنى تەپسىلىي يەتكۈزدۈم.

— قارا، ۋاقىت ھېلىمۇ ئون مىنۇت ئېشىپ كەتتى. سەن شەيتانچىغىڭغا مىنگىن-دە، دەرھال بېرىپ ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقىنى "ھايت"، دەۋېتىپ كەل.

— چاي-پاي قويۇپ تۇرۇشنى...

— تېز بول. ئۇسسۇغانلار ئۆزى قويۇپ ئىچىدۇ.

رەيھانىسا يېنىككىنە كۈلۈپ قويۇپ، پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن تولغىنىپ ئۆتۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، رىھىم جۇيجاڭ گېلىنى قىرىپ يۆتەلدى. زالغا تەكشى بىر قارىدى. ئاندىن:

— يولداشلار، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا، —

بۇگۈنكى يىغىندا سۇ قۇرۇلۇشى لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ، مېنىڭچە، بۇگۈنكى يىغىندا سۇ قۇرۇلۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ياكى قانداقتۇر لايىھە ۋە چېرتيوژ دېگەن نېمىلەرنى ئەمەس، بەلكى ھازىرقى پەيتتە بۇ سۇ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسىنى سوغۇققانلىق ۋە جىددىي پوزىتسىيە بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ئىنقىلابنى تاشلاپ قويۇپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنىلا تەكىتلەش مەركەزنىڭ روھىغا زىت، يولداشلار. سىنىپىي دۈشمەنلەر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ قۇتراۋاتقان ئەھۋالدا، ئىنقىلابنى قانداقمۇ تاشلاپ قويغىلى بولسۇن! بۇ ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە زىت كەلمەمدۇ؟! ئاۋۋال مۇشۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم، يولداشلار. ئەگەر خالىساڭلار، بەزى مۇھىم ماقالىلەر بار، ئاۋۋال شۇ ماقالىلەرنى ئوقۇپ ئۆتسەك، قانداق دەيسىلەر؟

ئۇنىڭ بۇ مۇقاملىرى يىغىن ئەھلىگە تاسادىپ تۇيۇلدىمۇ، نېمە، زالدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى:

— يىغىن ئۇقتۇرۇشىدا توسما قۇرۇلۇشى لايىھىسى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، دېيىلگەنىدىغۇ!...

— ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشمۇ ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ئەمەسمىكەن!...

زالدا گۇدۇڭلاش، غۇدۇراش ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، كىمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ غۇلغۇلىنى ئاخىر يەنە رېھىم جۇيجاڭنىڭ ئۆزى باستى:

— يولداشلار تىنچ! تىنچلىنىڭلار دەيمەن! — دەپ شىرەنى

مۇشتلىدى، — بىر - بىردىن سۆزلەڭلەر!
— ئانداق بولسا، يىغىننىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە، توسما قۇرۇلۇ-
شىنى مۇھاكىمە قىلايلى. لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ جۈيجاڭ، —
دەپ توۋلىدى ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغانلاردىن بىرى.
— نېمانچە قۇتراتقۇلۇق قىلىسىز؟ — رىھىم جۈيجاڭ ئاۋاز چىققان
تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. ئاندىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ،
يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەشكە كىرىشتى، — لايىھەگە
ئەجەب قىزىقىپ قاپسىلەر، بۇنىڭ قانداق لايىھە ئىكەنلىكىنى،
قانداق بىر ۋەزىيەتتە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقىنى نېمىشقا
ئويلىمايسىلەر...
مەن رىھىمنىڭ غەزەپلىك چىرايىغا، ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن
تۇرۇپ، يىغىن ماۋزۇسىنى بۇراپ سۆزلەۋاتقان ئەلپازىغا قاراپ،
لايىھە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ بۇ يەردىمۇ ئاسان ئەمەس-
لىكىنى، گۇڭشې پارتكومىدا مۇزاكىرە قىلىنغاندىن قىيىنراق بولىدى-
غانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم - دە، ئىبراھىم ئاكىغا قارىدىم.
شۇجى بەستىنى سەل بۇراپ رىھىمگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ رىھىمگە
گويا ئۇنى ئەمدى تونۇجى كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل نەزەر بىلەن
تىكىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغانلارمۇ
تەرجىمانىڭ ياردىمى بىلەن رىھىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى،
قىياپىتىدىن ھەيران بولغانلىقى ئوچۇق بىلىنىپ تۇراتتى.
شۇ تاپتا رىھىم جۈيجاڭ دەريا توسمىسى قۇرۇلۇشىنى بىر تىسىنغا
ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئىسپاتلاشلىرىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇ سۇ
قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئومۇمىي
يۆنىلىشكە قارشى مۇقام توۋلىغانلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى،

ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىسراپچىلىق بولىدىغانلىقىنى، تېخنىكا جەھەتتە ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. گېزىتلەرنىڭ قايسىبىر ماقالىلىرىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ۋە ئۇ ماقالە روھىغا قارىغاندا ھازىرقى شارائىت ۋە ۋەزىيەتتە سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش جەزمەن نىشاندىن ئادىشىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلاتتى. ئۇ زالدىكى كەيپىياتنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەيىبنى توپتوغرا ئىبراھىم ئاكىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى.

— بۇ قانداق مۇھاكىمە يىغىنى؟ — دەپ رېھىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى دېرىزە ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان بىر ئوتتۇرا ياشلىق كىشى، — پارتىيىۋىلىك پرىنسىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى دېگەن نۇقتا بولۇشى كېرەكمۇ، يوق؟ سىز، يولداش رېھىم، ھە دەپ كىشىلەرنى ئەيىبلەيسىزۇ، پۈتۈن بىر يىغىننى ئۆز خاھىشىڭىزنى تەشۋىق قىلىشقا بۇرۇۋالسىڭىز بولامدۇ؟ مەن بۇنداق بولۇشىنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايمەن، — سۆزلىگەن كىشى ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، مەن ئۇنى بۇرۇن كۆرمىگەنلىكىمدىن قايسى ئىدارىنىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلۈمدە ياقتۇرۇپ قالدىم، — سۇ قۇرۇلۇشىغا ئائىت لايىھە بولغانلىقتىن مۇھاكىمە يىغىنى سىزنىڭ ئىدارىڭىزنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېچىلىشى، بۇ سىز بىر شەخسنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىڭىزنىڭ چېكى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ياكى سىزدىمۇ پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشى، دېموكراتىك ئىستىل بولسۇن، دەپ تەلەپ قويغىلى بولامدۇ؟

— مەندە پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشى يوقمىكەن؟ — دەپ ھۇرپەيدى رېھىم ئاچچىقى بىلەن چالۋاقاپ، — يولداش ئىبراھىمنىڭ سېمىق

زىيالىيلارنى ئېتىبارلاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھېچ يەردە ئۆتمەيدىغان ئەبجەق لايىھىسىنى يىغىنىغا ئەكەلسە، بۇ پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشى بولىدىكەن ـ دە؟ ھەتتا ئۇ بۇرژۇئا زىيالىيسىنى گۇڭشې پارتكومىنىڭ يىغىنىغا سۆرەپ كىرىپ، نامدا ئىزاھاتنامە بېرىدۇ دېگەن قالپاق بىلەن بېزەپ، ئەمەلىيەتتە ماقۇللاش ئاۋازىنى كۆپەيتىۋالسا، بۇ پارتىيىۋىلىك كۆز قارىشى بولىدىكەن ـ دە؟

— سىز پۈتۈنلەي يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى قۇتلۇق ئاكا رەددىيە بېرىپ، — گۇڭشې پارتكومىنىڭ يىغىنى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭىز تامامەن ئىغۋا...

— قىسقىسى، مەن زوراۋانلىقنىڭ دەستىدىن جاق تويدۇم، — دەپ شىرەگە مۇشتلىدى رېھىم، — ماڭا پەقەت يۇقىرىغا نارازىلىق ئەرزى بېرىشتىن باشقا چارە يوق. مەن بۇنداق يىغىنىغا قارشى تۇرىمەن...

— يولداش رېھىم، سىز پارتىيە ئەزاسى، نىزامنامە بويىچە ئۆز پىكىرلىرىڭىزدە قېلىشقا، پىكرىڭىزنى مەركىزىي كومىتېتقىچە بېرىشكە ھوقۇقلۇقسىز. لېكىن مەسىلىنى تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇش، نىشانىنى بۇراش، تۆھمەت چاپلاش بىلەن ھەل قىلىمەن دېسىڭىز بۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ. مەن يولداش گۇلنايىمغا ئۆزەم ئۈچۈن خۇسۇسىي تۆگمەن ياكى ئېرىق لايىھەلەتكىنىم يوق. خەلق پايدىلىنىدىغان ئىنشائات ئىكەن، ئۇنى مۇھاكىمە قىلىمىز. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ھەم ۋىلايەتلىك ئۆلچەش ـ لايىھەلەش ئورگانلىرىدىن كەلگەن خادىملار چېرتيوژنى كۆرۈش، تەستىقلاش ئۈچۈن ساقلاۋاتىدۇ. سىز قاتنىشىشنى خالىمىسىڭىز، بىز يىغىننى ئېچىۋېرىمىز.

ئىبراھىم ئاكىنىڭ سۆزلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنى تەسىرلەندۈر-
گەنلىكتىن، ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. ئۇنىڭ بىلەن
شۇمشىيىپ ئولتۇرغان رىھىمنى سىلىشتۇرغاندا، ھەققەتىنىڭ، كۆچىنىڭ
ئەمەلىي غەلىبىسىنى تولىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، مەنمۇ خۇشال
بولۇپ قالدىم.

شۇنداق قىلىپ يىغىن ئېچىلدى. رىھىم بۇنداق يىغىنغا قارشى
تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، يىغىنغا يەنە قاتناشتى. يىغىندا ئۇ
يىغىنغا قاتنىشىپ ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىگە "توسقۇن" بولىدىغان
بۇنداق توسما قۇرۇلۇشنىڭ خەتەرلىك تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈپ-
بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھېچكىمگە دېگۇدەك ئالاھىدە تەسىر بېرەل-
مىدى، ھەتتا مېنىڭ نەزىرىمدىمۇ رىھىم يىغىنغا قاتناشماسلىقى مۇمكىن
ئەمەس، ئۇنىڭ قاتنىشىشى يىغىننى بۇزۇش، قاتناشمايمەن، دەۋىلە-
شى پوپوزىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

يىغىن قىزغىن تالاش-تارتىش بىلەن ئىككى كۈن ئېچىلدى.
رىھىم قاتارلىق ئۈچ-تۆت كىشى ۋاقىتنىڭ ئۆچىتىن بىرىنى ئىگەل-
لىۋېلىپ، ئۇ توختىسا بۇ، بۇ توختىسا ئۇ سۆزلەپمۇ ھېچ نەرسە
چىقىرالمىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئېچىدىمۇ ئىدىيىۋى بىرلىككە،
ھېسسىي ئورتاقلىققا ئىگە قۇدرەتلىك بىر كۈچ بارلىقى ئوچۇق
بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ كۈچ گەپنى كۆپ قىلمىغان بىلەن سالماقلىق
قىلاتتى، داغدۇغىلىق شوئارلارنى ئۆز ئىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە
ئۆلچەم قىلمايتتى. ئەكسىچە، ھالقىلىق مەسىلىلەرگە دادىل تۇرۇپ
كۆز قاراشلىرىنى قىسقا، ئېنىق قويۇشاتتى. ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ
سالمىقىنى ئۆزىنىڭ دەرىجىسى، مەنسىپىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەمەس،

ئومۇمىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن باھا-
لايتتى. بۇ كۈچ، سالماقلىقىغا ئاساسەن ئىشەنچ بىلەن ئىشلەيتتى ۋە
سۆزلەيتتى، شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلاتتى.
كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايتتى.

رېھىم قاتارلىقلارنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ سۆزلەشلىرى، قىزىرىپ،
بوغۇلۇپ ئۆپكىدەشلىرى، قايسىبىر گېزىت ماقالىلىرىنىڭ يادىدا قالغان
ئابزاسلىرىنى ۋارقىراپ دەلىل كەلتۈرۈشلىرى ئۇلارنىڭ ھەقلىق
ئىكەنلىكىنى، ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا كۆپايە
قىلمىدى. زالدىكى يىغىن قاتناشچىلىرى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەن-
لىكىنى، ئۇلارغا مەيلى سىياسىي جەھەتتىن ياكى تېخنىكا جەھەتتىن
چۈشەندۈرۈپ كۆپلەپ ساۋات بېرەلەيدىغان قۇربەتكە ئىگە ئىكەن-
لىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

دۇرۇس، ناھىيە، ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ۋىلايەتلىك
ئۆلچەش ـ لايىھەلەش ئورۇنلىرىدىن كەلگەن تېخنىكلار، مۇتەخەس-
سىسلەر مېنىڭ لايىھەمنى، چېرتيوژلىرىمنى ھەم لازىملىق ماتېرىياللار
توغرىسىدىكى ئىزاھنامىلىرىمنى تولۇق، مۇكەممەل دەپ ھېسابلىمى-
دى. ئۇنىڭغا بەزى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، تولۇقلاش زۆرۈرىيىتى
بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشتى. يىغىن ئاخىرىدىكى قاراردا ئارمىيە
دېھقانچىلىق مەيدانى ھەم ناھىيىدىن ئۈچ نەپەر تېخنىك ئاجرىتىپ
لايىھە ـ چېرتيوژلارنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلاشقا ياردەملەش-
تۈرۈش بەلگىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئاجايىپ خۇشال
قىلاتتى. قاراردا يەنە مېنىڭ ئىشلىگەن لايىھەمگە ئاساسەن توسما
قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، توسما قۇرۇلۇشى ئىش ئورنى
قوماندانلىق پونكىتى تەشكىللىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھىيىلىك

پارتكومغا ئىلتىماس قىلىش كۆرستىلگەندى.

رېھىم جۈيجاڭ قاتارلىق كىشىلەر ئامالسىزلىقتىن قوشۇلدى ۋە مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا كۆرستىلدى. ئۇ بۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى، بىرنەچچە قېتىم دېمىغىنى قېقىپ قويۇپ بارماقلىرىنى قاراسلىتىپ ئولتۇرۇۋەردى.

تېخنىكا يېتەكچىلىكى جەھەتتىن بىر ئىنژېنېرلار گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان چاغدا، كۆپچىلىك يىغىن ئەھلى مېنى باش ئىنژېنېر قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشتى. مېنىڭ ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىلىشلىرىم پايدىسىز ئۇرۇنۇش بولۇپ قېلىۋەردى.

ئىككى قېتىملىق يىغىن ماڭا ھەممە مەسىلەر ئۈستىدىكى چېكىنىشنىڭ ئەسلى نېگىزىنى چۈشەندۈرگەندەك ئىدى. ئەمما، مەن بۇنىچۋالا مۇرەككەپ بولماسلىقى كېرەك بولغان ئىشنىڭ مۇنچۋالا تەسلىكتە ماقۇللىنىشىنى تۆت تۇك-تۇك ئادەمنىڭ ئىش بىلمەسلىكىدىنلا كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. مەسىلە چوڭ ئەمەس، غەرەز چوڭ ئىدى.

# توققۇزىنچى باب

## تۇسما قورۇلۇشى تېپتىنچ پۈتۈرمىدى؟

### 1

شۇ كۈنى، 1976 ـ يىل باھار بايرىمى ئاخىرلاشقان، كىشىنىڭ يادىدا ئاسان قېپقالىدىغان بىر كۈن ئىدى.

شۇ كۈنى مېنىڭ 31 يىللىق ھاياتىمدا كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈن ئىدى.

شۇ كۈنى مەن ھايات تەرىپىدىن مۇكاپات ئالغان، ئۆزەمنىڭ ئەجرى ئۈچۈن كۆتكىنىمدىن ئارتۇق سوۋغات ئالغان بىر كۈن ئىدى...

باھار بايرىمىنى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۆيۈمگە قايتىپ بېرىپ ئېرىم، باللىرىم ۋە بۇرۇن بىرگە ئوقۇغان، كېيىنچە بىللە چېنىققان ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەندىم. مېنىڭ ئىشلىگەن لايىھەم بويىچە تۇسما قورۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھازىر پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىگە يېيىلىپ كەتكەن خەۋەر بولغاچقا، دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىگىمۇ ئاللىبۇرۇن ئاڭلىنىپ بولغانىكەن. مەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ تېخى ئۆيۈمگە بارماي تۇرۇپلا يول بويى بىرمۇنچە تونۇش ـ بىلىشلەرگە ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەھبىري خادىملار بولۇپ، مەندىن:

— ھە، گۈلئايىم، ناھىيىگە بېرىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرى-
دىغان كەشپىياتلارنى ئىختىرا قىلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق،
راستمۇ؟— دەپ سورايتتى.

بەزىلىرى:

— ناھىيىدىكى رەھبەرلەر سىزنى دەپ ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ بىر-بىرىنى يوڭۇزلىشىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق، سىڭگەن نىبىنسىڭىزنى يەپ، خوتۇن كىشىلىكىڭىزنى قىلسىڭىز بولماسمىدى؟— دەيتتى.

يەنە بەزىلەر:

— بۇ توسمىغا ئىشلەش ئۈچۈن مەيدانىمىزغىمۇ ئادەم ۋە ماشىنا بېرىش بۇيرۇلۇپتۇ، بۇنىڭ بىزگىمۇ پايدىسى بارمۇ ياكى ئاۋارىچىلىقىنى بىز تارتىپ، مەنپەئىتىنى خەق كۆرىدىغان ئىشمۇ؟— دەپ قىزىقاتتى.

سېپتىراق گەپ قىلغانلارغا مەنمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب بېرەتتىم. ئۇلاردىن تاشقىرى ئىشچىلار ئارىسىدىنمۇ ئۇچرىغان كىشىلەر مەندىن ھال سوراشتى ۋە تەبرىكلەشتى. ئەلۋەتتە، ياپتا گەپ بىلەن قارشى ئالغانلارمۇ خېلى بار ئىدى:

— ئەتىگەندىكى دولقۇن، كەچتىكى سەكرەش ئاز كېلىپ قېلىپ، ناھىيە خەلقى كۆپ ئارام ئېلىپ كەتتى، غەمخورلۇق قىلىپ قوياي دەپسىز-دە؟— دەيتتى بەزىلەر يۈزى كۈلگەندەك تۇرغىنى بىلەن كۆزىدە نارازىلىقنى ئىپادىلەپ،— بۇ ئىختىراڭىز ئۈچۈن ئاپىرىن ئوقۇيمىز...

مەن بۇنداق سۆزلەرنى غەلىتە ھېسابلىمىدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى ماڭا چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇلار بىھۇدە، ئورۇنسىز، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ سۇ قۇرۇلۇشلىرىغا، يول ئېلىش، ئېتىز

سالالاشتۇرۇشلارغا قاتنىشۇپ‌ىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن، ئۇمىدسىز-
لىك ئىچىگە بويىنغىچە چۆكۈپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىم قىلىنماقچى
بولغان قۇرۇلۇش، مۇشۇ چاققىچە قىلىنغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ
ھەرقاندىقىدىن زامانىۋى ئىدى. ئۇ چىدامىلىق، پايدىسى كۆپ
ئىدى. بۇندىن كېيىن ھەر قىشلىقى قىلىنىدىغان ۋاقىتلىق سۇ
قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېغىر ئەمگىكىدىن كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرىدىغان
ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. مەن بۇلار توغرىسىدا ھەممەيلەنگە
بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ بولالايمەنمۇ؟

مەيداندىكى ئۆيۈمگە بارغاندىمۇ بىرمۇنچە كىشىلەر مېنى تەبرىك-
لىدى ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەشتى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ قارارى
بويىچە دېھقانچىلىق مەيدانىدىمۇ بىر بۆلۈك دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى
ۋە ماشىنا، تراكتورلار توسما قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىغا بېرىشى
لازىم ئىدى، بۇ ئىشقا ئاجرىتىلغانلارمۇ ئالايىتەن مېنى يوقلاپ كېلىپ
بىر يەردە ئىشلەيدىغانلىقىغا خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.
شۇڭا، مېنىڭ ئائىلەمدە ئۆتكۈزگەن ئۈچ كۈنلۈك ۋاقتىم بىر
كۈنچىلىكمۇ بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

قايتىش ھارپىسىدا بىزنىڭ ئۆيگە ساۋاقداشلىرىم يەنە جەم بولۇپ
ئولتۇرۇش قىلىشتى. بۇ قېتىمقى ئولتۇرۇش مەن دەسلەپ مەيداندىن
ئۇزايدىغان چاغدىكى ئولتۇرۇشقا ئوخشايتتى. دوستلار خۇشال بەزمە
تۈزۈپ ھاراق ئىچىشتى، ناخشا ئېيتىشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى،
تانا قىلىشتى، قىزلاردىن خالىدە بىلەن زىننەت ئۆزلىرىنىڭ
ياشلىقىنى ئەسلەپ يىغلاشتى. ئەمما، پۈتۈن كەيپىيات ئالدىنقى
قېتىمدىكىدەك روھسىز، ئۈمىدسىزلىك بىلەن بولغانىدى. ھەتتا ئۆمەر
يىغلىغان قىزلارنى تانىسىغا تارتىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تۇردى.

ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ھەممەيلەن ماڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلەشتى.
مامۇت ئاتايىتەن سۆز قىلىپ:

— سىز بىز زىيالىي ياشلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىلىم-پەن خادىملىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ قويۇڭ. سىزنىڭ نەتىجەڭىز بىر ئۆزىڭىزگىلا مەنسۇپ بولۇشتىن ھالقىپ، بىزگىمۇ، بىزگە ئوخشاش تاشلىنىپ كېتىۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭمۇ قابىلىيىتى بارلىقىغا ئىسپات بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئۈمىدلەر بىلەن، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ۋە قولۇم-قوشنىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ يەنە ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى يەنە بىرنەچچە كۈن ئوشۇق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، قايتىپ كېتىش پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم. نېمىشقىدۇ قايتىپ كەتمىسەم بولمايدىغاندەك، مېنى تولىمۇ كۈچلۈك بىر ئېلېمېنت دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ناھىيە تەرەپكە تارتىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

چۈنكى، شۇ كۈنى دەريادىكى توسما قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلىنىدىغان كۈن ئىدى.

كىشىنىڭ ھاياتىدا شادلىق بىلەن قايغۇ كۆپ ھاللاردا بىلىنىپ-بىلىنمەي دېگۈدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ. چوڭ خۇشاللىق بىلەن بەكرەك تەسىر قىلىدىغان قايغۇ-ئەلەملا شۇنداق بولۇپ قالماي، بىر قاردىماققا تەسىرسىز كۆرۈنىدىغان ئۇششاق شادلىق بىلەن قايغۇلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. شادلىق ئارقىسىدىن تۈيدۇرۇپ-تۈيدۇرماي خاپىلىق كېلىدىغان، بەزىدە خۇشاللىق خاپىلىققا ۋە يەنە بەزىدە خاپىلىق خۇشاللىققا ئورۇن بېرىپ تۇرىدىغان، بەزىدە باشلاپ كېلىدىغان، بەزىدە بىر-بىرىگە سەۋەبچى بولىدىغان ئىشلار پات-

پات بولۇپ تۇردۇ. شۇ كېيىنكى ئىككى يېرىم ئايلىق ھاياتىمدا
ئەنە شۇنداق ھاللار پات-پات تەكرارلىنىپ تۇردى. لېكىن، مەن
پەيدىنپەي ئۆزەمدە يېتىشۋاتقان بىر خىل يېڭى مىجەزنى پايىقاشقا
ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشكە باشلىغانىدىم، ئۇ بولسىمۇ، بەزىلەر مېنى
ئەتەي خاپا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىشتى. بۇنداق كىشىلەر مېنى ئىش
قىلدۇرماسلىق، ئىشتىن ۋازكەچكۈزۈشكە ئۇرۇناتتى، مۇشۇ ئۇرۇنۇش-
لىرى بىلەن ئۆزىگىمۇ خۇشاللىق تېپىش كويىدا ھەرىكەت قىلىشاتتى.
مەن بۇلارنى سېزىپ تۇراتتىم. لېكىن، مەندە ئۆزەم يېڭىشكە
قۇربىم يەتمەيدىغان، ۋازكېچىشكە، چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىشكە كۈچۈم
يېتىشمەيدىغان بولۇپ كۆرۈنىدىغان بىر ئارزۇ بار ئىدى. بۇ ئارزۇ
ھەمىشە ماڭا: "سەن سۇ ئىشلىرى ساھەسىدە ئىگەللىگەن بىلىمىڭگە
يارىشا بىرەر پايدىلىق ئىش قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. بۇ ئىش خەلققە
كۆپرەك مەنپەئەت بېرەلىسە، بۇ ساڭا خۇشاللىق، شادلىق بېغىشلى-
ماسمىدى؟" دەپ سوراۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇقۇش جەريانىدا نى-نى
ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ پىراقىدا يېنىپ، تۈنەپ يۈرگەنلىرىمنى يادىمغا
ئالسام، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ ئارزۇلار ئارزۇ پېتىدىلا
قالدى. ئىستەكلەر ئىس-تۈتەككە ئوخشاش باش ئۈستۈمدە لەيلەپ
يۈرۈپ تاراپ كەتكەندەكلا بولدى. ئۇزۇن يىللارنى، ئېنىق ئېيتقان-
دا، بىھۇدە ئۆتكۈزگەندەك بولدۇم. دۇرۇس، بۇنداق بىھۇدە ئۆت-
كۈزۈش پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىمچىلا بولغىنى يوق. مېنىڭ بۇنداق
لەتىجىدىن ئازاپلانغىنىم، مۇڭلانغىنىم، ئىچىم پۇشقىنىمۇ راست.
ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن گۇڭشې پارتكومى ماڭا مەدەت بەردى.
مېنى ئۆز قابىلىيىتىمنى ئىشقا سېلىش يولىغا باشلاپ قويىدى. گويا،
مەن بىر جاڭگاللىقتا، قېلىن چاتقاللار ئارىسىدا نەگە بېرىشنى،

قانداق مېڭىشنى بىلمەي قالغاندەك، پارتكوم بولسا يېقىنلا جايدا
تۇرۇپ "مانا بۇ ياقتا سەن ماڭىدىغان يول بارغۇ"، دېگەندەك
بولدى. مەن شۇ چاغدا كۆزى ئېتىلىپ قالغان بۇلاق قايتىدىن
بۇلدۇقلاپ ئېتىلغاندەك، ھېلىقى ئارمانلىرىمنىڭ قايتىدىن باش
كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەمما بۇنى غۇۋا، گىرىمسەن ئويلى-
شىم تازا مۇۋاپىق بولمىغاندەك، مۇكەممەل بولمىغاندەك تۇيۇلغىلى
تۇردى. مەن خۇددى تاڭ سەھەردىكى قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ
نۇرلىرىنى كۆرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش، ئارزۇ- ئارمانلىرىمنىڭ ئىشقا
ئېشىش پەيتى كەلگەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرگەن بولسام، غۇۋا پەرەز
قىلماي ئوچۇق سەزگەن بولسام، ئەڭ مۇۋاپىق ۋە مۇكەممەل
بولىدىكەن. ئەنە شۇ كىچىككىنە ئۆتكەل يەنى تۇيغۇدىكى ئالمىشىش-
نىڭ ئاسان پايقىغىلى بولمايدىغان زەررىلىرى مېنى ھامۇتتىن،
رېھىمدىن رەنجىشكە ئاپارغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىش ئۆزەم ئۈچۈن
كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى.

مېنى شادلاندۇرغان يەنە بىر ئىش شۇ بولدىكى، مەن ئۆيۈمگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر چاغلاردىكى غەزەپلىنىپ تۇساتتىن
مۇڭلىنىپ يۈرىدىغان، بەزىدە قۇتراپ، بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ
ئاھ- ئۇھ چېكىدىغان ھېلىقى دوستلىرىمنى ۋە ساۋاقداشلىرىمنى
كۆرەلمىدىم. مېنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى لايىھىلەش بىلەن شۇغۇللانغانلى-
قىم، بۇ ئىشنىڭ پارتكوم تەرىپىدىن قوللاپ- قۇۋۋەتلەنگەنلىكى ۋە
ئاخىردا تەستىقلانغانلىقى، بولۇپمۇ قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ باش ئىنژې-
نېرلىقىغا تەيىنلىنىشىم ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىز ھالەتلىرىنى داۋالغۇتۇۋەت-
كەن. ئۇلار تىرىشىپ ئىشلىسىلا قىلغان ئەجىر- ئەقىدىسىنىڭ يەردە
قالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇلار ئۆز ئىچىدىن، شۇ قاتاردا

ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل غەيرەت ـ شىجائەتىنى كۆرۈشكەن،
ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىغا ئىشەنچ بىلەن كۆز
تىكىشكەنىدى.

ئىنسان روھىدا ھەمىشە ئاشۇنداق تۈيغۇ ئالمىشىشى بولۇپ
تۇرىدۇ. كىشىنىڭ ئەمەلىي كۈچ ـ قۇددىرىتى چەكلىك بولغانلىقتىن،
ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۆز قۇۋۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە شۇ قۇۋۋىتى
يار بېرىدىغان دائىرە ئىچىگە تەسەۋۋۇر ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. بۇنداق
ئۇرۇقتىن ئۈنۈپ چىقىدىغان مايسا ۋە شۇ مايسىنىڭ بېرىشى مۇمكىن
بولغان ھوسۇلى توغرىسىدىكى مۆلچەرمۇ ئەمەلىيەتتە دەسلەپكى
تەپەككۇرنى ئۆلچەم قىلىدۇ. مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم، بىللە ئىشلىگەن
دوستلىرىم بىلەنمۇ خۇددى شۇنداق بولغانىدى. ئۇلار بىر چاغلاردا
ئۆزىنى تاشلاندۇق، كېرەكسىز دەپ ھېس قىلغانلىقلىرىدىن، ئۇلار-
نىڭ ئەمەلىي ئىش ئۈنۈمىمۇ، تەبىئىكى، ئاشۇ ھېسسىياتنىڭ مەھسۇ-
لاتى بولغانىدى. ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا ئورنەك ئەمەس. شۇنداق-
تىمۇ، مېنىڭ قىلغان ئازغىنا ئىشلىرىم ئۇلارنىمۇ خۇشال قىلغان،
ئۇلارمۇ ئاز ـ تولا ئىش قىلسا توغرا يولدا ماڭغانلىق بولىدىغانلى-
قىنى سەزگەنىدى. ھېلىقى بىر چاغلاردا ئۈمىدسىزلىك ئۈچقۇنلىرىنى
يۇيۇپ ئۆچۈرۈۋېتىشكە كۈچى يەتمىگەن ياشلار بىلەن نەملەنگەن
كۆزلەردىن ئەمدىلىكتە خۇشاللىق، شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈ-
ۋېتىشكە كۈچى يەتمەيدىغان ياشلار تۆكۈلگەن. مېنىڭ ئۆزەمگە
ئۇنچىۋالا ئالاھىدە بىلىنىپ كەتمىگەن بىرمەزگىللىك ھايا؛ مۇساپەم
بۇ دوستلارغا خېلى زور مەزمۇنلارغا تولغان قىزىقارلىق كىتاب
تەسىراتىنى بەرگەن، ئۇلار ئاشۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ماڭا يۇز
تۇرانە ئېيتىپ بەرگىنىدە، مەنمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم ۋە شادلانغان-

غانلىقىمدىن كۆزۈمنىڭ چاناقلىرىغا توشۇپ كەتكەن ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدىم. مېنىڭ كىچىككىنە ئەمەلىيىتىمدىن بىرمۇن- چىلىغان زىيالىي ياشلار ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان دوست- يارلار پارتىيىنىڭ ھەمىشە بىزگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى، بىزنى تەربىيە- لەپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇلار مەندىن ھەممىنى ئېيتىپ بېرىشنى، ئۇلاردىن ئايرىم ياشىغان چاغلىرىمدىكى سەرگۈزەشت- لىرىمنى، ئويلىغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشتى، ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغان-بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشتى. مەن كۆڭلۈمدە بار خۇشاللىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىم. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ، ئاساسىي قاتلامدىكى دېھقان كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياردىمىنى تەپسىلىي سوزلەپ بەردىم. لېكىن سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى- نىڭ باشلىقى رېھىم بىلەن گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھامۇت بىلەن بولغان توقۇنۇشلار ھەققىدە، ئۇلارنىڭ مېنى خاپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشلى- رى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېمىدىم. بۇلارنى ئېيتىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنىمۇ ئېنىق چۈشىنىپ تۇراتتىمكى، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە رەنجىتىلىۋاتقانلار، خاپىلىق تارتىۋاتقان- لار يالغۇز مەن ۋە مېنىڭ ساۋاقداش دوستلىرىملا ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ سائادىتىمىز ئۈچۈن تەر تۆككەن، قان ئاققۇزغان سانسىز پېشقەدەملەرمۇ رەنجىتىلىۋاتاتتى ۋە ئۇرۇنسىز، زورمۇزور خاپىلىق تارتىۋاتاتتى. بىراق ئۇلار قاقشاپ ئولتۇرماي ئىشلە- ۋاتاتتى، ئۇنچىقماي، ئۆزىنى نامايىش قىلماي يەنىلا خەلق ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ۋەتەنگە ئەجرىنى بەرمەكتە ئىدى. ئۇلار رەنجىگىنىنى، خاپا بولغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرمەيتتى. بەلكى، ئۆزلىرىنىڭ توغرى- لىقىنى ئەمەلىي ئىشى بىلەن ئىسپاتلىماقتا ئىدى...

مەندە ئەنە شۇنداق ھېسسيات خېلىلا مۇستەھكەم تىكلەنگەن ۋە ئۇ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يىلتىز تارتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپ-مۇھىت بۇرۇنقىدىن باشقىچە كۆرۈنەتتى. مۇبادا ئاشۇنداق بولمىغان بولسا، ناھىيە بازىرىغا بېرىپلا كۆرگەن ئالامەتلەردىن پېيىم سىرقىراپ، ئەقلىم تۇتۇقلاشقان بولار ئىدى.

بۈگۈن توسما قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلانغان كۈن ئىدى. ناھىيە بازىرىدا ھەرقانداق ۋاقىتتا قارىغاندىمۇ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولاتتى: ئاساسي كوچىلارنىڭ تاملىرىغا "قاتتىق تىرىشىپ ئىشلەپ توسما قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى"، "ھەممەيلەن بىر نىيەتتە ئاتلىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى" دېگەندەك پلاكاتلار چاپلانغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە-جەمئىيەت ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ توسما قۇرۇلۇشى مەيدانىغا سەپەرۋەر قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئاشۇ پلاكاتلارنىڭ مەزمۇنىغا قارىمۇ قارشى ھالدا "'ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى'نىڭ مەھسۇلاتى بولغان سوتسىيالىزمنى توسىدىغان توسمنى پاچاقلاپ تاشلايلى"، "ئەجنەبىلەرچە زامانىۋىلىشىشنىڭ چاپارمەنلىرىنى تەختتىن چۈشۈرەيلى" دېگەندەك شوئارلارمۇ چاپلانغانىدى.

مەن ئولتۇرۇپ كەلگەن تراكتور ماي قاچىلىۋېلىش ئۈچۈن توختىدى ۋە تراكتورچى مېنىڭ كۈتۈپ تۇرۇشۇمنى ئېيتىپ قويۇپ ماي ئىسكىلاتىغا كەتتى. شۇ چاغدا مەن دوقمۇشتىكى تامغا چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ بېشىدىكى ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ توختاپ

قالدىم. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتكە «بۇرژۇئازىيىنىڭ سېسىق مائارىپ ئۇرىكىدىن چىققان گۈلتايىم قانداق مال؟» دەپ سەرلەۋھە قويۇلغانىدى. چوڭ خەتلىك گېزىت يوغان سەككىز پارچە قەغەزگە ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن سىغدۇرۇلۇپ يېزىلغان خەتلەر بىلەن تولغانىدى. ئادەتتە، بۇ دوقمۇش كىشىلەر كۆپرەك توپلىنىدىغان بىر جاي ئىدى، ئەمما، ھازىر ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭ يۈرىكىم ئېغىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى ۋە تېز-تېز ئوقۇشقا باشلىدىم، مەن ئۇ خەتلەرنى ئوقۇغانسېرى يۈرىكىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىرلىقنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇشقا باشلىدىم. ئاخىرىغا يەتكەنسېرى بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت ھېچنېمە ئەمەستەك كۆرۈنۈپ، ئوقۇپ تۈگەتكەن چېغىمدا ئەسلىدىكى ھالىمغا كېلىپ قالدىم. چۈنكى، بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتتە ماڭا مەلۇم بولمىغان يېڭىلىقلار يوق ئىدى. ئۇ ماڭا بۇرۇندىن تونۇش بولغان تىل-ھاقارەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشلا بولۇپ، قايتا-قايتىلاپ ئېغىزغا ئېلىنغان يامان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى پەقەت مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىم، بۇ ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىن توسما قۇرۇلۇشىنى لايىھەلىگىنىمدىنلا ئىبارەت ئىدى.

مەن چوڭ خەتلىك گېزىتتىن كۆزۈمنى ئالغىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇچۇمەل بىر خىل ھېسسىيات قاپلاۋاتقىنىنى سەزدىم. مەن مۇشۇنداق تىل-ھاقارەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە كىم بىرەر پايدىلىق ئىش قىلاي دېسە شۇنىڭ قەستىدە يۈرۈپ ئىزىنى پايلايدىغان كىشىلەرنىڭ نېمىگە ئېرىششى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. ئۇز چۈشەنچەم بويىچە چىقىرالايدىغان خۇلاسەم شۇ بىرلا ئىدى: ھەممە كىشى

ئىشلىمەسلىكى، يېتىپ يېيىشى كېرەكمۇ؟ توسما قۇرۇلسا، بۇ، بۇنداق ئادەملەرگە قانداق زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن؟ ئېتىز- ئېرىقلارغا مول سۇ ئېقىپ بارسا، مەھسۇلات ئاشسا، خەلق باياشاد تۇرمۇش كەچۈرسە، بۇ، دۆلەتكىمۇ، كوللېكتىپقىمۇ ۋە شەخسلەرگىمۇ پايدا كەلتۈرىدىغۇ؟...

شۇ ئارىدا بىرسى يېڭىمىدىن تارتتى. مەن چۆچۈپ بۇرۇلۇپ قاراپ قاچان كەلگەنلىكى مەلۇم بولمىغان تراكتورچىنى كۆردۈم. ئۇ كېلىپ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى ئوقۇغان بولسا كېرەك، چىرايىدا مەسخىرىلىك كۈلكە ئەكس ئېتەتتى.

— بۇ ئەسكى پالاسقا نېمانچە ئۇزاق قاراپ كېتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنى قېشىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — يۇرۇڭ قۇرۇلۇش مەيدانىغا بارايلى.

— كۆرمەمسىز، يەنىلا شۇ تىل-ھاقارەت...، — مەن ئىززا تارتقاندەك يېقىمسىز تەسىراتتىن ئەيمىنىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.

— بۇ بىرنېمىلەر ھەمىشە ئاشۇنداق تەتۈر تۇقۇناقلىق قىلىدۇ، ئۆزىچە، "سېسىق زىيالىيلار كەمبەغەل-تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قان-تەرىنى شوراپ ياتىدۇ،" دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. مانا ئەمدى بىر ئوبدان ئىش قىلىشىۋاتسائىلار، "كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرىمەن دەپ بەك ئىشلەپ كەتتى"، دەپ كاكىرىشىپتۇ، — ئۇ يەڭگىل ھەرىكەت بىلەن ئىرغىپلا تراكتور كابىنكىسىغا چىقىۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — بۇنداق ئادەملەر ئۈچۈن نېمە قىلساڭمۇ توغرا ئەمەس...

مەن كۈلۈۋەتتىم ھەم ئۇنىڭ كەينىدىن كابىنكىغا چىقتىم.

## 2

توسما قۇرۇلۇشى بولۇۋاتقان جاي نېرىدىن قارىغاندا ھەر خىل رەڭلىك دولقۇن بىلەن تەۋرىنىۋاتقان كەڭ كۆلنىڭ يۈزىدەك سۈس تەۋرىنەتتى. يېقىنلاشقانسېرى ساناقسىز ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز قىمىرلىشى بىلەن توشقان ئىش مەيدانى ئىككىنلىكنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. تېخىمۇ يېقىنلاپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن چاغدىلا ھەقىقىي قىزغىن مەنزىرە كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەيران قالارلىق تۇس ئالاتتى. بۇ يەردىكى كۈلكە-چاقچاقلار، ناخشا سادالىرى، "ھە-ھۇ" ئاۋازلىرى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، ھەممە ئادەم كۈلۈۋاتقاندەك، ھەممەيلەن ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك تەسىرات قالدۇراتتى. بۇلارنىڭ ئۈستىگە قول ھارۋىلىرىنىڭ غىچىرلىشى، كەتمەن-گۈرجەكلەرنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ كەتكەندە چىقارغان جاراق-جۇرۇقلىرى ۋە توك يەرنى چاناۋاتقان جوتۇلارنىڭ گۈپ-گۈپلىرى زادى توختىمايدىغاندەك، بېسىقمايدىغاندەك بىلىنەتتى. مانا بۇ توسما قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدىكى ئەمگەك مەنزىرىسى ئىدى.

ئەمگەك قوشۇنى كېلىشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى باشلانغان تەييارلىق ئىشلىرىمۇ ئەمدى ئۆزىنى كۆرسىتىپ رول ئويناشقا باشلىغانىدى. ناھىيىدىكى خىزمەت ئۆتەش تارماقلىرىنىڭ كۆچمە دۇكانلىرى تىجارىتىنى باشلىغان، ۋاقىتلىق يېمەك-ئىچمەك تەنزىلىرىدىن ھور چىقىپ تۇرغان، شۇ قاتاردا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئاق خالاتلىق خادىملىرى كىرىپ بەلگىلىك سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشەتتى.

ئېگىز قادالغان ياغاچلارغا بېكىتىلگەن رادىئو كانايلىرى ئىش ئۇنۇمىنى، سۈرئىتىنى توختىماي مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. ناھىيىدىكى ئىدارىلەر ۋە گوڭشېلاردىكى داۋىيلەر ئىچىدە ياخشى ئىشلەۋاتقان كوللېكتىپ ھەم شەخسلەر تەقدىرلىنىپ تۇراتتى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋاقتى-ۋاقتى بىلەن كۆرسىتىلىپ تۇراتتى. ئارىلاپ ناخشا ياكى مۇزىكىلار بېرىلەتتى.

ئومۇمەن، ئەمگەك مەيدانىنىڭ ئۆزى بىر خۇشاللىق، كۈلكە دۇنياسى ئىدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن كەلگەن ئىشچىلار، گوڭشېلارنىڭ ھەرقايسى داۋىيلىرىدىن كەلگەن گوڭشې ئەزالىرى گەرچە ئايرىم-ئايرىم بۆلۈپ بېرىلگەن چامدا ئىشلەۋاتسىمۇ، كۆپ ھاللاردا، ئارىلىشىپمۇ كېتەتتى. قېزىلغان توپىلارنى توشۇپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان يوللاردا قىستىلىپ كەتكەن قول ھارۋا ھايدىغۇچىلارنىڭ "پوش-پوش"لىرىمۇ كۈلكە بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. نەدىدۇ بىر جايلاردا ئىش ئارىلىقىدىكى ئارام ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سورۇن تۈزۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلار ياكى ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ چاۋاكلىرى، تەنتەنىلىرى بەزىدە كەتمەن-گۈرجەك، جوتۇلارنىڭ شىغىل قېزىۋاتقاندىكى جاراڭ-جۇرۇڭلىرىنى بېسىپ كەتسە، بەزىدە بېسىلىپ قالاتتى.

قىسقىسى ئىش تەرتىپلىك، بەلگىلىمىگە مۇۋاپىق، تېز ۋە ئۈنۈملۈك داۋام قىلىۋاتاتتى:

مېنىڭ ۋەزىپەم قوماندانلىق شتابى، دەپ ياسالغان بىر بېزەنت چېدىرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ياردەمچى ئىنژېنېرلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە تېگىشلىك تېخنىكىۋى كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ تۇرۇش

ئىدى. ئەمما ئىش تەقسىم قىلىشنىڭ تەشكىللىك بولۇشى، توسما فۇندامېنتىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى قېزىلغان توپا-شېغىللارنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنىشى توغرىسىدا ئالدىنئالا ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنچىۋالا كۆپ دوكلات قىلىش ھەم قايتا چۈشەندۈرۈپ، توختىماي ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتى كۆپ بولمىدى. شۇڭا تولاراق ۋاقتىمنى ئىش ئورنىدا ئۆتكۈزەتتىم.

بۈگۈنمۇ ئىككى سائەتكە يېقىن ۋاقىتتا چېرتيوژلارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ياردەمچىلىرىمنى كۈتتۈم. ئۇلار كەلمىگەنلىكتىن، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، سىرتقا چىقتىم. چېدىرنىڭ سول تەرىپىدىن ئىككى مېتىرچە نېرىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىققا ئېسىلغان قازاندىكى قايناقسۇغا چاي سېلىۋاتقان ياش يىگىتكە:

— ئادىل، مەن شىبەن تاش توشۇۋاتقانلار تەرەپكە بېرىپ كېلەي، لازىم بولۇپ قالسام شۇ تەرەپتىن ئىزدەرسىز، — دېدىم.

ئادىل ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ خەۋەرچىسى بولۇپ، يېشى تېخى 20گە بارمىغان، ئېگىز بويلۇق، ئاق سېرىق، ياداڭغۇ بىر يىگىت ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ۋاقىتلىق ئاشپەز، تېلېفون نۆۋەتچىسى بولۇپ ئىشلەشكە كەلگەنىدى. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. گېپىم ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەندەك ياكى راستىنلا چاقىرىش كېرەك بولۇپ قالسا ئۆزى ئۈچۈن ئۇشۇقچە ئاۋارىگەرچىلىك بولىدىغاندەك بىر خىل ھالەتنى نامايان قىلدى. ئەمما، جاۋاب قايتۇرغىنىدا بولسا ئىككىنچى بىر خىل ئىپادىنى بىلدۈردى:

— سىز باش ئىنژېنېر. مۇشۇ چېدىر ئەتراپىدىن يىراققا كەتمەسلىكىڭىز لازىم ئىكەن؛ ئىبراھىم شۇجى ماڭا شۇنداق تاپشۇرغانىدى.

— ئەتراپىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چىدىرغا يېقىنمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ مەسۇم چىرايىغا مەسلىكىم كېلىپ قاراپ، — ھەممەيلەن ئىشلەۋاتسا مەن ئولتۇرۇپ زېرىكىدىكەنمەن.

ئۇ مېنى توسۇپ قالغۇدەك سۆز تاپالمىغانلىقىغا ئۆكۈنگەندەك سەل تۇردى – دە:

— مەن سىزگە تازا قول بالىسى قىلىپ بىر چاي دەملەپ بېرەي دەپ تەرەددۇت قىلىۋاتاتتىم، — دېدى.

مەن كۈلدۈم – دە:

— رەھمەت ئۇكام، چېيىڭىزنى كېلىپ ئىچەي، بەك ھايال بولمايمەن، — دېدىم.

ئۇ يېرىمنى تاشلاپ قالغىنىنى سىقىمداپ تۇرغان چاينى يادىدىن چىقارغاندەك تۇرۇپ قالدى. مەن قارلاردىن تازىلانغان، دەسسىلىۋېرىپ شىلىپلاپ قالغان تار يول بىلەن مېڭىپ دەرياغا چۈشتۈم.

بۇ تەرەپتىكى چام گۈڭشې ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەندى. چۈنكى، قىرغاق تەرەپ سۈيى ئاز، سېغىزلىق بولۇپ چاپماقمۇ، تۇپىسىنى يۆتكىمەكمۇ ئاسان ئىدى. بۇ تەرەپكە نېمە سەۋەبتىن گۈڭشې ئەزالىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى. گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ رېزىنكە ئۆتۈكى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ قول تراكتورلىرىمۇ يوق ئىدى. قېزىلغان تۇپىنى ئەرلەر زەمبىل بىلەن، ئاياللار قاپلار بىلەن قىرغاققا توشۇيتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىنلاشقانسېرى توپا قاتلىمى ئاستىدىن شېغىل چىقاتتى ۋە قېزىش قىيىنلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ كۆپ ئىدى. بۇ يەرگە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چامى بۆلۈنگەنىدى، شۇ تاپتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ توپا قېزىش – ئىتتىرىش تراكتورى قېزىپ ھەم ئىتتىرىپ قۇم – شېغىل-

لارنى سۈسىز بوشلۇقتا دۈۋىلەيتتى. دۈۋىلەنگەن بۇ قۇم-شېغىل-لارنى ناھىيە ئىدارىلىرى تەۋەسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قول تراكتورلىرى، رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىلىرى بىلەن قىرغاقتىن يىراققا توشۇيتتى.

ئىش ئورنىغا كىرگەندىن كېيىنلا قۇلىقىمغا بىر ئايالنىڭ ناھايىتى جاراڭلىق ناخشىسى ئاڭلاندى:

يەردە مۇزلار، كۆكتە قار،
دىلدا يالقۇن-ئوت يانار.
ئۈشىندە قاپ لىق توپا،
قولدا جوتۇ توك يارار.
ئىشلەك ئىشقى بار باللا...

ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويدى. مەن قىزىقىشىمدىن ئاشۇ ناخشا ۋە كۈلكە چىققان تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدىم.

كۆكشى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا بۆلۈپ بېرىلگەن چامنىڭ ئايرىلىدىغان جايىغا يېقىن بىر يەرگە ئېسىلغان چوڭ قازاننىڭ ئال-دىدا ماڭا مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇتنى كۆرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ، يېڭى سويۇلغان مالنىڭ بولسا كېرەك، قېنى قاچىسىغان ئىككى بۆرەك بىلەن يوغان بىر پارچە جىگەرنىڭ پارچىلىرىنى ھۆل يۇلغۇن چىۋى-قىغا ئۆتكۈزۈپ ئوتقا قاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سەل نېرىسىدىراق چوڭ تاختاينى ئەمبەل قىلىپ ئۈستىدە چامغۇر توغراۋاتقان كېرىم بوۋاي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى.

هامۇت مېنى كۆردى ـ دە، كاۋپىنى ئايلاندۇرۇشنى توختىتىپ يېقىمسىز ھىجايدى:

— ھە، ئىنژېنېر خانىم، تۆۋەنگە چۈشۈپ كۆزدىن كەچۈرۈۋاتامسىز؟ كېلىڭ، ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوت سۇنۇۋېلىڭ.

مەن ئۇنىڭ مەسخىرىسىگە جاۋاب بەرمەي، ماڭا قاراپمۇ قويمىغان كېرىم بوۋايغا چاقچاق قىلدىم:

— كېرىم ئاكا، سىز قازىنىڭىزنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاينىتىۋېتەي دەپسىز ـ دە؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، تۈتۈلغان چىرايىدا زورلانغان كۈلكە ئالامەتلىرى كۆرۈندى.

— كەل قىزىم، سالامەت تۇرامسەن؟ — دەپ سالاملاشتى ئۇ مەن بىلەن ۋە ئۆزى ئولتۇرغان كونا ئۆچكە تېرىسىنىڭ بىر تەرىپىنى بوشىتىپ داۋام قىلدى، — سۇنى سەن باشقۇرۇپ بېرىدىغانلا بولساڭ، سۇ ئۈستىدە لەيلىتىپ يۈرۈپ قازان قاينىتالايمەن.

ئۇ نېمىشقىدۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان هامۇتقا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. هامۇت بۇ چاغدا كاۋاپنى پىشتى ھېسابلاپ كالپۇكلىرىغا قارا كۈيە يۇققىنىنىمۇ سەزمەي مالاچلىتىپ چايناشقا باشلىغانىدى. مەن بوۋايدىن سالامەتلىكى، تۇرمۇشى، ئوغۇل ۋە كېلىنلىرى ھەققىدە سوراشتۇردۇم.

— ياخشى بولۇپ كېتەرمىز قىزىم، — دېدى بوۋاي چامغۇر توغراشتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، — مانا بۇ جاھىل دەريا بۇ يىل بىزگە تولۇق سۇ بېرىشكە باشلىسا، بىرمۇنچە بىنەم ئېچىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ دېگىنە؟ مەن شال تېرىشقا تەييارلىق قىلىپ قويۇش توغرىسىدا توختىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ قويدۇم. كۆزدە كەلسەڭ مېنى سەۋزە

توغراۋاتقان هالدا كۆرۈپمۇ قالارسەن، دەپ ئۈمىدلىنىمەن.

مەن كۈلۈۋەتتىم. بوۋاينىڭ ئۈمىد بىلەن توشقان چاقچىقىغا بىرنەرسە دەي دېگۈچە مۇئاۋىن مۇدىر هامۇت لوقما تاشلىدى:

— گۈلئايىمدەك سۇ ئىلاهى پىلان قۇرۇپ بەرسە، چامغۇرنى سەۋزە دەپ ئاتاشقىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ زەهەرلىك قاراپ، — لېكىن مەن ئالدىنئالا ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، بۇ توسما پۈتكەن هالەتتىمۇ بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىكى هەر يىلدا كېلىدىغان كەلكۈن بىلەن هېچ نەرسىسى قالماي ۋەيران بولىدۇ. كەمبەغەل- تۆۋەن ئوتتۇرا دېهقانلارنىڭ قان- تەرىدىن ياسالغان بۇ توسما چامغۇرمۇ تېرىيالمايدىغان قىلىپ قويامدۇ، تېخى! شۇ چاغدا بىزنىڭ مەشهۇر ئىنژېنېر گۈلئايىمخان توغرۇلۇق ئېيتقان هۆكمىمىز توغرا بولۇپ ئىسپاتلىنىدۇ.

— لىللا سۆزلەۋاتىسىز مۇدىر، — دەپ ئاچچىق كۈلدى كېرىم بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئادەم سىياقىدىكى كەلكۈن ئاي-كۈن دەپ ئايرىماي، سۇيى توسالغان دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ قازاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئىككىنچى ئايدىمۇ بىزنى چامغۇردىن مەهرۇم قىلىۋاتامدۇ؟

بوۋاي سۆزلەۋاتقۇچە هامۇتقا قادىلىپ قارىغانىدى. سۆز توختاپ ئاخىرقى بىر بۇردا جىگىرى قالغان يۇلغۇن چۇۋىقىنى ئاغزىغا ئاپارغان هامۇتنىڭ قولى ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ بوۋايغا غەزەپ بىلەن هومىيىپ قارىغىنىدا، بوۋاي يەنە ئۆزىنىڭ مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتىم، بوۋاينىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى پەملەپ بولغان هامۇت ئاچچىق بىلەن هۆرپىيىپ يۇلغۇن چۇۋىقىنى شىلتاپ تۇرۇپ:

— ھەي قىتىغۇر تېرى، كەلگۈن دەپ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋات-
سەن؟ — دەپ دوق قىلدى.

كېرىم بوۋاي كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— كىمنى بولاتتى؟ ئەلۋەتتە سىزنى مۇدىر، — دېدى ئۇ نەش-
تەردەك قادىلىپ قاراپ، — بۇ يەرگە سىزدىن باشقا كەلگۈن كەلگىنى
يوق. "ھاۋا سوغۇق، تېزغىنچە سۇدا ئىشلەۋاتىمىز"، دەپ توختى
بىر قوي سويغانىدى. قىمىرلىماي تۇرۇپ مۇشۇكنىڭ كالىلىسىدەك
زەللە ئالدىڭىز، يەنە شۇنچىلىكنى ئۇكلەپ يەپ تۈگەتتىڭىز. كەچ
بولغۇچە بۇ چامغۇر تۇرامدۇ، قانداق؟ دەپ غەم قىلىپ تېزرەك
توغرىۋېتەي دەۋاتامدىمەن؟

3

مەن ئىبراھىم ۋە قۇتلۇق ئاكىلار بىلەن شىبەن تاشلار دۆۋىلە-
نىۋاتقان نېرىقى قىرغاققا چىقىپ ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ يېنىدا
ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئاجرىتىلىپ بېرىلگەن مېنىڭ ياردەم-
چىم ئىنژېنېر گولىياك بىلەن مەن تونۇمايدىغان يەنە بىر خەنزۇ
يولداشمۇ تۇراتتى. ئۇلار بىرنەرسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بولسا
كېرەك، مەن يېقىنلاشقاندىن كېيىن سۆزدىن توختاپ قېلىشتى. مەن
ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر سالاملىشىپ كۆرۈشتۈم. نۆۋەت ناتونۇش
خەنزۇ يولداشقا كەلگەندە، ئىبراھىم ئاكا ئۇنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ:

— بۇ كىشى مەيدان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش
جېڭ ياۋخۇەن بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ پاكار بويلۇق، ۋىجىك كىشى ئىدى. گۆشى قاچقان ئىنچكە
بارماقلىق ئالقىنى بىلەن مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ مېنى

تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاندىن ۋىجىكلىكىگە قارىماي، سەل
مۆكچەيگەن قەددىنى كەينىگىرەك تارتىپ ئىبراھىم ئاكا تەرەپكە
بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن بىرەر نەرسىگە ئالدىراۋاتقان-
لىقى، سۆزىنى ئىتتىك ئېيتىۋېلىش تەقەززاسى چىقىپ تۇراتتى.

— ماشىنىلىرىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرەۋاتە-
مەن، — دېدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى
ئەسلىدىن گەپ قىلسا شۇنداق لەۋلىرى تىترەمتى ياكى ھازىر
راستىنلا ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەلمەيتتى، — كۆرۈپ
تۇرۇپسىزكى، بىزنىڭ زىممىمىزدىكى ۋەزىپىمىز ئاياغلاشتى، سېمونت-
نىمۇ توشۇپ بولدۇق. فۇندامېنتقا لازىملىق شېبەن تاش توشۇشقا
ياردەملىشىۋاتىمىز.

— ئىسراپ بولمايدۇ يولداش لاۋجېڭ، — دېدى ئىبراھىم
ئاكا كۈلۈپ، — شېبەن تاشلار توشۇلۇپ تۈگىگىچىلىك توپا قېزىشمۇ
ئاخىرلىشىپ قالىدۇ.

— ئەتە كەچكىچە توپا قېزىش پۈتۈنلەي ئاياغلىشىدۇ، —
قوشۇمچە قىلدى قۇتلۇق، — قالدى-قاتتى ئىشلار كېچىككەندىمۇ
ئۆگۈنلۈككە تۈگەيدۇ.

— ناھىيە تەرەپتىن يۆتكەلدىغان پولات چىۋىقلار توشۇلۇپ
بولالامدۇ؟ — دەپ سورىدى لاۋجېڭ ئالدىراپ.

— سىلەرنىڭ ماشىنىلىرىڭلار تاش توشۇشقا ياردەملەشكەندىن
كېيىن، بىز قاتناش كۈچىنى ئەلۋەتتە پولات چىۋىق يۆتكەشكە
ئىشلىتەلەيمىز، — ئىبراھىم ئاكا خاتىرجەم، تەمكىن ھەم كەيپى
چاغ كۆرۈنەتتى، — سىز لاۋجېڭ، ئەۋەتىدىغان بېتون قورۇلۇش
ئەترىتىڭىزنى سەپەرۋەر قىلىۋېرىڭ.

— سەپەرۋەر قىلىش قىيىن ئىش ئەمەس، — دېدى لاۋجېك كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەر ماسلىشىپ بېرەلمىسەڭلار ئىسراپچىلىق بولۇپ قالمسۇن دەۋاتىمەن. مانا، مەسىلەن، بىزنىڭ ماشىنىلار...

ھەممەيلەن كۈلۈۋەتتى. ئىبراھىم ئاكا ئالدىراپ:

— ماشىنىلىرىڭىز بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىدىغۇ؟ — دېدى شىبەن تاشلار توشۇلۇۋاتقان تەرەپنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — سىز ئىش سۈرئىتىگە ماسلاشقان ھالدا سېمونت توشۇشنى ئورۇنلاشتۇرسىڭىز بوپتىكەن.

— ئۇنداقتا، ماشىنىلار قايتىشىدا يۆتكەپ بولۇنغان سېمونتنى ئېلىپ قايتسۇنمۇ؟

— ئىسراپچىلىق بولۇشتىن قورقمىسىڭىز ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولىدۇ، — ئىبراھىم ئاكا كۈلۈپ قويدى، — مەيلى بولمىسا، مەن ناھىيىگە قايتىپ پولات چىۋىق توشۇش ئىشىنى تەكشۈرۈپ باقاي، — ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ بۇيرۇدى، — فۇندامېنتنىڭ توپىسى قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، تېخنىكا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى ئەستايىدىللىق تەكشۈرۈڭلار. كېيىن يەنە قايتا ئىشلەش بولۇپ يۈرمىسۇن!

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدۇم. ئىبراھىم ئاكا ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. لاۋجېكمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بىز بىلەن خوشلىشىپ شىبەن تاش چۈشۈرۈۋاتقان ماشىنا-تراكتورلار تەرەپكە كەتتى.

مەن ياردەمچىم گو لياڭغا:

— ئىبراھىم شۇجىنىڭ سۆزىدە داۋلى بار. ئىدارە ۋە گۇڭشېلار بۆلۈپ بېرىلگەن چامنى تېز تۈگىتىش ئۈچۈن چوڭقۇرلۇقى ۋە

كەڭلىكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقى بىلەن كارى بولمايدىغان بىخەستەلىك چىقىپ قالماسلىقىغا ھېزى بولساق بولغۇدەك، — دېدىم. گو لياڭ كۈلۈپ قويۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەنلەر قايتىدىغان چاغدا ملىلىمېتىر ھېسابى بويىچە ئۆلچەپ تاپشۇرۇۋالىمەن، — دېدى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشلەۋاتقان تەرەپكە بېرىپ ئارىلاپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

— گۆڭشىي ئەزالىرىدىن غەم قىلماڭ، — دېدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تووۋلاپ قۇتلۇق ئاكا، — ئۇلارنىڭ چامغا مەن ئۆزەم كېپىل!

پەستە — سۇيى ئەگىتىۋېتىلگەن قۇرۇق دەريا ئوتتۇرىسىدا دولقۇنلانغان دېڭىز سۈيىدەك ساناقسىز ئەمگەك قوشۇنىنىڭ ئىشى داۋام قىلىنىۋاتاتتى. بۇ يەردىن تۇرۇپ ھېچكىمنى تونۇغىلى بولمايتتى. لېكىن ئادەملەر توپى تېنىمسىز تەۋرىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاق كۆكۈش رەڭ ئىس تۈۋرۈكلىرى مەلۇم بوشلۇققا بارغاندىن كېيىن تاماكا تۈتۈنىدەك سۇس يېيىلاتتى ۋە يېنىك شامالغا ئەگىشىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇچە تارقىلىپ تۈزۈپ كېتەتتى. توپا قېزىۋاتقان، توپا توشۇۋاتقان تراكتورلارنىڭ ئاۋازى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ غۇۋا سادا چىقىراتتى. بۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى قوشۇلۇپ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ئاۋاز پەيدا قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇدامېنت قېزىلىش ئىشىنىڭ ئەتە كەچقۇرۇنلۇققىچە ئاياغلىشىشى تامامەن مۇمكىن ئىكەنلىكىنى سېزىشكە بولاتتى.

— نېمىدېگەن زور كۈچ بۇ-ھە؟ — دېدىم مەن ئۆزەمگە سۆزلىگەندەك بوش ئاۋاز بىلەن.

بىراق، بۇ سۆزۈمنى يېنىمدا تۇرغان قۇتلۇق شۇجى ئاڭلىغان بولسا كېرەك:

— شۇنداق، خەلق ئاممىسى سەپەرۋەر قىلىنسا، ھەقىقەتەن زور كۈچ بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. بىز ئۆز ۋاقتىدا بۇ كۈچنى ئىشلىتىشنى بىلسەك، مانا شۇ ئاجايىپ قۇرۇلۇشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز، — دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كۆڭلۈمدە بولسا: "بىر ئىنژېنېرنىڭ مەسئۇلىيىتى نەقەدەر مۇھىم-ھە؟ — دەپ ئويلايتتىم، — ئاشۇنچىۋالا زور كۈچنى ئىسراپ قىلماسلىق، جايىدا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم..."

قۇتلۇق ئاكىمۇ خېلىغىچە ئۈنچىقمىدى. كېيىن جەينىكىمگە ...ش تېگىپ قويۇپ مېڭىش ئىستىكىنى بىلدۈردى. بىز شېبەن تاش ...ۇشۇرۇۋاتقان ئىش ئورنىغا كېتىۋاتقان چاغدىلا ئۇ مۇلاھىزە قىلغان... دەك سۆزلەشكە كىرىشتى:

— سىزنىڭ ئىشىڭىز ناھايىتى مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەت كۆلئايىم. ناھىيىلىك پارتكوم لايىھىڭىزنى تەستىقلىغاندىن كېيىن بىر سەپەرۋەر قىلىنغاندى، قارىڭا شۇنچىۋالا زور قوشۇن ھەرىكەتكە كەلدى. پارتىيىمىزگە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشىنىشى، ھۆرمەت قىلىشى پارتىيىمىزنىڭ ئۇلارغا بەخت-سائادەت يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنى باشلىيالىشىمىز ئاسانغا توختىغىنى يوق. بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. بۇ ئىشنى قوللىغۇچىلار ۋە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ ئەك ئاۋۋال پارتىيىمىزنىڭ ئىچىدىكى بەزى يولداشلاردا، بولۇپمۇ رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەۋاتقان يولداشلاردا سادىر بولدى. قوشۇلماسلىق بەزىدە تونۇش مەسە-

لىسى، بىرمەزگىللىك چۈشەنچە مەسىلىسى بولۇپمۇ كۆرۈندۇ، بىراق قارشى تۇرۇشچۇ؟ بۇنىسى باشقا گەپ. قارشى تۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىشلارغا قارشى تۇرۇش بۇ ئۆزىنى ھالاك قىلىش، ئۆزىنى خەلقتىن ئايرىۋە-تىپ يېتىم، يەككە قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. پارتىيىمىز ئىچىدە ئاز ساندىكى ناباپ ئادەملەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن كارى يوق. باشقىلار ئاچ-توق قالسىمۇ قالسۇن، ئۆزەم ئوبدان ياشىسام بولدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار پارتىيىدىن كۆڭلۈك ياكى جۇۋا ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. يامغۇر ياغقاندا، سوغۇقتا توڭغاندا ئىشلىتىۋالماقچى، ئۆزىنى ئاسراش ئۈچۈن پايدىلانماقچى بولىدۇ، ھاۋا ئىللىسىچۇ؟ ئۇلار دەرھال ھەممىنى تاشلىۋېتىشكە تەييار...

— پارتىيە قارارلىرىغا قارشى مەۋقەدە تۇرۇپمۇ پارتىيە ئەزاسىمەن دەپ ئويلىماسلىق كېرەك ئىدى...

— توغرا، — قۇۋۋەتلىدى قۇتلۇق ئاكا، — لېكىن ئۇنداقلار پارتىيىنىڭ ئۆزلىرىگە لازىملىق قارار چىقىرىشىنى كۈتىدۇ. ئۆزلىرىگە كېرەكلىك قارار چىقىرىلغاندا، پارتىيىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ئورنىدا كۆرىدۇ...

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا باياتىن كۆرگەن مەنزىرە يېيىلدى، ئۇنىڭغا يەنە يېڭى كۆرۈنۈشلەر قوشۇلدى: ئەنە، بىر تەرەپتە چامغۇر توغرالغان ئوماچ ئىچىپ كۈلۈپ ئولتۇرغان ئەر-ئايال كوممۇنىست ئەزالىرى. ئۇلار ئىشتىن چۈشكەن، لېكىن، يەنە ئىشلەش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا گەۋدىسى كىچىك، كىچىكلىكى قوڭغۇزچىلىك كېلىدىغان ھاموت پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئولتۇ-رىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزى چوڭ ياماقتا. بارغانسېرى يوغىناپ گەۋدىسى-

دىنمۇ چوڭىيىپ كەتتى. بۇ ئىغىز بۇردا-بۇردا كاۋاپ پارچىلىرىنى ئاغزىغا سېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ نارازى بولغان كۆزلىرى چەكچىيىپ قاپاقلىرى سېلىنىپ چۈشمەكتە، بارا-بارا بۇ قاپاقلىرى كۆز، بۇرۇنلىرىدىنمۇ ئارتىلىپ ساڭگىلاپ كاۋاپ تىقىلىپ يۇمۇلماي قالغان، قارا-قورا كۆيىلەر يېپىشقان كالپۇكلىرىنى پۈتۈنلەي يېپىۋالدى...

مەن چۆچۈپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئۇنداق كۆرۈنۈشنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىغىم يوق ئىدى.

— پارتىيىگە كىرىشنى باشقىلارغا راھەت-پاراغەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن دەپ تونۇماي، ئۆزى كۆپرەك ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن دەپ ئويلىغۇچىلار پارتىيىگە كىرىپ ئالالىغاندىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنى كوممۇنىست دەپ تونۇمايدۇ، — دەۋەتتىم مەن ئاياجانلانغانلىقىمدىن ئۆزەمنى تۇتالماي.

قوتلۇق ئاكا توك سوققاندەك چىپپىدە توختاپ قالدى. ماڭا ئىنتايىن مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى ۋە:

— سىز يولداش گۈلنايىم، پارتىيىگە ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ ھەيران بولۇپ قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى مەن كۆرگەن ھەرقانداق چاغلاردىكىدىنمۇ مېھرىبان، يىللىق ۋە خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى سوراش بىلەن نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىگەنىدىم. نېمە دەپ جاۋاب بېرەي؟ بۇ سوئال ھەقىقەتەن سەل غەلىتىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— نېمە دېسەم بولار، مەن پارتىيىگە نېمىشقا ئىشەنمەي؟ —

دېدىم مەن توساتتىن كۆزلىرىمگە يىغلىۋالغان ياشلارنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيدىغىنىمنى سېزىپ، — مەن پارتىيىگە ھەقىقەتەن ئىشىنىمەن. پارتىيە بىزگە ئازادلىق ئېلىپ كەلدى. پارتىيە مىڭلىغان يوقسۇللار قاتارىدا مېنىڭ ئائىلەمگىمۇ قەد كۆتۈرۈپ ئادەمدەك ياشاش ئىمكانىيىتىنى بەرگەندى. پارتىيە مېنى 15 يىل ئوقۇتۇپ بىلىم بەرگەندى. پارتىيە ھېلىمۇ ماڭا ئەقىل-پاراسەت، غەيرەت-شىجائەت بېرىۋاتىدۇ. قىيىنچىلىقتا قالسام، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسام، ئاتىدارچىلىق قىلىپ ياردەم قولىنى سۇنۇۋاتىدۇ...

— نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ كۆرگەنمىدىڭىز؟

مەن قۇتلۇق شۇجىغا — ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەۋاتقان، كىچىك بالىلاردەك شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىۋاتقان كۆزلىرىگە دېدىل قاراپ:

— مەن بۇلارنى كۆپ ئويلىغانىدىم، پارتىيىنىڭ شۇنداق قىلىشى — مېنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلىشىم، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت-سائادىتىنى يارىتىش يولىدا تۆكۈۋاتقان ئەرزىمەس خىزمىتىم ئۈچۈن!

ئۇ ئىمتىھان ئېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىدەك:

— جاۋابىڭىزنىڭ يېرىمى توغرا، — دېدى بېشىنى ماقۇل ئىشارىتىگە لىڭشىتىپ، — ئەمما ئەرزىمەس خىزمەتلەر ئۈچۈن پارتىيە قوللاپ قۇۋۋەتلەپ يۈرمەيدۇ. سىز ئەرزىگۈدەك ئىش قىلىۋاتىسىز، — ئۇ قېتىرقىنىپ كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ خىجالەت ئارىلاش قوشۇلدۇم، — شۇنداق، سىز ئەرزىمەس ئىش قىلغىنىڭىز يوق. شۇنداقتىمۇ مەغرۇرلانماسلىقىڭىز، يەنىمۇ تىرىشىپ كۆپرەك ئىش قىلىشىڭىز لازىم.

مەن ماقۇل ئىشارىتىگە باش لىڭشىتتىم:

— پارتىيىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى زادى ئۇنۇتمايمەن، ئۆمۈرۋايەت تىرىشىپ ئىشلەيمەن، ئەمەلىي خىزمەت قىلىش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلايمەن.

— سىز مۇشۇ قوشۇنىنىڭ ئەزاسى بولۇشنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن. بىز بۇ چاغدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتۇق.

مەن توختاپ قالدىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قېلىپ نەپەس ئېلىشىم قىيىنلىشىپ كەتكەندەك بولدى. بېشىمدىلا چاقماق چېقىلغاندەك، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ نۇرلىرى شولا چېچىۋاتقاندەك يورۇپ كەتتى.

— مەن...مەن...بۇ قانداق...مۇمكىن بولارمۇ؟ — دەپ توختاپ قالدىم. چۈنكى، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قالدىم. ئەگەر دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئېيتسام ئاۋازىم يېتىشمەيدىغاندەك، ياكى باشقىچە بىر ھادىسە سادىر بولىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بىراق، شۇ چاغدا يەنە نېمە دېيىشىمنى، نېمىلەرنى دېيەلىشىم مۇمكىنلىكىنى ئۆزەممۇ ئېنىق بىلمەيتتىم.

— كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېنىق ئېيتىۋېرىڭ. مۇمكىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغان نېمىسى بار؟

قۇتلۇق ئاكا ھامان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرى سوئال ئارقىلىق كۆڭۈلدىكىنى بىلىشنى ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلدىكىنى ئالدىقاچان بىلىپ بولۇپ ئەمدىلىكتە تەستىقلىتىشنى خالاۋاتقاندەك تۇراتتى. مەن راستىمنى ئېيتتىم:

— مەن، شۇجى...داشۆدە ئوقۇغان زىيالىي تۇرسام...ئارزۇ

قىلغىنىمدىمۇ مۇمكىن بولامدۇ؟

سوزۇم ئاخىرلىشا ـ ئاخىرلاشمايلا قۇتلۇق ئاكا مېنى چۆچۈتۈپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ـ دە:

ـــ قارىغاندا، سىز پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى بىر تەرەپلىمىرەك چۈشىنىدىغان ئوخشايسىز، يۇرۇڭ، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى، ـــ دېدى ۋە خاراموش بولۇپ قالغانلىقىمنى، ھاڭۋېقىپ قالغانلىقىمنى سەزگەندەك، ئۆزىمۇ ئاستا مېڭىپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، ـــ نېمشقا زىيالىيلارنىڭ پارتىيىگە كىرىشى چەكلىنىدۇ، دەپ ئويلايسىز؟ پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە غەلىتىلىك، دەپ قارايسىز؟ بۇ سىزدىكى پارتىيىگە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، بىزنىڭ پارتىيىمىز ناھايىتى كۆپ بىلىملىك ئەزالارغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇ بىلىملىك ئەزالىرى بىلەن ئالغا يۈكسىلىشكە، زامانىۋىلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. ئۇ مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك، ئۇلغار دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش سەپىرىگە باشچىلىق قىلالىشى ئۈچۈن، بىلىملىك پارتىيە بولۇشى لازىم. نېمە، سىز پارتىيە ئەزاسى جەزمەن ساۋاتسىز ياكى ساۋادى بولغاندىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولۇشى لازىم، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟

ـــ ياق، ياق...، ـــ دەۋەتتىم مەن ئالدىراپ، ـــ مەن ئۇنداقمۇ ئويلىغىنىم يوق. بىراق، سىز ھازىرقى ۋاقىتتا بىزلەر توغرۇلۇق نېمىلەر دېيىلىۋاتقىنىنى بىلىسىزغۇ، شۇجى؟

قۇتلۇق ئاكىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، ئۇ سەل جىم بولۇۋېلىپ ئېغىر تىنىپ قويدى ـ دە، ئالدىرىماي سۆزلەشكە كىرىشتى:

ـــ جەمئىيەتتە، رەھبىرىي ئورگانلاردا شۇنداق بىر خىل سۆزلەرمۇ

بار. بۇنى مەنمۇ ئاڭلايمەن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ پەس چىقى-
رىپ، — لېكىن، سىلەرنى "سېسىق زىيالىي" دېسە بۇنى پارتىيىمىز
دېگەن ئەمەس. پارتىيىمىز زىيالىيلارغا قارىتا بۇرۇندىنلا ئىتتىپاقلى-
شىش، تەربىيلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇمۇ كونا
زىيالىيلارغا قارىتىلغان سىياسەت، چۈنكى، پارتىيە ئۆزى تەربىيلە-
گەن زىيالىيلارنىڭ ئۇنچە كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ،
كونا زىيالىيلارغا قارىتا جانلىق سىياسەت قوللانغانىدى، ھازىر بەزى
نىيىتى يامان، كۆڭلى قارا ئادەملەر پارتىيىمىزنىڭ نامىنى سۇيىئىستې-
مال قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى، خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتا تۇتماقچى
بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار نادان ئادەملەرگە نېمە دېسە "ھە"، دەيدۇ، دەپ
قارايدۇ. سىز يولداش گۇلئايىم، پارتىيىمىزنىڭ تۈپ پروگراممىسىنى
ئاستايىدىل ئۆگىنىڭ، بەزى گېزىتلەردىكى، جەمئىيەتتىكى تىل-
ھاقارەتلەر، تۆھمەت-بوھتانلارنىڭ بازىرى كاسات ئىكەنلىكىنى،
ئۇنداق سەپسەتىلەرنىڭ بەربىر ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىنىدىغانلىقىنى
غانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ، پارتىيىمىز چوقۇم زۇلمەت ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىدۇ. ئۇ غەلىبە قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلى-
غان. قاراپ باقمامسىز، ئۇلار ناھىيىلىك پارتكومغا، يولداش ئىبرا-
ھىمغا خىرىس قىلىشىپ، ئىغۋا توقۇپ، چوڭ خەتلىك گېزىت،
پلاكاتلارنى چاپلاپ، باھار بايرىمى مەزگىلىدە ئالتوپىلاڭ
كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇنداق چوڭ خەتلىك گېزىتلەر سىز بىلەن
مېنىڭ ئۈستۈمدىمۇ بار. ئەمما، پارتكوم ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەپەرۋەر
قىلىۋىدى، مۇشۇنچىۋالا خەلق ئاممىسى گۇلدۇر-تاراق كەپ-
سۆزلەر بىلەن توشقان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە ئەمەس،
پارتكومنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى.

— مەن بۇلارغا ئىشىنىمەن. ئىشىنىڭ شۇنداق بولغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ چۈشەندىم.

— شۇنداق، سىز بۇلارنى توغرا چۈشىنىپ ياخشى قىلدىڭىز. تىرىشىپ ئۆگىنىڭ، پارتىيىمىز سېپىگە كىرىش ئارزۇيىڭىز بولسا، بۇنىڭ مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭ. پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا چىن نىيەت بىلەن ئېتىقاد باغلاڭ، — قۇتلۇق ئاكا شۇنداق دېدى-دە، ماڭا كۆيۈنۈش نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ دەريا تەرەپكە نەزەر تاشلىدى ھەم شۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى، — ھازىرچە شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، مەن گۇگۇشى ئەزالىرى تەرەپكە بېرىپ باقاي. چۈشكە يېقىنلاپ قالدى، بىرئاز توپا توشۇۋېتەي. خالىسىڭىز چۈشتە كېلىڭ، تاماقنى بىللە يەيمىز.

## 4

قۇرۇلۇش ئىش مەيدانىنىڭ ۋاقىتلىق رادىئو پونكىتى، قوماندانلىق شتابى چېدىرىنىڭ يېنىدىكى كىچىكرەك بىر چېدىردا ئىدى. رادىئو ئاپپاراتلىرى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك دىزېلماتورغا چېتىلغان توك چىقارغۇچ (فادىيەنجى)نىڭ ئېنېرگىيىسىدىن قۇۋۋەت ئالاتتى، توك چىقارغۇچنىڭ توكى بىلەن يەنە دەريا ئىچىدىكى كولانغان يەرلەرگە يىغىلىۋالغان سۇلارنى تارتىدىغان سۇ پومپىلىرىمۇ ئىشلەپ تۇراتتى. دىزېلماتور چېدىردىن يىراقراق بىر چوڭقۇرلۇققا جايلاشتۇرۇلۇپ، ئۈستى يېپىلغان بولسىمۇ، يەڭگىل پاقىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئەتراپنى بىر خىل رىتىمدە تەرتىپ تۇراتتى.

ھېلىلا بىز قوماندانلىق شتابىدا يىغىن ئاچقانىدۇق. مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر قاتارىدا قىزىلغان قۇم-شېغىل، توپىلارنىڭ

بارغانسېرى دەريا قىرغىقىغا يېقىن تۆكۈلۈۋاتقانلىقى مەسىلىسىمۇ بار ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشقا سەل قارالسا، قۇم-توپىلارنىڭ دەريا ئىچىگە سىرغىپ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇنى يىراقىراق ئاپىرىپ تۆكۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ ئىش ھەرقايسى ئىش ئۇچاستكىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا تاپىلاپ قويۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئاڭلىتىش-تەكىتلەش ماڭا تاپشۇرۇلغانلىقتىن، مەن رادىئو پونكىتى چېدىرىغا كىردىم.

شۇ تاپتا ئىش ئۈستى ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسەن رەتلەنگەن ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەرنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان ماتېرىيالىنى ئاڭلىتىپ، ناھىيىلىك رادىئو پونكىتىدىن كەلگەن مايسەم ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ كۈلئايىم ئاچا، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مايسەم مېنى كۆرۈپلا، — كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ.

مەن، ئۇ قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ:

— ئەھۋالىڭىز قانداق، زېرىكىپ قالمىغانسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— نەدىكى زېرىكىش؟ — ئۇ قېشىنى لىكىلدىتىپ قويدى، — ئۆزەم يالغۇز بولغانلىقتىن ئىش يېتىپ ئاشىدۇ. دەريادا ئىش ئالدىراش بولغاچقا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خەۋەرلەرنى ئالدىراپ ئېرى-بېرىلا يازىدۇ. مەن ئۇلارنى جاي-جايىغا كەلتۈرۈپ رەتلەيمەن، ئۇنىڭلىغۇ لېنتىسىغا چۈشۈرىمەن، ھەر خەۋەر ئارىلىقىغا مۇزىكا قىستۇرىمەن، ئاندىن مۇشۇنداق ئاڭلىتىمەن.

ئۇ سۆز قىلىۋاتقاچ ئالدىدىكى ئاپپاراتنى ئىشارەت قىلىپ كۆلۈپ قويدى، سۆز تەلەپپۇزىدا ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن پەخىرلىنىش، قايىل بولۇش ۋە رازىمەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ھە، ئۇنداقتا، خېلىلا ئالدىراش بولىدىكەنسىز، يەتكۈدەك جاپا چېكىدىكەنسىز، — دېدىم قايىل بولغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ.

— قانداقمۇ جاپا دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى مايسەم بېشىنى چايقاپ، — ئەگەر ئاز-تولا جاپا دېيىلگەندىمۇ ھېچقىسى يوق. دەريادا سۇ كېچىپ، موز، توڭ يېرىپ ئىشلەۋاتقانلارغا قارىغاندا مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم قانچىلىك ئىش دەيسىز؟ مانا، سىزمۇ ئاشۇ ھالىڭىز بىلەن كەچكىچە چېپىپ يۈرۈۋاتامسىز؟

ئۇ "ئاشۇ ھالىڭىز" دېگەندە، مېنىڭ خېلىلا يوغىناپ قالغان قورسىقىمغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنىمۇ راست، ئۇ سۆزلەۋاتقىنىدا قورسىقىمنىڭ ئوڭ تەرىپى ئىچىدىن تارتىشقاندەك بولۇپ بىرنەرسە تېزلا قىمىرلاپ كەتتى، ئاللىقاچان ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولغان مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنداق ھالەت سىرلىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا كۈلۈپ قويدۇم. مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئالدىن بىلىۋالغاندەك ئۇمۇ كۈلۈپ قويدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتى پەسلەپ قالغان تۇنىكە مەشكە ئوتۇن سېلىۋېتىپ يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مەن ئايلىنىۋاتقان لېنتا پلاستىنكىسىنى ئىشارەت قىلىپ:

— قاچانراق تۈگەيدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— يەنە ئون مىنۇتتا تۈگەيدۇ، — دېدى ئۇ سائەتكە قارىۋالغاندىن كېيىن ھېچبىر ھودۇقماي، — سىزنىڭ ئاڭلىتىشقا تېگىشلىك سۆزىڭىز بارمىدى؟

مەن ئاڭلىتىشقا تېگىشلىك ئۇقتۇرۇش بارلىقىنى، ئۇقتۇرۇشنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چايدانىدىن چاي

قويدى، ئىستاكاننى يان تەرىپىدە تۇرغان ئۈستەلگە قويۇپ كۆيۈنگەندەك:

— ئولتۇرۇڭ ئاچا، ئون مىنۇت بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىڭ، دەريادىكى ئىشمۇ يۇرۇشۇۋاتامدۇ؟ نېمانچىلا ئالدىرايسىزكىن، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاسراپ قويۇڭ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ مېھرىبانلارچە كۆيۈنۈپ سۆزلىشىدىن تەسىرلەندىم ۋە نېمىشقا شۇنچە ئالدىرايدىغانلىقىمنىمۇ چۈشەندۈرۈپ قويغۇم كەلدى:

— بۇ تۇسما قۇرۇلۇشى گەرچە ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ، ھەيۋەتلىك ئىنشائات بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم لايىھىلەپ چىققان ئەمگىكىم سىڭلىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ماڭا ھەقىقىي كۆيۈنۈشىنى تەلەپ قىلماقچى بولغاندەك، — مىسالغا ئالغاندا، بىر ئايال كىشى ھامىلدار چېغىدا قانداقراق بالا تۇغارمەن، دەپ ھەمىشە تەقەززالىق بىلەن خىيال سۈرىدۇ. ئەنە شۇ تەقەززالىق تولغاقتا تارتماقچى بولغان ئازابلىرىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئون نەچچە يىل ئوقۇدۇم، كۆڭلۈمدە مۇشۇنداق بىر ئىش قىلالىسام بولاتتى، دەپلا ئويلاپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ ئىشلارغا ئالدىرىشىم، شۇ تۇسمىنىڭ پۈتكەندىن كېيىنكى ھالىتىنى تېزرەك كۆرگۈم كېلىدۇ. قوپاللىراق ئوخشىتىپ قالدىم، سىز تۇرمۇشقا چىققانمىدىڭىز؟

مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ ئۇنىڭغا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ دەرس تىڭشاۋاتقاندەك ئەستايىدىل ئاڭلىدى. پەقەت ئاخىرقى سوئالىم چىققان چېغىدا قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئۇزاقتا قالغان بىر خاتىرىنى ئەسلىگەندەك ئىپادە پەيدا بولدى ۋە نېمىشقىدۇ مەن سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرمەي، پەس ئاۋاز بىلەن

قايتوروۋپ سورىدى:

— توسما قۇرۇشقا سىزىقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

مەن ھېچ نەرسىگە چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى ئىقرار قىلدىم:

— قانداق دەيسىز؟ نېمە سىزىق؟ مەن چۈشىنەلمىدىم.

مايسەم ئاۋاز تارقىتىش ئاپپاراتىغا قاراپ قويىدى. ئۇنىڭ نورمال ئىشلەۋاتقىنىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئورۇندۇقىنى تارتىپ ئەكىلىپ تېزىمغا تېزىنى تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇپ:

— توسما قۇرۇلۇشىغا سىزىقلارنىڭ قانداق چېتىشلىقى بارلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. مەن ئاپپارات باشقۇرۇشنى چېنىقىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا گوڭشېنىڭ رادىئو پونكىتىدا، ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ ئۆگىنىۋالغان. لېكىن سىز لايىھىلىگەن بۇ توسما قۇرۇلۇشىنىڭ قانداقتۇر بىر سىزىقلار بىلەن چېتىشلىقى بارمىكىن، دەپ پەرەز قىلدىم، — دېدى ئەزمىلىك بىلەن ئالدىرىماي سۆزلەپ.

شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئەنسىز، چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك ئەكس ئېتەتتى. مەنمۇ سەل جىددىيلىشىپ:

— قانداق سىزىق، سىز نېمە سىزىقلار بىلەن توسمىنىڭ چېتىشلىقىنى پەرەز قىلالىدىڭىز، ئېيتىپ بېقىڭا؟ — دېدىم. ھەتتا بۇ سۆزۈمدە خېلى بەك يېلىنىش بار ئىدى.

ئۇ سائىتىگە بىر قارىۋالدى، ئاندىن:

— مەن سىزىقلار توغرىسىدا تەپسىلىي بىلمەيمەن. بىر سائەتچە ئىلگىرى تۆۋەندىن خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. بۇ چاغدا ھەمەيلەن دەم ئېلىۋاتقانىدى، ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، خەۋەر يازىدىغانلار پەقەت دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىلا يازىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ۋە مېنىڭ باش لىڭشىتقىنىمدىن كېيىن داۋام قىلدى، — قايتىپ كېلىۋا-

تاتتىم، يول ئانچە كەڭ ئەمەس، ئالدىمدا ئىككى ئەر كىشى شۇنچە-لىك ئاستا مېڭىپ كېتىپ باراتتىكى، يا يانداپ ئۆتەلمەيمەن، ئىككى تەرەپ تىنىك بولۇپ كەتكەن قوم-شېغىل. يا كەينىدە قالالمايمەن، چۈنكى بەك ئالدىرايتتىم. قىسقىسى ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزىگە قۇلاق سېلىشقا توغرا كەلدى...

— نېمە دېيىشتى؟ — دېدىم مەن ئالدىراپ.

— باش-ئايىغىنى ئۇقالمىدىم. ئاۋازىمۇ ناھايىتى تۆۋەن. ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىدىن "سېزىقلىرىنىلا نېرى-بېرى قىلىۋەتسەك، گۈلئايىمنىڭ توسىمىسى ئوسما بولۇپ كېتىدۇ" دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ھەر ئىككىسى چىپەرقۇت ئىشتان-چاپان كىيگەن، بېشىدا ئاق تۇماق بار. سەل ماڭغاندا، ئۇلار ئاياغ تەرەپكە كەتتى، مەن بۇياققا قايرىلىشقا توغرا كەلدى. يانداپ ئالدىغا ئۆتۈپ قاراي دېسەم يول تار، مەن دەسلەپ ئەسكى ئەر كىشىلەرنىڭ ئاياللار يوق يەردە دېيىشىدىغان قېلىن گېپى بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپتىكەنمەن...

مەن مايسەمنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەندىم. ھېلىقى ئىككى ئەر كىشىنىڭ "سىزىق" دېگىنى ئېھتىمال چېرتيوژلاردىكى سىزىق بولسا كېرەك. چېرتيوژدىكى سىزىقنى "نېرى-بېرى" قىلىۋەتسە، توسما ھەقىقەتەن ئوسما بولىدۇ، ئەمما چېرتيوژنى پەرق قىلالاي-دىغان، ئۇنىڭ ئىنچكە، نازۇك سىزىقلىرىنى "نېرى-بېرى" قىلىپ چاندۇرۇپ قويمايدىغان كىملەر بار؟

مەن مايسەمنى چۆچۈتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزەمنى خاتىرجەم كۆر-

ستىشكە ئۇرۇنـدۇم ۋە ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى چىقىرىـپ تاشـلىماقچى بولغانىدەك زورلىنىپ كۈلۈپ:

— سىزنىڭ دېگەن چېرتيوژلارىدا بولـدۇ سىگـلىم. ئەمما بۇ چېرتيوژلار ھازىر سىزىلىپ بولغان. دەريادىكى ئىشلارمۇ شۇ سىزىق-لاردا كۆرسىتىلگەنگە قاراپ ئىشلىنىدۇ. ئەمدى ئۇنى نېرى-بېرى قىلغىلى بولمايدۇ. ھېلىقىلار شۇنىداق بىر دەپ قويغان بولسا كېرەك، — دېدىم.

— ئۇنچىلىك بولسا ياخشى ئىكەن، — دېدى مايەم يېنىك تىنىپ. ئاندىن ئۇ ئورۇنىدۇقنى يۆتكەپ ئەسلىدىكى جايىغا بېرىـپ ئولتۇردى.

لېكىن مەن ئولتۇرالماي قالدىم. قانداقتۇر ئەنسىزلىك پۈتـۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگەللەشكە باشلىدى. شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— سىز قوماندانلىق شتابىنىڭ نامىدىن ئېيتىپ قويىسىز، قېزىلغان قۇم، توپا، شېغىللارنى قىرغاقتىن 100 مېتىر يىراققا ئاپىرىپ تۆكمىسە بولمايدۇ. دەرياغا سىرغىپ چۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدىم ۋە كۈلۈپ قوشۇپ قويدۇم، — مانا بۈگـۈن سىزمۇ ئىككى كىشىنى ياندىن ماڭالماپسىز ئەمەسمۇ؟ قىرغاققا بەك ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتتى.

ئۇ يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇشۇمنى، ئۇقتۇرۇشنى ئۈزەمنىڭ ئاڭلى-تىشىمنى تەلەپ قىلدى. لېكىن مەن ئەدەب بىلەن رەت قىلىپ ناھايىتى مۇھىم ئىشىم بار دەپ باھانە كۆرسىتىپ چىقىپ كەتتىم. چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش ئاڭلىتىشنى يەنە بىر قېتىم جېكىلىدىم.

مەن ئىشلەيدىغان چېدىر شتابىنىڭ ھەممە خىزمەتچىلىرىگە ئورتاق

ئىشخانا ئىدى. ئۇنىڭدا ئىبراھىم ئاكا قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىش-لىتىشى ئۈچۈن قويۇلغان شىرەدىن تارتىپ مېنىڭ، ياردەمچى ئىنژېنېرلارنىڭ، كاتىپ ۋە ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىنىڭ شىرەلىرىگىچە قويۇلغانىدى. بىر چەتتە شتاپ خىزمەتچىسى ئادىلنىڭ كارىۋىتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا چېدىر چوڭ بولغىنى بىلەن ناھايىتى زىچ، قىستاڭ ئىدى. ئەتراپلىرىغا شىرەلەر قويۇلغان، پەقەت ئوتتۇرىسىدىلا بىرئاز بوشلۇق بار ئىدى. بۇ چېدىرغا ئادەتتە ھەرقانداق كىشى ئىختىيارىي كىرىپ چىقالايتتى ۋە ئۇنىڭ ئىشىكى ھېچقاچان قۇلۇپلانمايتتى.

مەن ئۆزەمگە خاس تېزلىك بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇدۇل ئىش شىرەيىمنىڭ ئاتمىسىدىكى قۇلۇپنى تەكشۈردۈم. قۇلۇپ ساق ئىدى، خۇددى چۈش كۆرگەندە ئادەم لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، كۆڭلۈمدىكى ئەنسىزلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. يېنىككىنە بىر تىنىۋېلىپ تارتمىنى ئاچتىم. ھەمىشەمدىكىدەك چېرتيوژلار ھەممىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ بەت نومۇرى ھازىر مەن ئۆزەم رەتلەپ قويغاندىكىدەك تۇراتتى. لېكىن بۇ قانچىلىك ئىشەنچلىك؟

شۇ تاپتا، قار دەسلەپ ياغقان كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ھامۇتنىڭ ئىشىكىمنى ئېچىپ كىرەلىگەنلىكى ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. بۇ چېرتيوژلارنى ھازىر يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ چىقىشقا سەرپ بولىدىغان ۋاقىتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە پۇت-قوللىرىم بوشىشىپ كەتتى. ئۇلار بۇ چېرتيوژدىكى قايسى سىزىقنى "نېرى-بېرى" قىلالىشى مۇمكىن؟ قايسى يېرىنى قانداق قىلىشنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ كىچىككىنە سىزىق بىر مىللىمېتر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك مىقداردا ئۆزگەرتىۋېتىلسە، ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ھېلىقىلار ئالدىن-

ئالا ھۆكۈم قىلغىنىدەك توسما مېنىڭ ئوسمام بولىدىغانلىقى راست. مەن سىزىقلىرىمنى يېڭىباشتىن تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولغۇچە قىزغىن كېتىۋاتقان ئىش توختاپ تۇرامدۇ؟ ئۆگۈنلۈككە توسما فۇندامېنتىغا شېبەن تاش بېسىلىدىغان تۇرسا، "سىزىقلار ئىشەنچلىكمۇ، ئەمەسمۇ، تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدۇق"، دېيىلسە، قۇرۇلۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنىدىغان يۈز نەچچە ئىشچى ۋە كۆمەكچى ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان پۈتۈن قۇرۇلۇشى ئەترىتىنىڭ كۈنىنى، ئادەم ئىسراپچىلىقىنىڭ جاۋابىنى قانداق بەرگىلى بولىدۇ؟

بېشىم سەل-پەل ئايلىنىۋاتقاندەك بولدى. كۆزۈمگە تور پەردە يېيىپ قويۇلغاندەك، قۇلىقىمنىڭ ئىچىدە ئاللىقانداق ئاۋازلار غوڭۇلداۋاتقاندەك بولاتتى. كۆڭلۈمدە يەنە ئۆز-ئۆزەمنى بەزلەشكە مۇۋاپىق سۆز يوقلۇقىنى خىيال قىلاتتىم. دۇرۇس، بۇ چېرتيوژنىڭ ناھىيىلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئۆلچەش-لايىھىلەش بۆلۈمىدە ۋە ۋىلايەتلىك ئۆلچەش-لايىھىلەش ئىشخانىسىدا كۆپەيتىلگەن ئوخشاش نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئۇنى ئەكەلدۈرۈشكىمۇ، ئەكەلگەندىن كېيىن سېلىشتۇرۇشقىمۇ ۋاقىت كېتەتتى. ھېچ بولمىغاندا ئىنژېنېرلارنىڭ ۋە بۇنداق چېرتيوژ سېلىشتۇرۇشتىن خەۋەر تاپقانلارنىڭ كۆڭۈل ئاراملىقى بۇزۇلىدۇ. ئىش ئورنىدا خاتىرجەملىك بۇزۇلۇپ ھەر خىل چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇشى، توسمىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈپ چىقىشىغا نىسبەتەن ئىشەنچ سۇسلىشىشىمۇ مۇمكىن.

مەن شۇ چاغدا چېدىرنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن ئادىلنىڭ ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، ئۇنى چاقىردىم. ئۇ ئاۋازىمنى ئاڭلىشى بىلەنلا كىرىپ كەلدى. مەن ئوچۇق چىراي

ئېچىشقىمۇ، بوشىشىپ كەتكەن بەستىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ كۈچىسىز ئىدىم. شۇڭا ئولتۇرغىنىمچىلا سورىدىم:

— بۇ ئىشخانىغا مەن يوق چاغلاردا بىرەرسى كىردىمۇ؟

— گولىياك كىردى. ئۆزىنىڭ شىرەسىدە ئولتۇرۇپ بىر نەرسە-لەرنى يازدى. كېيىن چىقىپ كەتتى، — دېدى ئۇ مېنىڭ سوئالىمدىن ئەجەبلەنگەنلىكىنى يوشۇرماي.

— يەنچۇ، ئەسلەپ بېقىڭا، يەنە كىملەر كىردى؟

— ئېنىق يادىمدا، يىغىن تۈگەپ ھەممەيلەن تارقاپ كەتكەندىن كېيىن رېھىم جۇيجاڭنىڭ يېنىغا يەتتىنچى گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھاموت كىردى، قانداق دەيسىز؟

— ئۇلار نېمە ئىش قىلدى؟ — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكە-نىمنى سەزمەيلا قالغانىدىم. لېكىن ئورنۇمدىن تۇرۇشتا ئەپسىز ھەرىكەت قىلدىممۇ ياكى باشقىچە سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، مۇدۇرۇپ كېتىپ يەنە جايىمغا ئولتۇرۇپ قالدىم. پېشانەمدىكى مۇزدەك تەرنى ئالقىنىم بىلەن سۈرتۈۋالدىم.

— ئوت سۇنۇپ ئولتۇرۇشتى. مەن مەشكە ئوتۇن سېلىپ، كانايلىرىغىچە قىپقىزىل قىلىپ بەردىم، — دېدى ئادىل پەرۋاسىزلىق بىلەن، — چاي قۇيۇپ بەرسەم ئىچىشتى. قارا چاينى كۆپرەك سېلىپ دەملىمەپسەن، دەپ تەنقىدلىدى.

— ئۇلار چىقىپ كەتكۈچە چېدىردا سىزمۇ بىللە بولدىڭىزمۇ؟ ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنى قۇلىقىڭىزغا چۈشۈپ قالمىدىمۇ؟

سوراق قىلىۋاتقاندەك كەينى-كەينىدىن سوئال سوراشلىرىمدىن ئۇ ئەجەبلىنىپ قالدىمۇ، ياكى مېنىڭ ئەنسىزلىكىم يۇقۇپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇمۇ جىددىيلىشىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، ھەيران

بولغانلىقىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ غەلىتە قىياپەتكە كىرىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، مەن سورىغان سوئالغا ئېنىق جاۋاب بەردى:

— ئۇلار ناھايىتى ئازلا ۋاقىت ئولتۇردى. چايمۇ ئىككى-ئۈچ يۇتۇمدىن ئارتۇق ئوتلاشمىدى. سىزنىڭ شىرەيىڭىزنى كۆرستىپ، مەشتىن يىراقراق قويۇلۇپ قاپتۇ، توڭۇپ قالغۇدەك، دېيىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا پاراڭلىرى، قايسى دادۇينىڭ چام يېرىدە سويۇلغان قوي سېمىز، قايسىسىنىڭكىدە سويۇلغىنى ئورۇق... دېگەندەك نەپسى ئاۋارىلار سۆزلىشىدىغان يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدىكى يوقىلاڭ گەپلەر...

مەن يېنىك تىن ئالدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار ھازىرچە تېخى سىزنىڭلارنى "نېرى-بېرى" قىلىۋېتىشكە ئۇلگۈرمىگەندەك تۇراتتى. ئەمما، مېنىڭ شىرەيىمنى كۆرستىپ، ئوتتىن يىراق-يېقىنلىقىنى ئىشارەت قىلىشىپ ماڭا "كۆيۈنۈپ" كەتكىنىگە قارىغاندا، ھەر ھالدا قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى پىلانلىغاندەك تۇراتتى. سىزنىڭلار بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارمۇ پەقەت شۇلارلا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا، مېنىڭ توڭۇپ قېلىشىم بىلەن كارى بولىدىغان ئادەملەرمۇ ئۇ؟ ئېھتىمال ئۇلار بۇ يەردە پاراڭلىشىۋېرىشنى بىئەپ ھېس قىلىشىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك... ئامال بولغىنىدا، ئۇلارنىڭ قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولسا ئىدى...

— گۈلئايىم ئاچا، بىرەر ۋەقە يۈز بەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىل باللارغا خاس قىزىقىش ۋە ئىسەنكىرەش ئارىلاشقان ئاھاڭدا، — كەيپىياتىڭىز بۇگۈن غەلىتە، چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ، ئەجەب بىر سوئاللارنى سوراپ كەتتىڭىزغا...

مەن زورلىنىپ كۈلۈشكە تىرىشتىم. ئۇنى تېخىمۇ بىسەرەمجان قىلماسلىق، كۆڭلىنى توختىتىش ئۈچۈن:

— ھېچ گەپ يوق ئۇكام. مىجەزىم ياخشى، كەيپىياتىمۇ جايىدا. سەل-پەل چارچاپ قالغانلىقىمدىن كۆزلىرىمگە باشقىچە كۆرۈنىدىغاندىمەن. سىزدىن ئاسماقچىلاپ سوراپ كېتىشلىرىمنىڭ باشقا سەۋەبى يوق، مېنى بىرسى ئىزدىدىمۇ قانداق، شۇنى بىلەي دەپ سورۇشتۇرغىنىم، — دەپ قويدۇم.

— ئۇنداق بولسا، چېھرىڭىزنى ئۇپراتماي ئوبدانراق ئارام ئالسىڭىز بولمامدۇ؟، — دېدى ئۇ ۋە كۆيۈنۈش ئاھاڭىدا، — بۇنچىۋالا چوڭ دامبا كۆپچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن پۈتىدۇ، سىزنىڭ كۈچىڭىز بىلەنلا ئەتە پۈتۈپ كەتمەيدۇ، — دەپ ئەيىبلەپ قويدى. مەندىن ئىنكاس چىقمىغىنىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى، — ماڭا بۇيرۇيدىغان باشقا ئىش-كۈشلىرىڭىز بارمۇ؟

شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە كاللامغا گۇلياڭنى ياكى قۇتلۇق ئاكىنى چاقىرتتۇرسام قانداق بولار، دېگەن خىيال كېلىپ قالدى. بۇ خىيال ئادىلنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇغۇلغانىدى، مەن ئۇنى بۇيرۇش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئۆمەللەۋاتقىنىمدا، ئالدىراش قەدەم تاشلاپ رېھىم كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ۋىللىدە قىزاردىيۇ، سەل-پەل ئېگىلگەن قەددىنى رۇسلاپ:

— ئوھوي، بۇ يەردە باش ئىنژېنېر گۇلئايىم بار ئىكەنغۇ؟ قانداق، يولداش گۇلئايىم، ياخشى تۇرامسىز؟ ھېرىپ كەتكەنىدەك تۇرامسىز نېمە؟، — دەپ سوراپ كەتتى. ئاندىن ماڭا كۆيۈنگەنىدەك داۋام قىلدى، — دەم ئېلىشنى بىلمىگەن كىشى ئىنقىلاب قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ. ھاردۇقمۇ ئېلىڭ، خىزمەتنىمۇ قىلىڭ!

مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بېشىمنى ئېگىپ سالاملىشىپ قويدۇم. شۇ تاپتا يادىمغا ئېلىشىمچە، مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان بۇ قەدەر قىزغىن، ھۆرمەت بىلەن سالاملىشىش تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. مايسەم ئېيتقان "سىزىق"لارنىڭ سىرىنى ئىنژېنېرلاردىن باشقا پەقەت مۇشۇ رېھىملا چۈشىنەلەيدۇ، — دېگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزدۇم مەن، — ئەمما بۇ ئادەم ئاشۇ ئىشنى قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مايسەم تەرىپلەپ بەرگەن ئادەمنىڭ قىياپىتى بىلەن بۇ ئوخشىمايدىغۇ؟ ھەقىقەتەن رېھىمنىڭ بېشىدا قارا كۆل قۇلاقچا بار ئىدى. ئۇستىدىكى قايرىما ياقىلىق چاپىنى چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن بولسىمۇ، شىمى چىبەرقۇت ئەمەس، سوكنىدىن تىكىلگەن ئىمكەش شىم ئىدى. رېھىم مەن بىلەن قايتا سۆزلىشىپ يۈرمەي ئادىل تەرەپكە بۇرۇلدى.

— سەن ئۇكا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ناھىيىگە چاپ. ئىشتىن چۈشۈپ قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقان تراكتور ياكى ماشىنىلاردىن بىرەرسىگە ئولتۇرۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى قىل، — دېدى ئۇ.

ئادىل ئەجەبلىنىپ:

— ناھىيىگە قايتىپ نېمە ئىش قىلىمەن؟ — دەپ سورىدى.

رېھىم يان يانچۇقىدىن بىر كونۇپېرتنى چىقىرىپ مۇلايىملىق بىلەن تاپىلىدى:

— مانا بۇ خەتنى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش باقىنىڭ ئۆز قولىغا تۇتقۇز. توسما قۇرۇلۇش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش رېھىم جۇيجاڭ ئۆز قولى بىلەن ئەۋەتتى، دەپ ئېيت. مېنى سورىسا دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەتتى، دەپ قويارسەن.

— بۇنداق كەچتە بارسام بۇگۈن قايتىپ كېلەلمەيمەن-دە؟ — ئادىل بېرىشنى خالىماسلىقتەك بىر ئىپادە بىلەن كونۋېرتنى ئالغان بولسىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن گەدىنىنى تاتىلاپ قويدى.

رېھىم قاقاقلاپ كۈلۈپ ئادىلنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— ھە، ئەلۋەتتە قايتىپ كېلەلمەيسەن. ئەتە ئەتىگەنلىككە بۇ ياققا پولات چىۋىقلارنى توشۇيدىغان ماشىنىلارنىڭ بىرەرسىگە چۈشۈۋالسەن، — دېدى ۋە ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىختىيارى ئۆز قولىدا تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا سەل ئاچچىق ئارىلاش داۋام قىلدى، — مېنىڭ غەمخورلۇقۇم ئەنە شۇنداق ئەتراپلىق بولىدۇ، مەن ئىشلىتىشنى بىلىمەن، ئارام ئالدۇرۇشنىمۇ بىلىمەن. بېرىپ ئاناڭنىڭ باغرىدا بىر ئاخشام قېنىپ ئۇخلىۋېلىپ كەل.

ئۇ سۆزىدىن كېيىن ئادىلنى ئالدىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا ئادىلنىڭ بېشى چېدىرنىڭ ئىشىكىدىن سوزۇلۇپ كىردى.

— گۈلئايىم ئاچا، ئىشخانا قالدى، — دېدى ئۇ ئالدىراپ، — مەشنى ئۆچۈرۈپ قويماڭ. كېچىچە ياتىدىغان ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىزلەر...

— بېرىۋەر ئەخمەق، ئىشخانىغا قارايدىغان نۆۋەتچىنى مەن ئۆزەم ئورۇنلاشتۇرىمەن، — سىرتتىن رېھىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاياغ ئاۋازلىرى يىراقلىشىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئويلىنىپ قالدىم. ماڭا رېھىمنىڭ گەپ-سۆزلىرى غەلىتە بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مەن بىلەن سالاملىشىشتىكى قىزغىنلىقىدىن تارتىپ ئادىلغا بىلدۈرگەن غەمخورلۇقىغا قەدەر غەلىتە، چۈشىنىكسىز ۋە يېڭىچە بىر ئىجادىيەت ئىدى. ئادەتتە ئۇ ھېچقاچان قول ئاستىدىكى ئىشچى-

خىزمەتچىلەرگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتى. مايسەم ئېيتىپ بەرگەن چېرتيوژ سىزىقلىرىنى نېرى-بېرى قىلمۇېتىش بىلەن بۇنداق مۇئامىلىنىڭ باغلىنىشلىقى بارمۇ، يوق؟ ھامۇت بىلەن ئىككىسىنىڭ مېنىڭ شىرەيىمنىڭ مەشتىن يىراق-يېقىنلىقىنى دىتلاپ بېقىشىدا قانداق چۇشەنچە ئاساسىي بولۇشى مۇمكىن؟ ياكى بۇ بىر-بىر غەرەزنىڭ شەپىسىمۇ؟

مەن سىرتقا چىقتىم. كۆن ئۇلتۇراي دەپ قالغانىدى. دەريانىڭ نېرىقى ئېگىز قىرغىقىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر كۆرۈنەتتى. ئۇلار ناھىيە بازىرىدىن چىققان ئىدارە-جەمئىيەت ئىشچى-خىزمەتـ-لىرىنىڭ خالىس ئەمگەكتىن يانغان توپلىرى بولۇپ، ئۆز ئىدارىـ-لىرىنىڭ ياكى باشقا ئىدارىلەرنىڭ ماشىنا، تراكتورلىرىغا ئولتۇرۇۋېـ-لىش ھەلەكچىلىكىدە چېپىپ يۈرۈشەتتى. بۇلارنى كۆرگىنىمدە، ئادىل قايسىدۇ بىر ماشىنىغا چىقىش ئۈچۈن مېڭىپ يۈرگەندەك كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى. رېھىمنىڭ ئادىلنى ناھىيىگە ئەۋەتىۋېتىشىمۇ قىزىق بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى، ئاغزى يېپىشتۇرۇلغان كونۋېرتنىكى خەتنى، ئاتاين ئادىلنى ئىشخانىدىن ئاجرىتىۋېلىپ ئەۋەتمىسىمۇ، ناھىيىگە قايتىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتارىدىكى ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرەرسىگە بېرىپ قويۇش تامامەن بولىدىغان ئىش ئىدى. "بۇنداق قىلماسلىقتا ئىشخانا چېدىـ-رىنى ساقلايدىغان ئادىل بولمىسا ياخشى بولىدىغاندەك بىر نىيەت بارمۇ، قانداق؟" دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدىم ۋە قوشنا چېدىردىكى مايسەمنى چاقىردىم. مايسەم شۇ تاپتا ئىشتىن چۈشۈۋاتقان ئەمگەكـ-چىلەرنىڭ كەچتىكى ھاردۇقى ئۈچۈن مۇزىكا قويۇپ بېرىۋاتقانىدى، شۇڭا مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالمىدى بولغاي، ئىككىنچى قېتىم

قاتتىقراق چاقىرغىنىمدىن كېيىنلا چېدىردىن بېشىنى چىقاردى ۋە "نېمە بولدى"، دېگەندەك قىلىپ قارىدى.

— سىڭلىم، ماڭا بىر كىشىنى چاقىرىپ بەرسىڭىزمۇ بوپتىكەن، — دېدىم مەن قىيىنلىشىۋاتقىنىمنى يوشۇرماي.

— بولىدۇ، كىمنى دېسىڭىز رادىئو كانىيىدىنلا چاقىرىمەن، بولامدۇ؟ — مايسەم قىزىقچىلىق قىلىپ ئىككى ئالقىنىنى كانايغا ئوخشاش جۈپلەپ شۇنىڭ ئارىلىقىدىن سورىدى.

بۇ تەكلىپ ماڭىمۇ ياقتى. شۇنداق قىلمىغاندا، ئىشتىن چۈشۈش ئالدىراشچىلىقىدا يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدىن ھەرقانداق كىشىنى تېپىشمۇ ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. بۇنداق ياخشى چارىنىڭ ئۆزەمنىڭ يادىغا كەلمىگىنى ئۈچۈن مايسەمگە ئامراقلىقىم كېلىپ كۈلدۈم-دە:

— شۇنداق قىلىڭ سىڭلىم، يەتتىنچى گۇڭشېنىڭ پارتكوم شۇجىسى قۇتلۇق ئاكىنى شتابقا كېلىپ كېتىڭ، دەپ چاقىرىۋېتىڭ. بولماي قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ شۇ گۇڭشېنىڭ ئۈچىنچى دادۇيىنىڭ شۇجىسى توختى ئاكىنىمۇ چاقىرىۋەتسىڭىز، — دېدىم.

مايسەم غايىب بولۇپ بىر مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا رادىئو كانىيىدىن چىقىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلار توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى قۇتلۇق ئاكا بىلەن توختى ئاكىنى ناھايىتى تېزلىكتە قۇرۇلۇش ئورنى قوماندانلىق شتابىغا كېلىشكە چاقىرىشقا باشلىدى.

مېنىڭ كۆڭلۈم جايىغا چۈشۈپ روھىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قۇدرەتلىك ھىمايىچىغا ئىگە بولغان ئاجىز كىشىلەردە بولىدىغان خۇشاللىنىش تۇيغۇسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يامرىماقتا ئىدى...

## ئونىنچى باب

# ئۆلمىدىم، ياردار قىلىشتى

### 1

ھوشۇمنى سەل-پەل بىلىپ كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ياتقان ئورنۇمنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىغا قۇرۇلغان ۋاقىتلىق دوختۇرخانىنىڭ چېدىر كېسەلخانىسى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالىدىم. لېكىن، چېدىردا ھازىر مەندىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى. بەدەنلىرىم ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك بىلىنەتتى. ناھايىتى تەسلىكتە قىمىرلاپ يۇرۇپ، مىگىبىر جاپادا جەينەكلەپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە مۇرەم بىلەن ياستۇقنى مىدىرلىتىپ سەل پەسكىرەك چۇشۇردۇم-دە، ئۆرىرەك بولۇپ ياتتىم...

بۇ چېدىر يوغان، ئازادە بولۇپ بىر چېتى ئاق رەخت بىلەن توسۇپ قويۇلغانىدى. چېدىرنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشكىلا سول تەرەپكە دورا شېشىلىرى تىزىلغان شىرە، بىر-سىغىراق، بىر-بىرىگە ئۇدۇللاپ ئىككى كارىۋات قويۇلغانىدى. ئەمما، شۇ تاپتا ھەر ئىككىلا كارىۋات بوش بولۇپ، مەشىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنچۇكلۇك يىغما ئورۇندۇقتا ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەنزۇ ئايال دوختۇر بېشىنى ئارقىسىغا تاشلاپ، ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ، خالاتلىرىدىنمۇ يەشمىگەن پېتى ئۇخلاپ ياتاتتى. مەن باياتىن تازا دىققەت قىلمىغانلىقىمدىن مەندىن باشقا ئادەم يوق دەپ ئويلىغانىكەنمەن.

تالادا خېلى قاتتىق شامال چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. قاتتىق شامالنىڭ تەسىرىدىن چېدىرىنىڭ تاملىرى بىر ئىچىگە، بىر تېشىغا كۆپۈپ، لەپەڭشىپ تۇراتتى. چېدىرىنىڭ تورۇسىدىكى پانۇس لامپىمۇ نۇرلىرى بىلەن باراۋەر چايقىلىپ توختىماي لىڭشىپ تۇراتتى. مەن جەينەكلىنىپ يەنە بىرئاز كۆتۈرۈلۈپرەك ياتتىم. بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئايىنىشى كۆچەيدى. ئاغزىم ئاچچىق كەكرە چاينىغاندەك بولۇپ قالغان، گېلىم، بۇرنۇم، لەۋلىرىم قۇرۇپ كەتكەنىدى.

مەن نېمە بولدۇم، نېمە بولۇپ بۇ كېسەلخانا چېدىرىغا كىرىپ قالغانىدىمەن، نېمىشقا پۈتۈن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىيدۇ؟

يادىمدا قېلىشىچە، بۇ، ھېلىقى كەچتە رادىئو كانىيى ئارقىلىق قۇتلۇق ئاكا بىلەن توختى ئاكىنى چاقىرتقاندىن كېيىنكى بىرپەسلىك اقىت ئىچىدە سادىر بولغان ئىشلار ئىدى.

مايسەمنىڭ چاقىرىشىدىن كېيىن سەل ئۆتۈپ توختى ئاكا كەلدى. ئۇمۇ خېلى ئەنسىزلەشكەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن قۇتلۇق شۇجىنىڭ ناھىيىلىك پارتكومغا جىددىي يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ھېلىلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم. توختىكامغا ئەھۋالنى — مايسەمدىن ئەھۋال ئاڭلىغاندىن باشلاپ رېھىم جۇيجاڭ بىلەن ھامۇتنىڭ ئۇچرىشىش-لىرى، رېھىمنىڭ "غەمخورلۇق"لىرى، ئادىلنى توساتتىن ناھىيىگە ئەۋەتتۈەتكەن ئىشلارغىچە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ گۇمانىمنى ئېيتىپ بېرەيمۇ، بەرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. ئەگەر بۇلارنى ئۆز پەرىزىمگە قوشۇپ ئېيتىپ بېرىدىغان بولسام، ئۇنىڭ چۆچۈپ كېتىشى تەبىئىي ئىدى. مېنىڭ گۇمانىمچە، چېرتيوژنىڭ سىزىقلىرىنى بىلىن-دۈرۈپ ياكى بىلىندۈرمەي بۇزۇپ قويىدىغانلار ئاشۇ رېھىملار بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇلار شۇ بۈگۈن قول سالامدۇ ياكى باشقا

كۈنمۇ، بۇ ماڭا نامەلۇم ئىدى. دېمەي دەپ ئويلىسام ئەھۋال
مۇرەككەپ بولۇپ، "كوزا كۈندە چېقىلماي بىر كۈنى چېقىلىدۇ"
دېگەندەك بولۇپ قالسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولماي-
تى. ئۇرغۇن كىشىلەردىن ئاڭلىغىنىمغا قارىغاندا، رېھىم ئۇن يىللار-
دىن بۇيان ناھىيە ئىچىدە بىرمۇنچىلىغان ئىشلارنى "نېرى-بېرى"
قىلىۋەتكەن، بۇنداق ئىشلاردا چېنىقىپ خوردا بولۇپ كەتكەن ئادەم
ئىدى، ئۇ ھامۇت بىلەن بىر يەڭدىن قول چىقارسا ئۇستاتلىقىنى سەل
چاغلىغىلى بولمايتتى. ئەگەر مەن گۇمان، پەرەزلىرىمنى، ئاڭلى-
غان-كۆرگەنلىرىمنى توختى ئاكىغا ئېيتسام، ئۇلار بۇنى بىلىپ قول
سېلىشنى كېچىكتۈرسە ياكى ۋازكەچسىغۇ بىرگەپ، ئەكسى ھالدا
مېنى "ئەنزە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى"، دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتىن
يانمايتتى. چۈنكى، رېھىم ھازىرچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ
ئەزاسى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، "سە-
ئەمەس — مەن" دەپ يۈرگەن بىر "رەھبەر" ئىدى، ئۇنىڭغا ياند-
شىپ ھامۇتمۇ بار بولۇپ، ئۇ بىر گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇئا-
ۋىن مۇدىر، پارتكومغا دائىمىي ئەزا ئىدى. ئۇلار مېنىڭ تۇيۇپ
قالغىنىمنى، ئۇلارغا نىسبەتەن دەرىجىسى "تۆۋەن" تۇرىدىغان توختى
ئاكىغا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەھۋال ئېيتقىنىمنى ئۇقۇپ قالسا، بۇنىڭ
ئاخىرى بېرىپ ئىبراھىم شۇجى ۋە قۇتلۇق ئاكىلارغا ئاۋارى-
چىلىق كەلتۈرۈش بىلەن ئاياغلىشىشى مۇمكىن ئىدى. مېنىڭ قولۇمدا
ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپات يوق، پەقەت ئاڭلىغان ئىنكاسلارغا
ئۆزەم قوشقان پەرەزلەرلا بولۇپ، گۇمان پاكىتنىڭ ئورنىنى باسال-
مايتتى. رېھىم، ھامۇتتەك كىشىلەر ھېلىمۇ ئىبراھىم ئاكىلارنى
"سېسىق زىيالىيلارنى يۆلەپ قوپۇرۇپ ئېتىبارلاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ"،

"بۇرژۇئازىيە تېخنىك نوپۇزلۇقلىرى بىلەن بىر ئېقىم بولۇپ پرولې-تارىيات سىنىپىنى ئۇنتۇدى" دېگەندەك بوھتانلار بىلەن ھاقارەت قىلىۋاتاتتى. شۇڭا مەن ئۇچۇن ھازىرچە مۇداپىئە قىلىش، ئۇلارنىڭ "چېرتيوژ سىزىقلىرىنى نېرى-بېرى قىلىۋېتىشىگە" يول قويماسلىق مۇۋاپىق چاردەك بىلىندى. مەن ئەنسىزلىنىپ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان توختىكامغا قاراپ كۈلۈپ:

— رەنجىمەڭ توختىكا، خۇسۇسىي ئىش ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم، — دەپ قويدۇم.

توختىكام ئىشەنمىدى. لېكىن ئىشەنمىگىنىنى چاندۇرماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— نېمە خۇسۇسىي ئىش؟ قۇتلۇق بولسا ئېيتارسىدىڭ؟ — دېدى ۋ غەمبەرلەرچە قاراپ، — ھە بوپتۇ. ئېيتىدىغىنىڭنى ئېيتىۋەر، ئوتتۇن يېرىپ بېرەمدىمەن ياكى سۇ توشۇپ بېرەمدىمەن؟

ئۇنىڭ چاقچىقىغا مەنمۇ خۇشال جاۋاب بەردىم:

— ئۇنداق ئەمەس توختىكا. ئادىل بالا ھەممىنى تەل قىلىپ ناھىيىگە كېتىپ قالدى. بۇ چېدىر نېملا بولمىسۇن بىر ئىشخانا، يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىكەن. مەن بۈگۈن ئورۇن-كۆرپەمنى ئېلىپ كېلىپ مۇشۇ چېدىردا قوناي، دېگەنىدىم. يالغۇز قورقىدىغاندەك تۇرىمەن. ئايال ئەزالىرىڭىزدىن ئىككى-ئۈچى كېلىپ ھەمراھ بولسا...

— كارى چاغلىق ئىكەنغۇ، بۇ قانداق خۇسۇسىي ئىش بولىدۇ؟ — توختىكام ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلىپ قويدى، — ئۆي ئىچىنىڭ ئىشلىرىنى سەنمۇ بىلىسەن، ئاياللار بۇ ۋاقىتقىچە كېتىپ قالغاندۇ. سەن كېرىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەت، ئارىلىق يىراق

ئەمەس، بۇرۇنمۇ سەن تۇرغان ئۆي. بۇ ئىشخانىغا ئىش ئورنىدىن كەتمەي سايمان ساقلايدىغان يىگىتلەردىن ئىككىنى ئەۋەتمەن.

— ئۆزەم ياتمسام بولمايدۇ، — دەۋەتكىنىمنى تۈيمايلا قالدىم ۋە يەنە ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ چۈشەندۈردۈم، — مەن ئايرىلالمايمەن توختىكا، سىزمۇ بىلىسىز، قۇرۇلۇشنىڭ لايىھە- چېرتيوژلىرى...

ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— بىزنىڭ يىگىتلەر ئىشخانىلارنى ساقلاپ بەرسىمۇ بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى، — مەن ئىشەنچلىك باللارنى ئەۋەتسەمچۇ؟

مەن ئاز ۋاقىتلا ئويلاندىم- دە، ھازىرلا يادىمغا كەلگىنىنى تەكلىپ قىلدىم:

— مەيلى، مەن مايسەمنى كەتمەسلىككە كۆندۈرەي. ئۇ ئىككىمىز بۇ چېدىردا ياتايلى. سىز ئەۋەتكەن ئەزالار رادىئو پونكىتى چېدىرىدە ياتسىمۇ بولىدۇ.

— كارى چاغلىق، — دېدى يەنە توختىكام، — سەن دېگەندەك ئورۇنلاشتۇرساقمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمما، سەل كۈتۈپ قالىسىلەر. چۈنكى، بىزنىڭ ھامۇت مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ توساتتىنلا بۇگۈن ئاخشام ئۇمۇمىيۈزلۈك ئەزالار يىغىنى ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلغۇسى بار ئىكەن، بىر ئادەمنىڭمۇ قاتناشماي چەتتە قېلىشىغا بولمايدىكەن.

مەن ماقۇل بولدۇم ھەم ئۇنىڭ كەينىدىن چېدىردىن چىقىپ مايسەمنىڭ چېدىرىغا كىردىم. ئۇ رادىئو ئەسۋابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، چېدىر ئىچىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغانىكەن، ئۆيگە قايتىپ كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىدا كىيىنىپ تەييارلىنىپ بولغانىدى. مەن ئۇنى يولدىن توستۇم:

— بۈگۈن كەچ ئادەل يوق، ئۇنى ناھىيىگە ئىشقا بۇيرۇدى.
سىزنىڭ چېدىر بىلەن بىزنىڭكىگىمۇ قارايدىغان كىشى يوق. بۇ
ئاخشام قايتىپ كەتمىسىڭىز قانداق؟
مايسەم چېدىرنىڭ كىچىك دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇنىڭ
كۆزى نېرىقى قىرغاقتا ئىدى. ئۇ تەرەپتە ناھىيىگە قايتىش ئالدىدا
تۇرغان ئاخىرقى ماشىنا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ
قارىسى مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى دېرىزىدىن ماڭا يۆتكىدى-دە:
— قورققۇم كېلەر ئاچا؟ — دېدى.
مەن كۈلۈۋەتتىم ۋە:
— ئىككىمىز بىزنىڭ ئىشخانا چېدىرىدا ياتىمىز. مەن توختىكامغا
ېيتتىم، ئۇ گۆشتىي ئەزالىرىدىن بىرنەچچىنى ئەۋەتمەكچى. ئۇلار
بۇ چېدىرغا كېلىدۇ، قورقمايمىز، — دېدىم.
ئۇ بېشىنى يەڭگىل لىڭشىتىپ ماقۇل بولدى. سومكىسىنى قولۇمغا
تۇتقۇزۇپ:
— رەنجىمەي تۇتۇپ تۇرسىڭىز. مەن ناھىيىگە قايتىدىغانلاردىن
ئۆيۈمگە خەۋەر قىلىشنى تاپىلاپ قويۇپ كېلەي، — دېدى.
ئىككىمىز سىرتقا چىقتۇق. مايسەم نېرىقى قىرغاق تەرەپكە چېپىپ
كەتتى. مەن ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئىشخانا
چېدىرىغا كىردىم. بىزنىڭ تاماق يەيدىغان ئاشخانىمىز يەتتىنچى
گۆشتىي ئىدارىسىدىكى كادىرلارنىڭ تاماقخانىسى بىلەن بىر ئىدى.
ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ يۈز مېتىردىن ئارتۇق يول
مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. مېنىڭ قورسىقىم ناھايىتى ئېچىپ كەتكەن،
شۇنداق بولۇشقا قارىماي، چېدىردىن كېتىشكە رايىم بارماي مايسەمنى
كۈتۈشكە باشلىدىم.

مەن ئوتى پەسلەپ كەتكەن مەشكە ئوتۇن تاشلاۋاتقىنىمدا، چېدىرنىڭ ئىشكىدىن كىرگەن ئادەم شەپىسىنى سەزدىم ـ دە، تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ بېشىمنى بۇراپ رېھىمنى كۆردۈم. نېمىشقىدۇ يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. ئۇمۇ مېنىڭ مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوتۇن تاشلاۋاتقىنىمدىن ھەيرانلىق ھېس قىلدى:

— ھە، ئىنژېنېر گۈلئايىم، تاماققىمۇ بارماي ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەسخىرە قىلىش بىلەن ھەيرانلىقنىڭ ئارىلاشمىسى بار ئىدى. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي:

— ھە، كېلىڭ جۇيجاڭ، ئوت سۇنۇۋېلىڭ، — دەپ قويدۇم.

رېھىم بوش ئورۇندۇقتىن بىرنى تارتىپ ئەكىلىپ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا ئولتۇرۇپ:

— قارىغاندا، بىرەر نەرسىدىن زېرىككەندەك، ياكى بىرنەرسىدىن غەم يەۋاتقاندەك كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دېدى ھىجىيىش بىلەن. مەشنىڭ ئىشكىدىكى يوچۇقتىن چىققان ئوتنىڭ شولىسى دەل ئۇنىڭ جاۋغىيىغا چۈشۈپ تۇرغانلىقىدىن، كالپۇكىنى ئېچىپ گەپ قىلغىنىدا، ئاغزى بىر ھەسسە يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، — دېمىسىمۇ، مەسئۇلىيەتىڭىزنى ئەمدى چۈشىنىپ قالارسىز. ئۆزىڭىز كۆرگەندەك، مىڭلىغان ئادەمنىڭ كۈچى، شۇنچىۋالا كۆپ سېمونت، پولات چىۋىقلار بىلەن قۇرۇلغان توسما، يازدىكى كەلكۈن بىلەن تەڭ بەربات بولۇپ كەتسە، ئېشىكى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە بولۇپ قالامدۇ تېخى! ئەمما، ئۇ چاغدا كېچىكىپ قالىسىز. پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. سىز، بىزلەر بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلماي يامان قىلدىڭىز ـ دە؟ مەن تېخى بۇ توسما پۈتمەي قالارمىكىن،

دەپمۇ ئويلايمەن.
— پۇتىمدۇ، ھېچقانداق غەم - ئەندىشە قىلىشىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىم مەن ئوتتىن كۆزۈمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا دېدىل قاراپ، — سىز جۇيجاڭ توسمىنىڭ پۇتمەي قىلىشىدىن، بىرەر ھادىسە چىقىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئاقساپ قىلىشىدىن ھەمىشە ۋەھىمە يەپلا يۈرىدىكەنسىز.
رېھىمنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىلىك تەبەسسۇم غايىب بولۇپ، ئاچچىقى كەلگەن چاغدىكى تېرە تارتىشىش ھالىتى پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا ئاستىرتتىن سانجىپ قارىدى. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ بىر قولى بىلەنلا كېرىلدى ۋە:
— كۆرىمىز، قانداق بولۇشىنى كۆرىمىز. ھازىر تېخى ئەتىيازمۇ بولغىنى يوق. چۇجىنىڭ سانىنى كۈز پەسلى كەلمەي تۇرۇپ ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ، خانىم! — دېدى - دە، ئەمدىلا يادىغا كەلگەندەك، ئۇدۇللاپ بېرىپ تېلېفوننى چۆرۈشكە باشلىدى، تۇرۇپ-كىغا ھە دەپ پۈۋلەپ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى ماڭا نامايىش قىلىپ بىرنەچچە مىنۇت تۇردى. بۇ تېلېفون يەتتىنچى گوڭشې باش ئاپپاراتى ئارقىلىق ئۇلىنىدىغان تېلېفون بولۇپ، ئادەتتە، قۇرۇلۇش ئورنى ئۇچۇن ھەرقانداق ۋاقىتتا كېرەك يەرنى ئۇلاپ بېرەتتى. بۇگۈن نېمىشقىدۇ رېھىم جۇيجاڭ ئاۋارە بولۇۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ ماڭا بۇرۇلدى:
— مەن ھازىرلا يەتتىنچى گوڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئا-ۋىن مۇدىرى يولداش ھامۇت بىلەن كۆرۈشۈشۈم لازىم ئىدى. سىز ھامىنى ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندىكىن، بېرىپ تاماق يېگەچ بۇ ياققا چاقىرىۋەتسىڭىز قانداق؟
مەن تەئەججۈپلەندىم. رېھىمنىڭ ماڭا تەلەپچانلىق بىلەن تىكە-

لىپ قارىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، روبىرو قارىغىنىمچە بىرئاز ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە كۆڭلۈمگە: "مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشخانىنى تاشلاپ چىقالمايدىغانلىقىمنى، بولۇپمۇ چېرتيوژلار بار شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويۇپ يىراققا بارالمايدىغانلىقىمنى قانداق چۈشەندۈرەي؟ ئۇ ئەسلى بىر جۈيجاڭ، ھازىر قۇرۇلۇش قوماندانلىق ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. مۇشۇنداق سالاھىيەتتىكى بىر ئادەمنىڭ تەلۋىلىك قىلىپ چېرتيوژ "سىزىق لىرىنى "نېرى - بېرى" قىلىۋېتىشكە قانداقمۇ ئىشىنەي؟ شۇنداقلا، ئۇنىڭغا ئىشەنمىدىم، دەپ ئويلىغانلىرىمنى قانداق چۈشەندۈرەي..." قاتارلىق ۋەھىمىلىك خىياللار كەچتى.

— مېنىڭ بۈگۈن پەقەت مىجەزىم يوق، كۆڭلۈم ئاينىپ، بېشىم قېيىپ ئاران ئولتۇرۇۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئاخىرى ئۇنىڭاي قۇتۇلىدىغان جاۋابنى بېرىپ، — ھەتتا تاماقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايدۇ. كەچۈرۈڭ، مايسەم بۈگۈن ئۆيىگە قايتمىدى، ئۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، شۇنى ئەۋەتمەيمىزمۇ؟

رېھىم ماڭا قاراپ بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ قالدى. ماڭا ئوخشاش قول ئاستىدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇنىمىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىۋاتامدۇ، ياكى باشقىچە بىرنەرسىلەرنى ئويلاۋاتامدۇ، زادى بىلگىلى بولمايتتى.

— بولىدۇ. بۇ ناھىيىدىكى سۇ ئىشلىرى مېنىڭ ۋەزىپەم دائىرىسىدىكى ئىش، مەن قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدەك قورچاق ۋەزىپەم بولغانلىقىدىن ئۆزەم بارمىساممۇ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بىرھازادىن كېيىن. ئاندىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بۇرۇلۇپ كېتىۋېتىپ ئودۇغىشدى، — ئىنژېنېرخانىم كاتتا كىشى بولۇپ كەتتى.

ئۇ بەخىرامان ئوت سۇنۇۋالغاي...

مېنىڭ كۆلگۈم كەلدى، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ كۆلۈۋەتتىم ـ دە، كۆيۇشۇپ قالغان پۇتلىرىمغا ئارام بەرگەچ مايسەمگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن چېدىردىن سىرتقا چىقتىم. مايسەم كەلسە ئۇنىڭ ۋە ئۆزەمنىڭ ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمنى ئىشخانىغا يۆتكىشىمىز لازىم ئىدى.

ئەمما، كىشىنى ئەنسىزلەندۈرۈپ، مايسەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىش پەسلىنىڭ كۈندۈزى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىككى غېرىچلا بولۇپ، تۈنى ئۇزۇن بولغاچقا، بارا ـ بارا ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىماقتا ئىدى. شۇ تاپتا، نېرىقى قىرغاق غوۋا كوگۈم قوينىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. ماڭا، باشقىلار مايسەمنى زورلاۋەرگەن بولسا، ئۇلاغا يۈز كېلەلمەي ماشىنىغا چۈشۈپلا كېتىۋەرگەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. يەنە بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ باقتىم. ئەمدى 20 ـ 30 قەدەم يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى ئىلغىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى شۇۋىرغان كۈچەيگىلى تۇردى. مەن چېدىرغا قايتىپ كىردىم.

چېدىرنىڭ ئىچى ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنىدى. لېكىن مەن بارغانسېرى توڭۇپ كېتىۋاتقاندەك پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىۋاتاتتى. مەشنىڭ ئالدى تەرەپتىكى ئىېغىزىدىن ئوخچۇپ چىقىۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ پانۇس لامپىنى تېپىپ ياندۇردۇم ھەم ئەنسىزلىك ئىچىدە بېرىپ شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئاچتىم. قاللامغا شۇ تاپتا كەلگەن پىكىرگە ئاساسەن، چېرتيوژلارنى ئېلىپ ئاشخانا تەرەپكە كەتمەكچى ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت ئاچقان يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن توختىكام ئەۋەتمەكچى بولغان يىگىتلەرنى ئەكە-

لىپ ئىشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم گۆكۈشى ئەزالىرى بىلەن بىرگە كېرىم ئاكىنىڭكىگە كەتمەكچى بولدۇم.

مەن تارتمىدىن چېرتيوژلارنى ئالدىم. چېدىر تېمىدىكى ئىلمەككە ئېسىپ قويۇلغان سومكامنى ئېلىپ چېرتيوژلارنى ئۇنىڭغا سالدىم. تارتمىنى يەنە قۇلۇپلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، چېدىردىن چىقىش ئۈچۈن بۇرۇلدۇم...

مېنىڭ ئەسلىيەلەيدىغىنىم ئەنە شۇ ئىدى. پەقەت بۇرۇلغانلىقىمنىلا بىلىمەن-خالاس. شۇ چاغدا چېدىر چېدىر ئەمەس، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدەك، تورۇستىن يوغان بىر پارچە، تاش گەجگەمگە غولاپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، قۇلىقىم تۇۋىدە قاتتىق، چىرقىراق ئاۋازلىق ھۇشتەك چېلىنغاندەك بولدى. ئەتراپ مېنى پىرقىرىتىۋاتامدۇ ياكى مەن شۇك تۇرۇپ ئەتراپ پىرقىراپ ئايلىنىۋاتامدۇ، ئايرىيمۇ ئالالمايتتىم...

## 2

مەن ئىڭراپ سالغان بولسام كېرەك، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئايال دوختۇر چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق تېز ھەركىتى بىلەن ئورۇندۇق گويا بىرسى تەۋرىتىۋاتقاندەك سىلكىنىپ كەتتى. ھەتتا بۇ سىلكىنىش دوختۇر مېنىڭ كارىۋىتىمغا يېقىنلىشىپ كەلگەن چاغدىمۇ توختىمىدى.

— سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتامسىز؟ مۇمكىن ئەمەس، تېز يېتىڭ، — دەپ بۇيرۇدى دوختۇر بۇيرۇق ئاۋازى بىلەن كەسكىن قىلىپ. ئۇنىڭ ئىششىغان قاپاقلىرىغا قاراپ ئۇيقۇغا قانمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى سەگەك،

زىرەكلىك بىلەن تىكىلەتتى. ئۇ دولامدىن بىسىپ يوتقاننى بوينۇم تەرەپكە قارىتىپ تارتىشقا باشلىدى.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭا دوختۇر، — دىدىم مەن يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئۇنىڭ بىغىشىغا ئىسىلىپ، — مەن قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كىلىپ قالدىم، مىنى كىم ئەكىلىپ قويدى، مىنىڭ سومكام بار ئىدى، ئۇ قىنى؟

— نىمە بولغانلىقىڭىزنى ئەتە ئەتىگەندە دوختۇر كەلگەندىن كىيىن ئىنىقلايدۇ، — دىدى ئۇ ئەمدى ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ كۇلۇمسىرەشكە تىرىشىپ، — مايسەم دىگەن قىزنىڭ ئىيتىپ بىرىشىگە قارىغاندا، ئۇ سىزگە تاماق ئىلىپ چىدىرگە يىقىنلاشقاندا، تۇيۇقسىز چىراغ ئۆچۈپ گۇلدۇر-تاراق ئاۋاز چىقىپتۇمىش. ئىتتىك يۈگۈرۈپ كىلىۋىتىپ "ۋاي گۇلئايىم ئاچا!"، دىگىنىچە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، سىز ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىگە پىشانىڭىزنى ئۇرۇۋىلىپ يىقىلىپ ياتقانمىشسىز. مەن سىسترا بولساممۇ، دوختۇر بولمىغانلىقتىن پىشانىڭىزنى تىڭىپ قويدۇم، دورا ئىچكۈزدۇم، ھىلىمۇ قىزىتمىڭىز بار...

— مايسەم ناھىيىگە قايتماپتىكەنمۇ؟ ئۇ مىنىڭ سومكامنى ئىلىپ قويماپتىمۇ؟

— ھايا جانلانماڭ، ياخشى دەم ئىلىڭ، — دەپ يەنە مۇرەمدىن تۇتۇپ پەسكە باستى سىسترا، — مايسەم توغرۇلۇق، سومكىڭىز توغرۇلۇق ئەتە ئۇقۇشۇۋالىسىز. ھازىر تاڭ ئىتىشقا ئاز قالدى، سىز ئۇبدانراق ئۇخلاڭ.

مەن ئىلاجىسىز سوزۇلۇپ ياتتىم. ئەمما، ئۇيقۇم كەلمىدى. چىدىرنىڭ تورۇسىدىكى ئىلمەككە ئىسىپ قويۇلغان پانۇس لامپا

توختىماي تەۋرەپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ پۇلاڭشىشىغا ئەگىشىپ ئاجايىپ نەقىش شەكلى پەيدا قىلغان نۇر شولىسىمۇ ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا لەپەڭشىپ تۇراتتى. سېستىرا ئايال مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چېدىر تۇرۇسىغا چۈشكەن ئۇزۇنچاق قوغۇندەك باش سايىسى لىپپىدە يىراقلاشتى. مەن ھېچقانداق قىلىپ ئۇخلىيالمايدىغانلىقىمنى، ياتقىنىم بىلەنمۇ بەربىر ئەنسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى، سومكامنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئالمىسام، ھامان خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىمنى سەزدىم. شۇڭا، يەنە چىڭقىلىپ جەينەكلەپ ياستۇققا تاغاقلىرىم تەگكۈچە كوتۇرۇلۇپ تۇردۇم. سېستىرا شۇ چاغدا مەن تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ مەشكە ئوتۇن سېلىۋاتاتتى. ئوتۇننىڭ چارسىلداپ كۆيۈشى، مەش كانىيىنىڭ بىر خىل غۇڭۇلداش ئارىلاش گۈركىرىشى تالادىكى شامالنىڭ ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ جىمجىتلىقنى بىلدۈرمەيتتى. سېستىرا ئايال زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئىنچىكە تۆمۈر سىم بىلەن مەشنىڭ تېگى ئاغزىغا بوش تۇرۇپ كۈل چۈشۈردى، ئاندىن يۆلەنچۈكلۈك تۇرۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋايلاپ، ئارتۇقچە تىۋىش چىقارماي قىلاتتى.

ئۇنىڭ ماڭا ئانچە دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ غەيرەت بىلەن كۈچەندىم-دە، ياستۇققا بېلىم بىلەن يۆلەنگۈدەك كۆتۈرۈلدۈم، لېكىن مېنىڭ بۇنداق ئولتۇرۇشۇمدىن ئىككى چېكەم پىچاق تىققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ، بېشىم قېيىپ كەلتى. شۇڭا، دەيدىغان گېپىمنى دېيەلمەي:

— سېستىرا...، — دەپ توختاپ قالدىم.

سېستىرا ئورنىدىن تېز تۇردى. ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆزلىرىدە ئەيىبلەش، ئاۋازىدا رەنجىش

بەلگىلىرىنى ئېنىق ئىپادە قىلىپ:

— سىز ھازىر شەرتسىز ئارام ئېلىشىڭىز لازىم. ھەرقانداق سوئاللارنى بېرىشكە بولمايدۇ. تىنچ يېتىشىڭىزنى بۇيرۇيمەن، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەچ بىر قولىدا يوتقانىنى تارتىپ، بىر قولى بىلەن مېنى خىلىلا كۈچلۈك ھەرىكەت ئارقىلىق يېتىشقا ئۈندىدى.

— مېنىڭ سومكامدا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال بار ئىدى، — دېدىم مەن ئاۋازىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈندەشلىرىگە بويسۇنمايدىغانلىقىمنى ئىپادىلەپ، — مەن سومكامنىڭ تەقدىرىنى بىلمەي تۇرۇپ قانداق ياتالايمەن؟ سىز بىلىشىڭىز كېرەك، مېنىڭ زەخىمدار بولۇشۇم ئاشۇ سومكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. سىز ياردەم قىلىڭ يولداش سېستىرا...

ئايالنىڭ كۆزلىرى چوڭ-چوڭ ئېچىلدى. چىرايىدا ھەيران قېلىشنىڭ ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇ قولىدا كۆتۈرۈپ تۇرغان يوتقاننى بوينۇمغىچە تارتىپ يېپىپ قويۇۋېتىپ:

— راستىنى ئېيتسام، مەن سومكىڭىزنى كۆرمىدىم. سىزنى بۇ يەرگە مايسەم ئىسىملىك قىز بىلەن مەن تونۇمايدىغان ئىككى دېھقان يىگىت ئېلىپ كەلدى، — دېدى.

— مايسەمدىن ئۇقۇپ بېقىشقا بولىدۇ، — دېدىم مەن تەرسالىق بىلەن.

سېستىرا رازى بولمىسىمۇ، مېنىڭ قەتئىيىتىمدىن خېلىلا تەمتىرەپ قالغانلىقىنى چاندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ باياتىنقى سۆزلىرىمدىن چۆچۈگەن بولسا كېرەك، مېنى قالدۇرۇپ ئاق رەخت بىلەن توسۇپ قويۇلغان نېرىقى تەرەپكە كىرىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئۆز تەشۇۋشلىرىمنى خىيال قىلىپ يېتىپ ئاڭلىيالماي قالدىممۇ، ياكى ئۇ ئاۋازنى مەن ئاڭلىيالمىغۇدەك پەس چىقىرىپ ئويغاتقانمۇ، ئىشقىلىپ، ھايال ئۆتمەي، مايسەم چاچلىرى چۇۋۇق، مەڭزى ئىششىغان، يالىڭاياغ، ئۇيقۇ نېرى كەتمىگەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە توساق كەينىدىن چىقىپ كەلدى. مېنىڭ ئۆزىگە قاراپ ياتقىنىمنى كۆرۈپ بىردىنلا تېتىكلەندى ۋە ئېتىلىپ كەلگىنىچە ماڭا ئۆزىنى تاشلاپ:

— جېنىم ئاچا، خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز؟ مەن ناھايىتى قورقتۇم، — دېدى.

ئۇ، ئۇستىدىكى پاختىلىق چاپىنىنىلا يېشىۋېتىپ كىيىملىرى بىلەن پۈتۈن ياتقان بولسا كېرەك، يوپكىسى پۇرلاشقان، پوپايكىسى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مەن ئۆز ئەھۋالىمنى قويۇپ تۇرۇپ:

— سومكام قېنى سىڭلىم، مەن نېمە بولدۇم؟ — دەپ سورىدىم.

— ناھىيىگە كېتىدىغانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنىڭ قايتىپ كەتمەيدىغانلىقىم، سىز بىلەن بىرگە قونىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئانامغا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپلا ناھايىتى تېز يانغانىدىم. چېدىرغا يېقىنلاشقىنىمدا، رەھىم جۇيجاڭ ئۇچراپ قالدى. ئۇ، سىزنىڭ يېنىڭىزدىن چىققانلىقىنى، سىزنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى، شۇڭا، مېنىڭ دەرھال ئارقامغا يېنىپ مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت بىلەن كۆرۈشۈپ ئايرىم ئاش ئەتتۈرۈپ سىزگە ئەكىلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. بۇنى ئۇنىڭ نامىدىن يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، — دەيتتى مايسەم ھاياجان ئىچىدە قوقاس ئوتتا قوماچ ئېتىلغاندەك تېز سۆزلەپ، — مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كۆڭشى ئاشخانىسىنىڭ كەپىسىگە بېرىپ، سىزگە ئاتاپ ئايرىم ئاش ئەتتۈرىمەن، دەپ ھايال بولۇپ قالدىم.

كېيىن، ياشانغانراق بىر كىشى كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى توختى دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئىككى يىگىتنى ماڭا قوشۇپ بەردى. سىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭىزنى ئۇلار ئاشپەزلەر ئارقىلىق ئۇقۇپ بولغانىكەن. ئەتە ئەتىگەندە باشقىلار يوقلاپ كەلمەكچى بولدى، — "هازىر كەچ بولۇپ كەتتى، تىنچ ئارام ئالسۇن، سالامىتىمىزنى ۋە هال سورايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇڭ"، دېيىشتى. مەنمۇ، سىزنىڭ يېتىپ قوپالمىغۇدەك هالدا ئەمەسلىكىڭىزنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپ خاتىرجەم قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇندۇم...

— سومكامچۇ؟ سىز چېدىرگە كىرگەندە سومكام قولۇمدا بارمىكەن؟ — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم مەن ئالدىراپ.

— بار ئىكەن، قولىڭىزدا تۇرۇپتىكەن، — دېدى مايسەم مېنى خاتىرجەم قىلىپ. ئاندىن ئۇ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنىڭ داۋامىنى يەنىلا ئاۋۋالقى تېزلىكتە ئېيتىشقا باشلىدى. — ئۇچەيلەن بۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتۇق. مېنىڭ قولۇمدا سىزگە ئېلىۋالغان سويۇقئاش كورىسى بار، هېلىقى ئىككى دېھقان يىگىت ئۆزىنىڭ ئورۇن-كورپىلىرىنىلا كۆتۈرگەنىدى. بىز چېدىرىڭىزغا بەش-ئالتە مېتىر قالغان چاغدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراغ نۇرىنىڭ "لاپپىدە" ئۆچۈپ قالغانلىقىنى بايقىدۇق. مېنىڭ كۆڭلۈم بىرقىسىملا ئېغىپ كەتتى، كەينىدىنلا چېدىردىن "گۈلۈپپىدە" قىلغان ئاۋاز چىقتى. مەن تېخى سىزنى ئاچلىق، هارغىنلىق بىلەن ئۇخلاپ قالغان بولسا، مەش ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. "ۋاي، گۈلئايىم ئاچا!"، دەپ يۈگۈرۈپ كىرسەك، چېدىرنىڭ ئىچى تۇم قاراڭغۇ. مەشنىڭ ئوتىنىڭ يالقۇنى بىلەن بىرنەرسىنى ئىلغىغىلى بولمىدى. يىگىتلەردىن بىرسى سەرەڭگە ياقتى. قارىساق، پانۇس لامپا چېقىلىپ يەردە يېتىپتۇ.

سزمۇ شرەنىڭ پۆتىغا بېشىڭىز تەگكەنمكىن، ھېچ نەرسىنى سەزمەي يېتىپسىز. يۆلەي دەپ يۆگۈرۈپ بېرىپ پېشانىڭىزنى تۇتسام، قولۇمغا قان يۇقۇپتۇ. قورقۇپ كېتىپ تۇۋلىغىنىمنىلا بىلمەن. كۆزۈمنى ئاچسام، ئەينىكى سۇنۇق بولسىمۇ پانۇس لامپا ياندۇرۇلۇپتۇ. ئىككى يىگىت ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم ئەنسىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرغانىكەن...

قىز شۇ ئىش ئەمدى سادىر بولىدىغاندەك ماڭا مەھكەم چاپلىشىپ يىغلاشقا باشلىدى. سېپترا سۆزلىشۋاتقان سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ، مايسەم بىلەن مېنىڭ چىرايىمدىن كۆڭۈلسىز، قورقۇنچلۇق بىر ھادىسىلەر سۆزلىنىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ، چەكچىيىپ بىر ماڭا، بىر مايسەمگە قاراپ تۇراتتى.

مەن مايسەمنىڭ كۆزىدىكى ياشلارنى ئالقىنىم بىلەنلا سۈرتۈۋېتىپ:

— يىغلىماڭ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغىمۇ كۆڭۈلنى يېرىم قىلغان بارمۇ؟ — دەپ بەزلىدىم ۋە مېنى تەقەززا قىلىپ تۇرغان سوئالىنى سورىدىم، — سومكىنى قانداق قىلدىڭىز؟

— مەن سومكىڭىزنى بوينۇمغا ئېسىپ، دېھقان يىگىتلىرنىڭ يار-دىمى بىلەن سىزنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە ئەكەلدۇق. كېيىن، — ئۇ سېپترانى بېشي بىلەن ئىشارەت قىلدى، — بۇ دوختۇر سىزنى ئەھ-ۋالى خېلىلا ئېغىر، بۇ يەردە يېتىپ ئەتە دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتسۇن، — دېدى. مەن يىگىتلەرنى ئىشخانا چېدىرىدا يېتىڭلار دەپ ئەۋەتىپ، ئۆزەم مۇشۇ يەردە قونۇپ قالدىم. سومكىڭىز، مەن ياتقان كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئېسىقلىق.

مەن يېنىك تىن ئالدىم. مايسەمنىڭ بايان قىلغان ئەھۋاللىرىدىن

ھێچ نەرسنی چۈشەنگلی بولمایتتی. چۈنکی، مەن ناھایتی یاخشی سەزگەن ئێدىمکی، ھوشۇم جایدا، ئۆیقۇمۇ کەلمگەن بىر شارائتتا چێرتیوژلارنی سومکىغا قاچىلىغانىدىم. شۇ چاغدا، مێنىڭ بوینۇم قێتىش گەجگەمگە ئێغىر بىرنەرسە تەگکەنىدی. چىراغمۇ یێقىلىق ھالەتتە ئێدی.

— سلەر کىرگەن چاغدا چێدىردا باشقا ئادەم شەپىسی بىلىنمەدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم تەخمىن بىلەنلا. چۈنکی، یێپىدىن یىگنىسەگچە سۆزلەپ بەرگەن مایسەم چێدىر ئێچىدە بىرەر-یێرىمتە ئادەم بارلىقىنی یاکی شەپىنی سەزگەن بولسا، مەن سورىمسامىمۇ ئێیتىپ بێرىشی مۇمکىن ئێدی. مێنىڭ ئێچکی تۇیغۇلىرىمدا چێدىرگە ھامان بىر کىشلەر تۇیدۇرمای کىرىپ کەلگەندەك گۇمان ئەگىپ یۈرەتتی. ئەمما، مایسەم مێنىڭ گۇمانىمنی پاکتقا ئایلاندۇرىدىغان ھێچقانداق بەلگىنی سەزمگەنىدی. ئەکسچە، ئۇ مەندىن سورىدی:

— نێمە، بىرەر ئادەم بىز کىرىشتىن ئىلگىری چێدىرغا کىرگەنمدی؟

— شۇنداقلا بىر سوراپ قویدۇم. — دێدىم مەنمۇ ئاقلانمىغان گۇماننی کۆچەیتىشتىن ئۆزەمنی قاچۇرۇپ، — مەن خێلی ئۇزۇن ھوشسىز یاتقاندىمەنمۇ، دەپ ئویلىغانىدىم. سىزگە کۆپ رەھمەت سىڭلىم. ئەمدی بێرىپ بىرئاز ئۇخلاڭ. مەنمۇ خێلی یاخشی بولۇپ قالدىم.

راستىنلا یاخشی بولۇپ قالغانلىقىمنی ئۇنىڭغا کۆرسىتىپ قویۇش ئۈچۈن گەۋدەمنی سەل کۆتۈرۈشکە ئۇرۇندۇم ۋە کۈلۈپ قویدۇم. مایسەمۇ کۈلۈپ قویدی، ماڭا یێقىملىق نەزىرىنی تىکىپ مەڭزىمگە مەڭزىنی یێقىپ بوینۇمنی سىلاپ قویدی. ئاندىن بارماقلىرىنی ئۇتقا

ئۇزىتىۋاتقاندەك ئاۋايلاپ سوزۇپ پېشانەمنى سىلىدى.

مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى پېشانەم نېمىشقا سەزمەيدۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. ماڭا سېستىرا بىلەن مايسەم ئوخشاش بىر سۆزنى قىلغان، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە پېشانەم شىرەنىڭ بۇرجىكىگە سوقۇلۇپ يارىلانغاندى. مەنمۇ ئوڭ قولۇمنى كۆتۈرۈپ پېشانەمنى تۇتۇپ باقتىم ۋە شۇ چاغدىلا پېشانەمنى ئايلاندۇرۇپ ئارقا مېڭە قېتىش بىنت بىلەن تېڭىۋەتكەنلىكىنى بىلدىم.

— بېرىپ ئۇخلاڭ سىڭلىم، ھېچ ۋەقەسى يوق، — دەپ يەنە زورلىدىم مايسەمنى يېنىك ئىتتىرىپ .

ئۇ كارىۋىتىمدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ توساق ئارقىسىدىكى كارىۋىتىغا بارغۇچە ماڭا پات-پات بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ پۇشۇلداپ تىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى بىلىندى. مەن سومكىنىڭ ئۆز پېتى بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىمدىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدىم ۋە يانپاشلاپ ياتتىم. سېستىرامۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆزىتىپ بېقىپ خاتىرجەم بولدى بولغاي، قاتار قويۇلغان يەنە بىر كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە يېشىنمەيلا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

تالادا ھامان كۈچلۈك شامال چىقىۋاتاتتى. چېدىر تورۇسىغا ئېسىلغان پانۇس لامپا تېنىمسىز لەپەڭشىپ تۇراتتى. مەشتىكى ئوت رىتىملىق، بىر خىل گۇرۇلدەيتتى. مېنىڭ ئۇيقۇم كەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە بېشىم قېيىپ زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. باياتىن بېرى نېمىشقىدۇ سەزمىگەن بولسام كېرەك، ئەمدى بۇرنۇمغا دورا پۇرىقى كىرەتتى. كۆڭلۈمگە بولسا بۇنداق ئەنسىز كېچىدە ئۇيقۇسىزلىقتا كېلىدىغان غارايىپ گۇمانلىق خىياللار كىرمەكتە ئىدى: "مېنى بىرسى كەينىمدىن تۈيدۇرماي كېلىپ قاتتىق بىرنەرسە بىلەن ئۇرغان بولسا كېرەك.

بۇ نامەلۇم لۈكچەك تەلۋە چېدىرغا خۇپىيانە كىرگەن، چېرتيوژلارنى ئېلىپ سومكىغا سالغىنىمنى، تارتمىنى قۇلۇپلىغىنىمنى كۆرۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. ئۇ مېنى ھوشسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ سومكىنى ئىچە-دىكى چېرتيوژلىرى بىلەن قوشۇپلا ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى پەملە-گەن، ئەمما سىرتتىن يېقىنلىشىپ كەلگەن مايسەم ۋە ئىككى يىگىتنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ بىر بۇلۇڭدا مۆكۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. چىقىۋېتىلگەن چىراغ، قاراڭغۇ چېدىر ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان. يىگىتلەر بىلەن مايسەم پاتىپاراقچى-لىق ئىچىدە، مەن بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ ئەتراپقا دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە ھېلىقى ئەبلەخ غىپپىدە تىكىۋەتكەن. ئەھۋال تامامەن شۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. لېكىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس-تە! بۇ ئىشنى قىلغان، كېيىن يەنە چاندۇرماي، پاش بولماي چىقىپ كېتەلىگەن تەلۋە كىم بولغىيدى؟ ئۇ نېمانچە قۇۋ ۋە ئەپچىل؟ بۇ كىشى رېھىممىدۇ ياكى ھامۇتمىدۇ؟ رېھىمنىڭ كەچتە چېدىرغا كىرىشى، مېنى ھامۇتنى چاقىرىش ئۈچۈن بۇيرۇق بېرىشى؛ شۇ كەچقۇرۇنلۇقى ھامۇتنىڭ گوڭشې ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىشى؛ مەن چېدىردىن چىققىلى ئۇنىمىغاندىن كېيىن رېھىم مايسەمنى توسۇپ ماڭا ئاش ئەتتۈرۈش...نى باھانە قىلىپ ئۇنى چېدىردىن يىراقلاشتۇرۇ-شى... قاتارلىقلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ قارىغاندا ياكى رېھىم ياكى رېھىمنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرەسى چېدىرغا تۇيدۇرماي كىرگەن بولۇپ چىقامدۇ، قانداق؟ بۇلار ھازىرقى سالاھىيەت ۋە سالاپىتى بىلەن ئېھتىمالى بولغان پاش قىلىنىشتىن ئەنسىرىمەي، ئۆزى بىۋا-ستە قول سېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار مېنى نابۇت قىلىپ چېرتيوژنى ئېلىپ كېتەلىگەندىمۇ، توسما قۇرۇلۇشنى توختىتىۋېتەلىشى ياكى

ئۇنى باشقىچە — ئۆزى ئۆزگەرتىۋالغان چىرتيوژ بويىچە ئىشلەپ، پۈتكەندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىشكە ئېلىپ بارالىشى مۇمكىنمۇ؟..."

مەن بۇ خىياللىرىمدىن بىرەر خۇلاسە چىقىرالمايتتىم. ھەر ھالدا ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن چاتاق چىقىرالىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمۇ ئېنىق، پۈتۈن ناھىيە بازىرىنى بېشىغا كىيىپ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلايدۇ. شۇ ئارقىلىق توسما قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ ئەيىبلەپ، قاغاپ، تەشۋىقات ھۇجۇمى يۈرگۈزۈپ، چۇقان سېلىشىدۇ. ئۆزلىرىنى ئالدىن كۆرەر ئەۋلىيا ھېسابلىشىپ، "مانا، بىز دېمەپمىدۇق. بىر سېسىق زىيالىي قانداقمۇ ئىشەنچلىك لايىھە ئىشلەپ چىقالايدۇ؟ — دەپ ھۆرپىيىشىدۇ، — ناھىيىنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتىدىغان بۇ توسما ئىشلەپچىقىرىش قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىدىن، سىياسىي ھەرىكەتتىن چەتلىسە ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ." ۋەھاكازا.

"بۇلار توغرىسىدا ئەتىگەنلىكتە ئىبراھىم، ئۇ تېپىلمىسا قۇتلۇق ئاكىلار بىلىپ قېلىشى لازىم، — دەپ ئويلىدىم مەن، — تۇنۇگۈن مايسەمدىن ئاڭلىغان ئەھۋاللاردىن باشلاپ ھەممە ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىمەن. پەرەزلىرىمنى، گۇمانلىرىمنىمۇ قوشۇپ دوكلات قىلىشىم لازىم. مەن ئاددىيراق، تېيىزرەك ئويلىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ناھىيىلىك پارتكوم بۇ ئىشلار توغرىسىدا، بەلكىم چوڭقۇرراق تەھلىل يۈرگۈزۈشى، ئۆزۈنراق يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن..."

مەشىنىڭ ئوتى سۇسايدى بولغاي، گۈرۈلدىشى پەسلەپ قالدى. لېكىن سىرتتىكى شامال يەنىلا ئۇشقىرتىپ تۇراتتى، چېدىرىنىڭ تاملىرى بىردە سىرتقا، بىردە ئىچكىرىگە كۆپۈپ سىلكىنەتتى. تورۇستىكى پانۇس لامپا تېنىمسىز لەپپەڭشىپ تەۋرىنىپ تۇراتتى. چېدىر ئىچى

ئەنسىز، جىمجىت ئىدى. مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتتا پەقەت ئايەغىنىلا سىلىۋېتىپ يېشىنمەي ئۇخلاۋاتقان سېستىرا بىر خىل رىتىم بىلەن پۇشۇلدايتتى. رەخت توساقنىڭ نېرى تەرىپىدىن ئۇخلاۋاتقان مايسەمنىڭ ئىگراپ جۆيلۈشلىرى ئاڭلىناتتى. بېشىم قاتتىق ئاغرىپ، چېكىلىرىم زىڭىلداپ تۇرسىمۇ، ئۆزەمنى قويالماي ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا ئۆرۈلەتتىم، ئۇيقۇ زادىلا يېقىن كەلمەيتتى.

## 3

قۇرۇلۇش ئورنىدىكى دوختۇرلۇق پونكىتىدا ئىككى كۈن يېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن باش دوختۇر مېنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ تەپسىلىيرەك تەكشۈرۈتۈپ بېقىشقا مەسلىھەت بەردى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم، چۈنكى، ئىككى چېكەمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشى بېسىقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىرايتتى ۋە ماغدۇرسىزلىنىپلا تۇراتتى.

مەن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ماشىنىلاردىن بىرىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرۇپ ناھىيىگە بارغان چېغىمدا، يېڭىدىن چاپلانغان غەلىتە شوئارلارنى ۋە چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرۈپ قالدىم. بۇلارنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. كۆپرەك مېنىڭ ئىسمىم كۆزگە چېلىقاتتى. مەن ئوقۇپ بېقىشقا قىزىققان بولسامۇ، سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن ئۇ يەرلەرگە بارمايلا دوختۇرخانا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىم.

تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ نېرۋا زەرەرلەنمەگەن بولسىمۇ، ماڭلايدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس كىچىك قان تومۇرلاردىن بىرنەچچىسى ئۈزۈلگەن، گەجگە مۇسكۇلى ئىششىغان دەپ

دىئاگنوز قويىدى. ئۇلار مېنى ئەنسىرىمىسۇن دېگەندەك، خەۋپ چوڭ ئەمەس، ئاساسىي تومۇرلارغا زەخىم يەتمىگەن، شۇڭا ئوپېراتسىيە قىلمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. شۇنداقتىمۇ بىرمەزگىل خاتىرجەم يېتىپ دەم ئېلىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتتى.

— مەيلى، قايتىپ بېرىپ دەم ئالسام ئالاي، — دېدىم مەن خاتىرجەم بولۇپ.

— ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى بىرسى ئاچچىقلانغان هالدا، — تېرە، گۆش، ئۇستىخانلارنىڭ نورمال هالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دوختۇرنىڭ نازارىتى ئاستىدا داۋالىنىشىڭىز كېرەك.

مەن قايتىپ كەتسەممۇ هېچ ئىش بولمايدىغانلىقىنى، مېنىڭ يېنىمدا ياخشى دوختۇرلۇق پونكىتى بارلىقىنى ئېيتقىنىم بىكار بولۇپ چىقتى. بىرنەچچە دوختۇر مەسلىهەتلىشىپ، يارا ئېغىر دەپ خۇلاسە چىقىرىپ، بالنىستا يېتىشىمنى بۇيرۇدى، باشقا گەپ هاجەت ئەمەس دېگەندەك چىقىپ كېتىشتى. قېپقالغان بىرىگە مەن يېتىپ داۋالىنىشنى رەت قىلدىم.

— هەممە ئادەمنىڭ ئىشى ئالدىراش، — دېدى ياشانغان، چاچ-لىرىغا چالا ئاق كىرگەن، سېمىز بىر خەنزۇ دوختۇر كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ، — يېتىپ داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.

ئۇ بالنىستقا خەت يېزىپ، تېگىگە قول قويدى-دە، مېنىڭ نېمە دېيىشىم ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇناسىۋەتى يوق بىر ئىشتەك سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— سىز لياك دەيفۇنىڭ سۆزىگە كىرىڭ، — دەپ نەسىهەت قىلىشقا باشلىدى 40 ياشلار چامىسىدىكى يەنە بىر ئايال دوختۇر. بۇمۇ سېمىز،

ئېگىز بوي، ئاق سېرىق ئايال ئىدى، — ئۇ يېتىپ داۋالىنىۋېلىشقا بۇيرۇلغان ئىكەن، دېمەك، ئەھۋالىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس، دېگەن سۆز.

— ماڭا دورا بەرسىڭىز، — دېدىم زادى كەتمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىپ، — سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن، بىز يەتتىنچى گۇگۇشى تەۋەسىدىكى دەرياغا توسما قۇرۇۋاتىمىز. مەن قۇرۇلۇش مەيدانىغا بارمىسام بولمايدۇ.

— سىز بولمىسىڭىزمۇ قۇرۇلۇۋېرىدۇ، — دوختۇرمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى، — ئۇ قۇرۇلۇش توغرىسىدا، بىزنىڭ بۇ ئورۇندىمۇ ئەتىدىن كەچكىچە گەپ-سۆز بولۇپ تۇرىدۇ. ئاڭلىسام بىرنەچچە مىڭ ئادەم قاتنىشىۋېتىپتىغۇ؟ سىز بولمىغانغا توختاپ قالماس.

مەن نائىلاج ئىنژېنېرلىق مەسئۇلىيىتىنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدىم. ئۇ ئىسمىنى ئاڭلاپلا كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ پۈتۈن باش-ئايىغىمغا باشقىدىن سەپسېلىپ قاراپ چىقتى.

— ھە، مۇنداق دەڭ. سىز شۇ گۇلنايىم بولمەن دەڭا؟ — دېدى ئۇ ماڭا بىلدۈرۈۋاتقان مۇئامىلىسىنىڭ قىزغىنلىقىنىمۇ ياكى ھەيرانلىقىنىمۇ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەستىن، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز ھازىر ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن ئايرىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. مەن تېخى ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ گۆش، ماي توشۇپ بېرىپمۇ بالىنىستا ياتالمايۋاتقان كىشىلەر تۇرسا، بۇ چوكان ئەجەب ئۇنىمايۋاتىدىغۇ، دەپ ھەيران قېلىۋاتاتتىم.

— كەتسەم قوشۇلارسىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا يېلىنىش ئاھاڭىدا، — دورا يېزىپ بەرسىڭىز، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئېيتىپ بەرسىڭىز، قايتىپ بېرىپ دورا يەپ دەم ئالسام

بولۇۋېرىدۇ. خىزمەت قىلىشتىمۇ دىققەت قىلارمەن. بىزنىڭ ئۇ يەردىمۇ بىر داۋالاش پونكتى بار ئەمەسمۇ؟

ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— لياڭ دەيفۇنىڭ ئالدىغا مۇشۇ يارىڭىز بىلەن قايتا كەلمەڭ، ئۇ ناھايىتى خاپا بولىدۇ، — دېدى ۋە قولىنى ئۇزاتتى، — ئۇ سىزنى قانداق دورىلار بىلەن داۋالايدىغانلىقىنى يازغاندۇ بەلكىم. ئەكىلىڭ كېسەللىك كارتوچكىسىنى.

مەن خېلى كۆپ دورا ئالدىم-دە، قورۇلۇش ئورنىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ كوچىغا چىقتىم. ھازىر ئۇ يەرگە بارىدىغان-كېلىدىغان ماشىنا تېپىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس ئىدى. مەن ماددىي ئەشيالار ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىدىن پولات چىۋىق توشۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكىمدىن، شۇ ياققا قاراپ كەتتىم. بىر تامدا مېنىڭ ئىسمىم يېزىلغان بىر چوڭ خەتلىك گېزىت تۇراتتى. بېرىپ ئوقۇپ باقتىم. ئۇنىڭدا: "گۈلنايىم ئىسىملىك بىر بۇرژۇئا زىيالىيسى ناھىيىلىك پارتكوم ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا داۋاملىق مېڭىۋاتقان كىشىلەر-نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا سىياسىنى چەتكە قاقىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەرنى سىناق قىلىش ئۈچۈن توسما قۇرماقچى بولغان، لېكىن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان" دېيىلگەن. يەنە بىر چوڭ خەتلىك گېزىتتە، ناھىيىنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ چېكىنىش يۈز بەرگەنلىكى، سىياسىي ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەر-كىتى تەرىپىدىن بېسىلىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان، ئۇلار ئەيىبنى يەنىلا توسما قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەش بىلەن قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشقا دۆڭگەپ قويغانىدى.

مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولمىدى. مەن كۆنۈپ قالغانىدىم. ئىچىمىز جىڭگى ۋە چوڭ خەتلىك گېزىت ھۆججەتلىرىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنىڭ قالايمىقانچىلىق تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاقسىتىپ، كىشىلەر رايىنى داۋالغۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملارنى ھېچقانداق ئىشنى يۈرەكلىك ئىشلىيەلمەيدىغان جۈرئەتسىزلەرگە، ئورگانلارنى بولسا پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ، قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھوقۇق تارتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئەقىللىق بار كىشىلەر ئوبدان بىلەتتى. مەنمۇ تەشۋىقات ھۆججىتىنىڭ يېتىدىغان نىشانىنى بىلىۋېلىشقا ئۆگەنگەنىدىم. ئەنە شۇنداق ساۋاتلارنى ئىبراھىم شۆجى بىلەن قۇتلۇق پات - پات سۆزلەپ، مېنى پەسەنت قىلماسلىققا، شۇئار ھۆججەتلىرى ئالدىدا ۋايساپ، چېكىنىپ يۈرمەسلىككە ئۆگەتكەنىدى.

قۇرۇلۇش مەيدانىغا پولات چىۋىق توشۇۋاتقان ماشىنىلاردىن بىرسىگە ئولتۇرۇپ قۇرۇلۇش مەيدانىغا كەلدىم. مېنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. بەزىلىرى مەن توغرۇلۇق تارقالغان خەۋەرلەرنىڭ توپىيلىدىن بولسا كېرەك، مېنى كۆرگەندە ئەجەبلىنىپ قاراشتى.

قۇرۇلۇش ئورنىدا ئەمدى ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. قۇندامېنت ئۆلىدىكى توپا قېزىش تۈگىگەنلىكتىن، ئەمدى ئۇنچە كۆپ ئادەممۇ زۆرۈر ئەمەس ئىدى. ئاز بىر قىسىم گوڭشې ئەزالىرى ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىتون قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ياردەملىشىۋاتاتتى. يەتتىنچى گوڭشې ۋە ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى ئۆزىگە تەۋە ئەمگەك قوشۇنى بىلەن ئۆز يەرلىرىگە بارىدىغان ئۆستەڭنى چېپىش ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئاساسلىق ئەمگەك مەيدانى گويا يۆتكىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ماھىيەتتە، ئۆستەڭ

قىزىشمۇ توسما قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ئىش پىلان بويىچە، چېرتيوژغا ئاساسەن داۋام قىلىنىۋاتقاندى.

مەن فۇندامېنتقا شىبەن تاش بېسىش باشلىنىپ كەتكەن توسما قۇرۇلۇشى ئورنىغا باردىم. شۇ چاغدا شىبەن تاشلارنىڭ تۆتىشىدىن چاكىلىرىنى بېكىتىشكە ئىشلىتىدىغان سېمونت لاي ئېتىۋاتقان چاۋبەنجى (لاي ئېلىشتۇرۇش ماشىنىسى) نىڭ كەينىدىن ئىبراھىم شۇجى چىقىپ كەلدى. ئۇ ماشىنا باشقۇرىدىغان بىر خەنزۇ ئىشچى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. مېنى كۆرۈپلا ئۇ ئىشچى بىلەن خوشلىشىپ ناھايىتى تېزلىكتە يېنىمغا يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنى يارىلانغاندىن كېيىن ئەتىسى چۈشكە يېقىن داۋالاش پونكىتى چېدىرىدا — مېنى يوقلاپ كەلگەن چېغىدا كۆرگەنىدىم.

— سىز نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ قولۇمنى بوش ئەمما قىزغىن سىقتى ئۇ، — سىز ياخشىراق داۋالىنىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟

ئۇ، سۆز ئارىلىقىدا ھېلىمۇ بىنت بىلەن تېڭىلغان پېشانەمگە سەپ-سېلىپ قارىدى. مەن يۈك ياغلىقىمنى قېشىمنىڭ ئۈستىگىچە تېڭىۋال-غان بولغاچقا، بىنتلارنى ئۇنچە بايقىغىلى بولمايتتى. شۇڭىمۇ سەپسالغانلىقىنى سېزىپ، ياغلىقىمنى يەنە پەسكىرەك چۈشۈرۈپ قويدۇم-دە:

— دوختۇر ئالاھىدە يېتىپ داۋالانغۇچىلىكى يوق ئىكەن. دورا يەپ مۇۋاپىق دەم ئېلىپ ئىشلەشكە بولىۋېرىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقاردى، — دېدىم مەن جىددىيراق سۆزلەپ كېپىمگە ۋەزىن بېرىش ئۈچۈن، — شۇڭا يېزىپ بەرگەن دورىلارنى ئالدىم، ناھىيىدە باشقا ئىشلىرىم بولمىغانلىقتىن قايتىپ كەلدىم.

ئىبراھىم ئاكا سۆزۈمگە ئىشەنمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ بىرپەس

قاراپ تۇردى. لېكىن يالغان سۆزلەۋاتقىنىمنى ئىسپاتلىغۇدەك ئاساسىمۇ بولمىغانلىقتىن:

— ھەر ھالدا سالامەتلىكىڭىزگە قاتتىق دىققەت قىلىڭ. ياردەمچى ئىنژېنېرلار بولغاندىكىن كۆپرەك مەسلىھەتلىشەرسىزلەر، — دېدى.

مەن ماقۇل بولۇپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ ئىش مەيدانىغا يېڭىلا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ناھىيە بازىرىدا قانداق يېڭىلىقلار كۆرگەنلىكىمنى سورىدى.

ئۇنىڭ نېمىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى سېزىپ كۈلۈۋەتتىم، تاملاردىكى چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلارنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئېيتىپ بەردىم ۋە كۆز قاراشلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلدىم. شۇجىمۇ كۈلدى - دە:

— قانداق دەپ ئويلىغانىدىڭىز؟ بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھەممىسىنىڭ مىجەزى ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە ئىش قىلغۇسى كەلمەيدۇ، — دېدى ۋە شۇ ئان چىرايىدىكى تەبەسسۇم غايىب بولۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا قەھرلىك ئاچچىق ئەكسىلەندى، — ئۇلار ئاجايىپ ياڭراق شوئارلارنى دۆۋىلەپ تېپىپ كېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاشنى بىلىدۇ. ئۇلارغا ۋاڭ - چوڭ بولۇپ بەرسە، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن دائىم لاي سۇ ئاقسا، پۈتۈن ئارزۇيى ئەمەلگە ئاشقان ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت بىلەن، خەلق بىلەن، بالايى- بەتتەر ھادىسە بولۇپ كەتكەندىمۇ بىر تال مويى تەۋرەپ قويمايدۇ. بىزنىڭ ئالدىمىزدا مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان كوممۇنىستلار خەلقنىڭ باياشات ياشىشى ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن، قېنىنى ئاققۇزغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى خەلقنى

نامراتلاشتۇرۇپ قىيناش ئۈچۈنمىدى.

— ياق، ياق. سوتسىيالىستىك تۈزۈم شۇ سەۋەبتىن ئەۋزەللىككە ئىگىكى، ئۇ دۆلىتىمىزدە كىشى كىشىنى ئېزىدىغان، كىشى كىشىنىڭ قېنىنى ئىچىدىغان ئادەمخورلۇقنى يوقاتتى. ئەمگەكچىلەر ئۆز ئەمگەكىنىڭ ئاز ساندىكى تەييار تاپلار ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى بىلدى...

— ھېلىقىدەك شوئار توۋلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلارچۇ؟ — ئىبراھىم ئاكا بۇ سوئالغا مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتقاندەك بىر ئاز جىمىپ قېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار خاتا پەرەز قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار پەرەزنى خاتا قىلغانلىقتىن، ئىشنىمۇ خاتا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرى بىرمەھەللىك ئىش، يولداش گۈلنايىم. گەرچە ئۇلار قانداقتۇر "ئىزىم"لارنى كېچە-كۈندۈز ئاغزىدىن چۈشۈرمەي توۋلىسىمۇ، توغرا بىلەن ناتوغرىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئايرىيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچكىم ئۈستىدە ھېچقانداق تەشەببۇسكارانە مۇئەييەنلىككە ياتىدىغان مۇقىم كۆز قارىشىمۇ يوق. ئۇلار ئۆزلىرىگە ياقسىلا ھەرقانداق تەلۋە، ئالىجوقىلارنىمۇ ئۇلۇغلاۋېرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ پىسەنتىگە ئۇيغۇن كەلسىلا ھەرقانداق بىر نادان، ئەخمەقنىمۇ ئەڭ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە پەيلاسوپلار دەپ تەشۋىق قىلىشىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇلۇغلىغان، تەشۋىق قىلغان كىشىلىرى بىلەن دائىملىق ئىتتىپاقلىقتا ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ-يەنە! بۇ بەربىر ئۆز ئېھتىياجى قانائەت ھاسىل قىلغۇچەلىكلا شۇنداق بولىدۇ...

ئىبراھىم ئاكا قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە يىراقلارغا كۆز تىكىپ بىرپەس جىمىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرى تۈگىمىدىمىكىن دەپ

ئويلاپ ئۈن-تىنسىز تۇرۇۋەردىم. بىرھازادىن كېيىن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداق سىڭلىم، ئۇلار توغرىسىدا قانچە سۆزلەشسەكمۇ گەپنىڭ توچكىسى بىر يەرگە يىغىلىدۇ، — دېدى ۋە قولىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا بىر دائىرە سىزدى، ئاندىن مۇشتۇمىنى تۈگۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ئۇلار ھوقۇق ئىگەللەشكە پايدىلىق دەپ ھېسابلىسىلا، پەسلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ ئالتە پۇتلۇق ئۆمۈلگۈچى ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىشكىمۇ رازى بولۇۋېرىدۇ. سىز چايان دېگەن ھاشاراتنى بىلىدىغانسىز؟ ئەنە شۇ زەھەرلىك، سەت ھاشاراتنىڭ پۇتى نەچچە ئىدى...؟

# ئون بىرىنچى باب

## تۇسما پۈتتى

### 1

تۇسما پۈتتى.

تۇسمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بىرىنچى ماي كۈنىگىچە پۈتىدۇ، دەپ پىلانلانغانىدى. دەريا ئېقىمىغا قارشى قوپۇرۇلغان تۇسما ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئاساسىي تۈۋرۈكنىڭ ئارىسىغا چوڭ قىلىپ "ئىتتىپاقلىق تۇسمىسى" دەپ، ئۇنىڭ ئېگىزرەك سەل كىچىك قىلىپ "1976 ـ يىلى، بىرىنچى ماي" دەپ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر ئويۇلغانىدى.

تۇسمىغا نام بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ خېلى كۆپ، شىددەتلىك تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ ئۆتتى. رىھىم، ھامۇت قاتارلىق كىشىلەر بۇ تۇسمىغا بىر دەم "پرولېتارىيات تۇسمىسى" دەپ نام بېرىمىز دەپ غوۋغا قىلىشسا، يەنە بىر دەمدىلا "ئىنقىلاب تۇسمىسى" دەپ ئىسىم قويىمىز، دەپ پوپاڭ سېلىشتى.

"ئىتتىپاقلىق تۇسمىسى" دەپ نام بېرىشنى دەسلەپ مەن ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ھەرقانداق بىر ئىنشائاتنىڭ ئۆزىگە يارىشىدىغان ئىسمى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، جامائەتكە يېقىشلىق كېلىدىغان، ئومۇم ئېتىراپ قىلىدىغان نام بولمىسا بولمايدۇ ـ دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ

مۇنداق نام قويۇشتىكى ئاساسىم ئاددىيلا بولدى: توسما ناھىيىلىك
پارتكوم بىلەن ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكومىنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىنىڭ، ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىلەن گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىنىڭ، شۇنداقلا ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى ھەم ناھىيىدىكى
خەنزۇ ئىشچى- خىزمەتچىلەر بىلەن گومىنداڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ئۇيغۇر ئىشچى دېھقانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئەمگەك قىلغان-
لىقىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى. مېنىڭ تەكلىپىم ئارمىيە دېھقانچىلىق
مەيدانى رەھبەرلىرى بىلەن ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار ۋە ئىشچىلارنىڭ
قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرىمۇ قوشۇل-
دى. شۇنداق قىلىپ توسمىنىڭ گەۋدىسى پۈتكەندە، ئۇل سېمونت
ئۈستىگە بۇ خەتلەر ئويۇلۇپ، توسمىنىڭ ھۆسنىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىدىغان نەقىش بىلەن بېزىدى. توسمىنىڭ گەۋدىسىنى 1- مايدا
پۈتىدۇ دەپ مولچەرلىگەن بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە 18 كۈن بالدۇر
پۈتتى. دەريانىڭ ئېقىنىنىڭ ئەسلىدىكى يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ،
سۇمۇ باشلىنىۋېتىلدى. چۈنكى، سۇ كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ،
قوشۇمچە چېپىلغان ياندىما ئېقىنغا سۇ پاتمىغىلى تۇردى. سۇ ئۆتە-
دىغان توققۇز ئېغىزغا بېكىتىلگەن مەزمۇت تاقاقلار ھازىر كۆتۈرۈۋې-
تىلگەن بولغاچقا، سۇ ئېقىمىنىڭ ئۆتەلەيدىغانلا قىسمىنىڭ ھەممىسى
ئاياغقا ئېقىپ تۇراتتى. توسمىنىڭ بىر ماشىنا بەھۇزۇر ئۆتەلەيدىغان
ئۈستۈنكى قىسمىدا تۇرۇپ پەسكە قارىغاندا، سۇ ئۆتۈش ئېغىزىنىڭ
ئىككى تەرىپىگە ئورۇلۇۋاتقان سۇ كۆپۈكچىلىرىنىڭ چاچراشلىرى
ئۈنچە- مەرۋايىتتىن چاچقۇ چېچىۋاتقاندەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى.
ھەم كۆۋرۈك، ھەم توساق ئورنىدا خىزمەت قىلىدىغان بۇ توسما
قانچىلىغان كىشىلەرنى خۇشال قىلمىدى دەيسىز؟ قانچىلىغان كىشىلەر-

نىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۆزىگە بىللە سىڭدۈرۈپ ئۆزىنى تېخىمۇ مەزمۇنلۇققا كۆتۈرمىدى دەيسىز؟ دەريا ھازىر ئۆزىنىڭ ئېقىمىنى بۇ توسمىنىڭ يۈگەنلىۋالغانلىقىغا ئىقرار قىلغۇسى كەلمىگەندەك بولدى. يىراقتىن جىمجىت ئېقىپ كېلىۋېتىپ، توسمىغا تاقالغاندىلا قاتتىق كۆپۈك چىقىرىپ چايقىلىدۇ، سەل كەينىگە يانىدۇ ۋە بىرنەچچە پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە رۇخسەت قىلىنغان ئېغىز ئۆچىگە كىرىپ، يەنە ياۋاشلىق بىلەن ئېقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئارقىغا بىر بۇرۇلۇپ توسمىغا قاراۋاتقاندەك، ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ تېز بولغانلىقىغا سەل ئىچى سىيرىلگەندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ...

توسما ئەتراپى بىر ھەپتىدىن بۇيان، يېقىن ئەتراپتىكى گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ يىغىلىپ ئولتۇرىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھاسا تاياققا تايىنىپ كەلگەن بوۋاي ۋە مومايلار توسما گەۋدىسىگ ئاۋۋال نېرىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى قىسىپ قارىشىدۇ، ئاندىن سېمونت سالاسۇنلارغا قولىنى تەگكۈزۈپ سىلاپ قويۇشىدۇ. بۇ خۇددى ئۆزى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، بېقىپ ئۆستۈرگەن تاي ياكى پاخلانىنى سىلىغاندەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئانچە ماغدۇرى بولمىغانغا قارىماي، دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىن توسما ئارقىلىق ئۇ قىرغىقىغا ئۆتۈپ بېقىشىدۇ. ھاسىراپ، ھېرىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا ئۈن-تىۋىشسىز ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىگىلا مەلۇم بولغان خىياللىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. ئېھتىمال ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇندا قېپقالغان، خېلى زېھىن قويۇپ ئەسلىگەندە ئاران-ئاران يادىغا كېلىدىغان ياشلىق ھاياتىنىڭ سۇغا، دەرياغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىملىرىنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئالدىدا تۇرغان ھەيۋەتلىك توسما ئاستىدىكى دەريا بىلەن سېلىشتۇرىدىغاندۇ. ياكى بۇ توسما

ئۇلارغا، بىرزامانلاردا رەھىمسىز كەلكۈنگە يەم بولغان ئۆي، يەر، باغلارنى قايتىدىن ئەسلىتىپ، ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغاچلارنى، چەللەرنى، بۆشۈكلەرنى كۆز ئالدىغا نامايان قىلىپ ئاچچىق ئەلەم، ئېچىنىشلىق ھايات دەردلىرىنى يادلىتىدىغاندۇ...

بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن، ئۇلارغا ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشكە بولاتتى: قىزىلارنىڭ كۆزلىرى قاچانلا كۆرسە ياش يۇقىدەك كۆرۈنەتتى. بەزىلىرى ئولتۇرۇپ-ئولتۇرۇپ تۇساتتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، بىرپەس ئايلىنىپ يۇرۇپ يەنە قايتىپ كېلەتتى. بەزىلىرى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنى تېپىۋې- لىشقىنىدا خۇشال بولۇپ:

— ھە، بۇ رادەر، قېنى ناسۇبلىگىنى چەككۈزۈپ قوي. بۇ تەرەپكە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دەپ سورىسا.

— دەريا بويىنى كېزىپ بۇ يەردىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ باققىم كېلىپ قاپتۇ. خوش، ئۆزەڭچۇ؟ — دەپ سورايتتى ئىككىنچىسى.

ئۇلارغا ئۇچىنچى، ھەتتا تۆتىنچى بوۋايلار قوشۇلاتتى، بىر-بىرىنى قايسى ۋاقىتتىن بېرى كۆرمىگىنىنى ئېيتىپ، تالىشىپ بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇشاتتى-دە، ۋەز ئېيتىپ، نۆۋەت بىلەن ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان ئۇزاق ئۆتمۈشىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاپ چىقىشاتتى.

چۈش ھەم كەچلىك پەيتلەردە يىگىتلەر بىلەن قىزلار كۆپرەك كېلىشەتتى. دەرەخ شاخلىرىنى، قەغەزلەرنى تاشلاپ ئۇلارنىڭ توسما ئېغىزلىرىدىن قانداق تېزلىكتە ئېقىپ ئۆتۈشىنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشاتتى. كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەتىسى، كېلەركى ئېيى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا بولىدىغان تەسەۋۋۇرلىرىغا بۇ توسمىنى گۇۋاھچى

قىلماقچى بولغاندەك جۇپ-جۇپى بىلەن تارقىلىپ كېتىشەتتى.

ھەممىدىن قىزىقى باللارنىڭ ئويۇنى ئىدى. ھاۋانىڭ تېخى تازا ئىسسىپ كەتمىگەنلىكىگە، تاغ سۈيىنىڭ خېلىلا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي، چۇش ۋاقىتلىرى باللار قىپ-يالىڭاچ بولۇپ سۇغا سەكرىشەتتى. ئەندىكىپ تۇرۇپ توسما ئېغىزلىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈشەتتى ۋە جالاقلاپ تىترەپ تۇرسىمۇ، بىر-بىرىنى ئاچىز، قورقۇنچاق ھېسابلىشىپ، بىر-بىرىنى قىزىتىپ يېڭىمباشتىن سۇغا سەكرىشەتتى...

توسمىنى رەسمىي ئىشلىتىش تېخى باشلانمىغانىدى. يان تەرەپ-تىكى ئىككى چوڭ غول ئۆستەڭنى چېپىش ئۈچۈن قۇتلۇق شۇجى باشچىلىقىدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئاجرىتىۋېلىنغان كۆچلۈك ياش-لاردىن تەشكىللەنگەن زەربىدارلار ئەترىتى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، غەيرەت بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى. ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىشچىلىرىمۇ سۇ ئامبىرى ياسىماقتا، ئامبارغا بارىدىغان، ئامباردىن چىقىدىغان سۇ ئۈچۈن ئۆستەڭ چاپماقتا ئىدى. توسما ئەتراپىدىكى قاينام-تاشقىن ئەمگەك مەيدانى پەقەت ئورۇن جەھەت-تىنلا ئۆزگەرگەنىدى. توسمىنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىش قىزغىن ئىدى. بۇ يەردە، توسمىنىڭ تاقاقلىرىنى كونترول قىلىش جاھازلىرىغا ئىشلەش، دەريانىڭ توسما ئايرىپ تۇرغان ئىككى تەرىپىنىڭ قىرغاقلىرىنى مۇستەھكەملەش ھەم تاش تىزىپ، ئارىلىقلىرىغا سېمونت لاي تۆكۈپ پۇختىلاش ئىشلىرىمۇ جىددىي بارماقتا ئىدى.

مەن ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك شادلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ياشاۋاتاتتىم. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پارتكوم رەھبەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، شۇ قاتاردا

مېنىڭ لايىھەم بويىچە، مەن سىزغان چېرتيوژدا كۆرسىتىلگەنگە
ئاساسەن ئىشلىنىۋاتىدۇ - ھە؟ دەپ خۇشال بولاتتىم. شۇڭا ھېلىمۇ
قۇرۇلۇش مەيدانىدىن ئايرىلماي ئىشلەۋاتاتتىم. رەھبەرلەر ۋە بەزى
يولداشلارنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ كېلىش توغرىسىدىكى مەسلىھىتىگىمۇ
كۆنگۈم كەلمەيتتى. ئۇلار ئىشنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاي - كۈنۈمنىڭ يېقىن قالغانلىقىنى ئاساسىي سەۋەب
قىلىپ كۆرسىتەتتى ھەم ھېچ بولمىسا، بىرئاز ۋاقىت دەم ئېلىپ
ئاندىن قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلاتتى. مەنمۇ ئۇ يولداشلارغا ئۆز
پىكرىم بويىچە تەسىر قىلىشنى ئويلايتتىم. تېخنىكا تەلىپى بويىچە
ئىنشائات تامامەن پۈتكەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىلىشقا بولىدىغان-
لىقىنى، قۇرۇلۇشنى رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەرمەي تۇرۇپ كېتەلمەيدى-
غانلىقىمنى تەكىتلەيتتىم. ئۆزەمگە بولسا توسما پۈتكەندىن كېيىن،
باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن كەتسەم ياخشىراق
بولىدىغاندەك، قورسىقىمدىكى ھامىلەم بىلەن توسمىدىن ئىبارەت بۇ
بالامىمۇ تەڭ تۇغۇلسا شادلىق ئۈستىگە شادلىق، بەخت ئۈستىگە
بەخت بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئېغىرلاشقان بەدىنىمنى كۆتۈرۈپ، كىشىلەر كەلمەيدىغان تاڭ
سەھەر ۋاقىتدا توسمىغا كېلەتتىم. ئۇزاققىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ
كېتەتتىم ۋە زادىلا زېرىكىش ھېس قىلمايتتىم. كېيىنكى يېرىم يىلغا
يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان مۇشۇ توسما ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ ھاياجان-
لىنىپ يۈرگىنىمنى، شادلىق ئىچىدە ئۆزگىنىمنى مۇشۇ توسما بىلەن
ئېقىپ كېتىۋاتقان دەريالا بىلىدۇ. بەزىدە، مۇشۇ توسما ئۈچۈن
قانچە قېتىملاپ خاپىلىقلارغا، تەشۋىشلەرگە ھەمراھ بولغىنىمنى
يەنىلا مۇشۇ توسما بىلەن ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇلار بىلىدۇ. خورلان-

غىنىمدا، تىل-ھاقارەت، ئاھانەت ئاڭلىغان چاغلىرىمدا قانچە
قېتىملاپ مۇشۇ توسما قۇرۇلغان دەريانىڭ بويىغا كېلىپ ئۆزەمگە
تەسكىن بەرمىدىم؟ قانچىلىغان كۆز ياشلىرىم مۇشۇ دەريانىڭ سۈيى
بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتمىدى-ھە؟ مەن بىرمۇنچىلارنى تەشۋى-
شكە سالماسلىق ئۈچۈن، بىرمۇنچىلارنىڭ باشقىلارنى خاپا قىلىش
ھېسابىغا خۇش بولۇۋالماسلىقى ئۈچۈن، بىرمۇنچىلارنى ئېچىندۇر-
ماسلىق ئۈچۈن، قايغۇلىرىمنى، دەرد-ئەلەملىرىمنى مۇشۇ دەريانىڭ
بويىغا، دەل مۇشۇ توسما قۇرۇلغان جايغا كېلىپ تۆككەنىدىم.
ئىلھاملاندۇرۇلغان، ھىمايىگە ئىگە بولغان، قوللاشقا ئېرىشكەن
چاغلىرىمدىمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىپ دەريا بىلەن، سۇلار بىلەن ۋە شۇ
چاغدا تېخى خىيالدىكى، قەغەزدىكى غايىۋى توسما بىلەن ئورتاقلىشىپ
كۈلگەنىدىم. سۇ يۈزىگە ئۇششاق تاشلارنى ئېتىپ، چاچرىغان ئۇن
چىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ ۋالقىلىشىغا ماسلىشىپ ناخشىلار
ئوقۇغانىدىم.

مانا، ئاخىر بۇ توسمىمۇ پۈتتى. ئۇ رېھىم ئېيتقاندەك "ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ" دەيدىغان نەزەرىيىنىڭ
جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىڭ پاكىتى ئەمەس، ياكى ھامۇت
تولا دەيدىغان "دېھقانلارنىڭ قان-تەرىنى شورايدىغان، كاپىتالىزى-
منى ئاقتۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى توسىدىغان توساق"مۇ ئەمەس.

رېھىم ۋە ھامۇت قاتارلىقلار ھەمىشە ئەڭ ئاددىي، يەرلىك ئۇسۇل
بىلەنمۇ سۇنى تىزگىنلەش مۇمكىن، دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئۇلار
ئاغزىدا بىردەم بارلىق ئەنئەنىدىن، كونا ئۇسۇل-چارىلەردىن
ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈش توغرىسىدا شوئار توۋلىسا، يەنە بىردەم-
دىن كېيىن دەريالارنى ئەنئەنىۋى چارە-ئۇسۇل بويىچە شاخ،

قوزۇقلار بىلەن تېزگىنلەش، توغ باغلاپ سۇ قايدۇرۇش ئارقىلىق زىرائەتلەرنى سۇغىرىش لازىم، دەپ ۋارقىرىشاتتى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۈتمۈشنى ئۇنتۇمىغىلى بولىدۇ، دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇنداق قىلماسلىق كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئىش قىلغانلىق، زامانىۋى بولۇشنى قوغلاشقانلىق، دەپ ئەيىبلەيتتى. بۇ توسما، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەنە شۇ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئۇسۇل قوللىنىلغان ئىنشائات ئىدى.

ئەگەر، زامانىۋى بولۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بو توسما قۇرۇلۇشىدا پەننىڭ، زامانىۋى تېخنىكىنىڭ بىرمۇنچە قانۇنىيەتلىرى تېپىلىدۇ. ئەمما، شارائىت، مەبلەغ يېقىدىن ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت ناھىيىمىز ئىچىدىلا زامانىۋى سۇ قۇرۇلۇش دېيىشكە بولمىسا، ئەڭ ئىلغار سەۋىيىدىكى زامانىۋى توسمىلارغا قارىغاندا خېلى تۆۋەن ئىدى. مەن كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە نۇرغۇن ئويلىناتتىم. مۇبادا، سىياسىي جەھەتتىن زامانىۋىلىششقا يۈرۈش قىلىش كاپالەتكە ئىگە بولسا ۋە تەكىتلەنسە نەقەدەر ياخشى ئىش بولاتتى-ھە؟ ئۇ چاغدا، مۇشۇ ئەتراپتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرۈپ كۆزگە ياش كەلتۈرىدىغان غەيرىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان بولاتتى. نەچچە ھەسسە زور بولغان، مۇكەممەل بولغان زامانىۋى ئىنشائاتلار قۇرۇلۇپ پۈتكەن بولاتتى. خەلق ئاممىسىدا ئەنە شۇنداق ئىرادە بار، پارتىيە ئەزالىرىدا ئەنە شۇنداق ئىرادە بار. دېمەك بۇ چوڭ ۋە قۇدرەتلىك كوللېكتىپ ھامان ئۆز ئىرادىسىنى نامايىش قىلىدۇ. بىز قۇرۇپ چىققان بۇ توسما ئەنە شۇنداق ئىرادىنىڭ مېۋىسى ئەمەسمۇ؟

ئەگەر ئىرادە چىڭ بولسا ھەم ئۇ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانسا،

شۇنىڭدەك ئۇ ئىلمىلىق بىلەن بىرلەشسە، ئۆزىدە ئاجايىپ قۇدرەتـ
لىك كۈچ بارلىقىنى نامايان قىلالايدۇ. مۇبادا، باشتا، مېنىڭ
ئىرادەم سۇسلىشىدىغان ياكى بوشىشىدىغان بولسا، مۇشۇ ئىنشائات
ئۈچۈن ئاساس بولغۇچى چېرتيوژ ئىشلەنمىگەن، پۈتۈپ چىقمىغان
بولاتتى. ھېچ بولمىسا بىرمۇنچە كېچىكىپ ئىشلىنىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇ ھالدا، ھازىرمەن دەسسەپ تۇرغان بۇ توسما قانداق قۇرۇلسۇن؟
ئۇ چاغدا، بىرمۇنچە پارتىيە كادىرلىرىنىڭ مېنى، مېنىڭ ئىشلىگەن
لايىھەمنى قوللاپ چىقارغان كۈچى، قىلغان ئەجرى بوشقا كەتكەن
بولاتتى. تالاي گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ ماڭا بېغىشلىغان ئۈمىدلىك
بېقىشلىرى، كۆڭلىدە ئۇيلىغان تاتلىق ئارزۇلىرى يوققا چىققان
بولاتتى. مۇبادا، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ئىبراھىم ۋە گۈڭشې
پارتكوم شۇجىسى قۇتلۇق قاتارلىق پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئىرادىسى
سەل ـ پەللا پەسىيىپ قالىدىغان بولسا، مېنىڭ ھەرقانچە ياخشى
ئىشلەپ چىققان چېرتيوژلىرىممۇ قەغەز يۈزىدىن ھالقىپ چىقالمىغان،
شۇ ھالدا ئۇ ھېچكىمگە تېرىقچىلىك پايدا بېرەلمەيدىغان بىرنەرسە
سۈپىتىدە قالغان بولاتتى. ماڭا ئوخشاش مەكتەپتىلا بىلىم ئالغان،
ئەمەلىيەتتە تېخى بۇنچىلىك ئىنشائاتنى لايىھىلەپ باقمىغان بىر ئايال
زىيالىيغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسى
نەقەدەر مۇھىم ۋە يۈكسەك كۈچ ـ ھە؟ بۇ ئىنشائات ماڭا مەكتەپ
پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ھەقىقىي ئىمتىھان ۋە پراكتىكا بولۇپ كۆرۈندـ
دۇ. مەن بېسىپ ئۆتمەكچى بولغان ھايات يولۇمدا، ئېھتىمال يەنە
بىرمۇنچە ئىنشائاتلارنى لايىھىلەش خىزمىتىگە ياكى يالغۇز، ياكى
ھەمكارلىقتا قاتنىشىپ قالارمەن. كەلگۈسىدە لايىھىلەيدىغان بۇ
ئىنشائاتلار، بەلكىم ھازىرقى پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىنشائاتتىن

بىرمۇنچە ئېغىر ۋە مۇرەككەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ھازىرقى ئىنشائات، ئۇنىڭ ئاساسى بولغان بۇ تۇسما ئۇنتۇلغۇسىز بولىدۇ. بۇ تۇسما مېنىڭ مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىمدا پارتىيىنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ قۇدرەتلىك ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىلىكىدە ئىشلەپ چىققان ئەمگىكىم سۈپىتىدە، قەلبىمدە ئەبەدىي قالىدۇ. مېنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىمنىڭ مۇكاپىتى بولۇپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ ۋە ئوڭۇشسىزلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈشتە كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ، غەلىبە قازانغان چاغلىرىمدا تېخىمۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

بىر كىشىنىڭ ھاياتىدا، ئۇنتۇلمايدىغان بىرمۇنچە ئىشلار بولىدۇ. مېنىڭ بۇ تۇسمام ئەنە شۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز ھايات سەھىپىلىرىمنىڭ ئەڭ يارقىن بىر بېتى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

## 2

ئەمدىلا يۈزۈمنى يۇياي دەپ داسقا سۇ تەڭشەۋاتقىنىمدا چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دۈپۈرلەشكەن ئاياغ ئاۋازلىرى ۋە پىچىرلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. مەن بىرنەچچەيلەن كەلگەنلىكىنى پەملىدىم-دە، ئالدىراپ يۈزۈمنى يۇۋالدىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر سىرتتىكىلەر كىرىش تىلىكىنى بىلدۈرمىدى. شۇنداقتىمۇ، پىچىرلاشقان ئاۋازلار بېسىقمىدى، ئاخىر مەن ئىشىكنى ئاچتىم-دە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم: مېنىڭ ئالدىمدا مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم، بىللە چېنىققان دوستلىرىم قاراپ تۇراتتى. ئۇلار سەھنىدىكى ئارتىستلاردەك ئوخشاش ھەجىيىپ تۇرۇشاتتى ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئىككى ئوتتۇردىكى جىمجىتلىق بىرپەس داۋاملاشتى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ماڭا

ئوخشاش ھاياجانلىنىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. ئاخىرى بۇ جىمجىتلىقنى مېنىڭ باللىرىم بۇزۇۋېتىشتى، ئۇلارنى مەن دەرھاللا بايقىيالمىغانىدىم. چۈنكى، چوڭلار ئۇ ئىككىسىنى بەدىنى بىلەن توسۇۋالغانىكەن.

— ئانا! — دەپ ۋارقىرىدى ئوغلۇم باشتا ۋە كىمنىڭدۇ ئايىغى ئارىلىقىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ماڭا ئېتىلدى.

— ئانا، بارمۇسەن؟ — دەپ ئاكىسىغا ئەگەشتى قىزىممۇ.

شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن بىراقلا قاقاقلاپ كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، نېمىشقا سىرتتا تۇرىسىلەر؟ — دېدىم مەن چوڭلارغا ۋە ئېڭىشىپ ئوغلۇمنى كۆتۈرۈۋالدىم، ئۇنىڭ كەينىدىن قىزىممۇ ئىككى قولىنى كېرىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن ئۇنى سول قولۇمغا ئالدىم.

ساۋاقداشلىرىمنى كۆرگەندىن كېيىن مېنى يىغا تۇتۇپ كەتتى. كۆزلىرىمدىن ياش ئاققان بولسا كېرەك، قىزىم مەڭزىمدىكى سوغۇق نەمنى ئۆزىنىڭ ئوماق مەڭزى ئارقىلىق ماڭا بىلدۈرۈپ چۈچۈلداشقا باشلىدى:

— يۈر ئانا، كېتەيلى. ھەممە باللارنىڭ ئانىسى ئۆز بالىسىنى ئۆزى باقىدىكەن، ئاكام بىلەن ئىككىمىزنىلا سەن باقماي دادام باقىدىكەن. بىز ئۆيگە بىللە قايتىپ كېتەيلى. سەن بىزنى ئۆزەڭ باقىقىن.

ئوغلۇممۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپ:

— دادام ئەتكەن تاماق سەن ئەتكەن تاماققا ئوخشىمايدىكەن. سوزغان لەغمىنى يوغان، يۈرگىن، كېتەيلى، — دېدى.

ئۇلارنىڭ سۆزى ھەممىيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. مەن ئۇلارنى كۆتۈرگەن پېتىم چېدىرغا كىردىم. شۇ چاغدا زىننەت ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ:

— ھەي نائىنساپلار، ئانىلارنى كۆرۈپلا دادىلاردىن كېچىشتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كەچمەيمىز، ئىككىلىسى ئۆزىمىزنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى، — دېدى ئوغلۇم جاۋابەن.

— سىزنىڭمۇ ئانىڭىز بولسا، شۇنداق دېگەن بولاتتىڭىز، — دېدى قىزىم قوشۇلۇپ.

يەنە يېڭىباشتىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەن ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. بۇ ئۇماق بالىلىرىمغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، بىرسى گېلىمنى بوغۇۋالغاندەك تۇنجۇقۇپ قالدىم. گەپ قىلساملا ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈش، يۈزۈمنى يېقىش ماڭىلا تونۇش ۋە ماڭىلا مەلۇم بولغان پۇراقلىرىنى پۇراش بىلەن كۇپايىلەندىم. قىزىم بولسا توختىماي:

— يۈرگىنە جېنىم ئانا، كېتىمىز، — دەپ تەكرارلايتتى.

مەن شۇ ئەسنادا، ئىككى بالا بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بۇ يەردە تۇرغانلارغا، ھەتتا ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئېرىم ھاشىمغىمۇ ئېتىبار قىلماي قاپتىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن باش لىڭشىتىش ئىشارىتى ئارقىلىق كۆرۈشتۇم. شۇنىڭ بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ باشلىنىپ كەتتى.

زىننەت ئېتىلىپ كېلىپ بىر ئوغلۇمغا، بىر قىزىمغا ئېگىشىپ:

— قويۇپ بېرىش ئۇششۇقلار. ھېچكىم ئانىلارنى ئۆزىنىڭ

قىلىۋالمايدۇ. بىز سىلەرنى ئاناڭلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆيۈشۈۋال-سۇن، دەپلا ئەكەلگىنىمىز يوق. بۇ يەردە بىزمۇ بار، — دېدى.

ئۇنىڭ ئىككى قىرلىق سۆزى بىلەن باشقىلار يەنە قاقاقلاپ كۆلۈۋېتىشتى. مەن بالىلارنى يەردە قويۇپ ھەممەيلەن بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشتۇم. ئۇلار تېخىچە ئۆرە تۇرۇشاتتى، شۇڭا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم.

— نەدە ئولتۇرىمىز؟ — دەپ سورىدى مامۇت كىچىك، تار چېدىرنى قولى بىلەن ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ، — ياخشى كەپسىلەر ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىم. ئۆرە تۇرۇڭلار، دەپ تەكلىپ قىلىسىڭىز ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كېلىدىكەن.

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يەنە بىرپەس كۈلۈشتۇق. ھەتتا بالىلىرىمۇ كۈلۈپ كېتىشتى. شۇ چاغدا زىننەت:

— يۇر دوستۇم. "تار يەردە ئاش يېگۈچە، كەڭ يەردە مۇشت يە" دەپتىكەن. ياسىغان توسماڭنىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ ئولتۇرايلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تېخى بىرنەرسە دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپ بولغۇچە باشقىلار بىر-بىرلەپ تالاغا چىقىپ بولۇشتى. چېدىردا ھاشىم بىلەن ئىككى بالاملا قالدى. مەن ئېتىلىپ بېرىپ ھاشىمنى قۇچاقلىدىم. ئۇ پەس، پىچىرلىغان ئاۋازدا قۇلىقىمغا:

— نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ۋاقىتتا يەنە ياش تۆكۈپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭدىن سەل چەتلىشىپ كۆزىگە قارىدىم-دە:

— ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزەمنى قويالمايۋاتىمەن. جېنىم ئىچىمگە سىغمايۋاتقاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدىم.

— ھەممىمىز شۇنداق بولۇپ قالدۇق. يولدا كەلگۈچىلا بىز مۇشۇ ماۋزۇدا سۆزلىشىپ كەلگەنىدۇق، — دېدى ھاشىم تەبەسسۇم قاپلىۋالغان چىرايىي ئارقىلىق ئۆز سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، — سىېنىڭ كېيىنكىنى قىلمىغان بىرمۇ كۈنىمىز يوق. بىز سەندىن بەكرەك ھاياجانلىنىمىز.

— مەن ئىشىنىمەن، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، — مەن سەپداشلىرىمنىڭ ھەمىشە يېنىمدا ئىكەنلىكىگە ۋە مېنىڭمۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن.

ھاشىم باش ئىشارىتى ئارقىلىق تەستىقلىدى-دە:

— يۈر، چىقايلى. ئۇلار بىلەن بىرگە بولايلى، — دېدى.

سىرتقا چىققىنىمىزدا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدى توسما يېنىغا بېرىپ بولغان، كەينىدىرەك قالغانلىرىمۇ خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى.

— شۇنچە سەھەر كەلگىنىڭلارغا قارىغاندا مەيداندىن ناھايىتى بالدۇر چىققان ئوخشايسىلەر، — دېدىم مەن سىرتقا چىققاندا، — تايىنلىق چايمۇ ئىچمىگەنسىلەر ھېلى...

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى ھاشىم، — چاي ئىچمىدۇق. مەيداندىن ئاخشاملا بىر تراكتور سورىۋالغانىدۇق. بۈگۈن تاڭ يورۇماي تۇرۇپلا پاقىلدىتىپ ھەيدەپ بۇ ياققا ئاتلاندۇق. بۇ يەرگە كەلگىلىمۇ يېرىم سائەتتىن ئېشىپ قالدى. ئاۋۋال توسمىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتۇق. كېيىن چېدىرىڭغا باردۇق.

مەن ئىككى بالامنى ئىككى قولۇمدا يېتىلەپ ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم. ئەتراپتا ھېچبىر قول تراكتورى كۆرۈنمەيتتى.

— قېنى تراكتور؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ھاشىم كۈلۈۋەتتى.

— بۇ يەردە باللارنىڭ بىرمۇنچە مەخپىيەتلىكلىرى بار، — دېدى ئۇ قۇۋلۇق بىلەن، — ئۇلارنى ئېيتماسلىق، باLدۇر ئاشكارىلىماسلىق توغرىسىدا ۋەدىلەشكەنمىز.

— ئانا، ئانا، تراكتور ئاۋۇ يەردە، — دەپ نېرىقى قىرغاقتىكى پاكار جىگدىلىكنى كۆرسەتتى ئوغلۇم قولۇمنى تارتىپ، — ئۇلار تراكتورنى، سومكا، خالتىلارنى شۇ يەرگە تىقىپ قويۇپ، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدى.

ھاشىم بىلەن مەن كۈلۈپ كەتتۇق. دادىسى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. قىزىم بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئارقىدا قېلىشنى خالىمىدى بولغاي، ئۇمۇ بىر بۆلۈك مەخپىيەتلىكنى پاش قىلدى:

— سومكا، خالتىلاردا يەيدىغان نەرسىلەر جىق. يەنە نۇرغۇن چىرايلىق گۈللەر بار. گۈللەرنى ساڭا بېرىمىز، دېيىشتى.

مەن قىزىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. ئىككى بالام ئاشكارىلىغان مەخپىيەتلىكلەر ئېچىدە گۈل توغرىسىدىكى سىر مۇھىم ۋە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىدى.

— نېمىشقا بۇنداق داغدۇغا قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دېدىم مەن ھاشىمغا بۇرۇلۇپ، — يوقلاپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن. لېكىن، ھەشەمەت قىلىش ئوشۇقچە ئىش بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئۇلارنى مەن گەپكە كىرگۈزەلەيمەنمۇ؟ زىننەت، ماموتلارنى مەندىن ياخشىراق چۈشىنىسەنغۇ؟

بىز توسما ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئۇلار مەخپىيەتلىكنىڭ بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ بولغانىدى. ئۇلار توسما سۇيىنىڭ ئۈستىگە يىپ ئەدىياللارنى يېيىپ سېلىۋاتاتتى. بىز كېلىشىمىزگىلا

تەكلىپ، تەكەللۇپلار بىلەن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇش باشلاندى. شۇ ئارىلىقتا ماموت بىلەن خالىدە يوقاپ كېتىپ بىرنەچچىدىن سومكا ۋە خالتىلارنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. داستىخانمۇ تەييار ئىكەن، ئۈستىگە سومكا، خالتىلاردىكى توقاچ، قاتلىما، قۇرۇق مېۋىلەر قويۇلدى. ئۇلارنى جايى-جايىغا تىزىۋاتقان زىننەت مۇشۇنداق ئولتۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز دوستۇم، بۈگۈن "دالا ئولتۇرۇشى" قىلماقچى بولدۇق. بىز سىزنىڭ بۇ يەردە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىڭىزنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلىپ تۇرىمىز. بىز خېلى بۇرۇندىنلا سىزنىڭ سائەت نەچچىدە تۇرىدىغانلىقىڭىز، قانداق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلىقىڭىز، قاچان، قانداق تاماق يەيدىغانلىقىڭىز، قايسى چاغدا دەم ئالىدىغانلىقىڭىز توغرىسىدا ئاخبارات توپلاپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭا خىجىل بولۇپ قالماسلىقىڭىزنى، تەمتىرەپ قالماسلىقىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز سوراش توغرۇلۇق كېلىشىۋالغاندۇق...

— بۇ ئۆز-ئۆزىنى سوراش بولمايدۇ، — دېدىم مەن سەمىمىي كايىپ، — سىلەر مېنى خىجىل قىلىۋاتىسىلەر. بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن ئېيتىپ قويساڭلار، بۇنچىلىك تەييارلىقنى مەنمۇ قىلىپ قويغان بولاتتىم.

— بىر يەرگە بارغان كىشى قۇرۇق بارسا سەت بولىدۇ، — دېدى ماموت زىننەتكە كۆزىنى قىسىپ.

— ئۇنداقتا، ماڭا مېھمان بولۇپ كەلگەندىكىن، مەن قويۇپ بەرگەن نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىشىڭلار كېرەك ئىدى، — دېدىم مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىمدە، — مەندە بۇنچە كۆپ بايلىق بولمىغاندىمۇ، قەدىر

ئەھۋال بىرنەرسە قىلىشقا چامام يېتەتتى.

— بۇغداي سۆزۈڭگە كۆپ رەھمەت، — زىننەت مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈۋېتىپ داستىخاندىكى نەرسىلەرنى تەڭشەشنى داۋام قىلدى، — سەن دوستۇم ئۆزەڭنى ئۇپراتماي خان بالىسىدەك بىر ئولتۇرۇپ باققىنا...

— ھېلىمۇ بىزدىن ئايرىلىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتتى. سەن كۆزۈمگە ئون ياش قىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتىسەن، — دېدى خالىدە بېشىنى چايقاپ، — بۇرۇن سېنى كۆرسەم توي قىلمىغان قىز بالىدەك كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ ئېيتاي، ئۆزەڭنى ئۇپرىتىۋېرىپ بىر يەرگە بېرىپ قاپسەن. ئۆزەڭنى مۇنچە ئالدۇرۇپ قويۇشۇڭ ئۇشۇقچە روھىي يۈك بولۇپ كېتىدۇ.

— كۆڭۈلسىز گېپىڭنى قوي خالىدە، — دېدى مامۇت قاتلىملارنى ئۇشتۇپ تۇرۇپ، خوجائەمرى دېگەن ھەييار دەرس بەرگەن خەلپىتىنى قانداق ئۆلتۈرگىنىنى بىلەمسەن؟

— ھەييارلىق ئۆزەڭگە ھەمراھ بولسۇن، ئۇنى كىم بىلمەيدۇ؟ — زىننەت گەپنى تارتىۋالدى، — خوجا ئەمرى ھەممە تالىپلارغا "خەلپىتىم خانىقاغا كىرگەن ھامان، خەلپىتىم، نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىلە، دەپ بىر-بىرلەپ تەكرارلاڭلار"، دەپتۇ، شۇ. بۇنىڭ بىلەن خەلپەتنىڭ كۆڭلى بىئارام بوپتۇ. راستتىنلا ئورۇقلاپتۇ. ئاخىر، كۆڭۈلسىزلىك بوپتۇ، شۇ.

— شۇڭا، ئورۇقلىغان كىشىگىمۇ سەمرىپ قاپسىز، دېگۈلۈك...

— ھەممە گەپنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ، — خالىدە مامۇتنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — گۈلئايىم شۇنچىۋالا ئىنشائاتنى لايىھىلىگەن ئىنژېنېر بولغاندىكىن، ئۈچ ۋاقلىق تامىقىنىڭ ھەممىسى قوناق نېنى، ئوماچ،

يوبدان... بولسا بولمايدۇ. ئۆزىنى سەل - پەل ئاسراپ قويسا يەنە ئىشلەشكە پايدىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى ئېغىرلىشىپ...

— ئۆزەمنى ئۇنچىۋالا تاشلىۋېتىپمۇ يۈرگىنىم يوق، — دېدىم مەن ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، — ئورۇقلىنىشىممۇ ئۇنچەۋالا ناچار ئەمەس. قورۇلۇش مەيدانىدىكى ئەمگەكچىلەر، كۆكشىپ ئەزالىرى نېمە يېسە مەنمۇ شۇنى يېدىم. ئىنژېنېرلار غىزالىنىشتا ئالاھىدە بولۇشى لازىم دېگەن تۈزۈممۇ يوققۇ؟

— قېنى، قېنى باللار، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چوڭ نىشانىنى داستىخانغا بۇراڭلار، — زىننەت دەرھال كىچىك - كىچىك سەپەر چايدانلىرىنى تىزغىلى تۇردى، — بۈگۈنكى ئولتۇرۇشىمىز ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، خۇشال بولۇشقىلا رۇخسەت، كۈلۈشكىلا رۇخسەت. بىزنىڭ ئىچىمىزدىن چىققان بىر سەپدىشىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى خىزمەت قىلىپ ھەممىمىزگە ئۈلگە ياراتتى، بىز گۈلنايىم بىلەن پەخىرلىنىمىز.

— كىرىش سۆزۈڭ جايىدا بولدى. بىز گۈلنايىمنى زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىلا يالغۇز چىقىرىپ قويمايمىز، — دېدى مامۇت قەلەمتىرشىنىڭ سېپى بىلەن ياغاچ چېقىپ تۇرۇپ، — بىز ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ ئانچە - مۇنچە ئىش قىلدۇق، بىزمۇ نەتىجە ياراتتىمىز.

غىزالىنىش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىزغىن پاراڭمۇ باشلاندى. ئۇلار مېنىڭ ئۆز ئاغزىمدىن قانداق ياشاۋاتقىنىمنى، قانداق ئىشلەۋاتقىنىمنى، بولۇپمۇ ھېسسىيات جەھەتتىكى ئەھۋالىمنى بىلىش ئۈچۈن ھەر خىل سوئاللارنى سورىدى. مەنمۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم. ئاخىرى، مەن ھەرقانچە ئۆزەمنى قاچۇرغىنىم بىلەن قانداق بولۇپ يارىدار بولغانلىقىم توغرىسىدا

ئېيتىپ بېرىشىم تەلەپ قىلىندى.

— مەغلۇپ بولۇشتىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقىغا كۆزى يېتىپ پېشانىسىنى شىرەنىڭ قىرىغا ئۇرۇۋاپتۇ، دەپ پىتنە تارقاتقان چوڭ خەتلىك گېزىتكە تۈكۈرۈۋەتتۇق، — دېدى ماموت ئاچچىقى بىلەن قەلەمتىرىشىنى داستىخانغا تاشلاپ، — بىزنىڭ گۇلنايىم ئۇنداق نامەردلەردىن ئەمەس، دېيىشتۇق. پەقەت نامەرد ئادەملا قورقۇنچاق بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ئادەملەر بولىدىكەنكى، ئىغۋا تېرىمىسا كۈنى ئۆتمەيدۇ. تۆھمەت توقۇمىسا يېگىنى چېرايىغا چىقمايدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى خالىدە.

مەن ئۇلارغا يارىلانغىنىمنى، يارامنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردۇم. ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا باشقىچىراق بىر ئىزاھاتنى توقۇپ چىقاردىم. بۇمۇ شۇ تاپتا يادىمغا كەلگەنىدى. مەن چىراغ ياقمەن دەپ قاراڭغۇ چېدىر ئىچىدە ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ كەتكەنلىكىم توغرىسىدا ئۇلار ئىشەنگۈدەك قىلىپ سۆزلەپ بەردىم ۋە بۇ توغرىدىكى سۆزنىڭ ئۈزىراپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۆھبەت تېمىسىنى بۇراش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىنى سورىدىم.

ماموت، زىننەت، ئازادە ھەم ھاشىملار ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ. زىننەت، ھاشىملار ئايرىم ھالدا ئىلمىي ماقالىلەر يېزىپتۇ. بۇنىڭ بىرى قېچىر سورتىنى ياخشىلاش، يەنە بىرى شورتاڭ تۇپراقنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئىكەن. خالىدە بىلەن ئازادە بىرلىشىپ سۇ كەم بولغان شارائىتتا، كېۋەز غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا ئىلمىي دوكلات

تەييارلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ شۇغۇللانغان ئىشلىرى ۋە ماقالە، دوكلاتلىرىنىڭ تېمىسى، ھازىرقى شارائىتتا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار ھەم بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

— ناھايىتى ياخشى ئىش قىلىۋېتىپسىلەر دوستلىرىم، — دېدىم مەن چىن كۆڭلۈمدىن تەسىرلىنىپ، — مەن راستتىنلا خۇشال بولۇۋاتىمەن. ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈشتە، تۇپراقنىڭ شور بولۇشى خېلى چوڭ توسالغۇ ئىدى، كېيىنكى غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشمۇ پاختا مەھسۇلاتىنىڭ دۈشمىنى بولۇپ كېلىۋاتاتتى. سىلەر قويغان مەسىلىلەر ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا تەتبىق قىلىنىدىغان بولسا، بىرمۇنچە پايدىلىق نەتىجە بېرىشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلار ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. سىلەر ماقالە ۋە دوكلاتىڭلارنىڭ بىر نۇسخىسىنى ناھىيىلىك پارتكومغا ئەۋەتىپ بەرسەڭلار بولغۇدەك.

— يوللاپ بەردۇق. يوللاپ بەرگىلىمۇ بىرەر ئاي بولدى، — دېدى ھاشىم باللارنىڭ ئۇنىڭكە قاچىسىغا چاي قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، — دەسلەپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن تېرىقچىلىق تەتقىقات ئىشخانىسىغا يوللاپ بەردۇق. ئۇلار قانچىلىك تەكشۈرۈپ كۆردى، بىلمىدۇق. لېكىن، سىياسىي گەۋدىلەنمەپتۇ، "نوقۇل تېخنىكا"، "تېخنىكا ئۈچۈن تېخنىكا" كۆز قارىشى بويىچە يېزىلىپتۇ، دەپ تەستىق يېزىپ قايتۇرۇپ بەردى.

— ئۇلار ئوقۇپ كۆردىمۇ، قانداق؟ — ماھۇت ئىستېھزا بىلەن باش چايقىدى، — ئۇ ياقتىن يوللاپ بولغۇچە بۇ ياقتىن قايتىپ

كەلگىنىگە قارىغاندا، ئوقۇپ كۆرگىنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ كىشى...

— بىز ماقۇل دەپ شۇك ياتمىدۇق، — ھاشىم كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى، — بىز ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق-ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە يوللاپ بەردۇق...

— ئۇ يەردىكى تۆرىلەردىنمۇ پەتىۋا يېدۇق، — دەپ سوغۇق كۈلدى زىننەت بىر تال چىلانىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىدارىمۇ ماتېرىياللارنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى تېخىمۇ غەلىتە. نېمە دەپ تەستىق يېزىپتۇ دېمەمسەن؟ "كۆدە بىلەن بۇغداي مايسىسىنىڭ پەرقىنى ئېنىق بىلمەي تۇرۇپ كېۋەزلەر، تۇپراقلار، قېچىرلار توغرىسىدا تەتقىق قىلغانلىقىڭلارغا قارىغاندا، غەربىزىڭلاردا مەسىلە بار. سىياسىي ئاممىۋى ھەرىكەتتە كۆپرەك چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار. ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرىدىغان، بولۇپمۇ زامانىۋىلىشىش ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان پەيت ئەمەس. ماتېرىياللار ئاپتورنىڭ ئۆزىدە قالسۇن."

— ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشتى، — سوغۇق كۈلدى خالدە.

— بىز ھاشىمنى ناھىيىلىك پارتكومىغا ئەۋەتتۇق، — دېدى مامۇت.

— مەن ئىبراھىم ئاكا بىلەن كۆرۈشتۈم، — ھاشىم باياتىن سۆزلىگەن تەلەپپۇزىدىن چەتكە چىقماي ئۇلىدى، — شۇجى مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىمنى ئون مىنۇت ئاڭلاپلا نەگىدۇ جابدۇنغان سەپىرىدىن يالتايدى. ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى ۋە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن سۆزلەپ بېرىۋاتقۇرغاندا، "توختاڭ، توختاڭ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقايلى. بۇنى يەنە تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن ئىككىنچى شۇجىمۇ

ئاڭلىسۇن"، دېدى-دە، تېلېفوننى ئايلاندۇرۇپ پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل ئىككىنچى شۇجىسىنى چاقىردى. ئىككىلەن مەن بىلەن نەق يېرىم كۈن سۆزلىشىپ تەپسىلىي يازما دوكلات يوللىشىمىزنى، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىپ ئەۋەتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. پارتكومدا مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگىمۇ ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى.

— ھاشىم دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە گەپ قىلماپتۇ، — دېدى نارازى بولغاندەك ئاھاڭدا زىننەت.

— پارتكوم ئاشۇنداق قىزغىن قوللىغاندىكىن، ئۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ نېمە قىلارمەن، دەپ ئويلىدىم. — ھاشىم ماڭا قاراپ قويۇپ ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى توغرا ھېسابلايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. مەنمۇ بېشىمنى لىڭشىتىپ قوللىدىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز توغرا يولدا ماڭدۇق، توغرا ئىش قىلدۇق. غەيۋەت-شىكايەتنىڭ نېمە ھاجىتى، دەپ قارىدىم.

— بىز ئىبراھىم شۇجىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ماقالە ۋە دوكلات-لارنى تەرجىمە قىلىپ، كۆپەيتىپ ناھىيىلىك پارتكومغا، دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئەۋەتىپ بەردۇق، — دېدى مامۇت.

— مۇشۇنداق تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، ئۇ يەر، بۇ يەردىن دوق ئاڭلىساقمۇ بوشاشماي چىڭ تۇرۇش، سېنىڭ تەسىرىڭدىن بولدى ئاداش، — دېدى خالىدە ماڭا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن، — بەزى ناچار مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا "ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق" دېگەن كۆز قاراش بار ئىكەن. ئۇلار نەتىجە ياراتقان، يارىتى-ۋاتقان ۋە يارىتالايدىغان كىشىلەرنىڭ يىراقتا بولۇشىنى خالايدى-

كەن. ئۆز ئىچىدىن، ئۆز ئەتراپىدىن، ئۆز دوستلىرى، تونۇشلىرى ئارىسىدىن چىقسا ئىمىشقىدۇ ئىشەنگۈسى، قايىل بولغۇسى كەلمەيدىـ كەن. ئەمما بىزنىڭ ساۋاقداشلار ئۇنداق ئەمەس ئىكەنلىكىمىزنى ھىس قىلدۇق. "گۈلئايىم بىز ئۈچۈن ئۈلگە، قاچانغىچە سىيىق دىسە سىيىپ، تىللاپ ـ ھاقارەتلىسە مىچىلداپ ياتىمىز؟" دېيىشتۇق. بىزمۇ سەندىن ئۆگىنىپ، بىر ئىش قىلىپ باقايلى دەپ، ئەمگەكتىن يانغاندا يىزىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللاندۇق...

— بىز داۋراڭ سالماي، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئۈچ پارچە تەجربە ئىپتىزى بىنا قىلدۇق، — دىدى ئادەتتە سۆزنى ئاز قىلىدىغان ئازادە ھاياجان بىلەن تىز سۆزلەپ، — ئۇ ئىپتىزلىرىمىزغا بۇغداي، قوناق، كىۋەز تىرىدۇق. تۇپراقنى ئۆزگەرتىش بىلەن كىۋەز غوزىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سىناقنى بۇ يىل ئۆزىمىز بىر ئىشلەپ باقايلى دېيىشۋاتىمىز. گۈلئايىممۇ شۇنچە بېسىملارغا چىداپ ئىشلەۋاتىدىغۇ دەپ بىر ـ بىرىمىزنى رىغبەتلەندۇرۇۋاتىمىز.

— مەن قانچىلىك ئىشلىيەلىدىم؟ — دىدىم خىجالەت بولۇۋاتـ قىنىمنى يوشۇرماي، — ناھىيىلىك پارتكوم قوللىمىسا، مىنىڭ كۈچۈم بىر چىبلەك سۇنى يۆتكەشكىلا يىتەتتى...

— ئۇغۇ راست، — خالىدە دەررۇ قوشۇلدى، — پارتىيە بىزگە بۇرۇندىن تارتىپ يار ـ يۆلەك بولۇپ كەلگەندى، ھىلىمۇ يار ـ يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. ئالدىنقى قېتىم ھىلىقى ماقالە ۋە دوكلاتلىرىمىزغا ئىبراھىم شۇجىنىڭ شۇ قەدەر قوللاش پوزىتسىيىسىدە قىزغىن مۇئامىلە قىلغانلىقى بۇنىڭ بىر پاكىتى.

— ئىبراھىم ئاكا ھەقىقەتەن ياخشى شۇجى ئىكەن، — زىننەت

تەسراتىنى ئېيتىشقا ئالدىرىدى، — ئۇ، ئۆتكەن قېتىم مەيدانىغا بار-
غاندا بىزنىڭ "زىيالىيلار مەھەللىسى"نى ئاتايىن زىيارەت قىلدى.
بەزى بالىلار ھال ئېيتىپ، دەرد تۆككەندە، ئۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ
ھەقىقەتەن بار ئىكەنلىكىنى، زىيالىيلارغا قارىتىلغان كۆز قاراش-
لاردىكى ساغلام بولمىغان ھادىسىلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى
ئېيتىپ كېلىپ، بۇلارنىڭ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ھەرگىز
ماھىيەت ئەمەسلىكىنى سۆزلەپ، ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈردى.
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مەسىلىلەرگە توغرا قاراش، قىسمەن ھادىسى-
لەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى...

— يولداش گۇلئايىمدىن ئۆگىنىڭلار، دەپ سىزنى تەرىپلەپ
بەردى، — دېدى ماموت كۇلۇپ تۇرۇپ، — سىزنى ئەمەلىي ئىش
قىلىۋاتىدۇ. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ، قىلىۋاتقان ئەمگىكى-
نىڭ مېۋىسىنى خەلققە تەقدىم قىلىۋاتىدۇ، دەپ تەرىپلەپ بەردى.

مەن خىجىل بولدۇم. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئولتۇرغىنىمدا
ئازادە سۆزلەپ كەتتى:

— مەن ئىبراھىم ئاكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېڭى
قاراشقا ئىگە بولدۇم. بەزى كىشىلەر پارتىيە ئەزاسى تۇرۇقلۇق ئالغا
ئىنتىلگۈچى كىشىلەرنى قوللاشنىڭ ئورنىغا، ئالدىغا توساق سېلىپ،
ئىزىغا ئورا كولاپ يۈرىدىكەن. لېكىن چېنىققان، ئۇزاق يىللار خەلق
مەنپەئىتى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلغان كۆپ ساندىكى پارتىيە
ئەزالىرى ئالغا يۈكسەلگۈچىلەر تەرەپتە تۇرىدىكەن...

مەن ھاياجانلىنىپ، تەسىرلىنىپ بۇ سۆزلەرنىڭ توغرا ئىكەن-
لىكىنى، بۇ سۆزلەر مېنىڭمۇ قەلبىمدىن سۆيۈپ ئېيتىدىغان سۆزلىرىم
ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ دوستلىرىم، ساۋاقداشلىرىم

ھەقىقەتەن مېنى قايىل قىلماقتا ئىدى. بۇ ياشلار بىر چاغلاردىكى ئۈمىدسىز، تېرىككەك ياشلارغا زادى ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغدا بۇلار "ئىستت ياشلىق، بىھۇدە ياشاۋاتىمىز، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز نۆلگە تەڭ بولۇپ قېرىپ كېتىۋاتىمىز" دەپ ۋارقىرىشاتتى. ئوقۇغىنىغا، بىلىم ئىگەللىگىنىگە پۇشايمان قىلىشاتتى. مېنى مەيداندىن ئۈزىتىش ھارپىسىدىمۇ ئۇلار شۇنداق دەپ تولۇلاشقانىدى، ھازىرقىدەك جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئەمەلىي ئىش، ئىلمىي ئەمگەك بۇ ياشلارنى قاينام-تاشقىن ھاياتنىڭ خۇشال-خۇراملىق بېغىشلايدىغان مول مەزمۇنلۇق ئېقىمىغا ئېلىپ كىرگەن. ئۇلار ئىلمىي ماقالىلەر يېزىپلا قالماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ قەلبى، يۈرىكى سۈپىتىدە پارتىيىگە دوكلات قىلغان. تېخى ئەمەلىيەتتە سىناق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بەل باغلاپ خېلى تەييارلىق قىلىپتۇ. بۇلار نېمىدېگەن ياخشى-ھە؟

پايدىلىق ئىجابىي ئەمگەك كىشى تۇيغۇلىرىنى يېڭىلاپ، ھېسسىياتنى تازىلاپ، مەنىۋى دۇنيانى ياشارتىپ، ھاياتنى قىزغىن سۆيۈش ئىستىكىنى ئۇلغايتىپ تۇرىدۇ. ئالغا ئىنتىلىش ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىپ تۇرىدۇ. گۈزەللىكنى ئاۋۇتۇش ئۈمىدىنى يالقۇنلىتىپ تۇرىدۇ. ئىجاد قىلىشقا، بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدۇ. جاپا-مۇشەققەت، دەرد-ئەلەمنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، غۇۋالىق ئارىسىدىن ئېنىقلىقنى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇسۇسىي غەرەزلەر تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، شەخسىي مەنپەئەت ئىرادىسى ئۈچۈن قورال بولىدىغان پەسكەشلىكلەرگە ئۆزىدە يېتىلگەن قۇدرەتلىك ھەققانىي كۈچ بىلەن گۆر كولىغاچ تۇرىدۇ. مېنىڭ ۋە مەن بىلەن تەڭتۇش بولغان دوستلىرىمنىڭ

كەچمىشلىرى ئاشۇ پاكىتلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ پارتىيە ھەمىشە دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ تارىخ ئېقىمىنى ئالغا يۈكسەلدۈرگۈچىلەر تەرىپىدە تۇرۇپ كەلگەن.

بىز تاتلىق، شېرىن سۆھبەتلەر بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدۇق. كۈن ئاش ۋاقتىدىن ئۆتكەندە، خالىدە بىلەن ئازادە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشتى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەمراھلىرىغا مەنىلىك كۆز قىسىپ قويغاندىن كېيىن جىگدىلىك تەرەپكە كېتىشتى، مەن ئۇلارنىڭ يەنە قانداقتۇر بىر "مەخپىيەتلىك"نى ئاشكارا قىلىشقا كەتكەنلىكىنى پەملەپ ئولتۇردۇم. دېگەندەك، ھايال ئۆتمەيلا، ئىككىيلەن قۇچىقىغا پاتقىنىچە ئۆرۈك چېچىكى ۋە باشقا ھەر خىل گۈللەردىن تىزىلغان رەڭگارەڭ گۈلدەستىلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى. مېنى ھېچقان-داق سۆز قىلىشقىمۇ قويماي ئوتتۇرىغا ئېلىشتى. ئىككى بالامنى ئال-دىمدا تۇرغۇزۇپ، باشقىلار ئىككى سەپ بولۇپ قاتار تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى مامۇت بىر سومكىدىن سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتى ئېلىپ چىققىنىدىلا پايقاپ قالدىم. مامۇت ئاپپاراتى-نىڭ ئاستىغا ئۈچ پۇتلۇق تىرەك ئورناتتى. مەن بۇ ئىشنىڭ خېلى ئەتراپلىق، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى سەزگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆز بىساتىمدىن ھېچقانداق تەكلىپ ياكى پىكىر بېرەلمەسلىكىمنىمۇ چۈشىنىپ تۇراتتىم. شۇنداق قىلىپ، بىر پارچە سۈرەت تارتىلدى، ئىككىنچى پارچە سۈرەت تۇسمىنىڭ پەس تەرىپىدە — دەريانىڭ قىرغىقىدا ئېلىندى. تۇسمىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، "ئىتتىپاقلىق تۇسمىسى" دېگەن خەتلەر ئېنىق چىقىدىغان قىلىپ تارتىلدى. بۇ سۈرەتتە، مېنىڭ بېشىملا كۆرۈنۈشى، كەۋدەمنىڭ باشقا قىسمى

پۈتۈنلەي گۈللەر بىلەن توسالغان بولۇپ چىقىشى تەبىئىي ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا بىز نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، مېنىڭ ياتىقىم ۋە ئىشخانام ھېسابىدىكى كىچىك، تار چېدىرغا قاراپ كەتتۇق.

يىللىق باھار شامىلى دەريا تەرەپتىن سوقۇپ تۇراتتى. شامال يەنە ئەم توپىنىڭ پۇرىقىنىمۇ ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. شامال سەل پەسەيگەندە، مېنىڭ قۇچۇقۇمدىكى ۋە مەن كۆتۈرمىسەنلىكتىن ئوغلۇم بىلەن قىزىم كۆتۈرۈۋالغان گۈل-چېچەكلەرنىڭ خۇش بۇيى ھىدى ئەم توپىنىڭ پۇرىقىنى بېسىپ كېتەتتى.

بىز يولغا چىققان ۋاقتىمىزدا، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا خۇددى كىچىك قىزلاردەك سەكرەپ-سەكرەپ كېتىۋاتقان خالىدە بىلەن زىننەت تولىمۇ چىرايلىق، مەن تېخى ئاڭلاپ باقمىغان بىر ناخشىنى باشلىۋەتتى:

قۇچاق ئاچقىن ئەزىز دىيار،
قۇچاق ئاچقىن گۈلشەن باغلار.
يەلپۈندۇ يېشىل نۇرلار،
بىز باغرىڭغا كەلگەن چاغلار.

باشقىلار ناخشىنىڭ ئەۋجىگە دەرھال قوشۇلدى:

كوركەم ھايات، ھايات قايناق،
بىز يۈكسەكتە، پەستە تاغلار.
يۈرەكلەردە سۆيگۈ ئىشقى،

يوقتۇر غۇبار، زەررە داغلار.
پارتىيىمىز نۇرلۇق قۇياش،
مەڭگۈ مەنسۇپ بىزگە تاڭلار.

يىراقتا ئىشلەۋاتقان ئۆستەڭ چاپقۇچىلار ۋە ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ ئامبىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئۆستەڭنى قىزىۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ بىز تەرەپكە بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى. ئۇلار تەرەپكە ياشلارنىڭ ناخشىسى بىلەن بىللە قوچاقلاردىكى گۈل-چېچەكلەرنىڭ ھىدىمۇ يېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. بىز تەرەپتىكى ياشلارنىڭ ناخشىسى توختىشىغىلا بەسلەشكەندەك ئۇ تەرەپتىنمۇ ياڭراق ناخشا كۆتۈرۈلدى:

بەسلىشىمىز كۈن بىلەن،
چېپىشىمىز تۈن بىلەن.
ئېيتىشىمىز ناخشىنى،
ياڭراق كۈي، چىڭ ئۈن بىلەن.
............

بىزنىڭ ياشلارمۇ بوش كەلمىدى. ناخشىغا دەرھال ناخشا بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇ چاغدا زىننەت شوخلۇق بىلەن:

— يۈرۈڭلار دوستلار، بىزمۇ تەر ئاققۇزۇپ ئەجرىمىزنى سىڭدۈرۈپ كېلەيلى. ناخشا بىلەنلا ئەمەس، ئەمگەك بىلەنمۇ بەسلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى.

ئۇنىڭ تەكلىپى باشقىلارغىمۇ ياقتى. ناخشىنىڭ ئەۋجىنى تۇۋلە-

غاچ ھەممەيلەن ئۆستەڭ چىپىۋاتقانلار تەرەپكە ئېگىپ كەتتى.

مەن ياشلار ئېيتقان جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ مىسرالار ۋە يارقىن، روھلۇق ئاھاڭلارنى تىڭشاۋېتىپ، نېمدېگەن كاتتا ئۆزگىرىش، نېمدېگەن ئۇزۇل-كېسىل بۇرۇلۇش بۇ؟ — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە خۇرسەن بولۇپ، — بىرچاغلاردا ياش تۆكۈپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ:

باغلاردىن ئورۇن تەگمەي،
تاغلاردىن ئورۇن ئالدۇق...

دەپ ئوقۇيدىغان ياشلارنى مۇشۇلار ئىدى دېسە، كىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟ ئەمما ئىشىنىش كېرەك. ئىشەنمەيمۇ بولمايدۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلار تېخىمۇ يۈكسەك روھ بىلەن:

قۇچاق ئاچقىن گۈلشەن باغلار،
بىز يۈكسەكتە پەستە تاغلار،
ئېرىغدىلار قالماي زادى،
ھامان بىر كۈن دىلدا داغلار.
. . . . . . . . . . .

دەپ ئوقۇۋاتىدۇ... ناخشا دېگەن مۇنداقلا ئوقۇپ قويىدىغان، نوقۇل ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان، ياكى ئولتۇرۇش، سورۇنلارنى قىزىتىشقىلا كېرەك بولىدىغان نەرسە ئەمەس-تە! مۇشۇنداق ئېغىر پەيتلەردە ئوقۇلغان روھلۇق ناخشىلار يەنە ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. ئەتراپىمىزدا تېخى پۈتۈنلەي شاد-خۇراملىق، كۆڭۈل ئازادىلىك

ھۆكۈمران ئورۇندا ئەمەس، بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان داۋالغۇشلار ھېچكىمگە ئارامخۇدا يايراپ ـ ئېچىلىش شارائىتى بەرمەيۋاتقان بىرچاغدا، كەلگۈسىگە ئىشىنىش، كەلگۈسىنى قولىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كىچىككىنە تىرىشچانلىق ناھايىتى قىممەتلىك بولىدۇ. ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق بېرىلگەن ئازغىنا رىغبەت يۈرەكلەرنى يايرىتىپ، بىرمۇنچە كۈچ بېغىشلايدۇ... ياشلىرىمىزنىڭ ناخشىسى ئەنە شۇ مەزمۇنلارنى ئىپادىلەۋاتامدۇ؟...

# ئون ئىككىنچى باب

## ”سۇ ئەكەلگەنلەر خار، كوزا چاققانلار ئەزىز“ دېيىشمەكتە

### 1

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە، ئەسىرلەر مابەينىدە تارتقان زۇلۇم-كۈلپەتلەر دەستىدىن، يىل بويى ئىشلەپمۇ تۈگۈلگەن قان-تەرگە مۇناسىپ ئەمگەك مېۋىسىنى تېتىيالمىغانلىقىغا قارىتىپ ئىجاد قىلىنغان قوشاق، ماقال-تەمسىللەر ئاز ئەمەس. ”سۇ ئەكەلگەنلەر خار، كوزا چاققانلار ئەزىز“ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

توسما قۇرۇلۇشى جەريانىدا، لايىھىلەشتىن تارتىپ پۈتۈپ چىققۇچە كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ، قاغاپ، توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار ئەمدىلىكتە ”ئەزىز“لەرگە ئايلىنىپ، توسما قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن سىياسىي دەسمايە قىلىشقا كىرىشتى.

ئەسلىدە. بىرىنچى ماي كۈنى توسما پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىش مەيدانىدا كاتتا يىغىن ئېچىلىپ، لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ مۇراسىم بولىدىغان كۈنى ناھىيىنىڭ توسما قۇرۇلۇشى ئەمگىكىگە قاتناشقان ئىدارە-جەمئىيەتلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، كۆكشى ئەزالىرى تولۇق قاتناشماقچىدى.

لېكىن، بىرىنچى ماي كۈنى ھارپىسىغىچە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئادەم كەلمىدى. مەن تىت-تىت بولۇشقا باشلىدىم ۋە توسمىغا يېقىن ئورۇنلاشقان ئۈچىنچى دادۇيىنىڭ تېلېفونى ئارقىلىق ناھىيىلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنى ئېلىپ سوراپ باقماقچى بولدۇم. تېلېفون ئۇلىنىپ ئىدارە نۆۋەتچىسى ماڭا ۋەكالىتەن سوراپ بېقىش ئۈچۈن بىرنەچچە مىنۇت يوقاپ كېتىپ كېيىن:

— چۈشتىن كېيىن ئادەم بارىدىكەن، سىزنى بىر ياققا كېتىپ قالمىسۇن دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

چۈشتىن كېيىن رېھىم جۇيجاڭ ۋە يەتتىنچى گۇڭشېنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھامۇت ماڭا ناتونۇش كىشىلەردىن تۆتەيلەننى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

— تونۇشۇڭ، يولداش گۇلئايىم، — رەھىم ئۆزى باشلاپ كەلگەن كىشىلەر ئىچىدىكى ئېگىز، ئورۇق بىرسىنى ئىشارەت قىلدى، — بۇ كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگاننىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى. ئىسمى قۇتبىدىن ئىسيان.

قۇتبىدىن ئىسىملىك بۇ ئادەم 40 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. چېچىنى قىسقا كەستۈرگەن بولسىمۇ، ئارقىسىغا تارىتۋالغان، قارامتۇل يۈزلىرى تارتىشىپ، ئۇنى دائىم ئاچچىقلىنىپ يۈرسە كېرەك، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلاتتى. ئۇ رېھىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى بولغاي، چېكىسىدىكى تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايغاندىن كېيىن:

— ئېمانچە ئېتىقىسىز رەھبەرسىز. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدە ئۇششاق بالىلار قويۇپ قويغان ئىسمىنى مېنىڭ پاسلەم قىلىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.

رىھىم ئۇنىڭ ئايىسىزلانغىنىدىن قولىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ، بەدىنى-نىڭ ئىغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن يەنە بىر پۇتىغا يۆتكەپ:

— كەچۈرۈڭ، تاسادىپ ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، — دېدى.

كەلگۈچىلەرنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولدى. ھەممىسى كۆڭۈلسىز تۇرۇپ قالدى. قۇتبىدىن رىھىمگە قاراپ:

— نېمانداق بۇتقا ئوخشاش تۇرىسىز؟ — دېدى پەس، لېكىن ئاچچىق ئاۋازدا، — بىر جايغا باشلىمامسىز...

— قۇرۇلغان توسىمىغا بېرىپ، ئۇنى كۆرگەچ پاراڭلىشىمىزمۇ ياكى...

— مەن پاراڭ قىلىشىپ يۈرگىلى كەلمىدىم، — قۇتبىدىن رىھىم-نىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تېخىمۇ تېرىكىپ كەتتى، — ماڭا سىز دوكلات قىلىشىڭىز لازىم. مەن خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى، ئەمەلىيەتكە چۆككىلى، خىزمەت ئىشلىگىلى كەلدىم.

رىھىم تېخىمۇ تېنەپ- تەمترەپ:

— خوپ بولىدۇ، ھازىرلا دوكلات قىلىمەن، — دېدى ۋە مېنىڭ يېڭىمغا قولىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى، — يولداش گۇلئايىم، سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا بارساق قانداق دەيسىز، چاي - پاي تېپىلامدۇ؟

— مەيلى، باشلاپ بېرىڭ، — دېدىم مەن ئىنتايىن كۆزەللىم ھاكاۋۇر، دىمىقى ئۈستۈن بۇ جۇيجاڭنىڭ بىردىن تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا ئەقلىم يەتمەي، — مەن ئالدىنراق بېرىپ چېدىرنى يىغىشتۇرۇۋەتكەچ تۇراي.

— بولىدۇ. تېزرەك بېرىڭ، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ قويارسىز.

مەن بۇ كەلگەن كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئۆزگىچىرەك ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم. ھەم ئىشخانام ھەم ياتاق ھېسابىدىكى چېدىردا يىغىشتۇرىدىغان كۆپ ئىشمۇ يوق ئىدى. كارىۋاتتىكى ئەدىيالنى سۇپۇرۇپ قويدۇم، يوتقاننى چىرايلىق، بۇرجەكلىك قىلىپ يېگە-باشتىن يىغىپ قويدۇم. شىرەدىكى قەغەزلەرنى تارتمىغا سېلىۋەتتىم. ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىنى سۈرتۈۋاتقىنىمدا ھېلىقىلار كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيدۇم. كەمپۈت، ياڭاق ۋە پېچىنە ئېلىپ قويدۇم. بۇ يېمەكلىكلەر دېھقانچىلىق مەيداندىن كەلگەن دوستلىرىم قالدۇرۇپ قويغان نەرسىلەر ئىدى. مەن بۇ شارائىتتا قىلالايدىغىنىممۇ شۇ ئىدى. بىراق، ئادەمنى قاتتىق خىجالەتكە سالىدىغىنى قۇتبىدىن دېگەن ئادەمنىڭ قىلىقى بولدى. ئۇ كۆرپە ئۈستىدىكى گۈللۈك رەخت ئەدىيالنىڭ ئۈستىگە ئېگىشىپ قارىدى. كېيىن قىرچىقىرىپ دەزماللانغان سارجا شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ياغلىق ئېلىپ ئەدىيال ئۈستىنى سۈرتۈپ ئاندىن ئولتۇردى-دە، پۈتىنى مىنگەشتۈرۈۋالدى. ئىستاكاندىكى قايناقسۇ، شىرەدىكى گېزەكلەرگە كۆزىنىڭ قىرىنى مۇنداقلا بىر سېلىپ قويۇپ، ئىككىنچىلەپ قارىمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ھەمراھلىرىنىڭ بۇلارغا كۆزى چۈشكەن بولسىمۇ، قولىنى ئۇزىتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. رېھىم بىلەن ھامۇتنىڭ كۆزى قۇتبىدىننى چۆرىدەپ پارقىراپ تۇراتتى. قۇتبىدىن شىمىنىڭ رەڭگىدىكى تۇجۇركىسىنىڭ يانچۇقىدىن تاماكا چىقاردى. ھامۇت دەرھاللا سەرەڭگە چېقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىشىپ باردى.

— تېنى، دەيدىغىنىڭىزنى دەڭ، — دېدى قۇتبىدىن رېھىمگە ئېگىزدىن قاراپ، — مېنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم ئىشلىرىممۇ بار. بۇ

يەردە ئۇزۇن تۇرالمايمەن.

مەن قۇتبىدىننىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە قىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭمۇ رىھىم بىلەن ھامۇتقا ئوخشايدىغان "رەھبەر"لەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. رىھىم سۆزلەۋاتقان چاغدا، ھەتتا ئۇ، بۇ گەپ-سۆزلەر ئۆزىگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك، تاماكىسىنىڭ ئىسىغىلا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتى بەزى ھاللاردا رىھىمدىمۇ تېپىلاتتى. مەن كۆرەڭ، ھاكاۋۇر ئادەملەرنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىدە خۇشامەت بىلەن يالاقچىلىقنىڭ بىللە ياشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. خۇشامەت ۋە يالاقچىلىق قىلىدىغانلار ئۆزىدىكى بۇ خۇسۇسىيەتنى ئارتۇقچىلىق بىلگەنلىكىدىن، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىشىنى، يالاقچىلىق قىلىشىنى خالايدۇ. باشقىلار شۇنداق قىلغىنىدا ئۇلارمۇ ھاكاۋۇرلۇق، كۆرەڭلىك بىلەن بۇ خۇشامەتنى قوبۇل قىلىدۇ.

رىھىم بۇ توسمىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ توسما تامامەن ئۇنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن قۇرۇلغان، پىلان تۈزۈش، لايىھە ئىشلەش، چېرتيوژ سىزىش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلەردىن تارتىپ رەسمىي ئىش باشلاشقا قەدەر باشتىن-ئاياغ ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ تۇرغان بولۇپ چىقتى.

— ماڭا بۇنىسى كېرەك ئەمەس، — دېدى قۇتبىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختاۋەرگىنىدىن زېرىككەندەك ئەسنەپ ئولتۇرۇپ، — ماڭا سىزنىڭ تۆھپىلىرىڭىزنى تەپسىلىي بىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. سىز ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئاساس قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭ. يەنى قانداق قىلىپ سىياسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ۋە باشلامچى قىلىپ،

ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىگىلەر، ئىشلەپچىقىرىشنىلا تەكىتلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىنقىلابنى چەتكە قاقىدىغان كاپىتالىستىك ئىدىيىلەرنى قانداق يەڭگەنلىكىگىلارنى سۆزلەڭ.

— سىز ئېيتقاندەك، ھەممىدىن ئاۋۋال ئىنقىلابنى ۋە سىنىپىي كۆرەشنى چىڭ تۇتتۇق، — دېدى رېھىم خېلى ئېچىلىپ، — بىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا خاس ئىنقىلابىي جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، دەسلەپتىلا يولداش ھامۇت باشچىلىقىدا ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن بىر ئىنقىلابىي لايىھىلەش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇنىڭ ئىچىگە ئىدىيە ئۆزگەرتىپ مەيداننى توغرىلاش ئىمكانىيىتى بېرىش بۇزىسىدىن، كونا مائارىپنىڭ زەھەرلىشىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان بىيالىي گۈلنائىيىمنىمۇ قاتناشتۇردۇق ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرىدىن تەنقىدىي وسۇندا پايدىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭغا قارىتىلغان ئىنقىلابىي نازارەتنى كۈچەيتتۇق. مانا شۇ مەسىلىدە ئۇتكۈل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا، ناھىيە ۋە گوڭشېدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۆرەشنى چىڭ تۇتتۇق.

— بۇ ئىككى يول، ئىككى سىنىپ، ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدىكى شىددەتلىك ئېلىشىش مەسىلىسى، — دېدى قوتىبىدىن تاماكا قىستۇرۇلغان بارماقلىرىنى شىلتىپ، گەۋدىسىنى سەل ئالغا ئېڭىشتۇرۇپ، — قېنى، كونكرېتراق سۆزلەڭ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم نۇقتىسى قايسى ئېچىقتىن باشلاندى؟

رېھىم خوجىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشىپ خېلى جانلىنىپ قالدى. ئۇمۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يالغاننى توقۇشقا باشلىدى:

— ھېلىقى ئۆزگىرىشنى خالىمىغان بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئۆزىنىڭ ھوجۇمىنى دەل ئاشۇ پرولېتارىياتچە ئۇچ تەرەپ بىرلەشكەن لايىھلەش گۇرۇپپىسىغا قارشى تۇرۇشتىن باشلىدى. ئۇلار، لايىھلەش ئىشىغا ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار-نىڭ ۋەكىلى يولداش ھامۇتنى كىرگۈزۈشكە قارشى تۇردى، كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ۋەكىلىنى قاتناشتۇرۇشقىمۇ قارشى تۇردى. پەقەت زىيالىيدىن ئىبارەت بىرلا تەرەپنىڭ مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا ئىشلىشىنىلا قوۋۋەتلىدى...

— بۇ خاتا لۇشيەن، — قۇتبىدىن يەنە لوقما سالدى، — بۇرژۇئا زىيالىيلىرى تېخى ياخشى ئۆزگەرمىگەن، ئۇلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى ئاۋۋال ئۆزگەرتىش، ئاندىن ئىشلىتىش، ئاخىردا ئىپادىسىگە قاراش كېرەك. بۇ بىر قاتار خىزمەتلەرنىمۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ كۈچلۈك نازارىتى ئاستىدا ئىشلەش لازىم.

— بىز دەل سىز ئېيتقاندەك ئىشلىدۇق. ئەمەلىيەت سىزنىڭ يولىيورۇقىڭىزنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر مەغلۇپ بولۇپ، بىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۇق. توسما قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى كاپىتالىزم يولىغا داۋاملىق مېڭىۋاتقان بۇرژۇئا دېموكراتلىرىنىڭ ھەم كومپارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ بەربات بولۇش سىگنالىنى چالدى...

— يولداش رېھىم، ئەقەللىي خالىسلىق دېگەن نەرسە بولۇشى كېرەككۇ دەيمەن؟ — مەن خېلىدىن بېرى رېھىمنىڭ ئوڭ - تەتۈر قىلىۋاتقان سۆزلىرىگە دەسلەپ ئەجەبلىنىپ، كېيىن ئۆزگىچە مەنە سېزىپ، ئاندىن ئاچچىقىم كېلىپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ئاخىرقى

جۇملىسى غەزىپىمنى كەلتۈردى ـ دە، قانچىلىك ئەدەب ساقلاشقا تىرىشسامۇ، ئۆزەمنى بېسىۋالالمىدىم، ــ توسما قورولۇشنىڭ پۈتۈن جەريانى سىزگە، يولداش هامۇتقا ۋە باشقا هەممەيلەنگە بەش قولدەك ئايان تۇرسا، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ سۆزلەۋەرسىڭىز توغرا بولامدۇ؟...

مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ، مېزىنى چىقىرىۋېتىشكە بىرمۇنچە سۆز راسلىغان بولسامۇ، ئېيتىپ بولالماي، دۇدۇقلاپ توختاپ قالدىم. ئەمما، رېھىممۇ نېمىشـ قىدۇ شۈك ئۇلتۇرۇپ قالدى.

ــ بۇ ياق كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ ماڭا قارىماستىن بېشى ئارـ قىلىق ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى قۇتبىدىن، ــ بۇ ياق باشقىچىراق سۆزلەۋاتىدىغۇ؟

ــ بۇ باياتىن گېپىنى قىلغان كونا مائارىپنىڭ ۋەكىلى، زىيالىي تەۋەسىدىن توسما لايىھىلەشكە قاتناشتۇرۇلغان ئايال. ئىسمى گۈلئايىم، ــ رېھىممۇ ماڭا قارىماستىن، مېنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قۇتبىدىنغىلا تىكىلگەنىدى.

قۇتبىدىن شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن گەۋدىسىنى يېرىم تولغاپ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە ئالدىرىماي قاراپ چىقتى. مەنستىمىگەندەك دىمىغىدا كۈلۈپ:

ــ زىيالىيلارغا خاس ياۋاشلىق كەم كۆرۈنىدىغۇ سىزدە؟ ــ دېدى ۋە مەندىن كۆزىنى ئېلىپ داۋام قىلدى، ــ تىلىڭىز خېلى ئۇزۇن ئىكەن قىزچاق. قېنى، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، رېھىم جۇيجاڭ كۆزنى يۇمۇۋېلىپ خاتا سۆزلىگەن بولسا، توغرىسى قانداق ئىدى؟

ئۇنىڭ كۆرەڭ، قوپال مەسخىرىسىدىن تېنىم تىترەپ كەتتى.

— توغرىسىمۇ؟ — سورىدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — توغرىسى دەل رىھىم جۇيجاڭنىڭ ئېيتقىنىنىڭ تەتۈرى، توسما قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەشتىن تارتىپ پۈتۈپ چىققۇچە بولغان پۈتۈن جەرياندا، چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغانلار رىھىم جۇيجاڭ، ھامۇت مۇدىر قاتارلىق كىشىلەر. قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلەر، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىگەنلەر قۇتلۇق ۋە ئىبراھىم ئاكا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يولداشلار. بۇ يەردىكى سورۇندا ئۇلارنىڭ ئۆزى بولمىغىنى بىلەن پاكىتلارنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. توسما جانلىق، تىلى بار نەرسە بولسا ئىدى. ھەركىمنىڭ تۆھپىسى ۋە شەيتانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى. لېكىن، ئەپسۇسلانمىساقمۇ بولىدۇ، ئەمگەككە قاتناشقان مىڭلىغان ئامما بار...

— سىز يىراقلاپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى ھامۇت زورلىنىپ ھىجايغىنىچە بىر ماڭا، بىر قۇتبىدىنغا قاراپ، — بۇ يەردە ھېچكىم تۆھپە خاتىرلىمەيۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ سىزدىن دوكلات ياكى نۇتۇق تەلەپ قىلىنغىنى يوق...

— يالغان سۆزلىگەندە يۈز قىزىرىشىنى بولسىمۇ بىلىش كېرەك ئىدى، — دېدىم مەن ئاچچىقىمدىن تىترەپ.

— ئوھوي، غەلىتىغۇ بۇ؟ — دېدى قۇتبىدىن مېنى ئىشارەت قىلىپ.

— سەن نېمە دېمەكچى؟ — دېدى رىھىم ماڭا ئاچچىق بىلەن ھۆرپىيىپ.

— توسما پۈتمىگەن چاغدا، ئىش تازا جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتىقاندا سىلەر ئىسسىق ئۆيۈڭلەردە ياتتىڭلار. توسما پۈتكەندە يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنىڭ قوماندانلىقىمدا ياسالدى، دېسەڭلار كىممۇ ئىشىنىدۇ؟

ئىلگىرىكىلىرىنىڭ قويۇپ تۇرايلى...

— رەھىم جۇيجاڭ قورۇلۇش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىرىدىن بىرى، — دېدى ھامۇت.

— ئۇ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولغانلىقتىن، ئۆز خىزمىتى دائىرىسىدىكى توسما قورۇلۇشىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگىنى پۈتۈن ئىشنىڭ مۇشۇ بىر ئادەمنىڭلا قولىدىن چىققانلىقى ئەمەس. بۇ يەردە ئىبراھىم ئاكا بىلەن قۇتلۇق ئاكىلارمۇ بار...

— ئۇ ئاكىلىرىڭ ئەمدى بولمايدۇ، ئۇلار ئۆگىنىش كۇرسىغا كەتتى. مەسىلە تاپشۇرۇپ، ئىدىيە ئۆزگەرتىدۇ، — دېدى قۇتبىدىن مېنى زاڭلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش توغرىسىدا نەزەرىيە ساۋاتى بولمىغانلىقتىن، ناھىيەگىلەردىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى تازا قالايمىقان قىلىۋەتتى. 5-ئاپرېلدىكى "تيەنئەنمېن ۋەقەسى" يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن نەزەرىيە ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، بىز ۋىلايەتتىكى رەھبەرلىك بەنزىسى بىر ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشنى قارار قىلدۇق. بۇ كۇرسنىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋاملىشىشى ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىغا باغلىق...

قۇتبىدىنىنىڭ سۆزى باشلىنىشىغىلا مېنىڭ بېشىمغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۈركۈنۈپ كەتكەنىدىم. قۇتبىدىن، رەھىم، ھامۇت قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بىرپەستىلا ئۆزگىرىپ ئۆزىنى توسما قورۇلۇشىنىڭ باتۇرلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەنگەنىدىم. ئەمما، يالغانچىلىققا سەۋر-تاقىتىم قالمىدى. ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇقلارنىڭ پۈتۈن ناھىيىنى قالايمىقان قىلغانلىقىغا،

سىياسىي ۋەزىيەتنى بۇزغانلىقىغا ئىشەنمىگىنىمدەك، رىھىم بىلەن ھامۇتلارنىڭ قەھرىمان ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشەنمەيتتىم. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بولۇپ ئۆتكەن بىر تالاي پاكىتلار بۇ "قەھرىمان"لارنىڭ بۇزغۇنچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتقىنىدا، ۋىجدانىمغا ئاسىيلىق قىلىپ، ياخشى كىشىلەرگە بوھتان چاپلاشنىڭ رەزىللىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. شۇڭا:

— ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىلار بۇ توسما ئۇچۇن جان پىدالىق بىلەن كۆيۈنگەن رەھبەرلەر ئىدى. تۆھپە سۆزلىنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەجرى ھەممىدىن زور. ئۇلارنىڭ رولى ئاساس...، — دېدىم.

— يولداش قۇتبىدىن ئېيتتىڭغۇ، — دەپ شالىنى چاچتى رىھىم بىر ماڭا، بىر قۇتبىدىنگە قاراپ، — ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇق ھازىر يوق، ئۇلار بۇرۇنمۇ يوق ئىدى. بار دېيىلىدىغان بولسا توسقۇنلۇقلا بار...

— تۆھمەت، — دېدىم چىدالماي، — ئىنغۇا تېرىتۋاتىسىز رىھىم جۇيجاڭ. بۇنداق گەپ-سۆز سىزگە ياراشمايدۇ. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى خالىسلىققا ئەمەل قىلىشىڭىز لازىم ئىدى.

قۇتبىدىن پۇشۇلداپ كەتتى. ئۇ چېدىرغا كىرگەندىن تارتىپ بۇ جايغا بىراۋ زورلاپ ئېلىپ كەلگەندەك، بۇ يەردىمۇ مەجبۇرىي ئولتۇرۇپ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا گەپ تىڭشاۋاتقاندەك بىر خىل كۆرەڭ روھىي ھالەتنى ئىپادە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ھەممىگە، ئۆزى تولىمۇ پەس كۆرىدىغان بىر مەخلۇقلارغا قارىغاندەك قارايتتى. ئۇ، مەنسىپىنىڭ يۇقىرىلىقىدىنمۇ ياكى كۆزگە كۆرۈنمەس ئالاھىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئىقتىدارى بارمۇ، ئىشقىلىپ، رىھىمدەك

كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن تەپ تارتىپ، يۇرەكلىك يۆتۈلەلمىدى. ھەتتا، تاماكىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئامراق ھامۇتمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قېتىمۇ تاماكا چېكىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنداق شارائىتتا مېنىڭ يۇرەكلىك سۆزلىرىم، يەنە كېلىپ مەندەك "ھېچبىر ئەدەبىلىك زىيالىيغا ئوخشىمايدىغان خوتۇن"نىڭ تەپتارتماسلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان بارماقلىرى تىترەپ، جاۋغايلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇ ماڭا يەر ئاستىدىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ بىرپەس ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. مۇشۇ ئارىلىقتا رېھىم، ھامىت قاتارلىقلار بىر ئۇنىڭغا، بىر ماڭا نۆۋەت بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ، قۇتبىدىننىڭ غەزەپلىنىپ پارتلىشىنى، مېنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتى. بۇ ئىپادىنى ئۇلارنىڭ موكىدەك ئۇ ياندىن بۇ يانغا قاراۋاتقان كۆزلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئەمما، مېنىڭ قەلبىمدە يالغانچىلىققا، ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئىبراھىم ئاكا بىلەن قۇتلۇق ئاكىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىغا قارىتىلغان غەزەپ-نەپرەت دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، كاززاپلىققا سەۋر قىلماسلىق، سۈكۈت قىلماسلىق ئارزۇيۇملا بار ئىدى.

قۇتبىدىن ئاخىرى ئېغىز ئاچتى. ئۇ توساتتىن يۇمشاپ قالدى، ئۈننى سىلىق چىقىرىپ، يەڭگىل تەلەپپۇز بىلەن:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ ئاڭلاڭ، — دېدى ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ. مەن ئولتۇردۇم. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ يەردە ھېچكىم بىرسىنىڭ تۆھپەئەجرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى ئەمەس. توسما قورۇلۇشى پۈتكەن بولسا، بۇ ناھايىتى يوكسەك، ئۇلۇغۋار بىر ئىنشائاتنىڭ بەرپا بولغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ناھىيىنىڭ بۇ ئەتراپلىرى بۇنداق توسمە-

سىزمۇ توغرا لۇشيەن، توغرا يۈنىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن بولسا كېرەك. لېكىن توسما قۇرۇلغانىكەن، بۇ چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ خاتا لۇشيەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ پاكىتى بولۇپ يېزىلىشى لازىم، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىز بۇرژۇئا زىيالىيسى، مەيدانىڭىز، ھېسسىياتىڭىز بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ. توسما قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ تۇرۇپ ئىدىيە ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بەرگەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا ھەم كەڭ كەمبەغەل-تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا رەھمەت ئېيتىشىڭىز لازىم. ئىبراھىم، قۇتلۇق دېگەنلەرنىڭ سىزگە ھە-ھۇ، دەپ قويۇشىدىن ئەجەبلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار سىزدەك بۇرژۇئازىيىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەكىلى بولغانلىقتىن، قىسمەن ھېسسىيات بىرلىكىدىكىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. سىز گېپىمگە چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەنمىدىم، — دېدىم راستىنى ئېيتىپ، — مەن نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم. ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىلارنى مەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇمايمەن. مەن ئۆزەممۇ بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ ئەمەس. مېنى كومپارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى تەربىيىلىگەن.

— ئوھوي، مۇنداق دېگىن، — دېدى قۇتبىدىن «سەن»لەپ. بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، — ئۇنداقتا، ساڭا تەپسىلىيرەك چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن...

— تەپسىلىي يولىيورۇق بەرسىڭىز، — گەپ ئارىلىدى رېھىم سىپايىلىق بىلەن ھېجىيىپ، — بۇ چۈشەنمىسە، بىز چۈشىنىمىز.

قۇتبىدىن تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، پارقىراپ تۇرغان بەتىنكىسىنىڭ پاشنىسى بىلەن ئېزىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا قاراپ

سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۆتكەن يىلى، يەنى 1975 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدا، يۇقىرىدىن بەزىلەر توساتتىنلا ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، سىياسىي ھەرىكەتنى باستى. ئۇن يىللاپ ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىمىزنىڭ مېۋىسىنى ئىنكار قىلىپ، كونىنى تىرىلدۇرۇشكە ئۇرۇندى. گېزىتلەردە يېزىلىۋاتقان تەتۈر شامال ئاشۇ نۇقتىغا قارىتىلغان. بۇ شامالنىڭ تۆۋەندىمۇ گۇركىرەپ چىققانلىقى بىزگە ناھايىتى ئېنىق. ئىبراھىم، قۇتلۇقلاردەك يەر ئىسلاھاتىدا شوئار توۋلىغان، كوپىراتسىيىلىشىشتە ھەممىنىڭ ئالدىدا چاپقان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئىنقىلابنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىيەتتىن قانائەتىنىپلا ئولتۇرۇشنى بىلىدىغان مۇتەئەسسىپلەر خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۇرۇش دېسە گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى...

ئۇ دەرس سۆزلىگەندەك ئالدىرىماي، ئېزىپ - ئېچىرىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. بۇ يىل تۆتىنچى ئاينىڭ بېشىدا پايتەختتە يۈز بەرگەن "5 - ئاپرېل ۋەقەسى" مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەزىيەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

— پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگەنمەي، — سىياسىي ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئۇزاققىچە ئېلىپ بارماي بولمايدۇ، — دېيىتتى قۇتبىدىن ئونىنچى قېتىم بۇ سۆزنى تەكرارلاپ، — ھازىر كاپىتالىزم يولىغا داۋاملىق مېڭىۋاتقان بۇرژۇئا دېموكراتلىرىدىن تاشقىرى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئىغۋا خاراكتېرىدىكى گەپ - سۆزلىرىمۇ بار. بىز پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى مىلىك تەسلىكتە

قولغا كىرگۈزگەن ھوقۇقىمىزنى چىڭ تۇتۇش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىبراھىم قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مەستانىلىرىغا قارىتىلغان شىددەتلىك ھۇجۇمنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ تىرىدىلىش قەستىدىن ھوشيار بولۇشىمىز لازىم،— ئۇ ماڭا ئالاھىدە قاراپ ئۇننى ئىگىزرەك كۆتۈرۈپ قويدى،— سەن سۆزلىرىمگە بىردىنلا چۈشەنمىگەن بولساڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن دېگەنلەرنى ئىجرا قىلىۋەر. قالغىنىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا چۈشىنىپ كېتەلەيسەن.

قالغانلار ماڭا تەپەككۇرى نەزەر سالدى. بىر سىكۇنتتىن كېيىن يەنە باراۋەر قۇتبىدىنگە قارىدى. قۇتبىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمدى مەن قايتىمەن. كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا ناھىيىگە قايتقاندىن كېيىن يەنە يوليورۇق بېرەرمەن،— دېدى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلارمۇ تۇردى. شۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل چوقۇريۈز، سېمىزگە مايىل بىرى دەپتىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇردى:

— مەن بۇ خەۋەر ئەدەبىياتىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ يازدىم،— دېدى ئۇ خىڭىلدىغان ئاۋاز بىلەن،— بىرىنچى قىسىمى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تىرىلىشكە قارشى كۈرەش قىلىپ، "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ" دەيدىغان سەپسەتىنىڭ چاپارمەنلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى توغرىسىدا يېزىلدى. بۇ قىسىمغا رىھىم، ھاموت قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئىبراھىم، قۇتلۇق قاتارلىقلارغا قارشى ئېلىپ بارغان دەلمۇدەل كۈرىشى كىرگۈزۈلدى. ئىككىنچى قىسىمغا سىزنىڭ كۆپ قېتىم قۇرۇلۇش مەيدانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مۇھىم يوليورۇقلارنى

بەرگەنلىكىڭىز، ئىشلەپچىقىرىش تازا قىيىن پەللىگە كەلگەندە، بىۋاستە ئەمگەككە قاتناشقانلىقىڭىز گەۋدىلەندۈرۈپ يېزىلدى...

بۇ چوقۇرنىڭ گېزىت مۇخبىرى ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلدىم. ئۇ باياتىن بېرى كىتىلدىتىپ خەت يېزىۋاتاتتى، مەن كۆڭلۈمدە، قۇتبىدىنىڭ كاززاپلىق، ساختىپەزلىك بىلەن توشقان قۇرۇق گېپىنى خاتىرىلىگەن بولۇپ ئۆزىنىڭ ساداقەتمەن تىل ياغلىمچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدىم. دېمەك، ئۇ يالاقچىلىق بىلەن يالغان خەۋەر توقۇپ چىققان ئىكەن-دە؟! ئۇنىڭ خۇشامەتچى تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئورنىغا، توسما قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەنلىكىدىكى ئاساسىي نەتىجىنى رېھىم بىلەن ھامۇتىنىڭ قىلىپ كۆرسەتمەكتە ۋە بۇ نەتىجىنىڭ قولغا كېلىشىنى قۇتبىدىنىنىڭ دانا رەھبەرلىكى، دەپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىنى تىللىماقتا ئىدى. بۇ قۇتبىدىن دېگەن ئادەمنىڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ توسما بار تەرەپكە بىرىنچىمۇ ئېرىنگەنلىكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سادىر بولۇپ تۇرغان پاكىت تۇرسىمۇ، كۆزىنى يۇمۇپ ئۇنى كۆپ قېتىم ئەمگەكنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاتناشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، دەپ سايرىماقتا ئىدى. قۇتبىدىن ھېچبىر غەيرىيلىك ھېس قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ شوك تۇراتتى.

مەن ھەتتا ئۇنىڭ، بۈگۈن مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇزاققىچە كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆردۈم. رېھىم، ھامۇت دېگەنلەرمۇ غالچىلارچە قويىرۇق شىپاڭشىتىپ، چوقۇر كاززاپنىڭ يازغانلىرىغا بارىكاللا ئېيتىۋاتاتتى.

— بوپتۇ، خېلى ئەتراپلىق يېزىپسىز، — دەپ ماختىدى قۇتبىدىن ئىزا تارتماي، — "ھوقۇق مۇھىم" كۆز قارىشىنى بىر ئاماللاپ

سىغدۇرۇۋېتەرسىز. يەنى، تۇسما قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشى، پرولېتارىيات سولچى ئىنقىلابچىلىرى ھوقۇق تۇتقانلىقىنىڭ مېۋىسى، دېگەنىدەك جۈملىلەر قوشۇلسا، ماقالە تېخىمۇ كۈچلۈك چىقىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ. — چوقۇر مۇخبىر كىتىلدىتىپ يازغاچ، خۇشامەت قىلىشنى يادىدىن چىقارمىدى، — ئۇ ھالدا، بۇ خەۋەر بىزنىڭ يەرلىك گېزىتىمىزدىن ھالقىپ چوڭراق گېزىتلەرگىمۇ بېسىلىشى مۇمكىن. نېمىلا قىلغان بىلەن، رەھبەرنىڭ ئويلىشى بىزدەك ئاددىي ئىنقىلابچىنىڭ يىگىرمىسىنىڭ بىر كۈنلۈك مۇزاكىرىسىدىن ئۈستۈن بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— نېمە دەپ ئويلۇۋېدىڭىز؟ — ھامۇت چوقۇردىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرىدى، — بۇرۇندىن قالغان ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىچىدە "قوينى قاسساپ سويسۇن" دېگەن بىر ماقالمۇ بار.

باشقىلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. قۇتبىدىنمۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ئېھتىمال، "قاسساپ"، دېگەن ئاتالغۇدىن رازى بولمىغان بولسا كېرەك، كۈلۈمسىرىشى سوغ ئىدى. بۇنى چوقۇر مۇخبىر توغرىلىدى:

— ئەمدىكى مەسىلە، بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بىۋاستە قول تىققانلىقىڭىز توغرىسىدىكى مەزمۇننى قانداق يېزىش ۋە تۇسما ئەتراپىدا سۈرەتكە چۈشۈش. ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈش بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

— مۇنۇ ئايال ئۈچۈن بىرمۇنچە سۆزلىدىمغۇ؟ — دېدى قۇتبىدىن ئەجەبلەنگەندەك، — شۇنچىۋالا سىياسىي - ئىدىيىگە ئائىت سۆزلىرىمنى يېزىۋالمىدىڭىزمۇ؟

— سىزنىڭ سۆزلىگىنىڭىزنىڭ بىر ھەرپىنى قالدۇرماي يېزىپ تۇردۇم، — چوقۇر ماڭا قارىماي باش ئىشارىتى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — ئەمما، بۇ ئايالنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسى، ئۆزگىرىشنى خاھلاش توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىمۇ يېزىلىشى كېرەك ئىدى...

— ھە، ئانداق بولسا سوراڭ. قالغىنىنى ماقالە تەلىپىگە ئاساسەن بىر نېمە قىلىۋەرمەمسىز...

— سىز مېنىڭ مۇددىئايىمنى چۈشەنگەنسىز؟ — چوقۇر ھېچ خىجىل بولماي ماڭا ئۆرۈلدى، — بىز نۆۋەتتىكى سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن خەۋەر بېسىپ تۇرمساق بولمايدۇ. رەھبەرلەرنىڭ تەربىيەسىدىن كېيىن ئىدىيىدە ياسىغان ئۆزگىرىشىڭىزنى ئىككى ئېغىز سۆز ملەنلا ئېيتىپ بەرسىڭىز.

— چۈشەندىم. مۇددىئايىڭىزنى ئېيتقانلىرىڭىزدىن، ئېيتماقچى بولغانلىرىڭىزدىنمۇ كەڭرەك چۈشەندىم، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېدىل قاراپ، — ئەگەر سىز ئالدامچىلىق، كاززاپلىقنى سىياسىي ئېھتىياج دەپ خەۋەر قىلماقچى بولسىڭىز، مەن ھېچ نەرسە ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئەينەن ئەھۋالنى يازىمەن دېسىڭىز، بەزى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— ھېسسىياتتىكى ئۆزگىرىشىڭىزنى ئېيتسىڭىزلا بولىدۇ. بولۇپمۇ رەھبەر قۇتىبدىنىنىڭ تەربىيىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ. قىسقا دەپ بېرىڭ.

— ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، بۇ قۇتىبدىن دېگەن ئادەم بۇ يەرنى تېخى تۈزۈك كۆرگىنىمۇ يوق. ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، رېھىم، ھامۇت دېگەنلەر باشتىن ئاياغ توسما قورۇلۇشىغا كۈچەپ قارشى

تۇرۇپ كەلدى. تېخى يېقىنغىچە شوئار يېزىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ توسما قۇرۇلۇشىنى قاغاپ، تىللاپ يۈرگەنىدى، ئەجەبا، بۈگۈن ئۇنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇپ قاپتىغۇ؟

— جۆيلۈمە! — ۋارقىرىدى رېھىم قولىنى شىلتىپ، — بىزنىڭ قارشى تۇرغىنىمىز دەل ھېلىقى ئىگىلىكنى تەكشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش... دېگەندەك قارا ماللار. قارا، بىزنىڭ توغرا بولۇپ چىقمىدىمۇ؟

— بۇلار قارشى تۇرسا، توسما قانداق بولۇپ پۈتۈپ چىقتى؟ — دەپ سورىدى قۇتبىدىن زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— قانداق پۈتۈپ چىقاتتى؟ بۇنى سىلەر ياخشى بىلىسىلەر، — مەن غەزەپ بىلەن ئۇلارغا قاراپ كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى يوشۇرماي دەۋەردىم، — ئۆتكەن يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدىن تارتىپ يۈرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق توغرا تەدبىرلەر ناھىيىمىزدە خېلى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇلدى. توسما قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە ئۇنىڭ غەلىبىلىك تاماملىنىشى ئەنە شۇ توغرا تەدبىرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ بىر پاكىتى. يولداش ئىبراھىم ۋە قۇتلۇقلار پارتىيە مەيدانىدا، خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ سىلەردەك ساختا شوئارۋازلار بىلەن كۈرەش قىلدى، قۇرۇلۇشقا ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ توسما شوئار توۋلاش بىلەن ئەمەس، قول قاپارتىپ، تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق پۈتۈپ چىققان. ساختىپەزلەرنى خەلق ئاممىسى ھامان بىلىپ قالىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا ئالدى-كەينى بولۇپ بىرقانچە ئون مىڭ ئادەم قېتىم ئەمگەك كۈچى قاتناشقان. ئۇلار گېزىتتە يالغان خەۋەرنى كۆرسە ئىشىنەمدۇ؟ سىلەر

خەلقنى ئالدىيالامسىلەر؟

— ئەكسىيەتچى ئەبلەخ! — قوتىبىدىن چىشىنى غۇچۇرلىتىپ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىدى، — سەن ھازىر نوقتىلىق تەنقىد قىلىنىۋاتقان سىياسىي ئەنزىگە قارىتا تەتۈر تەشۋىق يۈرگۈزۈۋاتىسەن!

— سەن تۇسما قانداق پۈتتى دېگەننى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ باققىنا، قېنى؟ — دەپ دېۋەيلەپ كەلدى رېھىم.

— ئېيتىپ بېقىشتىن قورقمايمەن، — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن، — دېسەم دەۋېرىمەن. تۇسما ساختا شوئار تۈۋلاش بىلەن پۈتمىدى. ئۇ خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت دانا تەدبىرنىڭ ناھىيىمىزدە ئىزچىللىشىشى نەتىجىسىدە پۈتتى. ئىبراھىم، قوتلۇق قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتتى.

— ھېلىقى تەدبىرنى كىم ئوتتۇرىغا قويىدى، بىلەمسەن؟

مەن قوتىبىدىندىن قورقماي جاۋاب بەردىم:

— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى!

— ئەك...سىل...ئىنقى...لابچى! — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ھەر بوغۇمىنىڭ ئۇرغۇسىنى چىقىرىپ، — سەن ئۇلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەپ قارامسەن تېخى! سەن ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئاساسى ئىكەنسەن - دە؟ — ئاندىن ئۇ رېھىمگە قاراپ بۇيرۇق بەردى، — بىز بۇ يەردە ئالتە كىشى ئاگلىدۇق، ئۇنىڭ ماتېرىيالىنى دەرھال رەتلەڭلار. نۆۋەتتىكى سىياسىي ھەرىكەتنى ئوڭۇشلۇق، ساغلام قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىپ، پرولېتارىياتنىڭ جاسارىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم ئىدى. ھەرقانداق

چوڭ ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا سىياسىي جەھەتتىنمۇ قۇربان قىلىشقا بىرەر - يېرىمى چىقمىسا قىزىقى بولمايدۇ...

ئۇلار گۇرسۇلدىتىپ دەسسەپ ئاياغ بېسىش بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى نامايىش قىلماقچى بولغاندەك كەينى- كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى. مەن كارىۋاتتا ئولتۇردۇم- دە، بېشىم سەل ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى راست بولىدىغان بولسا ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىلار راستىنلا ھېلىقى ئۆگىنىش كۇرسىغا كەتكەنمىدۇ؟ ئالامەتلەردىن قارىغاندا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. "كەتسە نېمە بوپتۇ؟ — ئويلاشقا باشلىدىم مەن ئىچىمدە، — بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرىمۇ بىر تالاي رەھبىرىي كادىرلار ناھەق كۆرەش قىلىنىپ، سازايى قىلىنىپ كەتمىگەنمىدى؟ ئەمما كومپارتىيە يېڭىلگىنى يوق، خەلق ئاممىسى قورقۇپ كەتكىنى يوق. بۇگۈنكى كۈندە كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكى خەلق ئاممىسىغا چۈشىنىشلىك بولۇپ قالدى. ئىبراھىم ئاكىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى خاتا ئەمەس. سۇ تۇتۇشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشتا ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىش يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۇرۇشتە پايدىلىق رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ نېمىسى خاتا ئىكەن؟ ئەجەبا، رېھىم قاتارلىق كىشلەر توسما پۈتكەندە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇۋې- لىش ئۈچۈن ئالدىرايدىكەن، ئۇلار تۈنۈگۈن بۇ توسمىغا ھەممىدىن بەك قارشى تۇرغان ئىدىغۇ؟ مەن بۇ توسما قۇرۇلۇشى خەلق ئىگىلە- كىنى تەڭشەش يۆنىلىشىنىڭ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ غەلبىسى دېسەم ئۇلار بۇنى "ئەكسىيەتچىلىك، ئەكسلئىنقىلابىي سۆز" دەيدۇ. ئەمىسە بۇ نېمىنىڭ غەلبىسى بولىدىكەن؟...

مەن ئويلا ـ ئويلا كۈننىڭ كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي
قالدىم. ئۆزەمنىڭ قانداق يېرى خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن
قىلغان سۆزلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە بارغانسېرى ئىشەندىم ۋە
شۇڭا كۆڭلۈمدىمۇ خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەشكە
باشلىدى.
كەچقۇرۇن ئاي چىقتى. مەن ئادەتلىنىپ قالغىنىم بويىچە
كۆڭلۈمگە يېقىن بولۇپ قالغان دەريا بويىغا باردىم. توسما ئۈستىگە
چىقتىم. دەريا ناھايىتى پەستە ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاينىڭ
نۇرى سۇ ئۈستىدىكى ئۇششاق دولقۇنلارغا ئارىلىشىپ چىمىرلاپ
ئوينايتتى. مېنىڭ قەلبىمدە ھېلىغىچە بۈگۈنكى سۆھبەتتىن قالغان
تەسىرات دولقۇنى ئۇراتتى. ئۇنىڭدا، ئۆز ئىشىمنىڭ نەتىجىلىك
تاماملانغانلىقىغا بولغان پەخىرلىنىشىمۇ، بۇ توسمىنىڭ غەلىبىلىك
پۈتۈشىگە زور دەرىجىدە سەۋەبچى ۋە يېتەكچى بولغان ئىبراھىم
ئاكىغا، قۇتلۇق ئاكىغا ۋە مىڭلىغان گۇڭشې ئەزالىرىغا بولغان
ھۆرمىتىمۇ بار ئىدى. شۇ جۈملىدىن ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىلارغا
بولغان ئەنسىرەش، ئېچىنىشىمۇ ھەم ھېلىقى رېھىم، ھاموت ۋە
ئۇلارنىڭ ھارامتاماق خوجايىنى قۇتبىدىنگە بولغان غەزەپ؛
خۇشامەتچى، پەسكەش چوقۇرغا بولغان نەپرەتمۇ بار ئىدى.
قۇتبىدىننىڭ قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئارقىلىق
سالغان تەھدىتىگە قارىتا ئازراقمۇ ۋەھىمە سەزمەيتتىم. ئىچىمدە
بولسا ئارزۇ ـ ئارمىنىمغا مۇۋاپىق بىر ياخشى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا
ئەل بىلەن بىللە ۋىجدانەن ئىشلىدىم، تەر ئاققۇزدۇم، ھەتتا قېنىمـ
نىمۇ سەرپ قىلدىم. ئەمدى ئارمىنىم يوق. بۇ مۇناپىقلار — ھوقۇق،
نام، شۆھرەت دېسە، ئىنسانىيلىقنى سېتىپ پەيدىنغانلارغا قارىغاندا،

نۇرغۇن ھەسسە ساپ، پاك ياشىدىم. پاكلىقىمنى ئاخىرقى تىنىقىمغىچە ساقلىيالىسام بولاتتى دەپ ئويلىدىم.

مەن كۆڭۈلسىزلىنىپ بولسىمۇ ئىشتەي بىلەن چاي ئىچىۋالدىم. بۈگۈنكى سۆھبەت ئارقىلىق ماڭا ئەمدى بۇ يەردە قىلىدىغان ئىش قالمىغانلىقىنى بىلدىم. ئەتە ئەتىگەندە ئۈچىنچى دادۇيىگە بېرىپ توختى ئاكىغا مۇراجىئەت قىلىپ، شىڭلى ۋە باشقا نەرسىلىرىمنى دادۇيىگە ياكى كېرىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزەم ناھىيىگە بېرىپ، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشىمنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولدۇم. پارتكومغا يولۇقۇشنى، تەشكىلات گۇرۇپپىسىغا ياكى سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە بېرىشنى ئويلاۋاتقىنىمدا چېدىر تېشىدا ئەركىشى-لەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ھوشيارلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ چېدىر ئىشىكى تەرىپىگە قەدەم تاشلىدىم. گۈپۈر-لىگەن ئاياغ ئاۋازى يېقىنلىششقا باشلىدى. كىمدۇ بىرى چېدىرنى قورشىماقتا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قوپال بىر ئاۋاز ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— گۈلنايىم، ئىشىكنى ئاچ! — دەپ تووۋلىدى.

مەن چېدىر ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى كىچىك يوچۇقنىڭ لاتىسىنى قايرىپ سىرتقا قارىدىم. ئاينىڭ يورۇقىدا تاماكا چېكىپ تۇرغان ھامۇتنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئىشىككە يېقىنراق جايدا قولىغا كالتەك تۇتقان، مەن تونۇمايدىغان ئىككى كىشى تۇراتتى.

— گۈلنايىم، دەرھال ئىشىكنى ئاچ! يەنە ئارقىغا سۆرىسەڭ چېدىرىڭنىڭ قوزۇققا باغلانغان ئارغامچىلىرىنى كېسىپ تاشلايمىز، — دەپ تەھدىت بىلەن ۋارقىرىدى باياتىنقى ئاۋاز.

مەن ئىشىكنى ئېچىپ بەردىم. ئۇلار جەمئىي بەش ئادەم ئىدى.

ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كىردى. ھەممىسىنىڭ قولىدا كالتەك بولۇپ چىرايىدىن سۇر چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ھاموۇتنىڭ باش ئىشارىتى بىلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يوغان ئارغامچىدا قولۇمنى كەينىمگە قايرىپ باغلىدى. ھاموۇت كىرسىن لامپىسىنىڭ پىلىكىنى ئېگىزرەك چىقىرىپ قويۇپ كىتابلىرىمنى ۋە دەپتەرلىرىمنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. يەنە ئىككىيلەن ئورۇن-كۆرپىلىرىمنىڭ قېتىنى، كارىۋاتنىڭ ئاستىنى ئاختۇردى. مەن خۇددى ناھايىتى زور دۈشمەندەك ئۈچ كالتەكچى ئۈچ تەرىپىمنى قورشاپ قىمىرلىماي تۇردى.

## 2

مېنى يالاپ گۇگۇشىي ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ باردى. ئۆتكەن يىلى كەچ كۈز ۋە باش قىشتا ئۆزەم ياتقان ھېلىقى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ئاندىن قولۇمنى يەشتى. شىڭلىيىم كەلگۈچە ئۇزاق ۋاقىت داق كارىۋاتتا ئولتۇردۇم. ھاموۇت مېنى بۇ ياققا ئېلىپ كېلەۋاتقاندىلا غايىب بولغانىدى. مېنى يالاپ كەلگەنلەر بىلەن بىر ئېغىزمۇ پاراڭ بولمىدى. ئورۇن-كۆرپەمنى ئۇلار ئەكىرىپ كارىۋاتتا قويۇشنىڭ ئورنىغا يەرگە تاشلىدى. شۇ چاغدىلا 20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر كالتەكچى يىگىت ئىنچىكە چىقىدىغان ئاۋاز بىلەن:

— سىرتقا چىقىشقا قەتئىي بولمايدۇ، مۇشۇ ئۆيدە مەسىلە ئويلىنىسەن، — دەپ ئېلان قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا مەن يالغۇز قالدىم. چىقىپ كەتكەنلەر ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سالدى. شۇ چاغدا مەن بۇ ئىشىكنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگىلا بېكىتىلگەن مەخسۇس قۇلۇپى بارلىقىنى ئەسلىدىم. ھازىر ئۇ قۇلۇپ ئېلىپ تاشلىنىپ زەنجىر قېقىلىپ سىرتتىن قۇلۇپ-

لىنىدىغان قىلىپ قويۇلۇپتۇ. ئەسلىدىكى قۇلۇپ ئورنىتىلغان تۆشۈككە ھازىر ياغاچ قېقىۋېتىلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

تۈننىڭ قالغان قىسمىنى ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. ياتاق تىنجىق، جىمجىت ۋە دىماغنى ئېچىشتۇرغۇدەك دەرىجىدە زەي پۇراپ تۇراتتى. كونا سىياھ قۇتىسىدىن ياسالغان جىن چىراغنىڭ پىلىكىدىن پۇرقۇپ چىقىۋاتقان قويۇق قارا ئىس پۇرىقى زەي پۇرىقىغا قوشۇلۇپ كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. "بۇلار مېنى نېمىشقا سولىۋالدۇ؟" دېگەن خىيالنىڭ ئاچچىقى يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. قانداقتۇر بىر قۇتىبىدىن، رېھىم دېگەن ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىۋاتقان بۇ زوراۋانلىق ھەم ناھەقچىلىككە چەكسىز ئۆچمەنلىك قىلغۇم، ئۈنۈمنى قويۇپ بېرىپ "لەنەت!"...دەپ توۋلىغىم كېلەتتى.

ئەتىسىمۇ ئاشۇنداق جىمجىت ئۆتتى. گويا بۇ ئۆيدە ھېچكىم يوقتەك بىرەر ئادەممۇ كېلىپ باقمىدى. مېنىڭ تالاغا قاراپ بېقىشىم-غىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، چاك-توپا، لايلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن دېرىزە ئەينىكىنىڭ سىرتىدىن يەنە ئىككى قەۋەت گېزىت چاپلانغانىدى. شۇڭا ئۆي تېخىمۇ قاراڭغۇ ۋە تىنجىق ئىدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئىشىك ئېچىلدى. ئالدىنقى ئاخشام ماڭا مەسىلە تاپشۇرۇش توغرىسىدا "كۆرسەتمە" بەرگەن ياش يىگىت كىرىپ، دېرىزە تەكچىسىگە بىر قوناق نېنى بىلەن چوڭ قاچىغا لىق ئۇسۇلغان قايناقسۇنى قويۇپ قويدى. ئۇ، ناننى قويۇۋاتقىدا دېرىزە تەكچى-سىنىڭ توپا، مەينەت ئىكەنلىكى بىلەن كارىمۇ بولمىدى.

— ماڭا قاراڭ يىگىت، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇ-زىدا، — مەن ئىشلار توغرىسىدا كىم بىلەن سۆزلىشىمەن؟

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىغاندەك ئېتىبار بەرمىدى، ھەتتا،

ماڭا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. ئىشىك "تاق" قىلىپ يېپىلىپ زەنجىر شاراقشىغان چاغدىلا ئۆزەمنىڭ خورلانغانلىقىنى سەزدىم. خىيالىمدا دەھشەتلىك بىر گۇمان ئەگىگىلى تۇردى: ئۇلار مېنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، كۆرسەتمەي يېرىم كېچىدە بۇ يەرگە ئەكىلىپ سولاپ قويدى. مېنىڭ ھازىرقى ھالدا قالغانلىقىمنى مۇشۇ تۆت-بەش كىشىدىن باشقا كىممۇ بىلەر؟ ئىبراھىم ئاكا، قۇتلۇق ئاكىلار راستتىن ۋىلايەت مەركىزىگە بېرىپ ھېلىقى كۇرسقا قاتناشقان بولسا، مەن توغرۇلۇق سۈرۈشتە قىلىدىغان كىم بار؟ ھاشىم، بالىلىرىم، دوستلىرىم مېنىڭ بۇ ئەھۋالدا قالغانلىقىمنى بىلمەي، مېنى يەنىلا توسمىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مېنى تونۇيدىغان گۇڭشې ئەزالىرى ناھىيىگە كەتكەندۇ، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. بۇ بىرنېمىلەرنىڭ ئۆزى قانداق ئىغۋالارنى توقۇيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

شۇ ئارىدا ئىشىك ئېچىلىپ ھېلىقى يىگىت يەنە كىردى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىكرەك بىر شېشە بار ئىدى. ئۇ جىن چىراغقا كىرسىن لىقلاپ قۇيدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولۇپ شىشىنىڭ ئاغزىنى ئالدىرىماي ئاچتى، جىن چىراغقا ماي قۇيۇپ بولۇپ تېشىپ كېتەمدۇ ياكى توشمىدىمۇ دېگەندەك، سىياھ قۇتىسىغا سىنچىلاپ قارىدى. شىشىنىڭ ئاغزىنى بېكىتىپ بارماقلىرىنى ئۆزۈنغىچە سۈرتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى گەپ تاما قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئەمما، ئۆزى ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمايتتى. مەن بىر قېتىم گەپ قىلىپ جاۋابسىز قېلىش خورلۇقىنى تېتىپ كۆرگەچكە، ھېچنېمە دېمەي ئولتۇرۇۋەردىم. ھەتتا كۆڭلۈمدە، ئۇنىڭ پاتراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەپمۇ قالدىم. ئاخىرى ئۇ ئۆزى ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى:

— قايناقسۇ سوۋۇپ قالدى. ئەتە ئەتىگەنگىچە قايتا قايناقسۇ بېرىلمەيدۇ.

— مەن ئىش توغرىسىدا كىم بىلەن سۆزلىشىمەن؟ — دەپ باياتىنقى سوئالىمنى تەكرارلىدىم. ئەمما، بۇ قېتىم ئۆتۈنۈش ئاھاڭى يوق ئىدى.

— ھامۇت مۇدىر بىلەن، — دېدى ئۇ قىسقا قىلىپ، — بۇ، مۇدىرنىڭ ئۆزىنىڭ تاپىلىشى.

— سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويالامسىز؟ مېنىڭ گېپىم بار ئىدى.

— ئېيتىپ باقاي، — دېدى ئۇ ۋە شۇ چاغدا ئاندىن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ماڭا قارىتىلغان ئاچچىقمۇ، ئېچىنىشمۇ يوق ئىدى.

مەن گېپىم تۈگىدى، دېگەندەك چەتكە قارىدىم. ئۇ ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دېرىزە تەكچىسىدىكى نان بىلەن قايناقسۇنى قولۇمغا ئېلىپ تاماقلىنىشقا باشلىدىم. نان ماڭا ئاتاپ يېقىلغانمۇ، ياكى شۇندىقى تاللاپ كىرگۈزۈلگەنمۇ، ئىشقىلىپ خام بولۇپ، ئۇلى پىشمىغان، يۈزى كۆيگەن نان ئىدى. ئۇنىڭدىن قوناق شېخى ئوتىنىڭ كۆلى پۇرايتتى. مەن ھامۇتقا نۇرغۇن ئاچچىق گەپلەرنى قىلىۋالماقچى بولغانلىقىمدىن، بەتتەم قايناقسۇ ئىلمان بولۇپ قالغان، كۆڭلۈم ئاينىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، خام نان بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەردىم.

ھېلىقى يىگىت ھامۇتقا ئېيتتىمۇ ياكى ئېيتقان بولسىمۇ ئۇ رەت قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ھامۇت كىرمىدى. مەن ئۇنىڭ پەيلىنى بۇرۇن كۆرگەنلىكىمدىن، يېتىپ قېلىشقىمۇ جۈرئىتىم يەتمەيتتى. ئىشكىنىڭ ئىچىدىن ئېتىۋېلىشقا بولىدىغان ئىلمىكى يوق ئىدى. كېيىن قانداق ئۇخلاپ قالدىم، يادىمدا يوق. ئەتىسى كىيىملىرىم بىلەن ئورنۇمدىن

تۇردۇم.

چۇشكە يېقىن ئىشىك ئېچىلىپ باشقا بىرسى كىردى. بۇلىسى تۇنۇگۇن كىرگەن يىگىتتىن بەش-ئالتە ياش چوڭ ئىدى. بۇنىڭ قارامتۇل يۇزىدىكى ساقال-بۇرۇتى ئېلىنمىغان، تەلەتى سوٚرۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمگە يەپ كەتكۇدەك تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ بىر قاچا قايناقسۇ بىلەن بىر زاغرىنى ئېلىپ كىرىپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى يىگىتتەك دېرىزە تەكچىسىگە قويماي ماڭا تەڭلىدى. مەن قولۇمغا ئېلىپ قاچىنى دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىپ قويدۇم. ناننى قولۇمدا تۇتۇپ تۇردۇم. ئۇ:

— بۇگۇن سىزگە نازارەت قىلىش ماڭا تاپشۇرۇلدى، — دەپ ئېلان قىلدى ۋە پەخىرلىنىش بىلەن كۇلۇپ قويدى، — سىزگە ئىككى ۋاقلىق تاماق بېرىلىدۇ. كەچلىكىڭىزنى قاراڭغۇ چۇشكەندە ئېلىپ كىرىمەن.

— ماڭا سۇ بېرىڭ، مەن يۇزۇمنى يۇماي قانداق تاماق يەيمەن؟

ئۇ مۇرىسىنى كوٚتۇرۇپ، لەۋلىرىنى ھىمىرىپ قويدى. بۇ ھەركىتى ئارقىلىق سۇ بېرىشكە بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى سەزدىم. مېنىڭ ئاچچىقىم شۇنچىلىك ئۆرلىدىكى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردىم. شۇ ئۇرۇنۇشۇمدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئەمما، ئۇ پەرۋا قىلماي ھېجىيىپلا تۇرىۋەردى.

— سىلەر مېنى ئادەم قاتارىدىمۇ كوٚرمەمسىلەر؟ — دېيەلىدىم ئۇنۇم بوغۇلۇپ قالغانلىقىدىن خىرىلداپ، — ھايۋانىنىمۇ بىرپەس سىرتقا چىقىرىدۇ، ئۆزىگە يەتكۇدەك سۇ بېرىدۇ...

— تەشكىلىنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ، — ماڭا بىر

كۆن سۆزلىگەن بىلەنمۇ كۈچۈم يەتمەيدۇ.

— ئەمىسە ماڭا ھامۇتنى چاقىرىپ بېرىڭ...

ئۇ يەنە مۇرىسىنى قىسىپ قويدى. چاۋغايلىرىدىكى كۈلۈمسىرىشى يوقالدى. مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچماي:

— مۇدىر تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ چوڭ زىياپەت ئۈستىگە داخىل بولۇپ قالغانىدى، — دېدى ئۆزىمۇ شۇ تاپتا زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك كالپۇكىنى شومۇپ قويۇپ، — ئەگەر ئۇ ئىشخانىغا كەلگەنلا بولسا، ئىلتىماسىڭىزنى ئەينەن يەتكۈزۈپ قويۇشقا تىرىشىمەن.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن لەۋلىرىمدە تۇزلۇق نەم سەزدىم. بۇ ئېقىپ چىققان كۆز ياشلىرىم بولۇپ، قاچان يىغلىغانلىقىمنىمۇ بىلمىگەنىدىم. ئەمدىلىكتە، تېز بۇرۇلۇپ كارىۋاتقا ئۆزەمنى تاشلىغىنىمچە ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىۋەتتىم.

قانچىلىك ياتقىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە سىرتتىن كىرگەن يورۇقنى سەزدىم. يۈزۈمدىكى ياشنى يىغقلىق يوتقانىغا سۈرتۈۋېتىپ جىم-جىت يېتىۋالدىم. سىرتتىن كىرگۈچى كىشى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى بولغاي، قەدەم تىۋىشىمۇ چىقمىدى، ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى. ۋاقىت سوزۇلغانسېرى مېنىڭ تاقىتىم چېكىگە يېتىپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئەتىگەن كىرىپ چىقىپ كەتكەن تەلەتى سۆرۈن كىشى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— مەن سىزنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئويغاتسام بولارمۇ، ياكى ئۆزى ئويغانغىچە كۈتۈپ تۇرسام بولارمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغانىدىم.

— نېمە گەپ؟ — دېدىم مەن ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ، — زۆرۈر ئىش بارمىدى؟

— ھامۇت مۇدىرنىڭ ھازىرچە ۋاقتى يەتمەيدىكەن. ئۇ سىزنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ مەسىلىسىنى چوڭقۇرراق ئويلانسۇن، يېنىكلىك قىلمىسۇن، دەپ ئېيتتى.

— قانداق مەسىلەم بار ئىكەن؟ — مېنىڭ يەنە غەزىپىم ئۆرلىدى، — قايسى گۇناھىم ئۈچۈن ئۇ مېنى سولاپ قويىدىكەن؟ بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىز ھەرىكەت.

— قانۇننى سۈرۈشتۈرسىڭىز، ئۇنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ. ھازىر بىزدە باشلىقنىڭ گېپى قانۇن، — ئۇ قولىنى كەينىگە قىلغان ھالىتىنى بۇزماي يېنىمغا يېقىنلاپ كەلدى. شۇ چاغدا ئاندىن بىر گېزىتنى ماڭا ئۇزاتتى، — مۇدىر بۇ گېزىتنى ئوبدانراق ئوقۇسۇن دەيدۇ. سىزدە قانداق مەسىلە، قانداق گۇناھ بارلىقىنى گېزىتنى ئوقۇپ، ئۆزىڭىزگە تەتبىقلىسىڭىز ئوڭايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەيدۇ.

مەن گېزىتنى ئېلىپ كارىۋاتقا تاشلىدىم. ئۇ ئارتۇق سۆز قىلمايلا چىقىپ كەتتى. ئىشىك يېپىلىپ سىرتتىن قۇلۇپ سېلىنىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەر قېتىم ئىشىك يېپىلىپ ئاشۇنداق ئاۋاز چىققاندا سادىر بولىدىغان ئازابلىنىش يەنە تەكرارلاندى. گويا، بۇ ئىشىك مېنى يەكلەۋاتقاندەك، ئادەملەر ئارىسىدىن مەڭگۈ ئايرىۋېتىدىغاندەك يېپىلاتتى.

مەن گېزىتنى ئاچتىم. بۇ، ئاينىڭ بېشىدىكى گېزىت بولۇپ، بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا قوزغالغان 5-ئاپرېل ھەرىكىتىنى ئەيىبلەيدىغان ماقالىلەر بىلەن توشقانىدى. مەن بۇ ماقالە ۋە خەۋەر- لەرنى ئوقۇپ بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ ئىشقا قانداق

چېتىشلىقىم بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا ئۇقۇغۇم كەلمەي تاشلاپ قويدۇم.

چۈشتىن كېيىن ھامۇت كىردى. ماڭا گېزىت ئەكىرىپ بەرگەن كىشىمۇ بىللە كىردى. بۇنىسى تېخى بىر ئورۇندۇقنى ئالغاچ كىرگەن بولۇپ، ھامۇت شۇنىڭدا ئولتۇردى.

— قانداق خانىم ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھامۇت مەن ئولتۇرغان كارىۋاتقا بىر مېتىردەك يىراقلىقتا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، — بىزنىڭ دىكتاتۇرا گۇرۇپپىسىدىكى باللار سىزنى خاپا قىلمىغاندۇ؟ ياكى قايچىڭىز بىلەن قورقۇتۇپ قويدىڭىزمۇ؟

ھامۇتنىڭ ئاغزىدىن ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ، سوئال سوراپ بولۇپ مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتەك پەسەنت قىلماي تاماكا ئوراشقا باشلىدى. سەرەڭگە يېقىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىككى شورىغاندىن كېيىن ئاندىن ماڭا قارىدى ۋە سەل ھىجىيىپ:

— مەن بىلەن سۆزلىشىشنى ئىلتىماس قىلغانىكەنسىز، قېنى، قانداق گېپىڭىز بار، ئېيتىۋېرىڭ. مەسىلىڭىزنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلغانسىز بەلكىم؟

— مەن دەل مۇشۇ مەسىلىدە سىزدىن سورىماقچىدىم، — دېدىم بارلىق غەزىپىمنى بىر يولى چىقىرىۋېلىشقا ئالدىراپ، — سىز مېنى نېمىشقا سولاپ قويىسىز؟ نېمىشقا مېنى قانۇنسىز تۇتىسىز؟ نېمىشقا ماڭا يۇيۇنۇش، سىرتقا چىقىش ئەركىنلىكىنى بەرمەيسىز؟

ھامۇت كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى سەممىي، چىن كۈلكە ئەمەس ئىدى. ساختا، سۈنئىي ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ئۈچۈن زورلاپ نامايىش قىلغان يالغان كۈلكە ئىدى. مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كاچىتىغا شاپىلاق بىلەن سالغۇم، كېكىردىكىدىن

بوغۇپ تاشلىغىم كېلىپ كەتتى.

— بۇلارنى مەندىن سوراپ نېمىشقا ئاۋارە بولىسىز؟ — دېدى ئۇ مەسخىرە بىلەن، — سىز قايسى كۈنى چېدىرىڭىزدا، ئىنتايىن ئەكسىيەتچى سۆزلەرنى قىلدىڭىز. سىز، ھازىر كۈچلۈك تەنقىد قىلىنىۋاتقان سەپسەتىلەر ۋە كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈش تەدبىرلىرى ئۈچۈن تەپ تارتماي ئەنزە ئاغدۇردىڭىز. ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولماقتا. 5-ئاپرېلدىكى تيەنئەنمېن ۋەقەسى سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى نامايان قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي پىتنە-ئىغۋانى سۈرۈشتۈرۈش ھەرىكىتى جىددىي كېتىۋاتىدۇ، سىز قارماققا ئىلىنىپ قالدىڭىز. شۇڭا بىردىنبىر چىقىش يولىڭىز ئەنزە ئاغدۇرغانلىقىڭىز، ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئەگەشكەنلىكىنى ئىقرار بولۇش. كونكرېت مەزمۇنلارنى كېيىنتىن كۆرۈۋالسىڭىز بولىدۇ. كېيىن كىرگۈزگەن ئىدىم. ئۇقۇپ ئۆگىنىش قىلغانسىز؟

مەن ئۇنىڭ غەرىزىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندىم. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنى بىلەن ئويلاۋاتقانلىرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىمۇ شۈبھىسىز ئىدى. پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشقان، قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزارغان، قوۋۇزلىرى ئىششىپ ساڭگىلىغان ھامۇت، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك ئولتۇراتتى. كۆڭلىدە بولسا سىياسىي دەسمايە تۇپلاشنىڭ پۇرستى كەلگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇپ، ئۆزى ئېيتقان "يېڭى ۋەزىيەت"تىن قانداق نەپ چىقىرىۋېلىشنىڭ پىلانىنى سوقۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. ئەنە شۇ نەپ ئۈچۈن مېنى قۇربان قىلىپ، ئىبراھىم، قۇتلۇق ئاكىلارغا بەتنام چاپلاپ يۇقىرىغا يامىشىش غەرىزىمۇ بار ئىدى.

— توسما قۇرۇلۇشى چوڭ پىپەنىنىڭ، سىياسىنى باشلامچى، قوماندان قىلغانلىقىنىڭ غەلىبىسى بولۇشى كېرەك. ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنتايىن خاتا بولغان خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش تەدبىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى دەپ دەۋا قىلدىڭلار...

— ئۇنداق دېگۈچە، كۆڭلىڭىزدىكى راست گەپنى دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدىم مەن غەزىپىمنى باسالماي، — سىز، رېھىم ۋە يەنە ھېلىقى خوجايىنىڭلار تەييارغا ھەييار بولماقچىغۇ؟

— ئوھوي، — ھاموت بىپەرۋالىقىنى قايرىپ قويۇپ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك سەگەكلەشتى، — سىز نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسىز، نېمە تەييار بولۇپ بىز ھەييارلىق قىلدۇق؟

— سىلەر توسما قۇرۇلۇشىغا باشتىن تارتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا كېلىۋاتقىنىڭلارنى كىم بىلمەيدۇ؟ سىلەر ئىزچىل قارشى تۇردۇڭلار. يىغىنلاردا، سورۇنلاردا قارشى تۇردۇڭلار. بازارلارغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى چاپلاپ بوھتان قىلدىڭلار...

— بىز ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇقنىڭ سىياسىي غەرىزىگىلا قارشى تۇردۇق. ئۇلار "ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى" "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ" دېگەن نېمىلەرنى بازارغا سالدى. بىز ئاشۇ قاراماللارغا سۈكۈت قىلمىدۇق، — ھاموت ئورنىدىن تۇرۇپ كونا ئادىتى بويىچە ئۇششاق قەدەملەر بىلەن ئۇ ياقتىن، بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى، — ئۇلار خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىگىلىكنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش دەيدىغان ئەكسىيەتچىل لۇشيەننى ئىلتۇمار قىلىۋالدى ۋە بۇنى توسما قۇرۇلۇشىدا سىناق قىلماقچى بولدى. بىز ئۇلارنىڭ خاتا لۇشيەنىنى

مەغلۇپ قىلىشقا بەلباغلاپ...

— توسما قۇرۇلۇشىنىڭ غەلبىسى خەلق ئىگىلىكىنى تەكشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش يۆنىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن بىرنەچچەڭ ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق شوئارىڭنى سىياسىي دەپ دەۋا قىلىشتىڭ...

"قارس" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، قۇلىقىم غۇڭۇلداپ كەتتى. تىلىمدا چۇچۇمەل ئارىلاشقان سۇيۇقلۇق تەمىنى سەزدىم. تۈكۈرگىنىمدە، بۇ قان ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ھامۇت دېگەن بۇ ھايۋان مېنىڭ مەڭزىمگە كاچات بىلەن سالغانىدى.

— سەن ھارامزادە قانجۇق يەنە تەپ تارتماي ئەنزە ئاغدۇرۇپ، ئەكسىيەتچى سۆز قىلىۋاتامسەن تېخى؟ — دېدى تېخىمۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ دېۋەيلەپ، — مەن سېنى ئايال كىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىرئاياغ دەپ ئېتىبار بېرىپ يۇمشاق قوللۇق قىپتىمەن، — ئۇ ئېگىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ داۋام قىلدى، — ئەسلىدە سېنىڭدەك دۈشمەنگە ھەرگىز رەھىم-شەپقەت قىلىشقا بولمايتتى. بىزنىڭ "دىكتاتۇر" يىگىتلىرىنىڭ پولات مۇشتۇمىنى بىر تېتىپ كۆرمىگەن-دە، سەن؟ — ئۇ يېنىدىكى "دىكتاتۇر" يىگىتكە بۇيرۇدى، — بار، ماڭا چاي ئېلىپ كىر!

ھامۇتنىڭ "دىكتاتۇر"نى قەستەن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى سېزىپ قالدىم-دە، ھوشيارلىنىشقا باشلىدىم. ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان مەڭزىمنى تۇتۇۋالغان قولۇمنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىپ تىكىلدىم.

— يادىڭدا بارمۇ، بىر چاغدا، ھە، ئۆتكەن يىل قىشتا، — دېدى ئۇ ھاراق پۇرىتىپ ئېگىشىپ، — سەن مۇشۇ سېسىق ئۆيدە ماڭا

قاتىللىق قىلىپ قايچا تىققان ئىدىڭ.

— يادىمدا بار، — مەنمۇ دەرھاللا جاۋاب بەردىم، — سەن ئەڭ پەسكەش ھايۋانغا خاس ماھىيىتىڭنى كۆرسەتكەنىدىڭ.

— جۆيلۈمە!

ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېلىشى بىلەن تەڭ مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىسەممۇ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەندەك دېۋەيلەپ تۇردۇم.

— سەن شۇ ئۆچۈڭنى ئالماقچىمىدىڭ ئىبلىس؟

— ئەلۋەتتە قىساس يەردە قالمايدۇ، — ھامۇت ماڭا دېۋەيلەپ يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى، — ھامۇت مۇدىرىنىڭ ئاداۋىتى بوش ئاداۋەت ئەمەس، بىلىپ قوي. ھامان مۇشۇنداق يانپاشقا چىقىپ قالىسەن.

شۇ چاغدا "دىكتاتۇر" كىرىپ كەلدى. ھامۇت بېشىنى يىراقلاشتۇرۇپ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ماڭا ئالايدى. كۇرۇشكىدىكى چاينى ئېلىپ بىر ئۇتلۇۋېتىپ:

— سېنىڭ ئەكسىيەتچىل سۆز قىلغىنىڭ، بۇ مەيدانىڭدىن كەچمەي داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋاتقىنىڭ ئەمەلىي پاكىت. ئەتە چۈشكىچە تولۇق يېزىپ تاپشۇر! — دەپ ۋارقىرىدى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئەگەر جاھىللىق قىلىدىكەنسەن، ئىنقىلابىي تەدبىر قوللىنىمەن، دىكتاتۇرىنىڭ كۈچىنى كۆرسەن.

— مەن ئەكسىيەتچى سۆز قىلمىدىم، — دېدىم چورتلا كېسىپ.

ئۇ "ھىم" دېدى ـ دە، گۇرسۇلدىتىپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىمگىدۇ بىرنەرسىلەرنى دەپ ئۇزۇنغىچە كوتۇلدىغىنىنى ئاڭلىدىم. ماڭا قاتتىق قوللۇق قىلىشنى باشلىسا

كىرەك، دەپ پەملىدىم. دېگەندەك، ئۆزاق ئۆتمەي ئىككى "دىكتا-تۇر" كىرىپ گەپ-سۆز قىلماي‌لا يوتقاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى كىرىپ كۆرپىنى ئېلىپ كەتسە كېرەك، دەپ ئويلاپ، روھىي جەھەتتىن بۇنىڭغىمۇ تەييارلىق قىلىپ قوياي، دەپ خېلىغىچە كۈتسەممۇ قايتا كىرمىدى، لېكىن كەچلىك تاماق بەرمىدى. مەن چۈشتىن ئىلگىرى ئەكىرىپ بەرگەن زاغرا ناننى سوۋۇپ كەتكەن قايناقسۇ بىلەن يەپ يېشىنمەي‌لا يېتىپ قالدىم.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئىشىك ئېچىلدى. مەن ئىشىك ئېچىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان بولسامۇ، بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويماي يېتىۋەردىم.

لېكىن مەن يېقىملىق بىر ئاۋازنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا دەرھال بېشىمنى كۆتۈردۈم:

— گۈلئايىم ئاچا، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

مېنىڭ يېنىمدا ماڭا ئېڭىشىپ بىر يىگىت قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى خېلى‌لا تونۇش ئىدى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، لېكىن بۇ كۈلۈمسىرىشىدە ئىلاجسىزلىق، ھېسداشلىق بەلگىلىرىنىڭ ئارىلاش-مىسى بار ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇردۇم. ئۇ مېنىڭ تېخىچە ئىنكاس قايتۇرمىغىنىمنى ئۆزىچە چۈشەندى:

— مەن ئابلەت، تونۇغانسىز؟ مېنى مەجبۇر قىلىپ "دىكتاتۇر" قىلىۋالدى. بىر كۈنىمىزگە ئىككى ئەمگەك كۈنى ھېسابلايدىكەن. دەسلەپ بىلمەي كېلىپ قاپتىمەن. ئاڭلىسام سىزنى نازارەت قىلىدىكەنمىز. يۈز ئەمگەك كۈنى ھېسابلىساڭمۇ تۇرماسمەن، دەپ ئويلىۋېدىم، توختى، كېرىم ئاكىلار تۇسۇپ قويدى.

مەن ئۇنى تونۇدۇم ۋە دەرھال ئېسىمگە كەلتۈردۈم. بۇ ئابلەت ئۆتكەن يىلى كۈزدە مېنى ھارۋىسىغا چىقىرىۋالغان ھارۋىكەش يىگىت

ئىدى. بىز ھارۋا دەرياغا پېتىپ قالغان چاغدا خېلى ئوبدان تونۇشۇپ قالغانىدۇق.

— توختى، كېرىم ئاكىلار تىنچلىقمۇ، بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن.

مېنىڭ گەپ قىلىشىم قىيىن بولدى. ئاغزىم بىر تەرەپكە سىڭايان بولۇپ قالغاندەك بىلىندى. بۇنىڭ تاياق تەگكەن ياڭىقىمنىڭ ئىششىغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ:

— ھەممەيلەن سالامەت. سىزگە سالام ئېيتتى، — دەپ بولۇپ مەڭزىمنى ئىشارەت قىلدى، — نېمە بولدى، ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ ياكى شامال تەگدىمۇ؟

— ھاموت ئۇردى، — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن. ئاندىن ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغىنىنى كۆرۈپ كارۋاتنىڭ بىر تەرىپىگىرەك سىلجىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم، — ئولتۇرۇڭ ئوكام، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز؟

— ھاموت ئۇردى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ غەزەپ بىلەن، — ئۇ نېمىشقا ئۇرىدىكەن؟

— نېمىشقا ئۇراتتى؟ — مەن كۈلۈشكە تىرىشتىم، — ئۇنىڭ ئېپلاس ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىنىمدە ئۇردى. سىز ئولتۇرۇڭ، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز؟ — مەن يەنە تەكلىپ قىلدىم.

ئابلەت ئولتۇردى. ئەمما، ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېغىر ھاسىراشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا گەپكە بۇرىدىم:

— توختى، كېرىم ئاكىلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— كېرىم ئاكا يېتىۋالدى، ئاغرىقىم قوزغالدى، دەيدۇ. دېمىسىمۇ ھازىر ئەتىگەندە دولقۇن، كەچتە پىپەن دەپ جۇلقىمىزنى چىقىرىد-

ۋاتىدۇ، — دېدى ئابلەت شىكايەت قىلىپ، — ئۆتكەن بىر يىللىق ئىشىمىزنىڭ ھەممىسى خاتا لۇشيەن ئىمىش. قۇتلۇق ئاكىنى پاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ھامۇتنىڭ ئۆزى چىقىپ يۈرىدۇ...

ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئەزالارنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار مېنى ناھىيىگە كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئابلەت بۇ يەرگە تۈنۈگۈن كېلىپتۇ. مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئاڭلاپ ئاخشام توختىكامغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ سۆھبەت كېرىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە بولغانىكەن. توختىكام ئابلەتكە "قايتىپ كەلمە، 'دىكتاتۇرلۇق' قىلىۋەر، سېنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشۇڭنىڭ كۆلئايىمغا ئانچە-مۇنچە پايدىسى تېگىدۇ"، دەپتۇ. ئۇ، بۈگۈن سەھەرلەپ ناھىيىگە بارماقچى، بىر ئادەمنى ھېچكىمدىن سورىماي سولاپ قويغانلىقىنى ئېيتماقچى بوپتۇ.

— رەھمەت ئۇكام، — دېدىم مەن تەسىرلىنىپ. يىغلاپ تاشلىماقچى ئىدىم، يەنە ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم، — توختىكامغا، كېرىم ئاكىغا ۋە ھەممە گۇڭشې ئەزالىرىغا رەھمەت...

— بۇ كېرىم بوۋاينىڭ سىزگە ئەۋەتكەن ئازراق مەزىسى، — دەپ ئابلەت قوينىدىن ياغلىققا ئورالغان ئىككى قاتلىمىنى ئۇزاتتى.

بۇ كۈنلەر دەل سېرىقتال مەزگىل بولۇپ، ئەزالارنىڭ قاتلىما يېيىشى تېخى بالدۇر ئىدى. مەن تېخىمۇ تەسىرلەندىم. رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئاغزىمنى ئۆمەللەۋاتقىنىمدا، ئۇ يانچۇقىدىن تۇخۇم چىقاردى. بۇ تۇخۇملارنى توختىكام ئەۋەتىپتۇ.

— سىزگە نېمە كېرەك؟ مەن قىلالايدىغانلا ئىش بولسا بېجىرەي. تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ. مەن قىلالمىسام بېرىپ توختىكامغا ئېيتىمەن.

— دەريا قانداق؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن، — سۇ قىينىچىلىقى ھېلىمۇ ئېغىرمۇ ياكى...

— ھازىر دەريادا سۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ يىل كۆپرەك كېلىدىغان-
دەك تۇرىدۇ، — ئابلەت ئەندىشە قىلغاندەك سۆزلىدى، — قوشۇمچە
ئېكىكى غول ئۆستەڭدىمۇ لىق سۇ ئېقىۋاتىدۇ. ئاخشامتىن بۇ يەردىكى
"دىكتاتور"لارنىڭ سۆزىگە قارىسام، ھاموت سىزنى كەلگۈن ئۆتۈپ
كەتكىچە ساقلايمىش...
— توسما چىدايدۇ، — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن، — ھاموت،
رېھىم دېگەن نېمىلەر توسما پۇتىسە ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئەمدى
كەلگۈن كەلسە ماگا تەۋە قىلىپ قويغىنى بىلەن توسما چىدايدۇ.
قاراپ تۇرىسىزكى، كەلگۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، توسمىنىڭ
مەزمۇتلۇقى يەنىلا ئۇلار توۋلىغان شوئارنىڭ "غەلىبىسى" بولۇپ
چىقىدۇ.
ئابلەت بېشىنى شۇنداق، ئىشارىتىغا لىڭشىتىپ ئورنىدىن تۇردى.
— بەك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتمەي ئاچا، بۇ يەردە چېقىمچىلارمۇ
بار، — دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ، — سىزگە نېمە
كېرەك، تارتىنماي ئېيتىڭ.
مەن سەل ئويلىنىۋېلىپ:
— ئۇلار يوتقىنىمنى ئېلىۋېلىپ كۆرپە بىلەنلا قويدى. سىزگە
ھامىنى بەرمەيدۇ. ئىلاج قىلالىسىڭىز كىيىملىرىمدىن بىرەر قۇر
ئەكىرىپ بەرسىڭىز. كىيىملىرىم چېدىردا قالغانىدى. ئۇلار سېرىتى-
ملىق قارا سومكىدا، — دېدىم.
ئابلەت بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇمۇ باشقا
"دىكتاتور"لاردەك ئىشىككە تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ يىراقلاشتى.
ئۇ قايتا كىرگەندە، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغانىدى. مەن ئۇنى
دەرھال قايتىپ كىرەر دەپ كۈتكەنىدىم. ئۇ كىرەلمىگەنىنىڭ سەۋەبىنى

چۈشەندۈردى:

— ھېچ نەرسىگىزنى ئېلىشقا قويمايدىكەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — بىر تال يىپ بېرىدىغان ئىشىنىمۇ ھامۇت تەستىقلىسا بولىدىكەن. مەن نەرسە-كېرەكلىرىڭىزنى دۈۋىلەپ قويغان جايدىن سىز دېگەن سومكىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلالماي تىت-تىت بولۇپ كەتتىم.

— ئەكىلەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ قولىدىن كەچلىك تاماق ئۈچۈن بېرىلگەن زاغرا بىلەن قايناقسۇ قاچىسىنى ئېلىۋېتىپ.

— ئېلىپ كىردىم، — دېدى ئۇ قويىنىنى ئاختۇرۇپ، — ھامۇت ھازىر يەنە ئىچىشنى باشلىدى. مەن سومكىدىن بىرنېمىلەرنى ئارتتۇۋالدىم، ئەمما بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن.

مەن رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئېلىپ كىرگەن نەرسىلەرنى تەكشۈردۈم. ئۇنىڭ ئېلىپ كىرەلىگەن نەرسىلىرى ئۈچۈن ھەر ھالدا خۇشال بولۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىككى كۆڭلەك بىلەن بىر ئۇزۇن پايپاق ئىدى. مەن كونا كۆڭلەكمنى سېلىپ يېڭىسىنى يەڭگۈشلىۋالدىم. بۇ پەيتتە شۇ بولسىمۇ بەدىنىمگە راھەت بىلىنىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. ئەمما بۇ ئابلەتكە ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كەلدى: ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ بولۇشۇمغىلا ھامۇت ئۈچەيلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ پاكىز كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىمغا دىققەت قىلدى. يەنە بىر كۆڭلەكنى تامدىكى بىر مىخقا ئېسىپ قويغانىدىم، ئۇ بۇنىمۇ كۆردى. بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىدىكى بىر "دىكتاتور"غا:

— ئاختۇر!، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

"دىكتاتور" كۆرپىنى قايرىپلا تېگىدىن كرنا كۈگىلەك بىلەن پايپاقنى ئېلىپ ھامۇتنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى ۋە باشقا نەرسىنى ئاختۇرماي، بىرى بىرىپ ھامۇتقا قاراپ تۇردى.

ھامۇت ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان پېتى مىيىقىدا كۈلدى، ئاندىن "دىكتاتور"دىن:

— تونۇگۈن كىم دىجورنىلىق قىلغان؟ — دەپ سورىدى، ئۇنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى، — بار، ئابلەتنى چاقىرىپ كىر!

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھامۇت مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سەل ئېگىشىپ:

— قانداقراق خانىم؟ — دېدى.

— نىمە قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم مەنمۇ قايتۇرۇپ.

— ئەھۋالىڭىز، كەيپىياتىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ، — ھامۇت ھېچقانداق خىجىل بولماي ھىجىياتتى، — سىزدىن پات - پات ئەھۋال سورىيالمىدىم. ئەسلىدە تولاراق ئەھۋاللىشىپ تۇرۇش كېرەك ئىدى.

— سەندىن ياخشى!، — دېدىم مەن چورتلا كېسىپ ۋە نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم ئاينىپ تەتۇر قارىۋالدىم.

— ئۇنداقتا، بەك بەلەن ئىكەنغۇ؟ — ھامۇت ئۆزىنى زورلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندەك قىياپەتكە ئۆتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلمەستىن يىرتقۇچلاردەك ھومىياتتى، — مەن سىزنى يالاپ ئېلىپ كەلگەندە، يادىمدا قېلىشىچە، باغلاقلىق ئىدىڭىز. سىزدە بۇنچىلىك كۆپ كۈڭلەك يوق ئىدى.

مەن ئۇنچىقمىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئابلەت ئىشكنىڭ ئالدىدا پەيدا

بولدى. ئۇنڭ كۆلەڭگسنڭ مدرلشى بلەن ھامۇت قەددنى كۆتۈردى ۋە ئابلەت تەرەپكە بۇرۇلۇپ غەزەپ بلەن سوردى:

— بۇ ئەكسلئنقلابچنڭ لاتا-پاپلرنى سەن ئەكرپ بەردڭمۇ؟

— ئۇ مېنڭ ئۇستۇمدە ئىدى، — دېدم مەن ئابلەت ئېغز ئېچپ بولغۇچە، — سلەر مېنى تۇتقلى بېرپ ئسمەمنى چاقرغان چاغدلا، زەھەرلك نىيەتڭلارنى پەملەپ ئۇستى-ئۇستگە كيېۋالغاندم.

— شۇنداق قلىۋالغاندڭمۇ؟ — دېدى ھامۇت مەن سۆز باشلشمغلا مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، كۆزۈمنڭ ئچگە تكلپ قاراپ، — بز سېنى چاقرپ بولغۇچلا ئۈچ كۆڭلەك ۋە بر پاپاقنى تۆپلەپ كيېۋالغاندڭمۇ؟

— شۇنداق قلىۋالغاندم، — مەن ئۇنڭ كۆزلردن ئۆزەمنى ئەپقاچمدم.

ھامۇت يەنە ئشك تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئابلەتتن سوردى:

— سەن بۇ گەپلەرگە ئشنەمسەن؟

ئابلەت ھېچ نەرسە دەپ جاۋاب بەرمدى. ئۇمۇ ھامۇتقا غەزەپ بلەن قاراپ تۇراتتى.

ھامۇت باياتن مېنى ئاختۇرغان "دكتاتۇر"غا قاراپ غەزەپ بلەن بۇيرۇق بەردى:

— بۇ ئابلەت دېگەن ئەبگاھ ھالغا باقماي يامان ئادەملەرگە يان بېسپتۇ. سلەر يامان ئادەمگە يان بېسش يامان ئادەمنڭ ئۆزدنمۇ يامان ئكەنلكنى كۆرستپ قويۇڭلار. ئۇ، پرولېتارىيات دكتاتۇرسنڭ تەمنى تېتپ كۆرمگچە "دكتاتۇرا گۇرۇپپسى"

نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەجبۇرىيە-
تىمىز — چۈشەنمىگەنلەرگە چۈشەندۇرۇش، ياخشىلىقچە چۈشىنىشنى
خالىمىسا، مەجبۇرلاپ چۈشەندۇرۇش. چۈنكى بىز ئىنقىلاب قىلىۋا-
تىمىز، ئىنقىلاب قىلىش مېھمان چاقىرىش ئەمەس، ئۇ بىر سىنىپ
يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەت.

باشقىلار بىلىنەر- بىلىنمەس باش ئېگىپ "خوپ" دېيىشتى ۋە
تېخىمۇ ھومىيىپ قاراپ تۇرغان ئابلەتنى دۈشكەلگەن پېتى ئېلىپ
چىقىپ كېتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھامۇت مېنىڭ ئالدىمغا تېخىمۇ يېقىنلاپ
كەلدى. ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ ماڭا خېلى بەك ئېگىشتى، مەن
بېشىمنى ئارقىغا تارتىشقىمۇ ئۇرۇنمىدىم. ئۇ بىر سېكۇنتچە ئاشۇنداق
تۇرۇپ بېقىپ، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ھېچقانداق
ئىپادە تاپالمىدى بوغاي، قەددىنى رۇسلىدى- دە:

— يادىڭدا بارمىكىن، بىر چاغلاردا مەن سېنى ئۆز خانىمىم
سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈم بارلىقىنى ئېيتقانىدىم، — دېدى ۋە
ئاچچىق بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئەمدى ئۇ گەپلىرىم ئۇچۇن ئىزا
تارتىمەن...

مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

## ئون ئۈچىنچى باب

# ئېلىپ قاچقان ئىدى، قوغلاپ تۇتۇۋالدى

### 1

ۋاقتىنىڭ قايسى چاغ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئالدىقانداق ئەنسىز شەپىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. شەپە ئىشىك تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىرەر يامان نىيەت بىلەن قىلىنىۋاتقانلىقى گۇمانلىق ئىدى: ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى زەنجىرنى كىمدۇ بىرسى ناھايىتى پەس ئاۋاز چىقىرىپ قومۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئەگەر يامان نىيەت بىلەن قىلىنىۋاتقان ئىش بولغىنىدا بۇنچىلىك ئاۋايلاپ، ئاۋاز چىقارماسلىققا ئۇرۇنۇشلارمۇ بولمايتتى. ئاندىن، مېنىڭ بىلىشىمچە، ماڭا نىسبەتەن بىرەر دۈشمەنلىك ھەرىكىتى ھامۇتلار تەرىپىدىن قىلىنغان بولاتتى. ئۇ ھالدا، ھامۇتتا، ياكى ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىدە ئۆينىڭ ئاچقۇچى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھامۇتلارنىڭ قان-قېنىغا قوپاللىق، كۆرەڭلىك سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە ئاراملىق بېرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

شۇنداقتىمۇ بۇ كېچە ئىدى. مەن ئايال كىشى، ئېغىر بوي بولغانلىقىمدىن بۇنداق كىترلاپ ئىشىك بىلەن ھەپىلىشىشتىن تېنىم پەيمىنىپ، يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. چاقماق تېزلىكىدە خىيالىمغا: "ھامۇتنىڭ لۈكچەكلىرى ئۆز ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشى-

دىن ئەنسىرەپ ئوغرىلىقچە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغان بولسىچۇ؟"
دېگەن ئوي كەلدى. "ياكى غىققىدە زىيانكەشلىك قىلىۋەتسىچۇ؟ كېيىن مەسئۇلىيەتلىك كېلىشىدىن قېچىپ، ئىشنى كېچىسى تۈگىتىپ، ئەتىسى ئوغرى تۇرۇپ ئوغرىنى تۇتۇڭلار دەپ ۋارقىرىسىچۇ؟ بۇنداق ھارامزادىلىكى ئۈچۈن ئىشىك زەنجىرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى دەستەك قىلىشىدۇ..." دەپ ئويلىدىم يەنە ئىچىمدە.

مېنىڭ قانداق ئويلىشىمدىن ۋە ھەرقانچە ساراسىمىگە چۈشۈپ غەم-ئەندىشە قىلىشىمدىن قەتئىينەزەر، بولۇڭغا تۈگۈلۈپ يېتىشتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. ھەرىكەت قىلالمايتتىم، ھەتتا ۋارقىراشقىمۇ چامام يەتمەيتتى. تۆت تام، تۆمۈر چىۋىقلاردىن ياسالغان شالاسۇن مىخلانغان دېرىزىدىن چىقىپ كېتەلىشىم ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ۋارقىرىيالىغىنىم بىلەن مېنىڭ ئاۋازىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟...

ئالاھازەل خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ئىشىك ئېچىلدى. ئالا قاراڭغۇ بولسىمۇ ئۆي ئىچىدە تۇرغان كىشىگە ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى ھەرىكەت گىرىمسەن كۆرۈنەتتى: تۆت-بەشچە ئادەم قارىسى لىپىلا قىلىپ ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا غايىب بولدى، ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆيگە ئىككى كىشى كىرىپلا توختاپ قالدى.

قورققىنىمدىن دېمىمنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالماي ئولتۇرۇۋەردىم. پېشانە، بويۇن ۋە غوللىرىمدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلۇۋاتقىنىنى سېزىپ تۇراتتىم. يۈرەك ئۇرۇشى توختاپ، قانلىرىم قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

جىمجىتلىق ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلا ھۆكۈم سۈردى. تالادىن كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى بوش، بوغۇق ئاۋاز بىلەن مۇلايىم، خېلىلا يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەپ:

— گۈلئايىم، نەدىسىز؟ — دەپ چاقىردى.

بۇ چاقىرىشتا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك يوق ئىدى، شۇنداقلا ھىيلە-مىكىر، ياكى ھەقىقىي ئادىمىگەرچىلىككە غەيرىي بىلىنىدىغان ئۇرغۇلارمۇ يوق ئىدى. مەن خېلىلا ئۆزەمگە كېلىپ قالدىم. چاقىرىشتىن كېيىن نېمە گەپ-سۆزلەرنىڭ بولۇشىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى ھەمدە بۇ چاقىرغۇچىلار كىم، ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق كېچىدە كەلگەن، خۇپىيانە ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىنى ئوچۇق تۇتماي، ئىشىكنىمۇ بۇزۇپ ئېچىپ كىرىشتىكى مۇددىئاسى نېمە... بۇلارنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ بىرنەرسە ئېنىق ئىدىكى، ئۇلار ماڭا دوستانىلىق قىلغۇسى كېلىپ ئۆزلىرىنى تەۋەككۈلگە ئاتقان، شۇڭا سىزىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەركىن-ئازادە پاراڭ قىلىشالمايتتى.

ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. مېنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىم، چاقىرىشقا ئىنكاس بىلدۈرۈپ، ئۆزەمنى مەلۇم قىلىشىم كېرەكلىكىنى سېزەتتىم. ئەمما، ھاياجانلىنىپ كەتكەن-لىكىمدىن دېمىمنى چىقىرالمىدىم. چاقىرىش يەنە تەكرارلاندى، بۇ قېتىم چاقىرغان ئاۋۋاز ئاۋالقى قېتىمقىدىكىدىن ئېگىزرەك، سوزۇ-لۇپراق چىقتى:

— گۈلئايىم، بارمۇسىز؟ بۇ بىز، ئەنسىرىمەڭ...

مەن يەنە ھە دېگەندىلا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. لېكىن، ئاۋاز چىقىرالمىغان بولسامۇ ئەندىكىپ، ئېغىر تىنىغان ھالىم بىلەن ئۆزەم-نىڭ بار ئىكەنلىكىمنى ئاشكارا قىلىپ قويدۇم.

ئۆيگە كىرگەن ئىككى كىشى بىرنەرسە دەپ قىسقىچىلا پىچىر-لاشتى. مەن بۇ پىچىرلاشلارنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقالمىغان بولسامۇ،

ئۇ ئىككىلەننىڭ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن مەسلىھەتلىشىۋالغانلىقىنى پەرەز قىلالىدىم. دېگەندەك ئۇلار مەن تەرەپكە شىپىلداپ مېڭىپ كېلىشكە باشلىدى.

ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق دەرىجىدىكى كۈتۈلمىگەن تاسادىپىلىق، يېنىك بولغاندا كىشىنى چۆچۈتىدۇ، ئېغىر بولغاندا كۈچلۈك ۋەھىمىگە سالىدۇ. مۇشۇ كېچىدىكى مەن ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بۇ تاسادىپىي ئىش قاتتىق چۆچۈشكىمۇ، كۈچلۈك ۋەھىمىگىمۇ تەۋ: بولمىغان، سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش تولىمۇ قىيىن بولغان، قورقۇشقا ياتمىغانراق ئەنسىرەش پەيدا قىلغانىدى. مەن، مەيلى قانچىلىك ئۆزەمنى تۇتۇۋالغانلىقىمدىن، كىرگەنلەرگە قارىتا كۆز قارىشىمنى ھەرقانچە ياخشى تەرەپكە تارتىپ ئۆزگەرتكەنلىكىمدىن قەتئىينەزەر، يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەيرانلىق، بىسەرەمجانلىق بەرىبىر چىقىپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا، مەن تەرەپكە يېقىنلىشىپ كەلگەنلەر-نىڭ قاراڭغۇدىكى تۇتۇق سايىسىگە ئېسەنكىرەش بىلەن سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ خېلى قاتتىق، چۆچۈتكۈدەك ئاۋازدا توۋلىۋەتتىم:

— كىم... سىلەر كىم؟

— بىز، بىز، — دېدى بىر ئاۋاز پىچىرلاپ دېگۈدەك ئالدىراپ، — بىز ئۆز ئادەم، بوش گەپ قىلىڭ...

— ماڭا يېقىنلاشما، — دېدىم مەن تېخىمۇ تۈگۈلۈپ. لېكىن ئۆزەمنى خېلىلا تۇتۇۋالغانلىقىمدىن ئاۋازىم پەس بولسىمۇ ئۈچۈق، تەمكىن چىقتى، — نېمە گېپىڭلار بولسا ئەتە كۈندۈزدە قىلىڭلار...

ئۇلار جايىدا توختاپ قېلىشتى، ماڭا پۈشۈلداپ تىنىغانلىرىغىچە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بىرى:

— گۈلئايىم، بىزسىزنى ئىلىپ كەتكىلى كەلدۇق، بىزگە ئىشىنىپ

ماقۇل بولۇك، — دېدى.

— مېنى نەگە ئېلىپ كېتىسلەر، — سورىدىم مەن ئالدىراپ.

— بۇنى بارغاندا بىلىسىز، — دېدى باياتىن ماڭا گەپ قىلغان كىشى، — نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى بۇ يەردە ئېيتىش بىنەپ.

مەن سەل ئويلىنىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە گەپ-سۆزلىرىدە ماڭا زىيان كەلتۈرىدىغان ئالامەتلەر بولمىسىمۇ، باش-ئايىغى يوقلا مۇنداق "ئېلىپ كېتىش"كە ئىشىنەلمەيتتىم.

— مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، — دېدىم چورتلا كېسىپ، — بىلمەيدىغان يەرگە ئىختىيارىم بىلەن كەتمەيمەن. بارمىسام زادى بولمايدىغان ئىش بولسا مەجبۇرەن ئېلىپ كېتىڭلار. مەن ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بويۇم ئېغىر...

— مەجبۇرەن ئېلىپ كەتمەيمىز، لېكىن، قالدۇرۇپمۇ قويالمايمىز، — دېدى ئاۋازى بوغۇلۇپراق چىقىدىغان ئىككىنچى كىشى مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەپ، — ئېلىپ كەتمىسەك بولمايدىغانلىقىمۇ دەل سىزنىڭ ئېغىربوي ئىكەنلىكىڭىزدىن. بۇ يەردە قالسىڭىز تۇرىۋەرسىڭىز تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىسىز. ھامۇتتەك بىرنېمىلەر ئاشكارا، بىۋاستە زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، ئۇزۇق-تۈلۈك، يېمەك-ئىچ-مەكتىن سىقىدۇ، تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىسىز. روھىي جەھەتتىن سىقىلىپ تۈگىشىپ كېتىسىز، ئاي-كۈنىڭىز يېقىن قالغان چاغدا...

— سىلەر زادى كىم؟ — گەپنى بۆلۈپ سورىدىم مەن. ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي توغرا، ئەمەلىي ئەھۋال ئىدى. شۇنداقتىمۇ نەگە ئاپىرىشنى ئوچۇق ئېيتماي سىر تۇتۇشلىرى مېنى ئەجەبلەندۈ-رەتتى، — مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ ئۇقماي تۇرۇپ ئۆزلۈكىمدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن...

— بىزنىڭ كىملىكىمىزنى، نەگە باردىغانلىقىمىزنى توختى شوجى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دېدى دەسلەپ گەپ قىلغان كىشى، — بىزگە ئىشىنىڭ، دېگەندىن كېيىن گەپ تۈگىمىدىمۇ؟ — ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئالدىراۋاتقانلىقى، ئاز-تولا رەنجىش بارلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى، — تېزرەك بولۇڭ، ھامۇتنىڭ چاپارمەنلىرى سېزىپ قالغۇچە بۇ يەردىن كېتىۋالايلى...

توختى ئاكىنىڭ ئىسمىنى ۋە كونكرېت ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئۇقتۇردىغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆزەمنى خېلىلا تۇتۇۋالدىم ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. بۇ كېچىدىكى ئىشلارنى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا شۈبھىلەنمىدىم.

— توختى شوجى دەرۋازىنىڭ تېشىدا ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى ئىككىنچى كىشى مېنىڭ گۇمانلىرىمنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ يەنىمۇ ئىشەنچ بېرىپ، — ھازىر بۇ يەردە نېرى-بېرى گەپ-سۆز قىلىپ ئولتۇرغىچىلىكى يوق.

مەن ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا:

— ماقۇل، سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا چىقاي، — دېدىم خاتىرجەملىك بىلەن.

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى ۋە ئىشىكنىڭ سىرتىدا غايىب بولدى. مەن ھېلىمۇ كىيىملىرىم بىلەنلا ياتقانىدىم. شۇڭا، پايپىقىمنى تۈزەپ ئاياغ كىيىشكە، چېچىمنى نېرى-بېرى تۈزەپلا ياغلىق چىگىشكە ھېچقانچە ۋاقىت كەتمىدى. چاپىنىمنى كىيىپلا مەنمۇ سىرتقا چىقتىم. دەرمەھەللىككە تالا ناھايىتى جىمجىت كۆرۈندى. بۇنداق تىمتاسلىق تۈن قاراڭغۇسىدا ئاجايىپ سۈرلۈك بىلىنەتتى.

مەن ئەتراپنى كۆزىتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي يېنىمدا گويا ئاسماندىن

"توككىدە" چۈشكەندەك، ياكى يەردىن "لۆممىدە" ئۈنگەندەك بىر قارا گەۋدە پەيدا بولدى. ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك:

— ئۇدۇل تام تۈۋىگە بېرىڭ، ئاندىن تام ياقىلاپ مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقىڭ. سىرتتا توختى شۇجى كۈتۈۋالىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى پەس بولسىمۇ، باياتىن ئۆيگە كىرگەن كىشىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلىدىم. ئۇ مېنىڭ يا ئاق، يا كۆك دەپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشۈمنى كۈتمەيلا، قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز غايىب بولدى.

ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يېتىشمەيتتى. ۋاقىت يېتىشكەندىمۇ نېمىلەرنى ئويلىيالىشىم مۇمكىن؟ ماڭا ھازىرچە ھەممە نېمە چۈشە-نىكسىز ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ قىلىدىغان ئىشىمنىڭ "قېچىپ كېتىش" ئىكەنلىكىلا ئايانىدى. مەن، مېنى "قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقان" كىشىلەرگە ئۆز ئىختىيارىمنى تاپشۇرۇشقا بەل باغلىغا-نىدىم. ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتلىك ئىكەنلىكىگە، مېنىڭ ھازىرقى شارائىتتا مۇشۇنداق قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئويلىشىپ، ئاندىن ھەرىكەت ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا گۇمانىم يوق ئىدى.

مەن ھېلىقى كىشىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئاۋۋال ئۇدۇللاپ قورۇنىڭ قورۇق تېمى يېنىغا باردىم. بۇ يەر قاراڭغۇ جاي بولۇپ چىقتى: سول تەرىپىم ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تام ئىدى، ئوڭ تەرىپىمدە بىر مېتىرچە كەڭلىكتە ئېرىق بولۇپ، ئېرىقنىڭ بىر قېشىغا تىكىلگەن تېرەك ھازىر تازا يېتىلگەن، بويى تامنىڭ ئېگىزلىكىدىن يەنە ئىككى-ئۈچ غۇلاچ ئېگىز ئىدى ئېرىقنىڭ تام تەرەپتىكى قېشىغا جىگدە قويۇلغان بولۇپ، بويى بىر ئادەم بويىدەك كېلەتتى. مانا مۇشۇ جىگدىلەر بىلەن تام ئارىلىقىدا ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ

ماڭالىغۇدەك يول بار بولۇپ، ھازىرقى قاراڭغۇچىلىقتا بىر مېتىر نېرىدىكىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. گويا قارا لاتا بىلەن كۆزنى تېڭىپ قويغاندەك بىلىنەتتى. بۇنى ئاز دەپ جىمجىت، سۈرلۈك بولۇپ كىشىنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

مۇشۇ يەرگە كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى قەدەمنى باسقان ئىكەنمەن، ئەمدىلىكتە ئالدىمغا ماڭماي بولمايتتى. شۇڭا ۋۇجۇدۇم تىترەپ، ئەزايى-بەدىنىم شۈركۈنۈپ تۇرسىمۇ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. جىگدە شاخلىرىغا ئۇرۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تامغا يېقىن، سۈركىلىپ دېگۈدەك ماڭدىم. يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشى ئۆزەمگىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قانچىلىك ئارىلىقنى باستىم، قانچىلىك ۋاقىتتا كەلدىم، ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا ئۆزەمگە كەلدىم. مېنى قورقۇتقان ئەڭ دەھشەتلىك، سۈرلۈك تىمتاسلىق ئاياغلاشتى: مەن ئىسمىمنى چاقىرغان ئاۋازدىن شۇ قەدەر قورقۇپ كەتتىمكى، يۈرىكىمنى تۇتقىنىمچە دەرۋازىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپلا تۇرۇپ قالدىم.

— گۈلئايىم، چىقتىڭىزمۇ؟

ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ گەپمۇ قىلالمىدىم. شۇنداقتىمۇ، توختى ئاكا مېنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىمنى ئېتىبارغا ئالمىدى. ئۇ قولۇمدىن تۇتقىنىچە چوڭ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئېچىقلىق كىچىك ئىشىكتىن مېنى باشلاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ تەرتىپى ۋە جەريانىنى ھازىرغىچە خاتىرەمگە ئېلىپ ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت، كىگىز ئۈستىگە كۆرپە سېلىنغان ھارۋىدا ئولتۇرۇپ جىمجىت يېزا يولىنىڭ كاتاڭلىرىدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان چاغدىلا ھوشۇمغا كەلدىم. بۇ ھارۋا كىمنىڭ

ھارۋىسى، مەن قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا چىقىپ قالدىم، قايسى تەرەپكە ماڭدۇق... بۇلارنىڭ ھېچبىرى مەلۇم ئەمەس ئىدى.

ھارۋىنى توختى ئاكىنىڭ ئۆزى ھەيدەپ بارماقتا ئىدى. ئۇ خاتىرجەم، ئالدىرىماي ھەيدەيتتى. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئېشەكنى قولىدىكى تاياق بىلەن نىقتاپ، نوقۇپ قويۇۋاتقان چاغدا تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا "قىخ..." دېگەندەك گەپمۇ قىلمايتتى.

ھارۋىدا ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. مەن، ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ ئاچقان ۋە ئۆي ئىچىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا نەدىلىكىنى بىلمەيتتىم. يېنىمدا توختى ئاكا بولغانلىقتىن، چوڭ ھىماتقا ئېرىشكەنلىكىمگە شەكلەنمەي ئىشەندىم. شۇڭا، خاتىرجەم بولۇپ يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەيلە-سایاھەتكە كېتىۋاتقاندەك ئالدىرىماي مېڭىۋاتقانلىقىمىزغا قاراپ، بۇنىڭ مېنى ئاياپ، ئېگىز-پەس كاتاڭلاردا قېقىلىپ-چايقىلىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى سەزسەممۇ، يەنە ھېچ ئىش بولمايدىغاندەك ۋە باياتىندىن بېرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنە بىردەم شۈك ماڭغاندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتىم:

— توختى ئاكا، قانداقراق ئەھۋالىڭىز؟

ئۇ دەرھال جاۋاب بەرمىدى، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى سول تەرەپكىرەك تارتىپ، پەملىشىمچە تۈزرەك يولغا سالدى بولغاي، يېرىم بۇرۇلۇپ بوش ئاۋاز بىلەن:

— قەدرى ئەھۋال سىگلىم، بۇرۇن سىز كۆرگەندەك، — دېدى. ئاندىن تېخىمۇ بۇرۇلۇپ ماڭا قىيا قايرىلدى-دە، كۆيۈنگەن ئاھاڭدا

سورىدى، — خوش، سىزچۇ؟ سىزمۇ تىنچ-ئامان تۇرغانسىز؟

— تىنچلىق توختى ئاكا!

— ئۇلار نېرى-بېرى ئازار بەرمىگەندۇ؟

مەن دەرھال جاۋاب بېرەلمىدىم. "ياق" دېيىشكە بولمايتتى. شۇنداقلا، ئاق بولدى، كۆك بولدى، دەپ يۈرمىسەممۇ توختى ئاكىلار ئەھۋالىمنى، ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابلەت مېنىڭ ئەھۋالىم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشى ئېنىق. بولمىسا، توختى ئاكىلار بۇنداق كېچىدە قاراملىق بىلەن "ئېلىپ كېتىش" ئۈچۈن كەلمىگەن بولاتتى.

— ھازىرچە گەپ-سۆزلەردىن باشقا ئازار-كۈلپەت كۆرمىدىم، — دېدىم مەن بوشقىنا.

توختى ئاكا گەپ قىلمىدى. بىر ھازاغىچە جىم ماڭدۇق. چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسمان تېگىدىكى زېمىن ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت ئىدى. يېرىم كېچىدىن سۇبھىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىرپەس جىملىق ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى. مۇشۇنداق چاغلاردا ھەرقانداق قۇشلارمۇ، ھاشارەتلارمۇ جىمىپ قالاتتى. ھازىرمۇ دەل ئاشۇنداق چاغ بولسا كېرەك، ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىدىن چىقىپ قالىدىغان سۇس پۇشقۇرۇش، تۇيىقنىڭ ئاۋازى، ھارۋىنىڭ رېزىنكە چاقى تېگىدىن چىقىۋاتقان شىپىلداشتىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق.

بىراق، بۇنداق جىمجىتلىق سۈرلۈك بولۇپلا تۇيۇلمايتتى. ئۇ كىشىگە غەم، مۇڭ ئېلىپ كېلەتتى ۋە ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز غەشلىك، كۆڭۈلسىزلىكنى بېغىشلايتتى. مەن توختى ئاكىنىڭ گەپ-سۆز قىلىشىنى، سىرتتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئېيتىپ بېرىشىنى

كۆتكەندىم، بىراق ئۇ ھېچنېمە دېمەي ئولتۇراتتى.
مەن چىدىيالماي يەنە گەپ تەشتىم:
— مېنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن سىرتنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇپ كەتتى؟
ئالاھازەل بىر چۆگۈن سۇ قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن توختى ئاكا ئاندىن ئېغىز ئاچتى:
— ئەھۋال ياخشى ئەمەس سىڭلىم. يېقىندا "ئوكچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى"غا قارشى تۇرىمىز دېگەن گەپلەر رەسمىي ھەرىكەتكە ئايلاندى. ناھىيىدىكى ئىبراھىم شۇجىنى ۋىلايەت مەركىزىگە چاقىرتىپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى...
— قۇتلۇق ئاكىچۇ؟ — ئالدىراپ، ئەندىكىپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.
— قۇتلۇقنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناباب، — توختى ئاكا ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك بوش، كۆڭۈلسىز سۆزلەيتتى، — ناھىيىدە "ئوكچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى"غا قارشى كۈرەش قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى دەيدىغان بىرنېمە قۇرۇشتى. قۇتلۇققا ئوخشاش كادىرلاردىن 15 ـ 20 دەك ئادەمنى "ئۆگىنىش كۇرسى"غا قاتناشتۇرىمىز دېگەن بولۇپ يىغىۋالدى. ماھىيەتتە، بۇمۇ بىر شەكلى ئۆزگەرگەن سولاق دەگا...ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۇرمىسە، خەت ـ خالتا كىرگۈزسە ئالمىسا، تېلېفون بەرسە ئۇلاپ بەرمىسە... نېمە دەيمىز سولاق دېمەي!
مەن ھەيران قالدىم. ھامۇت، رېھىم، قۇتىبدىن قاتارلىقلارنىڭ گەپ-سۆز، ئىما ـ ئىشارەتلىرىدىن، ئۇلارنىڭ يەنە بىرمەزگىل شېرىن چۈش كۆرۈپ يۈرىدىغانلىقىنى پەم ئەتكەن بولساممۇ، ئىبراھىم ۋە قۇتلۇق

ئاكىلارنىڭ ئارىدا ئەركىن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن بۇنداق تېز مەھرۇم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

توختى ئاكا مېنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىمنى نېمە دەپ چۈشىنىپ قالدىكىن، يەنە يېرىم بۇرۇلۇپ، ماڭا قىيا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، پەقەت 10 ـ 20 كۈن ئەخمەق ئېتىدۇ - دە، بەرىبىر قايتۇرۇۋېتىدۇ. چاۋا - چاتقاللارنى ئوتقا سالسا كۆيۈپ كەتكەن بىلەن، ئالتۇننى ئوتقا سالسا تاۋلىنىدۇ، ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدىم مەن كۆڭلۈم ئېغىپ، ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىپ تۇرغان بولساممۇ، يەنە ئىشەنچ بىلەن، — خەلق ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن ئادەممۇ گۇناھكار بولۇپ قالامتى؟

— ھازىرقى گەپ دەل ئاشۇ مەسىلىدە ئەمەسمۇ؟ — توختى ئاكىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقانلىقى بىلىنەتتى، — ئېتەكلەر ياقا، بېلىقلار پاقا دېيىلىۋاتىدۇ. ئېتەكنىڭ ياقا ئەمەسلىكى، بېلىقنىڭ پاقا بولمايدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە مەلۇملۇق. ئەمما، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان ئاقىنانچىلارمۇ "خەلق ئۈچۈن" دەپ ھەممىدىن بەك ئاكىرىشىدىكەن. بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىدە ئۇنداق، بۇنداق يېتىشسىزلىكلەر، گەپ - سۆزلىرىدە كىتابىقىلا ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئىبارىلەر چىقىپ قالمايدىغان ئىش بولمايدۇ. ھامۇتتەك قۇلاقكەستى ئالىقاپلار مانا ئەمدى قۇتلۇق بىلەن ئىبراھىمنىڭ مىڭىش - تۇرۇشلىرىدىن تارتىپ، گەپ - سۆزلىرىگىچە ئىگەللەپ يۇرۇشىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇلارنى بىرنېمە قىلىۋېتەلمەيدىغۇ؟ شۇنداقتىمۇ پاشا چاقسا ئېغىر بولغاندا بەزگەك قىلىدۇ، ھېچ بولمىسا قىچىشتۇرۇپ بىئارام قىلىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇقلار...

توختى ئاكا قانداقتۇر بىرنېمىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى

چاندۇرۇپ گەپتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى، تېخى باياتىنلا "ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، 10 ـ 20 كۈندىن كېيىن قايتۇرۇۋېتىدۇ... ئالتۇن ئوتتىن قورقمايدۇ ئەمەسمۇ؟..." دېگەنلىرىگە زىت ئىدى.

راستىمنى ئېيتسام، ھامۇتلار مېنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزەمنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى بىلگەن ۋە شۇنىڭغا قاتتىق ئىشەنگەن بولساممۇ، قۇتلۇق ئاكا ۋە ئىبراھىم ئاكىلارنىڭ مېنىڭ ئۇۋالچىلىققا قېلىۋاتقىنىمغا سوكۇت قىلىپ تۇرىۋەرمەيدۇ، ئاقىۋەتتە ئارىلىشىدۇ، دەيدىغان بىر خىل تەمەدىمۇ بولغانىدىم. ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئۆزگەرگەنلىكى، دېمىسىمۇ ناھايىتى پايدىسىز ئىدى. مۇبادا ئىش رېھىم بىلەن ھامۇتقا قالدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا ـ قازا كېلىۋېرىشى مۇمكىن ئىدى.

توختى ئاكىنىڭ مېنى "ئېلىپ كېتىش" تەدبىرى قوللانغانلىقى بىكاردىن ـ بىكار بولمىغاندەك تۇراتتى. تېنىم ئاللىقانداق نامەلۇم تۇيغۇلار تەسىرىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى. بەدەنلىرىم مۇزلاپ تىترەك ئولىشىپ كەتتى.

مېنىڭ ھېسسىياتىمدىكى بۇنداق ئۆزگىرىش قورقۇنچاقلىقنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا پەيدا بولغان ھالەت ئەمەس ئىدى. شۇ بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتمىدى؟ ئىنسانىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىگە ئوخشىماي قالغانىدى. ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ نېگىزىگە قارىتىلغان چۈشەنچىلەر قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرىدىكى سەممىيلىك، باراۋەرلىك بۇزۇلغانىدى. ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ئەڭ مۇكەممەل ئېتىقادچىلار سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا

چىقىپ، ھېچكىمگە يېقىملىق بولمىغان شوئارلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆز ئىرادىسىنى خالىغانچە يۈرگۈزەلەيدىغان تەبىقە بولۇپ ئۇيۇش-قاندى. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بولسا ئۆزگىچە ئىدى، شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەرىكەتلەر رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىبارىلەرنى يېپىنچا قىلغانلىقتىن، ھېچكىم قارشى كۆز قاراشنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ئادەتتىكىدەك بىلىندىغان ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارمۇ رەسمىي سورۇنلاردا ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىلمايتتى. خۇپىيانە سورۇنلاردا، ئايرىم سۆھبەتلەردە، ياكى كۆڭۈل يېقىنلار ئارىسىدا بەھۇزۇر دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ بولسا "دەردىنى چىقىرىۋېلىش"، "قورساقنى بوشىتىۋېلىش"تىن باشقا ھەل قىلغۇچ رولى يوق ئىدى.

شۇ يىللاردا ھېچقانداق بىر قانۇن ۋە ئادىمگەرچىلىككە ياتمايدىغان جازالاش ئۇسۇللىرى توپەيلىدىن، ۋاستىلىك، ياكى بىۋاسىتە ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كىم ھېسابلىيالايدۇ؟

"ھامان بىركۈنى ھېساپ ئېلىنىدۇ؟" بۇ سۆزنىڭ راست ئىكەنلە-كىگە قىل سىغمايدۇ. بىراق، ئۆلگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە تارتقان جەبىر-زۇلۇملىرىنىڭ جاۋابىچۇ؟

ئاشۇنداق سوئاللار مېنى قىينايتتى، ئاشۇنداق ئىشلارنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر دەھشەت ئىدى. رېھىم، ھامۇتلارنىڭ قولىدا ھوقۇق، كەينىدە ھاكىمىيەت، ئاغزىدا ئەك ياڭراق شوئارلار بار ئىدى. ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن سۆزلەيتتى ۋە ئىشلەيتتى.

ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى

مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. توختى ئاكا ۋە باشقىلار بەلكىم مۇشۇ تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ مېنى "ئېلىپ كەتكىلى" كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟ شۇنداقتىمۇ، مەن قۇتۇلالايمەنمۇ؟ بۈگۈن قۇتۇلۇپ كەتتىم دېگەندىمۇ، ئەتە، ئۆگۈن، ئىندىن... ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىچۇ؟

بىر ئادەمنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى ئۈچۈن يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، كىيىم ـ كېچەكلەر ناھايىتى زۆرۈر. مەن دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلمەن، مۇشۇنداق "قېچىپ كېتىش"تىن كېيىن، ئەلۋەتتە مەن "قانۇندىن تاشقىرى" ئادەم بولۇپ قالىمەن. ماناشىم بولمايدۇ، نورما ئاشلىقىم بولمايدۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن بۇ يورۇق دۇنياغا يەنە بىر جان تۇغۇلىدۇ، مۇنداق شارائىتتا ئىككى كىشىنى بېقىش، يېگۈزۈش ۋە كىيىندۈرۈش، ئۇزاق ۋاقىتقىچە ــ ئالايلۇق، تەسەۋۋۇر قىلىمىزدىكى رېھىم ۋە ھامۇت قاتارلىقلارنىڭ زاۋال تېپىپ يوقىلىشىغىچە ــ توختى ئاكىلارنىڭ يوشۇرۇپ ساقلىيالىشى مۇمكىنمۇ؟ ھامۇتلارنىڭ ئەتە ئەتىگەندىلا ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغان گەپ. ئۇلار مېنىڭ "قېچىپ كەتكەن"لىكىمنى پۈتۈن گوڭشېغا، ھەتتا ناھىيىلەرگىچە يېيىپ تارقىتىدۇ. مەن توغرۇلۇق بىر تالاي "جىنايەت" تىزىملىكىمۇ تۈزۈلۈپ چىقىلىدۇ ۋە ھەممە يەرگە ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئىش ئۇ يەرگە بارغاندا مېنىڭ تۇماندەك بىرپەستىلا غايىب بولالىشىم مۇمكىن ئەمەس. توختى ئاكا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ساقلاپ بېقىشىغا ھەرقانچە ئىشەنگەن بىلەن، ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس...

مەنىڭ مەيلى، مېنى تۇتۇۋېلىشسا، يەنە شۇنچىلىك قىلار: سولاپ قويار، سوراققا تارتار، ھەتتا قىيناپ، ئازابلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن،

مېنى يوشۇرۇپ ساقلىغان، ئاش- نان بەرگەن كىشلەرنى تىنچ- ئامان قويارمۇ؟ كىيىم- كېچەكلىرىمنى ئەكىرىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئابلەتنىڭ يولۇققان قىسمىتى "يامان ئادەمگە يانتاياق بولۇش — ياماندىنمۇ يامان" بولۇۋاتقان چاغدا، مېنى "قاچۇرۇپ ئېلىپ كەتكۈچىلەر" ۋە "ساقلاپ باققۇچىلار"نىڭ كۈنى نېمە بولماقچى؟

مەن شۇلارنى ئويلاپ، توختى ئاكىلارنىڭ "قاچۇرۇپ ئېلىپ كېتىشى" تازا پۇختا ئويلانمىغان، ئاقىۋىتى ئىنچكە ھېسابقا ئېلىنمىغان ئورۇنسىز ئىشتەك ھېس قىلدىم ۋە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ سورىدىم:

— توختى ئاكا، بىز بۇ مېڭىشىمىزدا نەگىچە بارىمىز؟

توختى ئاكا ئۇزاق جىملىق ئىلكىدە نېمىلەرنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇۋېدىكىنتاك، مېنىڭ ئاۋازىمدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە:

— ھە...نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن باياتىنقى سوئالىمنى تەكرارلىدىم.

توختى ئاكا يېقىمسىز كۈلۈپ قويۇپ:

— نەگىچە بارىمىز، دېدىڭىزما؟ — دەپ سورىدى ۋە مېنىڭ تەقەززالىقىمنى، بۇنداق سوراشنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك ئالدىراپ جاۋاب بەردى، — بارىدىغان يېرىمىز بەك يېقىن ئەمەس. لېكىن، بەك يىراقمۇ ئەمەس. ئاندىن، سىزگە بەك ناتونۇش كىشىلەرنىڭكىگىمۇ بارمايمىز...

مەن ھېلى سۆرگەن خىياللىرىم بويىچە ئۆز ئەندىشەمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇپ:

— باشقىلارغا ئېغىرىمنى سېلىپ نېمە قىلارمەن، توختى ئاكا؟ — دېدىم پەرىشانلىق بىلەن، — بۇ ئاي- بۇ كۈنلەردە دېھقانلارنىڭ ھال- كۈنى ئۆزىگىمۇ تەس تۇرسا، مەن بىر يۈك بولۇپ قالما-

دىمەن؟ ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقى، كېيىنچە بىلىنىپ قالسا ھامۇتتەك بىرنېمىلەر ئۇلارغا كۈن كۆرسەتمەيدۇ...

— خاتىرجەم بولۇڭ سىڭلىم، — توختى ئاكا مېنىڭ ئەنسىرەشلىرىم ئورۇنسىز بولۇۋاتقاندەك كۈلۈپ قويدى، — سىز دېگەندەك ئەھۋاللارنى بىزنىڭمۇ چۈشەنگۈچىلىكىمىز بار. شۇنداقتىمۇ، ئاي-كۈنىڭىز يېقىن تۇرسا، ئۇ ئەزرائىللارنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ قويۇپ كارىمىز بولمىسا بولامدۇ؟

— مېنى دەپ ئەزالار جاپا چېكىپ قالسا، كۆڭلى ئازار يېسە مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن-دە؟

— سىزنى خاتىرجەم قىلىمىز، — توختى ئاكا ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ قويدى، — سىزنى دەپ ھېچكىم ئازار يېمەيدۇ، سىز ھېچقايسى دېھقاننىڭكىگە بارمايسىز، سىز بارىدىغان يەرنى مەنلا بىلىمەن.

— نەگە، كىمنىڭكىگە بارىمەن؟ — سورىدىم مەن ھەم ھەيران بولغان، ھەم تەقەززا بولغان ھالدا.

توختى ئاكا دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ بىرەر مىنۇتچە ئارىسالدى بولۇپ جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەربىر ئېغىز ئاچتى:

— سىز بىزنىڭ گوڭشېغا قوشنا ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دوختۇرخانىسىغا بارىسىز. شۇ يەردە بوشانغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋالىنىپ ياتىسىز، بوشىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر-ئىككى ئاي-ھەپتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت دەم ئېلىپ، بوۋىقىڭىزنى ئۆستۈرىسىز. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ؟ كۆرۈپ باقارمىز. ئەھۋال مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولسا، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ تۇرارسىز...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىم ئېشىپ باردى. لېكىن،

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ چارىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى، بىخەتەر بولىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ مۆلچەرلەپ ئۈلگۈردۈم-دە، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مەن توختى ئاكىدىن ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى رەھبەرلىكىنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن خەۋىرى بار-يوقلۇقىنى، ياكى مەن بارغاندىن كېيىن، ئاندىن سۆزلىشىپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان پىلان ئىكەنلىكىنى سورىدىم. توختى ئاكا كۈلۈپ كەتتى-دە، بۇ پىلاننىڭ ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

توختى ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنى ھامۇتلار تۇتۇپ سولاپ قويغاندىن كېيىن، مەندىن ۋە كېيىنلىكىمدىن ئەنسىرەپ، ئۇ، ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپتۇ. دەريا توسمىسىنى قۇرۇش ۋاقتىدا چىقىشىپ قالغان تۇەنجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مېنىڭ ئەھۋالىمنى تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىپتۇ. تۇەنجاڭمۇ مېنى تونۇغان ۋە بىلگەنلىكى ئۈچۈن، گۇڭشېدىن ئۇ يەرگە "قېچىپ"بېرىشىمغا ئىككىلەنمەي ماقۇل بوپتۇ. دوختۇرخانىدا يېتىش، شۇ يەردە بوشىنىش ۋە كېيىنكى ئىشلار تېخى شۇ تۇەنجاڭنىڭ پىكرى ئىكەن...

— ئۇ يەر نېمىلا بولمىسۇن يېرىم ھەربىي ئورۇن، — دەپ گېپىنى تۈگەتتى توختى ئاكا، — تۇەنجاڭنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، گەرچە ئۇلارنىڭ دائىرىسىدىمۇ بىر بۆلۈك ئالىقانات ئىش خۇش ياقماس قۇلاقكەستىلەر "ئىسيان" كۆتۈرۈپ، قالايمىقان قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھەربىي ئىنتىزامنىڭ چەكلىشى بىلەن بىزنىڭ يەرلىك ئورۇنلاردەك ئۆز بەگ-ئۆز خان بولۇۋېلىپ شەھەر سوراي-دىغان دەرىجىدە قالايمىقانچىلىق يوق ئىكەن. تۇەن، يىڭ، لىيەنلەردە يەنىلا بىر تۇتاش ھاكىمىيەت بار ئىكەن. تۇەنجاڭ ماڭا، سەل

پەخەس بولۇشنى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنىلا بىلسەك چوك چاتاق چىقمايدىغانلىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. مەن خۇشال بولدۇم، لېكىن، كۆڭلۈمدىكى ئاخىرقى ئەندىشەمنى ئېيتتىم:

— ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئۆيۈمنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويسام بولار. بولمىسا، مېنىڭ كۆلگە چۈشكەن تاشتەك غايىب بولۇپ كېتىشىم ئېرىم بىلەن باللىرىمنى ئەنسىرىتىپ قويماسمۇ؟

— بۇنىڭدىنمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى توختى ئاكا كۈلۈپ، — بۇ تەرەپلەرنىمۇ ئويلاپ قويدۇق. ئۆيىڭىزدىكىلەرنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويماي بولمايدۇ. بۇ ئىشنى سىز مەيدان دوختۇرخانىسىغا بارغاندىن كېيىن تۇەنجاڭ ئۆزى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرماقچى...

مەن خۇشلۇقتىن نېمە دېيىشىمنى ۋە قانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشۈمنى بىلمەيلا قالدىم...

## 2

يول بۇرۇلۇپ ئىككى تەرىپى شامالدىن ۋە قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە قويۇق تىكىلگەن جىگدىلىككە ئېلىپ كەلدى. بۇ يول ئۇنچە ئېگىز - پەس كاتاڭ ئەمەس ئىدى. لېكىن، ناھايىتى توپىلىق يول ئىكەنلىكىنى ھارۋا چاقلىرىنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقان چاڭ - توزاندىن بىلگىلى بولاتتى. ئېغىز ۋە دىماققا ئاچچىق توپا كىرىپ تىنغىلىمۇ قويمايتتى. توپا - چاڭ ئىچىدە ياشاپ كۆنگەن توختى ئاكىمۇ كەينى - كەينىدىن بىرنەچچىنى چۈشكۈرۈپ، ئاخىرى بولماي يېڭى بىلەن ئېغىز - بۇرنىنى توسۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. مەن ئاللىقاچانلا باش ياغلىقىمنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن ئاغزى-

بۇرنۇمنى ئېتىۋالغانىدىم.

ھارۋا مۇشۇ يولغا كىرگەندىن باشلاپ ئېشەكنىڭ مېڭىش سۈرئىتىمۇ ئاستىلاپ قالدى، توختى ئاكىنىڭ ھە دېسە قامچا ئىشلىتىشىمۇ ئۈنچە ئۈنۈم بەرمىدى.

ۋاقىتنىڭ نەۋاق بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. يېزىلاردىكى ئىتلار خېلى بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگەپ كەتكەن، كېيىنكى چاغلاردا "زىرائەتلەرنى چوقۇۋالىدۇ، مايسىلارنىڭ ئۇچىنى نابۇت قىلىدۇ، ئەزالار تۇخۇم سېتىپ پۇلغا بېرىلىپ كېتىدۇ..." دەپ توخۇلارمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى. شۇڭا، يا ئىت قاۋىغان، يا خوراز چىقىرغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. كېچە ھېلىمۇ سۈرلۈك، ئۆلۈكتەك تىمتاسچىلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ شەرق تەرەپ بىلىنەرلىك سۈزۈلۈپ، ئاسماننىڭ ئۇپۇققا تۇتاشقان گىرۋىكى سەل ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. بۇ تاڭ ئېتىش يېقىنلىشىۋاتقىنىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

مەن بۇرۇن بۇ يول بىلەن مېڭىپ باقمىغاچقا، يەنە قانچىلىك ۋاقىت ماڭساق ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىگە يېتىپ بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقمايتتىم. ئەمما، باياتىن يول ئەگمىدە توختى ئاكىنىڭ: "جىگدىلىك توپا يولدىن چىقساقلا ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەرلىرىگە كىرگەن بولىمىز، ئىشقىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ئورنىدىن تۇرغىچە دوختۇرخانىغىمۇ يېتىپ بارىمىز..." دېگەن سۆزلىرىگە قاراپ، مۇساپىمىزنىڭ ئۇزۇن قالمىغانلىقىنى سېزەتتىم. بالدۇرراق مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ ئارام ئېلىشىمىزنى بەكمۇ خالايتتىم...

لېكىن، ھېچنېمىنى قىلغىلى بولمىدى: ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دوختۇرخانىسىغا بارغىلى بولمىدى، بوشنىشتىن ئىلگىرى

داۋالىنىشقىمۇ بولمىدى، ھەتتا، ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىگە ئۆتكىلىمۇ بولمىدى.

جىگدىلىك يولنىڭ بىر تەرىپىدىن بەش، ئىككىنچى تەرىپىدىن يەتتىدەك ئادەم يۈگۈرۈپ چىقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوشۇلۇشتى. دە، بىز چۈشكەن ھارۋىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرۇشتى. تېخى تاڭ ئېتىپ يورۇق چۈشمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ مېنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇلغان "دىكتاتورا گۇرۇپپىسى"نىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق ئىدى. ئاشۇنداق بولمىغاندا، يولنىڭ چېتىدە تۇرۇپمۇ گەپ-سۆز قىلغىلى بولىدىغان تۇرسا، يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، توسۇپ تۇرمىغان بولاتتى.

ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز 50 قەدەمچە كېلەتتى. توختى ئاكا ئۇلارنى كۆرۈپلا ئېشەكنى ئاستىلاتقاندى. ئۇمۇ گەپ-سۆز قىلمىغان بولسىمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئەمدى نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەملەپ بولغانىدى.

مەن توختى ئاكىنىڭ يېنىغىراق سىلجىپ بېرىپ ئۇنىڭ يېڭىنى تارتتىم-دە:

— توختى ئاكا، سىز دەرھال قېچىپ كېتىڭ! — دەپ پىچىرلىدىم.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئۇ ماڭا يېرىم بۇرۇلۇپ قەھر-غەزەپ بىلەن ئالىيىپ.

— ئۇلار مېنى تۇتماقچى، مېنىلا تۇتسا كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. بۇ يەردە سىزنىڭ ھېچقانداق داخىلىيەتچىلىكىڭىز يوق. ئۇنداق بولغاندىكىن، سىزنىمۇ تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى "شاقىدە" جىگدىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىڭ. ئۇلارغا نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى مەن

ئۆزەم بىلمەن.

— ئۇتسا ئۇتار، — توختى ئاكا ماڭا بۇرۇلۇپ قارىمايلا دېدى ۋە ئۇننى تېخىمۇ يۇقىرى چىقىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاشۇ بىرنېمىلەردىن قورقۇپ، جىگدىلىك ئىچىدە توشقاندەك تىترەپ، پۇكۇلۇپ ياتامدىمەن؟

— بۇنى قانداقمۇ قورقۇپ، تىترەپ ياتتى دېگىلى بولسۇن؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆنمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەن بولسىمۇ يەنە ئۈمىد بىلەن، — سىز ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماڭ، بالا - چاقىلىرىڭىز بار، ئەزالار بار. ھازىر ئۇلارنىڭ سىزگە قويىدىغان باشقا گۇناھلىرىمۇ يوق. ئەمما مەن بىلەن بىللە ئۇتتۇۋالسا...

— قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، — ئۇ مېنىڭ گېپىمنى بۆلۈپ گۇركىرىدى، — ئۇلار مۇشۇنداق ئادەم ئۇتتۇۋەرسە، جاپا تارتساقمۇ، ئۇلارنىڭ پېيى سىقرايدىغان ئىشنى قىلىپ ئۇتتۇلماساق بولمايدۇ.

— بىكاردىن - بىكار ئۇتتۇلامسىز؟

— مۇشۇ كۈنلەردە بىكاردىن - بىكار ئۇتتۇلمايۋاتقان كادىرلارمۇ بارمۇ ئۆزى؟

ئۇنىڭ بەربىر ئۇنىماسلىقىغا كۆزۈم يەتتى - دە، تالاش - تارتىش قىلىۋېرىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ جىم بولدۇم.

ھارۋا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئون قەدەمچە ئارىلىقتا يېتىپ كەلگەندە ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھارۋىنى قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قولىدا كالتەك، نەيزە بار ئىدى. پەقەت ئىككىسىدىلا مىلتىق بار ئىدى.

— خوش، گۈلئايىم دېگەن خوتۇن نەگىچە بارىدىكىن دېسەك بارار يېرى بىزنىڭ ئالدىمىزغىچىلىك بوپتىغۇ؟ — دېدى مىلتىق ئۇتقان ئېگىز بويلۇق، شاپ بۇرۇت بىرى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— سەنلەر كىم؟ — ئۈنلۈك سورىدى توختى ئاكا پېتىنى بۇزماي، — بۇ كېچىدە يول توسۇپ نېمە قىلاي دېيىشىۋاتىسەن؟

— ساڭا گەپنىڭ پارچىسى يوق، — دېدى ئېشەكنىڭ نوختىسىغا ئېسىلىۋالغان بىرى. ئۇنىڭ سۆز ئورامىدىن قارىغاندا توختى ئاكىغا گەپ قىلىشتىن كۆرە، مىلتىقلىق شاپ بۇرۇتقا خۇشامەت قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

شاپ بۇرۇت زاڭلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى-دە، قولىدىكى مىلتىقنى سوزۇپ توختى ئاكىنىڭ كۆزىگىچە ئېلىپ كېلىپ، زەھەر خەندىلىك بىلەن:

— بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلمەكچى بولساڭ، مۇنۇ ئوقەت ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپ سول قولى بىلەن مىلتىقنى ئىككى قېتىم پاقىشىتىپ ئۇرۇپ قويدى، — قانداق، تەمىنى تېتىپ باققىڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— سەن پۇقراغا مىلتىق تەڭلەپ قورقۇتماقچىمۇ؟ — توختى ئاكا يەنىلا بوش كەلمەي سۆزلەيتتى، — سەنلەر زادى نېمە قىلماقچى؟

— بۇ قوڭالتاقتا نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار! — دېدى شاپ بۇرۇت مىلتىقنى دولىسىغا ئېسىۋېلىۋاتقاچ، يېنىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ.

ئۇنىڭ سۆزى توختىشىغىلا توختى ئاكىغا يېقىن تۇرغان بىرنەچچىسى كالتەك، نەيزىلىرىنى ھارۋا شوتىسىغا يۆلەپ قويۇپ توختى ئاكىغا ئېسىلغىلى تۇردى.

— توختاڭلار، ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، — دەپ ۋارقىرىدىم ھارۋا ئۈستىدە تىزلىنىپ تۇرۇپ، — تۇتساڭلار مېنى تۇتۇڭلار، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ھېچقانداق داخىلىيەتچىلىكى يوق.

— دېمىسەڭمۇ بىز سېنى تۇتقىلى كەلگەن، — دەپ ۋارقىرىدى

شاپ بۇرۇت تولىمۇ قوپاللىق بىلەن، — نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى سەن ئۆگەتمىسەڭمۇ ئۆزىمىز ئوبدان بىلىمىز، — ئۇ يېنىغا بۇرۇلۇپ، ئاغزىنى سەت بۇزۇپ بۇيرۇدى، — مۇنۇ بوغاز قانجۇقنىمۇ ھارۋىدىن چۈشۈرۈڭلار، ئاۋايلاڭلار، بالا تاشلىۋەتمىسۇن يەنە!

مۇشۇ چاغدا، ئۆزىگە يېپىشىۋېلىۋاتقانلارنىڭ قولىنى نېرى ئىتتىرىپ تۇرۇۋاتقان توختى ئاكا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئۇ ئېغىر ئۇستىخان ئايال، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار!

مىلتىقلىق شاپ بۇرۇت يېنىدىكىلەرگە:

— نېمانداق بوشاڭ نېمىلەرسەن؟ — دەپ توۋلىدى، — بۇ نېمىلەرنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشەڭ قىيامەت قايىم بولغۇچە ھارۋىدىن پەسكە چۈشمەيدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تۆمۈر مۇشتۇمىنى كۆرسىتىپ قويۇشمامسەن؟

ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ تۇرۇپ بۇنداق بولارىنى زادى ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن توختى ئاكىنىڭ چېكىسىگە مۇشت ئاتتى. توختى ئاكا نېمىلەرنىدۇ دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، شاپ بۇرۇتتىن ئۈلگە ئالغان باشقىلار ئۇنىڭ ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە مۇشت ئاتقىلى تۇردى. نېرىراقتا تۇرغان بىرى قولىدىكى نەيزىسىنىڭ تۆمۈر تۇرۇبىسىدىن ياسالغان سېپى بىلەن توختى ئاكىنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. توختى ئاكا بوغۇق، ئېچىنىشلىق ئىڭرىغان پېتى ھارۋىنىڭ شوتىسىدىن ئارتىلىپ يەرگە دۈم يىقىلدى.

بۇ ئىشلار بىرپەستىلا بولۇپ ئۆتتى. شاپ بۇرۇت مېنىڭ يېنىمغا يېقىن تۇرغانلارغا مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ شاپاقچىنى يېنىكرەك شاپىلاقلاپ چۈشۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

— ماڭا يېقىن كېلىشمە، ئۆزەم چۈشىمەن، — دېدىم مەن ۋە ئورنۇمدىن چىڭقىلىپ تۇرۇپ ھارۋىنىڭ كەينى تەرىپىدىن توپىلىق يولغا ئاۋايلاپ چۈشتۇم. ئەتراپىمدىكىلەر مېنىڭ ھەرىكىتىم ئاستا بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇشتى.

— ئاۋۇ ئۆلەرمەن ئۆششۈقنى ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا بېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى شاپ بۇرۇت پەستە ياتقان توختى ئاكىنى كۆرسىتىپ.

كالتەكلىك چاپارمەنلەر پۈتۈن بەدىنى قان، توپا بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن توختى ئاكىنى باش، دولا ۋە پۇتلىرىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ خۇددى ئاشلىق قاچىلانغان تاغارنى تاشلىغاندەك ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئىرغىتىپ تاشلىدى. توختى ئاكىنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنىڭ سالمىقى بىلەن ھارۋا شوتىسى كۆتۈرۈلۈپ، غىچىرلاپ كەتتى. توختى ئاكىنىڭ ئۆزى بولسا جېنى چىقىپ كەتكەنمۇ، ياكى ھوشى يوقمۇ، غىڭ قىلمىدى.

بۇ قاراپ تۇرۇپ زوراۋانلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھارۋىدا ئولتۇرغان ئادەمنى ئۇرۇپ، ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ، خۇدىنى بىلەلمەيغان بولغۇچە دۇمبالاپ، ئاندىن يەنە ھارۋىغا بېسىشنى نېمە دېگىلى بولار؟

— ئاتلارنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى شاپ بۇرۇت چاپارمەنلىرىگە.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەش - ئالتە كالتەكچى جىگدە چاتقاللىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ غايىب بولدى. "ھە، بۇلار ئاتلىق ئىكەن-دە، ئېتىز ئارىلاپ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋالغانىكەن، — دېگەنلەرنى خىيال قىلدىم مەن، — ئەجەبا، تاڭ ئەمدىلەتىن يورۇۋاتسا، مېنىڭ قېچىپ كەتكىنىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ...؟"

شاپ بۇرۇت ماڭا ئالدىنى قىلىپ بۇرالدى ۋە شالاڭ چىشلىرىنى تۆكەل ئېچىپ سەت ھىجايدى:

— قانداق خانىم؟ — دېدى ئۇ مەسخىرە قىلىپ، — توختى كومشا بىلەن قېچىپ نەگە باراتتىڭ؟

مېنىڭ ھېچنېمە دېمەي شۈك تۇرۇشۇمدىن ئۇ ئازراقمۇ خىجالەت-چىلىك تارتماي، يەنە:

— پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇپ قويغىنىنى بىلمەيدىكەنسەن-ھە؟ — دېدى ۋە كۆرەڭلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ رابىيە بىلەن سەئىدىن ياشىغان دەۋرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگۈچىلىكىڭ يوق قانداق زىيالىيسەن؟ بوغاز تۇرۇپ جىم ياتساڭ بولمامتى؟

ئۇنىڭ تۆھمەت قىلىۋاتقىنىغا سۈكۈت قىلالمىدىم:

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە! مېنى سوراققا تارتقىچىلىك قانداق ئەيبكارسەن؟

شاپ بۇرۇت زورلىنىپ تۇرۇپ سەت كۈلدى-دە:

— سېنى سوراققا تارتقىچىلىك ئەمەس، ئىچىڭدىكى شۇمتەكىڭنى سۇغۇرۇپ تارتقىچىلىكىمۇ بىگىسىم بار، — دېدى ۋە ھەسرەتلەنگەندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، — ئەپسۇسكى، سېنى ھامۇت مۇدىر ساق-سالامەت ئېلىپ كېلىڭلار دەپ قويغان يېرى بار-دە؟

— ئىپلاس ھايۋان! — تىللىدىم مەنمۇ زەردەم قايناپ، — ئادەم-دەك گەپ قىلمامسەن؟

شاپ بۇرۇت ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، قولىنى شارتتىدە ئۇزاتتى-دە، ئېڭىكىمنى زىناقلىرىم بىلەن قوشۇپ قامىلاپ مۇجۇدى. زىناق سۆڭەكلىرىم ئېزىق چىشلىرىمغىچە ئاغرىپ كەتكەنلىكىدىن

ئۈنۈمنىمۇ چىقىرالماي قالدىم. قوللىرىم بىلەن ئۆزنىڭ بارماقلىرىنى ئېڭىكىمدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشىشلىرىم بىكارغا كەتتى. قوزغۇننىڭ تىرناقلىرىغا ئوخشايدىغان بۇ بارماقلار ئېڭىكىمنى گويا ئامبۇردا قىسقاندەك قاماپ بارغانسېرى ئاغرىتىپ سىقاتتى.

قاتتىق ئاغرىق تەسىرىدىن ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. شاپ بۇرۇت پۈتىنى كۆتۈردىيۇ، تەپمەي تارتىۋالدى. ئادەم ئۇرۇپ كۆنگەن، باشقىلارنى ئازابلاشتىن خۇشلۇق تاپىدىغان بۇ ھايۋان سىياق ئادەمنىڭ مېنى ئۇرالمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب بولۇۋاتقاندەك ھە دەپ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، ماڭا يەپ كەتكۈدەك ئالىياتتى.

ئاتلارنى ئېلىپ كېلىشتى. مەن بەربىر يەنە ھارۋىغا ئولتۇردۇم...

# ئون تۆتىنچى باب

## يېڭىدىن كۆز ئاچقان هايات

### 1

تۆت-تۆت قايتۇرۇپ كېلىنگىنىمگە ئۈچ كۈن بولدى. مېنىڭ «قېچىپ» كەتكەنلىكىم قانداق بولۇپ هامۇتلار تەرىپىدىن بىلىندى ۋە ئۇلار قانداق قىلىپ شۇنداق تېزلىكتە ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ، قوغلاپ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋالدى؟... بۇلار توغرىسىدا هېچ نەرسە بىلەلمىدىم. لېكىن، نەگىلا قاچقىنىم بىلەن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىم مەلۇم بولدى:

— گۇگشىمىزدىن باشقا گۇگشى، قوشنا دېهقانچىلىق مەيدانلىرىغا بارىدىغان بارلىق چوڭ-كىچىك يوللارغا «ئىنقىلابچى دىكتاتور»لار ئەۋەتىلگەنىدى، — دېگەنىدى هامۇت مېنى يالاپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن چاغدا كۆرەڭلىك بىلەن دىمىقىدا كۈلۈپ، — سىلەر هېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيتتىڭلار. ئەمما سىلەر تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن قاچساڭلار، مېنىڭ ئالقىنىمدىن چىقىپ كېتەلەرمىدىڭلار كىنتاڭ؟

مەن گەپ قىلمىغانىدىم. مېنى يەنە سولاپ قويۇشقان، كۆزىتىشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرگەنىدى.

ئاي چىقمىغان، مۇزدەك شامال چىقىپ تۇرغان، ئاسماننى نەم

قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتكەن بىر كېچىسى تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئۇپۇر-توپۇر ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كەتتىم. ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مەن كېچىكىپ ئۇخلىغان ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۇتمىگەن دەپلا پەرەز قىلالايتتىم.

ئىشىك ئېچىلدى-دە، ھامۇت دەسلەپ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىغا نەيزىلىك مىلتىق تۇتقان ئۇچ "دىكتاتۇر" كىرىپ كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى جىن چىراغنىڭ ئىسىغا ۋە سىېسىق كىرسىن، ئىس پۇرىقىغا توشۇپ كەتكەنىدى. مەن ئىشىك ئېچىلىپ بولغۇچىلا ئورنۇمدىن تۇرۇۋالغانىدىم، شۇڭا كىرگەنلەر پەقەت:

— ئالدىمىزغا چۈشۈپ يۈر! — دەپلا بۇيرۇق بەردى.

مەن پايدىسى يوقلۇقىنى بىلسەممۇ:

— نەگە بارىمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— گەپنى ئاز قىل، — دېدى ھامۇت ئەنسىز ئاۋازدا، — بارىدىغان يېرىڭنى بارغاندا كۆرىسەن.

ھامۇتنىڭ سۆزى ئاياغلىشىپ تۇرۇشىغا مېنى كەينىمدىن بىرسى ئىتتىرىپ سىرتقا چىقاردى. ئۇ يەردە قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا يەنە ئىككى كىشى قول تراكتورىغا بىرنەرسىلەرنى قاچىلا ۋاتاتتى. شۇ ئارىدا مەن ياتقان ئۆيدىكى كورپە ۋە كىيىملىرىممۇ تراكتورغا تاشلاندى.

— تراكتورغا چىق! — دەپ بۇيرۇدى ھامۇت مېنى.

كۆزۈمگە يالت-يۇلت قىلىپ قول چىرىغىنىڭ نۇرى توغرىلاندى ۋە ئۇ مەن ماڭىدىغان يولغا يۆتكەلدى. مەن ئاستا مېڭىپ تراكتورغا چىقتىم. تراكتورنىڭ كىچىككىنە كوزۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەن، ئىككى تەرىپىدە كالتەك بىلەن قوراللانغان تۆت كىشى ئولتۇردى. ھامۇت تراكتورچىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى-دە،

— ھەيدە! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

يېنىك تاقىلداپ ئىشلەپ تۇرغان تراكتور ماتورى بىردەمدىلا كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ئېگىز ئاۋازدا پاقىلداپ گۈركىشى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلەلمىدىم. ئاستىمدا يۇمشاق نەرسىلەرمۇ ۋە قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. قاچا - قۇچىلارنىڭ جاقىلداشلىرىمۇ ئاڭلىناتتى. يولبويى ھېچكىم ھېچ نەرسە دېمىدى. پەقەت تراكتورنىڭ رىتىملىق "پاق - پۇق"لىرىلا ئاڭلىناتتى.

قانچىلىك يول ماڭغانلىقىمىز يادىمدا يوق، ناھىيە بازىرىغا كەلگەنلىكىمىزنىلا بىلەلىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي، تراكتور سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى بىز يېقىنلاپ كەلگەن ھامان چوڭ ئېچىلدى. ئىدارە ئىچىدىكى بىر ئىشخا-نىدىن يورۇق چىقىپ تۇراتتى. تراكتورنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىشخا-نىدىن ئىككى كىشى چىقىپ كەلدى. بۇلارغا قاراپ، مېنى يۆتكەپ كېلىشىنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋالدىم ۋە بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا رېھىم بار ئىكەن، دەپ گۇمان قىلدىم. دېگەندەكلا، مېنى تراكتوردىن دۈشكەلەپ چۈشۈرۈۋاتقاندا، رېھىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سالام، گۈلئايىمخان. ئۆزلىرىگە تراكتۇر نېسىپ بولۇپ كېچىسى يۈز كۆرۈشىدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

ئۇ كۈلۈۋاتاتتى. مەن ھېچنېمە دېمىدىم. ھايال ئۆتمەي رېھىم بىلەن ھامۇت ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى، شۇ چاغدا مېنى ھاجەتخانا يېنىدىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. بىلىشىمچە، بۇ ئوتۇن - كۆمۈر قويىدىغان، تار، چەللە ئۆگزىلىك بىر ئۆي ئىدى. مەن ئىچكىرى كىرىپ ئىككى قەدەم بېسىپلا توختىدىم. قاراڭغۇلۇق ھېچ نەرسىنى

كۆرسەتمەيتتى ۋە ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. شۇ ئارىدا كەينىمدىن قول چىرىغىنىڭ نۇرى كىرىپ ئۆيىنى غۇۋا يورۇتتى-دە، ئايىغىم ئاستىغا دەسلەپ يوتقان، ئاندىن كۆرپە بىلەن ياستۇق تاشلاندى. چىراغ نۇرى ئۆچكەندە، سىرتتىن بىرسىنىڭ:

— تراكتوردا قالغان نەرسە-كېرەكلىرىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئىككىنچى بىرى:

— ئۆزىنىڭ ئەدىيالىغا يۆگەپ تېڭىپ ئامبارغا تاشلىۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

مەن سلاپ-سىپاشتۇرۇپ كۆرپىنى بىر تەرەپكە سالدىم. ئۇستىگە يوتقان بىلەن ياستۇقنى قويدۇم-دە، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇراي دەۋاتقىنىمدا، ئىشىك ئېچىلىپ، دەسلەپ قول چىرىغىنىڭ يورۇقى كىردى، ئاندىن رەھىم بىلەن هاموت ۋە مېنى ئېلىپ كەلگەن "دىكتاتور"لاردىن بىرى كىردى. چىن چىرىغى يېقىلىپ تامنىڭ ئويۇقچىسىغا قويۇلدى.

مەن كۆرپىنى كۆمۈر ئۇۋاقلىرى چېچىلغان داق يەرنىڭ ئۇستىگىلا سالغانىكەنمەن. شۇ ئارىدا ئېلىپ كىرىلگەن يولەنچۈكسىز ئورۇندۇققا رەھىم ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ ماڭا كۆلۈمسىرەپ قارىدى.

— بىرچاغلاردا گىلەم سېلىنغان، ئوتقاشتەك بېزەلگەن مېنىڭ پاكىز ئىشخانامدا كاتىپ بولۇپ، سافادا ئېغناپ يېتىپ ئىشلەڭ، دېسەم ئۇنۇمىغانىدىڭ، ئەمدىلىكتە سافا بىلەن گىلەملەرنى چۈشۈڭدىمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇڭ...

ئۇلار راست-يالغان ئارىلاشقان كۈلكىسى بىلەن مېنى مازاق قىلىشىۋاتقىنىدا، مەن ئۇدۇلۇمدىكى تامغا قاراپلا ئولتۇردۇم.

— يادىڭدىمۇ؟ — دەپ سورىدى رېھىم، — ئېھتىمال، بۇندىن كېيىن ئۇنداق ئىشخانىلارنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرەلمەسسەن...

— ئۇ بەلكىم تېخىمۇ كاتتاراقلىرىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولغىيدى، — ھامۇتمۇ بىر تەرەپتىن قوشۇلۇپ كۈلكە ئارىلاش داۋام قىلدى، — توسىمدىن بىرنى ياساپ داڭلىق، مەشھۇر ئايال ئالىم بولغۇسى كەلگەن بولغىيدى؟ كۆز چېقىپ تۇرىدىغان ئالىي بىنالارنى، ئاۋاز چىقارماي ماڭىدىغان پىكاپلارنى تەمە قىلىپ يۈرگەن بولغىيدى...

ئەگەر مېنىڭ ھالىم مۇشۇنداق ئوسال بولمىغىنىدا، قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكەن بولاتتىم. ئۇلار مېنىڭ خىيالىمدىمۇ يوق، بىرنەرسىلەرنى توقۇپ چىقىرىپ، مېنى زاڭلىق قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، مەن بۇ گەپ-سۆزلەردىن ئۇلارنىڭمۇ ماھىيىتىنى پايقاپ ئولتۇراتتىم. پۈتۈن ھاياتىنى مەنسەپكە، شۆھرەتكە بېغىشلايدىغان ئادەملەر بولىدۇ. ھەممە ھەرىكەت ۋە سۆزلىرىدە يەپ-ئىچىشنىلا ئويلايدىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئالدىمدىكى بۇ ئىككى ئادەم ئەنە شۇنداق بارلىق يارىماس ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىۋالغانلار تىپىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنسەپپەرەسلىك ۋە شۆھرەتخۇمارلىق ئاۋۇپ، ئېشىپ كەتكەنلىكتىن ئىچكى دۇنياسىغا سىغماي تېشىپ چىقماقتا ئىدى.

ئاخىر، ئۇلار مېنىڭ دىققەت قىلماي ئولتۇرغانلىقىمنى سېزىپ قېلىشتى. كۈلكىلىرىنى توختىتىپ، رەڭگىگە قەھرىلىك تۈس ۋە كۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك ئىپادىسىنى بەردى. رېھىم ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنى ئورنىدىن تۇرماي قولى بىلەن ۋە پۇتىنى ئىشقا سېلىپلا بىرقەدەم ئالدىغا يۆتكەپ كېلىپ:

— بىز نېمە كويدا بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ۋە دەرھال

ئۆزى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى، — بىز سەن شاياتۇنلارنى ئوبدان ئەدەبلەپ، دىكتاتۇرنى كۆچەيتىپ، ناھىيەمىزنىڭ رەڭگىنى مەڭگۈ قىزىل ھالەتتە ساقلاپ قېلىشىنىڭ غېمىدە. سەن قانداق قىلىپ بولمىسۇن جىنايىتىڭگە تېنىۋېلىپ، ئەپتى-بەشىرەڭنى يوشۇرۇپ قالىمەن دەپ ئاۋارە.

— ئەمدى كېچىكتىڭ، ئەمدى بۇ جايدىن سېنى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا چېتىپمۇ ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، — ھامۇتمۇ بىرچەتتىن زەھەرنى سانجىغىلى تۇردى، — سەن، ياخشىسى، جىنايىتىڭنىڭ ئېغىر-لىقىنى ھېس قىلىپ، جىن-شەيتانلارنىڭ باش پاناھى ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرغانلىقىڭغا ئىقرار بول. شۇ چاغدىلا توسما قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسى سىياسىي ئامموۋى ھەرىكەت دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە، ناھىيەمىزدىكى قەتئىي، تەۋرەنمەس پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش داۋامىدا ئېلىپ بارغان داۋاملىق ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىلىكىدە قولغا كەلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالايسەن.

مەن ئۆزەمنى تۇتۇپ تۇرالمىدىم:

— توسما قۇرۇلۇشىنى قۇتبىدىن دېگەن باشلىقىڭلارنىڭ قوماندان-لىقىدا، رېھىم جۇيجاڭ، ھامۇت مۇدىرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ياسالدى دېسەملا خۇش بولاتتىڭلارمۇ؟ — دېدىم ئاچچىقىمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، — بۇ ئىنشائات چىڭقىلىپ شوئار توۋلاش، لوزۇنكا يېزىش، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاش ئارقىلىق پۈتۈپ چىقتى دېسەم سىلەر-نىڭ كۆڭلۈڭلەرگە ياقارمىدى...

ھامۇت بېشىنى "ھەئە" ئىشارىسىگە لىڭشىتىۋاتقىنىدا، رېھىم غەزەپ بىلەن ئالىيىپ ئورنىدىن تۇردى.

— سەن مەككار خوتۇن، مەسخىرە قىلىۋاتامسەن تېخى؟ —

دېدى ئۇ دېۋەيلەپ يېنىمغىلا كېلىپ، — "بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي" دېگەندەك، ئۆزەڭنىڭ ئەھۋالنى كۆپرەك ئويلىساڭ بولارمىكىن؟ — ئۇ قەددىنى كۆتۈرۈپ ئەسلى ئولتۇرغان جايىغا ياندى، لېكىن ئولتۇرمىدى، — بۇ توسما قورۇلۇشى ناھىيىمىز، ۋىلايىتىمىز دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، بىر زور ئىنشائات. ئۇنىڭ غەلىبىلىك پۈتۈپ چىقىشى قايسى سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى سەن چۈشەندۈرۈپ ئاۋارە بولمىساڭمۇ بولىدۇ. ئۇ، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنىڭ، ئىنقىلاپ قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

— كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، رېھىم جۇيجاڭنىڭ بىۋاستە، يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە رەھبەرلىكىنىڭ مېۋىسى...

رېھىم ھامۇتنىڭ سۆزىگە كېرىلىپ قويدى. لېكىن سۆزنى ئېلىپ كەتتى:

— ئۆز گېپىمگە كەلسەم، ئۇ بىز ئىنقىلابچىلارنىڭ جاسارىتىمىزنىڭ سىمۋولى، ئۇ ئىبراھىم، قۇتلۇقا ئوخشاش نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش مەستانىلىرىغا ئورۇلغان كاچات. سەن ئۇلارغا ئىشەندىڭ، ئۇلارنىڭ سايىسىغا ئوخشاش ئەگىشىپ يۈردۈڭ، ئاخىر نېمە تاپتىڭ...؟

— ئۇلارنىڭ "شۇجى" دېگەن چىرايلىق ئۇنۋانىغا قىزىقىپ قالغاندۇ؟ — دەپ ھىجايدى ھامۇت.

رېھىم ئولتۇردى-دە، پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ يىغىندا ئوتتۇق سۆزلىگەن تەلەپپۇز بىلەن ۋەز ئېيتقىلى تۇردى:

— ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قانداقتۇر بىر خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈش،

دەيدىغان قارا قۇيۇن پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلاپ كەتتى. بىزنىڭ
ناھىيىمىز بۇ شامالغا قاراپ كېمە سالغان ئەڭ ئالدىنقى ئاۋانگارت
بولدى. ئۇن يەللاپ ئېلىپ بېرىلغان مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلابتا
زەربە يېگەن، چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان بىرنېمىلەرنىڭ خىزمىتى
ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قارايدىغان بولساق، ئۇلار ئەسلىدىكى كونا
كەشىنى كىيىپ، بىز ئېچىپ قويغان يېڭى يولدا مېڭىۋاتىدۇ. بىزگە
سۈكۈت قىلىشقا توغرا كېلەمتى؟ بىز داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش،
ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ قىلىش روھىغا ئىگە پرولېتارىيات ئىنقىلابچى-
لىرى تۇرساق، بۇنىڭغا ئۇنايتتۇقمۇ؟ تەبىئىيكى، بۇ چوڭ ئېلىشىشتا
زاۋالغا يۈز تۇتقان ئاز ساندىكى ھوقۇقدارلار ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىنى،
ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىن-شەيتانلارنى قوزغىتىپ
يەنئەنمېنىدە بىز پرولېتارىياتقا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار ماتەم
بىلدۈرۈشنى ۋاستە قىلدى شۇ. مانا بۇلار "5-ئاپرېل" ۋەقەسىنىڭ
ئەينەن ئارقا كۆرۈنۈشى.

— ئوبدان ئاڭلىۋال، سىياسىي-ئىدىيىۋى تونۇشۇڭ
تۆۋەندۇ، — دەپ قويدى ھامۇت رېھىمنىڭ توختىغان پۇرسىتىدىن
پايدىلىنىپ.

— مەن سېنىڭ تونۇشۇڭنى، بولۇپمۇ جىنايەتكە بولغان
تونۇشۇڭنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ساڭا بۇلارنى ئېيتىپ ئىچىرد-
ۋاتىمەن. سەنمۇ دەل ئاشۇ ھالقىلىق پەيتتە سەكرەپ چىققان ئەكسى-
لئىنقىلابچىلارنىڭ بىرسەن. شۇنچە رەھبەرلەر ئالدىدا سەن "خەلق
ئىگىلىكىنى تەكشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش يۆنىلىشى
توغرا" دەپ تەنزە ئاغدۇردۇڭ.

— مەن ھېلىمۇ "خەلق ئىگىلىكىنى تەكشەش، ئىشلەپچىقىرىشنى

يۈكسەلدۈرۈش" يۆنىلىشىنى توغرا دەپ قارايمەن، — دېدىم مەن گەۋدەمنى كۆتۈرۈپ، — توسما قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈپ چىقىشىنى مەن ئاشۇ سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن بولغان، دەپ تونۇيمەن. ئۇ، سىلەر ئېيتقاندەك دەبدەبىلىك شوئارلارنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. سىلەر شوئار توۋلىغاندىمۇ توسما قۇرۇلۇشىغا قارشى تۇرىدىغان شوئارلارنى توۋلىغان ئىدىڭلارغۇ...

— ئاغزىڭنى يۇم!! — رېھىم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چىراقنىڭ نۇرى ئاجىز، خىرە بولسىمۇ، رېھىمنىڭ يىرتقۇچلارنىڭكىدەك كۆزىدىن چىقىۋاتقان غەزەپ ئوتىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— سەن ئىشەنگەن ئەڭ چوڭ ھىمايىچىلىرىڭدىن تارتىپ تاكى ئىبراھىم، قۇتلۇقلارغىچە غۇلاپ كەتتى، بىز يېڭىپ چىقتۇق، — دەپ چالۋاقىدى رېھىم، — شۇڭا سەن ئاۋۋال بايا ئۆزەڭ جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان خاتا لۇشيەنگە ئەنزە ئاغدۇرغان جىنايىتىڭنى تاپشۇرىسەن. ئاندىن، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا قارشىلىق قىلىپ، دېھقانلارنى قايمۇقتۇرۇپ قېچىپ كېتىشنى ئۇيۇشتۇرغان جىنايىتىڭنى تاپشۇرىسەن. توسما-پوسماڭنى ئويلىماي قوي. توسما قۇرۇلۇشىدا ھېچقانداق ئەجرىڭ يوق. سەن ئۇ يەردە نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلدىڭ، خالاس.

— توسمىنى قالقان قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، دەپ خام-خىيال قىلما! — دېدى ھامۇت ئۇلاپ.

رېھىم ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر يۆگەم قەغەز ئېلىپ ئۈستكىمگە تاشلىدى-دە:

— تەپسىلىي يېزىپ تاپشۇر! — دەپ بۇيرۇدى.

ھامۇت ماڭا يۇقىرىدىن قاراپ:

— رېھىم جۇيجاڭنىڭ سۆزلىرى ساڭا چىقىش يولى كۆرسىتىپ بەردى. بىردىنبىر يولۇڭ جىنايەتلىرىڭگە ئىقرار بولۇپ، ئۆزۈل-كېسىل تاپشۇرۇش، — دېدى.

— جىنايى پاكىتلىرىڭ ئېنىق، ھەممىسى قولىمىزدا بار. بىز تونۇش پوزىتسىيەڭنىڭ قانداقلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچىمىز، — دېدى رېھىم يەنە.

— قوي يوقالغاندىن كېيىن قوتاننى تۈزەشتۈرسىمۇ كېچىككەن ھېساپلانمايدۇ، — دېدى ھامۇت ئۇلاپ.

مەن ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئۇلارنىڭ نىيىتى ماڭا ناھايىتى روشەن بولۇپ، مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشنى ئوشۇقچە ئىش دەپ ھېس قىلاتتىم. ئۇلار مېنى ئويلىنىۋاتىدۇ، دەپ خاتا پەرەز قىلدى بولغاي، رېھىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئاۋازىنى سەل مۇلايىملاشتۇرۇپ:

— ئوبدانراق ئويلان، ئىستىقبالىڭنى قارىلىما، — دېدى ماڭا "كۆيۈنگەنلىكى"نى بىلدۈرۈشكە تىرىشىپ، — ئۆزەڭنىڭ جىنايىتىنى ئۆزەڭنىڭ تونۇۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىمىز. سېنىڭ جىنايىتىڭ كىچىك ئەمەس. سېنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيداندا تۇرۇپ ئەنزە ئاغدۇرۇپ، پېپەن قىلىنىۋاتقان خاتا لۇشيەننى ئاقلىشىڭدا ئىبراھىم، قۇتلۇق قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى ئېنىق. ئۇلار ھازىر ۋىلايەت مەركىزىدە "نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى"غا قاتنىشىۋاتىدۇ. ئوچۇق ئېيتقاندا، خىزمىتىنى توختىتىپ ئەسلەشكە، خاتالىقىنى تونۇشقا قويۇلدى. سەن ئۇلاردىن مەدەت كۈتكىنىڭ بىلەن، ئۇلار ھازىر ئۆز غېمىنىڭ كويىدا. خاتالىقىنى ئىقرار قىلىش ئۇلارغىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. سەن ئۇلارنى پاش قىلىشىڭ، چەك-چېگرا ئاجرىتىشىڭ لازىم. شۇ چاغدىلا چىقىش يولىغا ئىگە بولىسەن.

مەن ساختا كۆرەڭلىككە چىدالمىدىم. شۇڭا، ھېچبىر دۇدۇقلىمايلا دېدىم:

— كۆرىمىز، سىلەرمۇ كۆرىسىلەر، بىزمۇ كۆرىمىز.

بۇ سۆزنى ئېيتىش ئاھاڭىم رېھىمگە ياقمىدى. ئۇنىڭ يالغان مۇلايىملىقى دەرھال غايىب بولدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نېمىنى كۆرىمىز؟ — دېدى بىر قەدەم چامداپ.

— كىمنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز! — دېدىم مەن كەسكىن قىلىپ.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — يېقىنلاپ كەلدى رېھىم لەۋلىرىنى تىترىتىپ.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇلارغا قارىتىلغان غەزەپ-نەپرەتتىن قېنىم قىزىماقتا ئىدى.

— پارتىيىنىڭ سىياستى، خەلق ئاممىسىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى غەلىبە قازىنىدۇ، — دېدىم مەن رېھىمنىڭ كۆزىگە قاراپ، — سىياسىي ھايانكەشلەر، قارا نىيەت سۇيىقەستچىلەر، ھوقۇق-ئەمەل مەستانىلىرى چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەر بۇنى ئىسپاتلاپ كەلگەنىدى، داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ...

مەن يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىم يادىمدا يوق. ئېشىلىپ كۆڭلۈمدىكىلەرنى قويماي دەۋەردىم. گېلىم قۇرۇپ، ئاۋازىم بوغۇلۇپ كەتكۈچە سۆزلىدىم. سۆزلەۋاتقىنىمدا مەن بىسىپ ئۆتكەن مۇساپىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم، ھوي جاھىل ئۇنسۇر! — رېھىم ئېتىلىپ كېلىپ مەيدەمگە بىر مۇشت سېلىۋىدى، مۇشت زەربىسىدىن كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ دەلدەڭشىپ كەتتىم، بېشىم پىرقىراپ، كۆڭلۈم ئاينىغىلى

تۇردى. شۇ چاغدا ماڭا پۈتۈن بەدىنىم ئۆزەمنىڭ ئەمەستەك ياكى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

## 2

ئېسىمنى بىلمەي قانچىلىك ياتقانلىقىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. قاتتىق ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ ئاۋازىدىن ھوشۇمغا كەلدىم. بۇ بوۋاق كىم، ئۇ قەيەردە ۋە نېمىشقا بۇنداق قاتتىق يىغلايدۇ؟ بۇنى دەرھال چۈشىنەلمىدىم.

بېشىمنى كۆتۈرۈشكە ھەرقانچە ئۇرۇنغىنىمنى بىلەنمۇ، ماغدۇرسىزلىقىمدىن قىمىرلىيالماي قالدىم، گويا ئۈستۈمگە ئېغىر بىرنەرسىنى باسۇرۇپ قويغاندەك سېزىلدى. كۆزۈم پەقەت ئۆينىڭ تورۇسىنى كۆرەتتى. بۇ تورۇس بادرا ۋە شاخلار بىلەن نېرى-بېرى قىلىپلا يېپىلغان بولۇپ، قاچاندۇ بىر چاغلاردا ئۆي ئىچىگە يېقىلغان گۈلخان ئىسىدىن قارىيىپ كەتكەندەك تۇراتتى.

بوۋاقنىڭ يىغىسى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ئىسلار ئارىسىدا ئەلەگلەپ ياتقاندەك چايقىلىۋاتقىنىمنى سېزەتتىم. ئاخىر، قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدىم ۋە قورسىقىمنى سىلاپ باقتىم. قورسىقىم مەن تۇتۇپ ئادەتلەنگەن جايدىن تۆۋەنلەپ كەتكەندەك بوشىشىپ پەسلىگەنىدى. كۆكسۈم چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى.

شۇ چاغدا مېڭەمگە دەھشەتلىك بىر گۇمان چاقماق چاققاندەك قاتتىق تەسىر قىلدى: يېڭى بىر جان، مەن توققۇز ئايدىن بېرى كۆتۈرۈپ يۈرگەن، مەن بىلەن بىللە ئايرىلماي ياشىغان بىر جان مېنىڭ مۇشۇ بەختسىزلىكتە سولىنىپ ياتقان پاسكىنا، قاپقارا ئۆيدە،

شامال چىقىپ تۇرغان ئەنسىز كېچىدە تۇغۇلۇپ دۇنياغا كەلگەن بولمىسۇن يەنە؟!

بۇ ئۆي دەھشەتلىك، تۇيۇقسىز ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. لېكىن، ئۇ ماڭا غايىبانە بىر غەيرەت بېغىشلاپ مۆلچەرلىمىگەن كۈچ-قۇۋۋەت بەردى. مەن سەل ئۆرە بولۇپ، ئەتراپىمنى سىلاپ كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشەندىم-دە، تۇنجۇقۇپ توۋلاۋاتقان بوۋاقنى مەن تۇغقانلىقىمغا ئىشەندىم ۋە ياتقان جايىمدىن سەل يۆتكىلىپ بوۋاقنى تەستە قولۇمغا ئالدىم.

ئاغرىق، قانسىراش ئۈستىگە روھىي ئازاب قوشۇلۇپ مېنى ھالسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. مەن ۋاقىت ئۆتۈۋەرسە چىداشلىق بېرەلمەسلىكىمنى، ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشۇم مۇمكىنلىكىنى سېزىپ قالدىم. مەن بەرداشلىق بېرىشىم، چىدىشىم لازىم ئىدى. ئۆز-ئۆزەمگە: "چىدا گۈلئايىم، يېڭى دۇنياغا كەلگەن بىر ھايات ئۈچۈن ئاخىرىغىچە چىدا!" دەپ مەدەت بېرىپ لەۋلىرىمنى قاتتىق چىشلەيتتىم.

بوۋاق بولسا ھامان ۋارقىرايتتى. ئۇ كىچىككىنە قوشۇملىرىنى تۈرۈپ، جېنىنىڭ بېرىچە زورۇقۇپ، چىڭقىلىپ توۋلايتتى...

مەن ئىشىك ئالدىدا ئادەم بولسا كىرىپ قالار، بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئۈنىنى ئاڭلىسا، بۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بارلىقىنى، يېڭى بىر جان ئىگىسى تۆرەلگەنلىكىنى چۈشىنەر، مۇبادا ئۇ ئادەم ئەر كىشى بولۇپ يېنىمغا كىرىشكە تارتىنغاندىمۇ، يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر ئايال كىشىنى چاقىرىپ قويار، دەپ ئۈمىد قىلاتتىم. ۋاقىت ماڭا بەكمۇ ئۇزۇن بىلىنەتتى.

تاقىتىم چەكتىن ئېشىپ ئاخىرى بولالمىدىم-دە، "ئادەم بارمۇ، بىرەرسىڭلار كىرىڭلار!" دەپ ۋارقىراشقا باشلىدىم. شۇنچە ئۇزاق

ۋارقىرىغان بولسامۇ، ھېچكىم كىرمىدى. مېنىڭ ۋارقىراشلىرىمغا قاتتىق چىقۋاتقان شامالنىڭ ئەنسىز گۇركىرىشى جاۋاب بېرەتتى، خالاس!

ھوشسىزلىق مېنى قىيىنماقتا. ماغدۇرسىزلىق ئاخىرقى نەپسىمنى ئۈزۈپ قويايلا دەپ قالدى. مەن بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ ئۆرە بولدۇم-دە، خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ بوۋاقنى كۆتۈردۇم. باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، كۆز چەن بىلەن ئۆلچەپ ئۇنىڭ كىندىكىنى چىشلىدىم ۋە قاتتىق بىر كۈچىنىش بىلەن ھەمرىيىدىن ئۈزۈپ تاشلىدىم. ئۆزەمدە ھەددىدىن ئارتۇق چارچاش سەزدىم. بوۋاق ھامان ۋارقىرايتتى...

مەن بوۋىقىمنى كۆڭلىكىمنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە يىرتىپ كىندىكىنى تېڭىپ قويدۇم. ئاندىن، ئىچ كۆڭلىكىم بىلەن قېلىپ تېشىمدىكى كۆڭلەكنى يۆگەك قىلىپ بوۋاقنى ئوردۇم. ئۇنى ئاۋايلاپ يېنىمغا ياتقۇزغاندىن كېيىن، ئاخىرقى دېمىم كېسىلگەندەك بولدى-دە، ھېچ نەرسىنى سەزمەي قالدىم...

ھوشۇمغا كەلسەم، بوۋاق يەنىلا يىغلاۋېتىپتۇ، ئۇ بوغۇلغان، خىرقىرىغان ئاۋازدا يىغلايتتى ۋە كۆز پەسلىدىكى ياپراقتەك تىترەيتتى. مەن يەنە كۆتۈرۈلۈپ ئۆرە بولۇپ ئۇنى قولۇمغا ئالدىم. كۆكسۈمگە بېسىپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە سۈت چىرغاتتىم. ئاندىن ئۇنى ئېمىتىشكە باشلىدىم. بوۋاق ئۆزىچە غوتۇلداپ كەتتى، ئاۋازى پەسىيىپ ئېمىشكە باشلىدى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلدى. كەينى-كەينىدىن دوپپۇرلەپ بىرنەچچەيلەن كىرىپ كەلدى. مەن دەرھال يوتقاننى يۇقىرى تارتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇنۇشقا تىرىشتىم. بېشىمنى كۆتۈرگىنىمدە،

ئالدىمدا ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان رىھىمنى، تاماكا چىشلەپ قاپقىنى تۈرۈپ، قولىنى يېڭىگە تىقىپ قاراپ تۇرغان ھامۇتنى، نېپىز گاز ياغلىقىدا ئاغزى-بۇرنىنى چىڭ تېڭىۋالغان، چىرايى پۈرۈشكەن رەيھاننىسانى، يەنە مەن تونۇمايدىغان بىر ئەر كىشىنى كۆردۈم. بىر قاناتلىق ئىشىكتىن كىرىۋاتقان يورۇقنى ئۇلار توسۇۋالغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان تاڭ ئاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. سىرتتىن يەنە سەل سوغۇق بولسىمۇ ساپ، يېڭى ھاۋا كىرىپ تۇراتتى.

سىرتتىن كىرگەن ھاياسىزلار قان-تەر ئارىسىدا ياتقان بىر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ، گويا بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان يېڭى بىر مەخلۇقنى تاماشا قىلىۋاتقانلاردا بولىدىغان قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

مەن ئۆزەمنى تۇتۇپ تۇرالمىدىم. بەدەنلىرىمنى، يوتقان-كۆرپە-لىرىمنى ئوڭشىۋېلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق بوۋىقىم مۆزدەك بەدىنىنى كۆكسۈمگە يېقىپ بەخىرامان ئېمەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت ئىچىدە قالغاندەك ئېچىشىپ كۆيەتتى. بېشىمنى يەردىن ئۈستۈن قىلالماي كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ:

— بۇنداق قاراپ تۇرماڭلار، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەرغۇ، چىقىپ كېتىڭلار، — دېدىم ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — قانداق گەپ بولسا رەي-ھاننىسا ئېيتسۇن، باشقىڭلار چىقىپ كېتىڭلار، ماڭا دوختۇر چاقىرىپ بېرىڭلار...

— ئىنژېنېر خېنىم بولۇپ كېرىلىپ يۈرگەن چاغلاردا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق ئىشنىڭ كۈندە تۇغۇپ قالىدىغانلىقلىرىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتىلە-ھە؟ — ھامۇت زەھەرخەندىلىك بىلەن مەسخىرە قىلىپ ھىجايدى، — قېنى سىلىگە شەپقەت ياغدۇرۇپ يۈرگەن

ئبراهىم بىلەن قۇتلۇق ئاكىلىرى؟ ئۇلار سىلىنى قۇرۇلۇش مەيدانى-
دىكى داۋالاش چېدىرىدا باققانىغا قانائەتلەنمەي، ناھىيىلىك دوختۇر-
خانىغا ئەۋەتىپ يۇرمىگەنمىدى؟ ئەمدى نېمىشقا دوختۇر ئەۋەتەل-
مەيدۇ، سىلە نېمىشقا ئۇلارغا "دوختۇر چاقىرىپ بېرىڭلار"، دەپ
تەلەپ قىلماي بىزگە دەيلا؟

رېھىم قاقاقلاپ كۇلۇپ:

— خانىم ئۇلارنىڭ ئەمدى ئۆزىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشتە رۇخ-
سەت سورايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەملىيەلەيدۇ، —
دېدى.

— بوپتۇ، دوختۇر ئەۋەتمىسەڭلەرمۇ چىقىپ كېتىڭلار، — دېدىم
مەن ئۆتۈش تەلەپپۇزى بىلەن، — مەن تۇغۇتلۇق تۇرسام دېۋەيلەپ
كېلىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟

قۇلاقنى جىزىلدىتىپ رېھىمنىڭ كۇلكىسى يەنە ئاڭلاندى.

— تۇغۇتلۇق بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئۇ مازاق قىلىپ، —
ئۇرغۇن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار، ساڭا ئوخشاش
جىن-شەيتانلار پرولېتارىياتنىڭ ئاممىۋى دىكتاتۇرىسىنىڭ كۈچى
ئاستىدا ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋېلىۋاتسا، سەن تېخى يالغۇزلۇقۇڭغا يەنە بىر
شاياتۇننى قوشۇۋالدىڭ. شۇنداق قىلىپ ئىككى بولدۇڭ...

— سەن، ئۆلۈپ-تارتىپ قالسام بولار ئەنسىرەيدۇ، دەپ
ئويلىما! — دەپ ھەيۋە قىلدى ھامۇت، — جىنايىتىدىن قورقۇپ
ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالدى، دەپ ئېلان قىلىۋېرىمىز.

— ئەمىسە نېمىشقا دېۋەيلەپ تۇرىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدىم
بوغۇلۇپ، — سىلەرگە نېمە كېرەك؟

— ئۆتكەندە ساڭا قويۇلغان تەلەپ ئىسىڭدە بولسا كېرەك، —

ربهم خاترجەم سۆزلەيتتى، ــ شۇ تەلەپ بويىچە ئىقرارنامە يازد-
ىەن. "پۈتۈن مەملىكەت پىپەن قىلىشۋاتقان خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇردۇم، بۇنداق قىلىشىمدا ئىبراھىم بىلەن قوتلۇقنىڭ پەردە ئارقىسىدا يەل بېرىشى رول ئوينىدى" دەپ پاش قىلىسەن. ئاممۇۋى دىكتاتۇرا گۇرۇپپىسىنىڭ نازارىتىگە بويسۇنماي، دېھقانلارنى قايمۇقتۇرۇپ قىچىپ كەتمەكچى بولغانلىقىڭنىڭ تەپسىلاتىنى تولۇق، قالدۇرماي تاپشۇرىسەن.

ــ شۇنداق ماتېرىيال يازىدىغان بولساڭلا، كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، ــ دېدى هامۇت.

ــ ساڭا شۇ چاغدا دوختۇرمۇ ئەۋەتىلىدۇ. توخۇم، شورپا، سۈت-لۈك چايمۇ بېرىلىدۇ، ــ ربهم هامۇتنىڭ كەينىدىنلا قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى، ــ مانا، ئەتراپىڭدا تۇرغانلار ئەنزە ئاغدۇرۇپ، ئەكسى-يەتچىل پېتنە - ئىغۋا تېرىغانلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى. ساڭا كېپىل. ئاساسەن قانائەت-لىنەرلىك يازغان بولساڭلا، چوڭ يىغىن ئاچىمىز. سەن يىغىندا ئۆزەڭنىڭ ئىقرارنى ۋە پاش قىلىشىڭنى ئوقۇيسەن.

ــ ناھىيە بويىچە ئېچىلىدىغان چوڭ يىغىندا سەن كەڭچىلىك بىلەن چارە كۆرۈشنىڭ ئىپى بولىسەن، ــ دەپ قوۋۋەتلىدى رەيھاننىسا.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىرى توختىسا يەنە بىرى سۆزلەپ، بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ، قوشۇمچە قىلىپ، هەم ئالداپ، هەم قورقۇتۇپ بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. مەن تۇغۇتتىن كېيىنكى ماغدۇرسىزلىق، روھسىزلىق ۋە ئوزۇقسىزلىق تۈپەيلىدىن ئۆزەمنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتىم. بولۇپمۇ تۇغۇتتىن كېيىن بولىدىغان چاڭقاش

تۆپەيلىدىن تىنىقىمۇ بىر-بىرىگە ئۇلگۈرمەيۋاتاتتى.

— سۇ، بىر يۇتۇم سۇ... — دېدىم ئاخىر ھالسىزلىققا چىداشلىق بېرەلمەي دېمىم سىقىلىپ.

رېھىم بىرىسىگە پىچىرلاپ سۇغا بۇيرۇدى بولغاي، ئىشىكتىن بىر-سىنىڭ سايىسى چىقىپ كەتتى. قەدەم بېسىشىغا قاراپ ئۇنىڭ رەيھان-نىسا ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتىم. مەن ھامان نومۇس كۆچىدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتىم. شۇڭا ئاخىرقى قېتىم ئۇلارغا، گەرچە، تەسىرلەنمەيدىغانلىقىنى بىلسەممۇ:

— چىقىپ كېتىڭلار، نېمانداق دېۋەيلەپ تۇرسىلەر، سىلەرنىڭمۇ ئاياللىڭلار بار، قىزلىرىڭلار بار، ھېچ بولمىسا ئاناڭلارمۇ ئايال ئەمەسمۇ؟ — دېدىم يىغلىنىپ.

— مە، سۇ ئىچ! — دەپ بۇيرۇدى رېھىم.

مەن بېشىمنى ئۇستۇن كۆتۈرەلمەي قولۇمنى ئۇزاتتىم، ھېچ نەرسە ئۇرۇنمىدى. چاڭقاش ئازابى نومۇسنى يېڭىپ ئاخىر بېشىمنى سەل كۆتۈردۇم ۋە ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن بېغى يوق كورۇشكىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنى ئىچەي دەپ ئاغزىمغا ئېلىپ كەلگەندە، كۆڭلۈم ئايىنىپ كەتتى. كورۇشكىدىكى سۇ نەدىن ئېلىپ كىرىلدىكىن، ئۇنىڭ-دىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. سۇ يۈزىدە ماي ئايلىرىدا تىرى-لىدىغان ئۇششاق ھاشاراتلار قىمىرلاپ يۈرەتتى. سۇ لايقىسىمان بولغانلىقتىن، دۇغ ئارىسىدىكى بۇ ھاشاراتلارنىڭ رەڭگىنى بىلگىلىمۇ بولمايتتى.

— ئىچە، ئىچ، سەن تويمايدىغان، ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان، ھەمىشە ئارزۇلاپ يۈرگەن سۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى رېھىم ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — سەن ھېلىقى ماتېرىيالنى يازغاندىن كېيىن،

ئاندىن رەسمىي سۇ بېرىلىدۇ.

— ناھىيە بويىچە ئېچىلىدىغان ئىقرار قىلىش ۋە پاش قىلىش يىغىنىدا قەنت سالغان چاي ئىچىسەن، — دېدى چەتتىرەك تۇرغان ھامۇت.

— ئۆز قولۇڭ بىلەن دەملەپ ئىچىسەن، — دېدى رەيھانىنسامۇ.

ئالدىمدا تۇرغان بۇ بىرنېمىلەرنى ئادەم دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا بىھۇدە ئىلتىماس قىلغانلىقىمنى، ئۆزەم بىر ئادەم تۇرۇپ مۇشۇنداق ئادەمسىمان ھايۋانلاردىن نومۇس قىلىپ خاتا قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم. شۇڭا غەيرەتلىنىپ، چۇۋۇلغان، تەردىن نەملەشكەن چاچلىرىمنى بىر سىلكىپلا ئۇلارغا بۇرۇلۇپ، غەزەپ بىلەن تىكىلدىم. قاتتىق غەزەپ بىلەن قارىغانلىقتىنمۇ، پەقەت رېھىم بىلەن ھامۇتنىلا كۆرەلىدىم، باشقىلار كۆزۈمگە غۇۋا كۆرۈندى.

— سەنلەر بېشىمدا دېۋەيلەپ ھەرقانچە ئۇزاق تۇرۇشاڭمۇ، سىياسىي سۇيىقەستىڭگە خىزمەت قىلىدىغان بىرەر ماتېرىيال ئېلىشالمايسەن. مەن ھېچقاچان ئەكسىيەتچىل سۆز قىلغىنىم يوق. ئەكسىچە، سىلەرنىڭ خاتا قىلمىشلىرىڭلارنىلا پاش قىلدىم، خالاس. ئىبراھىم ۋە قۇتلۇق يولداشلار پارتىيە، خەلقنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئىشلىشىم ئۈچۈن مەدەت بەردى، يول كۆرسەتتى. مەن ھېچقاندىاق دېھقانلارنى ئالداپ قايمۇقتۇرۇپ قېچىشنى پىلانلىغىنىم يوق. بۇ، دېھقان يولداشلارنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى. ئالە بۇ ئىپلاس يۈنداڭنى! ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالساممۇ سەنلەردىن سۇ سورىمايمەن!

مەن قولۇمدىكى كورۇشكىنى رېھىمنىڭ ھېجىيىش ئورنىغا رەزىل ئاچچىق يامىشۋاتقان خۇنۇك يۈزىگە ئاتتىم.

## 3

ئەمگىن، تويۇپ ـ تويۇپ ئەمگىن. بالام. تولا يىغلاپ ئاۋازىڭ پۈتۈپ قالمدى. تولا قىينىلىپ دېمىڭمۇ توختاپ قالمىدى. ئانا بولۇپ تۇرۇقلۇق تويغۇدەك سۈت بېرەلمىدىم، مەندە بارى شۇ بولغاندىكىن، ئاز كۆرمەي ئەمگىن بالام.

مەنمۇ "گۇناھكار" ئاتىلىپ تىل ـ ھاقارەت ئاڭلىدىم، خورلاندىم، تاياقمۇ يېدىم. سەندە ھېچ گۇناھ يوق ئىدى، پەقەت مەندىن تۇغۇلغىنىڭ ئۈچۈنلا "ئەتىنىڭ كۈچۈكى"، "شۇم"، "ھارامدىن بولغان"، دەپ ئاتالدىڭ. سەن دۇنيادىكى ئارزۇ ـ ئارمىنىڭنىمۇ، تىلەك ـ ھاجەتلىرىڭنىمۇ يىغلاش ئارقىلىقلا ئىپادىلىيەلەيسەن. شۇنداق بولۇشۇڭغا قارىماي، قاتتىق ئازابلاندىڭ. ئاناڭنى سوراق قىلغان، دۆشكەلىگەن چاغلاردا، كىرلەشكەن كۆرپە ئۈستىدە پۈتلىرىڭنى ئاسمانغا قارىتىپ تېپىپچەكلەپ، كىچىككىنە مۇشتۇملىرىڭنى چىڭ تۈگۈپ پۇلاڭشىتىپ، كىچىك، قىسىق كۆزلىرىڭنى چىڭ يۇمۇپ، قوشۇملىرىڭنى تۈرۈپ يىغلىدىڭ. ساڭا تەئەللۇق بولغان بىردىنبىر خۇشاللىق، تىنچلىنىش، ئارام ئېلىش، پەقەت شۇ ئېمىش. شۇڭا ئېمىۋال جېنىم بالام...!

ھەر كۈنى ئىككىمىز يالغۇز قالغان چاغلاردا شۇ سۆزلەرنى نەچچە قېتىم تەكرارلايدىغانلىقىم ھازىر يادىمدا يوق. بىزنى ياكى كۈندۈزى ياكى كېچىسى ئارام ئالغۇزمايتتى. تۇساتتىن باستۇرۇپ كىرىپ قىيىن ـ قىستاققا ئالاتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، بالام ماڭا ھەم ھەمراھ، ھەم ئەرمەك ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياشاشقا ئىنتىلىشى بىلەن

ماڭىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. ئۇ بەزىدە ئۇخلاۋېتىپ، بەزىدە
كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ، تاتلىققىنا كۈلەتتى. بوۋىقىمنىڭ بۇ كۈلكىسى
بىلەن مەنمۇ كۈلۈپ كېتەتتىم. كىشى ھاياتتا كۈلۈپ ياشىيالىسا، بۇ
كۈلۈش ھېچكىمنىڭ رەنجىشى بەدىلىگە بولمىسا، بۇ نەقەدەر بەختـ-
لىك ياشاش ـ ھە؟ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ياشىغىم، بالىلىرىم ئۈچۈن
ياشىغىم كېلەتتى.

بوۋاق بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلىلا كىچىك
ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا تېز ئوزۇق بولالايدىغان قۇۋۋەتلىك سۈت
كەم ئىدى. ماڭا بېرىلىدىغان بىر كۈنلۈك تاماق ئىككى ۋاخلىق
بولۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋىتامىنلىق، ئاقسىلـ-
لىق ئوزۇق يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ماڭا بېرىلىدىغان نورمىدىن
تاشقىرى بىر يۇتۇم سۇمۇ شەرت بىلەن بېرىلەتتى. بۇ شەرتلەر
مېنىڭ "ئەكسىيەتچىل" سۆز قىلغانلىقىمغا ئىقرار بولۇش، مېنى خاتا
يولغا باشلىدى، دەپ ئىبراھىم بىلەن قۇتلۇق ئاكىلارنى "پاش"
قىلىپ، چوڭ يىغىندا سۆزلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، مەن
ھاياتنى، بالامنىڭ ھاياتىنى ھەرقانچە سۆيگىنىم بىلەن، كىچىككىنە
ئوغلۇمنى ساقلاشقا ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەن، بۇنداق سۆيۈش ۋە
ساقلاشنى ۋىجدان سېتىش، راستنى يالغانغا ئالماشتۇرۇش، ئاقنى
قارا دەپ كۆز بوياش بەدىلىگە ئورۇنلىيالمايتتىم. ھاياتنىڭ مۇساـ-
پىسى مېنىڭ ئالدىمغا ئىمتىھان سوئالى چىقىرىپ، قايسى يولدا ماڭىـ-
سەن دېگەندە، مەن دۇدۇقلىماي، ئىككىلەنمەي، ئەتراپقا قاراپمۇ
يۈرمەي پارتىيە ئىشلىرىنىڭ، خەلق ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان
تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئىنقىلابىي ئەجداتلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىـ-
مەن، دەپ جاۋاب بەرگىنىمگە خۇشال بولىمەن. مەن خاتا يولدا

ماڭمىغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. شۇ سەۋەبتىن رىھىم، ھامۇتلار-
نىڭ ۋاقىتلىق ئىگەللىۋالغان قىسمەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پىشقە-
دەم رەھبىرىي كادىرلارنى سۇيىقەست بىلەن ئۆرۈپ چۈشۈرۈشتە
مېنى قۇربانلىق قىلىپ يۇقىرى ئۆرلەش نىيىتىنى رەت قىلالىدىم.
يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا رىھىم ۋە ھامۇتلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ،
ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمگە پايدىسى يوق ئىكەنلى-
كىنى مۇقىملاشتۇراتتىم. خەلق ئاممىسى ئۇلارغا نەپرەتلىنەتتى. "بۇن-
داق ئادەملەر قانداقمۇ غەلىبە قىلالىسۇن؟" دەپ ئىچىمدە مەسخىرە
قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا، گۇلدۇر-تاراقلىرى
ھەرقانچە دەبدەبىلىك بولسىمۇ ئاخىرى رەسۋا بولىدىغانلىقىغا تولۇق
ئىشىنەتتىم. ئىشەنچ مېنى روھلاندۇرۇپ، ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ
تۇراتتى. بۇنداق روھلىنىش، ئالغا ئىنتىلىش ئۈمىدىمنى ئاۋۇتاتتى.
شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق قىيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىپ،
جىسمانىي جەھەتتە زەئىپلەشكەن، چاچلىرىمنىڭ ئۇچىدىن بىرىگە
ۋاقىتسىز ئاق كىرگەن، ماڭلاي ۋە مەڭزىلىرىمگە قورۇق كىرگەن
بولۇشىغا قارىماي، روھىي جەھەتتە كۆتۈرەڭگۇ قىياپەتتە 1976-
يىلىنىڭ ئۆكتەبىر ئېيىنى — مەملىكەت ھاياتىدىكى، پارتىيە تارىخىدىكى
ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك ئاينى قارشى ئېلىپ، ھەممە خەلق ئاممىسى
قاتارىدا خۇشاللىقنىڭ، شادلىقنىڭ قاينىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ
كەتتىم.

شۇ كۈنى داقا-دۇمباق، پوجاڭزا ئاۋازىنىڭ ھەيۋەتلىك سادا-
سىدىن ئويغانغاندىم. ئۇ چاغلاردا داقا-دۇمباق چېلىش، پوجاڭزا
ئېتىش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ، گېزىت-ژۇرنال ماقالىلىرىنىڭ
ئېلان قىلىنىشى ئۇچۇنمۇ قىلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالغان، شۇڭا،

بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىك مېنىڭمۇ ئادىتىم ئىدى. لېكىن، بۈگۈنكى داقا-دۇمباق ۋە پوجاڭزا ئېتىلىش بالدۇرقىلارغا ئوخشىمايتتى. كۆلىمى زور، ھەيۋىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاغ سۈيىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بوغۇقراق، ئەمما قۇدرەتلىك تەنتەنە ساداسىمۇ بار ئىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېنىق بىلمىسەممۇ، پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. دېگەندەك، ئۇزاققا بارماي ئۆيىنىڭ ئىشىكى تېز ئېچىلدى-دە، مەن يېرىم يىلغا يېقىن كۆرمىگەن شوجى ئىبراھىم ئاكا بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. ئەمما، مەن ئىبراھىم ئاكىنىڭ بىر ئۆزىنىلا كۆرەتتىم ۋە كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ، خىيال قىلىۋاتامدىمەن، چۈشۈمدە كۆرۈۋاتامدىمەن ياكى بۇ ئەمەلىيەتمۇ دەپ كۆزۈمنى سۈرتۈشكە باشلىدىم.

— يولداش گۈلئايىم، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" بىر يولى تارمار بولدى!، — دەپ توۋلىدى ئىبراھىم ئاكا ۋە مەڭزىلىرىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويماي مەن تەرەپكە ئېتىلىپ كەلدى...

ھوشۇمغا كەلگەندە، تام-تورۇسلىرى ئاپئاق، كارىۋات، ئۈستەللىرى چىرايلىق سىرلانغان، يوتقان-كۆرپىلىرىمۇ ئاپئاق ئۆيدە ياتاتتىم. يېنىمدا ياتقان ئورۇق، ۋىجىك بوۋىقىم سۇس كۈلۈمسىرەپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۆگەكلىرىمۇ ئاپئاق ئىدى. مەن شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن زامانىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولغانلىقىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەندىم...

مانا ئەمدى مەن ئۈزۈلۈپ قالغان خاتىرىلىرىمنى يېزىۋاتىمەن،

لېكىن ئۇ لەنىتى كۈنلەردىكى ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى، جىددىي كۈرەشلەرنى يېزىشقا قولۇم بارمايۋاتىدۇ. شۇنچە يازغۇم بار، لېكىن ھېسسىياتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ يازالمايۋاتىمەن. مەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە، ئۇ لەنەتلىك كۈنلەرنىڭ بىۋاستە شاھىتى بولۇپ تۇرمۇش كەچۈردۈم. ئەڭ ئىپلاس، رەزىل ئادەملەرنىڭ قامچىسىغا تۈكۈرۈپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ياشىغىنىنىمۇ كۆردۈم. قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، جاپا - مۇشەققەتلەرگە تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان ئالىيجاناب ئادەملەرنىمۇ كۆردۈم. ئاۋۋالقىلىرى ئۆزىنىڭ نومۇسسىز مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھوقۇق - ئىمتىيازى ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن كۈرەش قىلدى. كېيىنكىلىرى بولسا كۆپنىڭ مەنپەئەتى، خەلقنىڭ سائادىتى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە غەلىبە قىلدى، خەلق ئاممىسى غەلىبە قىلدى. شۇنداق چاغدا ئازابلىق، دەرد - ئەلەملىك كۈنلىرىمنىڭ خاتىرىسىنى، بولۇپمۇ ھېلىقى ھاجەتخانا يېنىدىكى ئۆيگە قامالغان ۋاقىتلاردىكى كۈنلىرىمنىڭ ئەسلىمىسىنى يازايمۇ، يازمايمۇ؟

يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ نۇرغۇن كۈن ۋە تۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. بىر قېتىم ئەمەلىيىتىم بىلەن باشتىن كەچۈرگەن بۇ دەرد-ئەلەملەرنى ئەسلەش، يېزىش ئارقىلىق، ئىككىنچىلەپ يەنە ھېسسىيات جەھەتتىن قايتا شۇ ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، لەنەتلىك، نەپرەتلىك ئاي - كۈنلەرگە روھىي جەھەتتىن قايتىپ بېرىشنىڭ ماڭا ھازىر يەنە نېمە ئەھمىيىتى بار؟

ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بار. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئۇ كۈنلەرنى كۆردى، لېكىن بىزنىڭ

ئەۋلادلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار بەخت - سائادەتنىڭ ئوڭاي كەلمىگەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن يېزىش لازىم. ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئوقۇپ قىلىشى لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، ئىلغار خەلق ئاممىسىنىڭ تىز پۈكمەي كۆرەش قىلغانلىقىدىن، پارتىيىنىڭ ئەزەلدىن كۆرەشچان، ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا بولۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىشى لازىم. ئاز ساندىكى سالجىلارنىڭ بىر چاغلاردا، سەل - پەل پۇرسەت بولسىلا ئۆملەپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئۆرۈۋېتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قېنىنى ئىچىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چەيلىنىپ تاشلانغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن يېزىش لازىم. بۇ ئەۋلادلارنى ھوشيار بولۇشقا ئۈگىتىدۇ...

دۇرۇس، ھاياتنىڭ قىممىتى ئۆتكەنلەرنى ئەسلەشتە ئەمەس. خۇشاللىقلار ئىچىدە مەست بولۇپ، شادلىنىپ خىيال سۈرۈپ، خاپىلىقلارغا بولسا يېنىشلاپ يەنە كىرىپ قاقشاشتا ئەمەس. ھاياتنىڭ قىممىتى ئالغا قاراشتا! ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان ھايات مۇساپىلىرى ئىچىدىن ھەممىگە ئورتاق بولغان خۇشاللىقلارنى ئىزدەپ، شۇ خۇشاللىقلارنى يوشۇرۇپ قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مۇشكۈللۈكلەرنى يەنچىپ يەكسان قىلىشتا! بۇنداق قىلىش ئۈچۈن مۇشكۈللۈكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىش لازىم. بۇنى چۈشىنىشتە، تەبىئىيكى، ئەجدادلارنىڭ قانداق ماڭغانلىقىنى بىلىپ باقماي بولامدۇ؟ مەن ئۆز بالىلىرىمنىڭ بۇلارنى بىلىپ قىلىشنى ناھايىتى خالايمەن.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ دۆلەتكە، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئا- پەتلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەر-

نىڭ ھەممىسىدە مىسلىي كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يامراپ كەتتى. ئۇلارنى پاش قىلىش، ئېچىپ تاشلاش كەڭ-كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق. بۇ چۆپرەندىلەرنىڭ بىر تالاي سەپسەتىلىرى پەلسەپۋى نۇقتىدىن نۇرغۇن ماقالىلەر ئارقىلىق رەت قىلىندۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئىنسانىيىتىنى خورلىغان رەزىللىكىمۇ يېزىلارمىكىن؟ كىشىلەرنىڭ روھىنى، مەنىۋى دۇنياسىنى دەپسەندە قىلغان ئىپلاس ۋاستىلىرى ئېچىپ تاشلىنامدىكىن؟

بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى رەزىل ئەپت-بەشىرىسى ۋە ئىپلاس روھىي دۇنياسى ئېچىپ تاشلىنىشى كېرەك. بۇنىڭسىز، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ۋە ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك گۇماشتىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى خەلق ئاممىسىغا، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارغا قانداقمۇ تونۇتقىلى بولسۇن؟

مەن يازغۇچى بولمىغانلىقىمغا ئۆكۈنمەيمەن، لېكىن يازغۇچىلىقنىمۇ ئۆگىنىپ قويمىغىنىمغا ئېچىنىمەن. بەلكىم، بۇنداق خىيال قىلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىمەنىلىك بولار. چۈنكى، يازغۇچىلىق ئۆگىنىدىغان ھۈنەرمىدى؟

ھەر ھالدا، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى باھالاش، تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش؛ شۇنداقلا ئىنساننى خورلاش، دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە كۆڭۈل ئاچىدىغانلارنى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بار دەپ پاش قىلىش يازغۇچىلار ئورۇنلىمىسا بولمايدىغان ۋەزىپە. بۇنىڭدىن، مۇشۇنداق مەجبۇرىيەتتىن ياناپ ئۆتۈپ كېتىدىغان يازغۇچى بولمىسا كېرەك. مۇبادا چىقىپ قالسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ خەلقنىڭ يازغۇچىسى، "ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى"

دېيىشكە بولمايدۇ...

مەن خورلانغانلىقىمنى يېزىش ئارقىلىق، خورلىغۇچىلارغا لەنەت ئوقۇغۇم بار ئىدى. يازغانلىرىمنى ئوقۇغان كىشىلەردىمۇ ئىنسان قىممىتىنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسىنى ئاۋۇتۇپ، شەكلى ئادەمگە ئوخشاي-دىغان، ئەمما، تەبىئىتى ۋە خۇلقى يېقىدىن ۋەھشىي هايۋاندىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان ئىپلاسلارغا نەپرەتلىنىش سېزىمىنى ئۇلغايتقىم بار ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇنداق سەۋىيىدە يازالمايمەن. مۇبادا يازدىم دېگەندىمۇ، ئىچكى ھېسسىياتلىرىمنى ئويلىغان چېغىمدىكىدەك ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئەمما، ماڭا ئوخشاش سورۇقچىلىق تارتقانلار ھەققىدە كىتابلار يېزىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى، خورلىغۇچىلار بىر-ئىككى رەزىل بىلەن چەكلەنمىگىنىدەك، خورلانغۇچىمۇ يالغۇز مەن ئەمەس...

# ئون بەشىنچى باب

## لېنتا كېسىش مۇراسىمى

ئېغىر كېسەلدىن يېڭىلا تۇرغان كىشى ھەرقانچە خۇشال بولغىنى بىلەن دەرھاللا ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەلمىگىنىگە ئوخشاش، شۇ كۈنلەردىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ تۇساتتىن يېڭىلانغان سىياسىي ئاتموسفېراغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلالمايۋاتاتتى.

ئېزىلگەن، نېمىسىنىڭ ياخشىلىق ۋە نېمىسىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي بەڭگىگە ئوخشاش مەسخۇش قىلىۋېتىلگەن كىشىلەر شۇ كۈنلەردە خۇشاللىقتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئادەملەر تونۇش بولسۇن-بولمىسۇن، زۆرۈرىيىتى بولسۇن-بولمىسۇن، بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلەتتى، شادلىقلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. ئۆيلىرىدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيتتى، سىرتلارغا چىققۇسى كېلەتتى ۋە چىققاندىن كېيىن نەگە بېرىشىنى، نەدە تۇرۇشىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. ھەممەيلەن "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ يوقالغىنىغا تەنتەنە قىلىشاتتى.

مېنىڭ ئەھۋالىممۇ ئاشۇنداق ئىدى. قەلبىمدىكى خۇشاللىق، شادلىق تولۇپ تاشقان، ئۇ مېنى ھاياجانلاندۇراتتى، يۈرىكىم قىنىغا سىغمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مېنى ھەممەيلەن تەبرىكلەيتتى، مەنمۇ ھەممەيلەننى تەبرىكلەيتتىم.

مانا، ئالدىنقى كۈنى توسمىنىڭ پۈتۈپ چىققانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ رەسمىي ئىشلىتىلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ لېنتا كېسىش مۇراسىمى

داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

مەن ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي گۇندىخانىسىدىن چىقىپ، مېنى يوقلاپ كەلگەنلەردىن ئاڭلىشىمچە، توسما قۇرۇلۇشىنىڭ مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋېلىش قەستىدە يۈرۈشكەن رېھىم، ھامۇت دېگەن نېمىلەر سىياسىي ھايانكەش قۇتبىدىنىنىڭ كەينىدىن پالاقشىپ يۈرۈپ، بىر قېتىم "لېنتا كېسىش مۇراسىمى" ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ باققان. قۇتبىدىن ۋىلايەتتىكى ئۆزىگە تەۋە كاناي-سۇنايچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، گېزىت، رادىئولاردا توسما قۇرۇلۇشىنى "'ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى'غا قارشى تۇرۇش يولىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ نەتىجىسى"، "ئىبراھىم، قۇتلۇق قاتارلىق كاپىتالىزم يولىغا داۋاملىق مېڭىۋاتقان ھوقۇقدارلارنىڭ تىرىلىش قەستىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ مول مېۋىسى"...دەپ داۋراڭ سېلىشقان. لېكىن، توسما قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق جەريانى ناھىيە بازىرىدىكى ۋە ھەرقايسى گۇڭشىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچى، گۇڭشې ئەزالىرىغا ئاللىقاچاندىن بېرى مەلۇم بولغاچقا، ھېلىقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە سوغۇق كۈلۈپ قويۇش بىلەن پەسەنت قىلمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار نەق مەيداندا "لېنتا" كەسمەكچى بولۇشقان. بىراق، كوچا-كوچىلارغا چاپلانغان ئېلانلار ۋە ناھىيە بويىچە گۇڭشې، مەيدانلارغا تارقىتىلغان ئۇقتۇرۇشلار مۆلچەردىكىدەك ئۈنۈم بېرەلمىگەن. ئۇلار قاتنىشىدۇ دەپ ئويلىغان ئادەم سانىنىڭ ئوندىن بىرىمۇ كەلمىگەن. كەلگەنلەرمۇ مۇنداق كاتتا يىغىلىشنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا تارقىلىپ كېتىشكەن. ئەھۋالنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقىنىنى كۆرگەن قۇتبىدىن، رېھىمگە بىر

تالاي تاپا-تەنە قىلىپ، يېتەرلىك جامائەت پىكرى ۋە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللانمىغان دەپ ئەيىبلىگەن. ئاخىردا رىھىم توسما توغرۇلۇق جىق گەپ قىلمايلا "ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى"غا قارشى كۈرەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە بىردەم تەرغىبات يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قۇتبىدىننى "يولىيورۇق" بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. قۇتبىدىنمۇ رەسمىيەت يۈزىسىدىن، گېزىتلەرنىڭ تەييار باشماقالىلىرىنىڭ ئۇيەر، بۇ يەرلىرىدىن ئۈزۈۋېلىپ تەييارلانغان "نۇتۇق"نى سۆزلەپ تەنزىسىنى يىغىشتۇرغان-دە، لوزۇنكا، بايراق، رادىئو كانايلىرىنى يىغىشتۇرۇپ "مۇراسىم"نى تۈگىتىپ قايتىپ كېتىشكەن...

ئۇلار بۇ "لېنتا"نى جەزمەن يەنە بىر قېتىم "داغدۇغىلىق" كېسىشكە بەل باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم "مۇراسىم ئېچىشقا تەييارلىق كۆرگەن. بۇ قېتىم رىھىم قاتارلىقلار قۇتبىدىننىڭ تەنبىھىنى يادىدا تۇتۇپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللانغان. ئۇلار ناھىيە باشقۇرغان زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى يىغىنىغا قاتناشمىسا بىر سائەت ئۈچۈن بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى تۇتۇش، قاتناشسا بىر كۈن دەم ئېلىش بېرىشنى بەلگىلىگەن. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكىلەر ۋە گۇڭشې ئەزالىرى يىغىنىغا قاتناشسا ئون نومۇر قوشۇپ يازىدىغان، قاتناشمىسا بىر ھەپتىلىك ئاشلىق نورمىسىنى تۇتۇپ قالىدىغان "يەرلىك سىياسەت" تۈزۈپ تارقاتقان.

شۇنداق قىلىپ كۆرۈنۈشتە ھەيۋەتلىك، داغدۇغىسى ئالەمنى مالەم قىلغۇدەك چوڭ يىغىن ئېچىشقان بوپتۇ. ناھىيە ۋە گۇڭشې بازارلىرىدا لوزۇنكا، پلاكاتلار چاپلىنىدىغان تام يېتىشمەي، دەرەخلەر، سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرىمۇ بىكار قالمىغان. تەشۋىق ۋاراقلىرى قار

ياغقاندەك لەپلدەپ ئۇچۇپ يۈرگەن. چوڭ-چوڭ رادىئو كانايلرى
بېكتىلگەن ئاپتوموبىللار كېچە-كۈندۈز هەممە تەرەپلەردە يىغىن-
نىڭ داغدۇغىسىنى نامايىش قىلغان...

بىراق، ئۇلار كىشلەرنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ تەشۋىقاتىنى سىڭ-
دۈرەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، توسما قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەر
ئاققۇزغانلار ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىدىكى سىياسىي ئىبارىلەرگە ماسلى-
شىش ئۈچۈن ئىشلىمىگەنلىكلىرىنى بىلىشەتتى. تۆت-بەش سولتەك-
نىڭ هە دەپ يۇقىرىغا يامىشىپ، هوقۇققا تويمايدىغان بالا نەپسىنى
قاندۇرۇشى ئۈچۈن شوتا بالدىقى بولۇپ بېرىشكە ئىشلىمىگەنىدى.

بۇ قېتىم هەقىقىي مەنىدىكى لېنتا كېسىش مۇراسىمى ئېچىلدى.
توسمىنىڭ هەقىقىي ئىگىلىرى، قاتناشچىلىرى بىلەن ئېچىلغانلىقتىن،
يىغىن خۇشال-خۇرام ئېچىلدى. ئۇن مىڭلىغان كىشى هېلىقى
مەرەزلەرگە زاۋال كەلگەنلىكىگىمۇ بىرىيولى تەنتەنە قىلىشتى
بىرمۇنچە كىشلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقتى. بۇ ياشنىڭ خۇش-
لۇقتىن، هاياجاندىن، شۇنداقلا تارتقان بىهۇدە كۈلپەتلەرنى يادىغا
ئېلىشتىن تۆكۈلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

يىغىن توسما قۇرۇلغان دەريانىڭ بويىدا ئېچىلغانىدى. بۇ يەردە
مۇنچىۋالا ئادەم جەم بولۇپ چوڭ يىغىن ئاچقىلى بولغۇدەك كەڭرى
مەيدان يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى،
توسمىنىڭ ئەتراپى، گۈلدۈرلەپ سۇ ئېقىۋاتقان ئىككى غول ئۆستەڭ-
نىڭ دامبىلىرى يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن ئادەملەر بىلەن لىق
تولدى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قەدەر كۆپ بولۇشى مۆلچەردى-
كىدىن ئۇشۇق بولغانلىقتىن، يەنە بەش يەرگە موما قادىلىپ رادىئو
كانايلىرى ئورنىتىلدى. يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار بولسا يەنىلا ئايىغى

ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ يەر بىرمۇنچە گۇڭشېلارغا يىراق ئىدى.

بۇ يىغىنغا خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلغان، "نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى"دىن يېقىندىلا قايتىپ كەلگەن ئىبراھىم ئاكا قاتناشتى. شۇنداقلا، "مەسىلە ئويلاش ۋە مەسىلە تاپشۇرۇش" ئۈچۈن ئايرىپ قويۇپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان قۇتلۇق ئاكىمۇ كەلگەنىدى.

بۇ ئىككىيلەن مەن بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، سالامەتلىكىمنى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىمنى سورىدى. ئۇلارنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدىن كۆپ پەرق قىلاتتى: ياداپ كەتكەنلىكتىن كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، زىناق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىققانىدى. چاچلىرىنىڭ ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى دەسلەپ كۆرۈشكەن چېغىمدىلا سەزگەنىدىم. ئەمما، ھەر ئىككىيلەننىڭ روھىي كەيپىياتى ئوخشاشلا كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال ئىدى. كۆزلىرىدىن ياشلارغىلا خاس بولغان جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقىدىن بىر چاغلاردىكى كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق، تەمكىنلىك ۋە قەتئىي ئىشەنچىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى سېزىشكە بولاتتى. مۇبادا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن بۈگۈنكى كۈنلىرىنى ئالدىن بىلەدىغانلىق بەلگىلىرىنى تېپىش مۇمكىن ئىدى، دېگەندە، بۇنى پەقەت مۇشۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ جەزمەن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى دېيىشكىلا بولار. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا بەزىدە توساتتىن ئەندىشە، مۇڭ ئىپادىلىنىپ قالاتتى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ كۆز قاراشلاردا: "قانداق، بىزنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىمىز مۇقەررەر ئىدى!" دېگەندەك بىر خىل مەنە بار ئىدى.

بۇ يىغىنغا يەنە "گۇلئايىمدەك ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ يانتايىقى" دەپ "تارتىپ چىقىرىلىپ" مېنى پاش قىلىشقا قىستاپ ئايرىپ تەكشۈ-

رۇشكە، قويۇلغان ئېرىم ھاشىمۇ كەلگەنىدى. ئۇ، مەن گۇندىخانىدىن چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن "ئازاد" قىلىنغان ۋە شۇ زامات ئىككى بالامنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى. بىز ناھايىتى كۆپ سۆھبەتلەشكەن، ھازىرغىچە ئايرىلماي تۇرۇۋاتقىنىمىزغا قارىماي، ئۇ بۈگۈن ماڭا باشقىچە، يېڭى مەنىلەر بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى.

بۇ يەرگە يەنە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى يىغىلغانىدى. شۇ ئېغىر كۈنلەردە ئۇلار مەن بىلەن ساۋاقداش بولغانلىقتىن، "تۆگىنىش كۈرسى"غا قاتناشتۇرۇلغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بارغانسېرى چۈشىنىشكە باشلىغان، شۇڭا، ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بالىلىرىمنى بېقىشتىن قورقمىغان. ھازىر مۇشۇ يەردە ئىككى بالامۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينىماقتا.

بۇ يەردە مېنىڭ دەردىمنى تولا تارتقان ۋە يېقىندىلا دوختۇرخانىدىن چىققان توختى ئاكىمۇ، كېرەم بوۋاي، ئابلەت قاتارلىق گۇڭشې ئەزالىرىمۇ بار ئىدى. بىز قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق بىلەن كۆرۈشتۇق، ھال-مۇڭ ئېيتىشتۇق...

مۇراسىمغا يەنە ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرى، سۇ تېخنىكلىرى ۋە بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمۇ قاتناشتى.

نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، مەن ئۇلار بىلەن سالاملىشاتتىم، بەزىلىرىنى تونۇساممۇ، كۆپلىرىنى تونۇمايتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ماڭا مېھرىبان سېزىلەتتى. بۈگۈنكى لېنتا كېسىش مۇراسىمى، ئەينى زاماندا، قەلبداشلار، سىرداشلارنىڭ ئۇچرىشىش مۇراسىمىمۇ ھېسابلانىدى. ھەممە

دىللاردىن شادلىق تۇيغۇلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ بىر كۈن تولىمۇ شېرىن مەزمۇنلارنى، ئېغىزدا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خۇشال ھايات قەسىدىسىنىڭ بىر بابى يېزىلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىمۇ بولغانىدى.

بۇ چوڭ يىغىندا نۇرغۇن كىشىلەر سۆز قىلدى. ئۇلار ھاياجانلىناتتى، گەپلىرىنىڭ بەزى جۈملىلىرى باغلاشمايمۇ قالاتتى، قىزغىن سۆزلەپ كېلىۋېتىپ، تۇساتتىن تېلىقىپ توختاپ قالاتتى. ئەمما، قەغەزگە ئالدىن يېزىۋېلىپ ئوقۇپ بېرىلمىگەن بۇ سۆزلەردە جاراڭلىق ئىبارىلەر، داغدۇغىلىق شوئارلار ئاز بولغانلىقتىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن تەبىئىي ئۇرغۇپ چىققان راست، سەممىي سۆزلەر بولغانلىقتىن، يىغىن قاتناشچىلىرىغا يېقىملىق، چىنلىق تەسىراتىنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنىمۇ ھاياجانلاندۇراتتى...

سۆز قىلغۇچىلار ئىچىدە ناھىيە رەھبەرلىرى، ئىدارە، زاۋۇت ۋە كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى شۇنىڭدەك ئارمىيە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەسئۇل كىشىلىرىمۇ بار ئىدى. بەزى گۇڭشېلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ دېھقانچىسىغا تۈز، سەممىي گەپلىرىنى تويغۇچە سۆزلەشتى. قايسى كىشى سۆز قىلمىسۇن، شۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان غەزەپلىرىنى، نەپرىتىنى تۆكەتتى ۋە بۈگۈنكى، ئەتىكى كۈنلەرگە قارىتىلغان ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى.

يالماۋۇزلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە، قانخورلۇقىغا مىسال قىلىپ، بەزى يولداشلار مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشتى. ئۇلار تىلغا ئالغاندا ئاددىيلا ئاتاپ قويماي، مېنىڭ كەچمىشلىرىمنى، كۆرگەن كۈنلىرىمنى ۋە شۇنداق شارائىتتا مېنىڭ قانداق قىلىپ

چىداشلىق بېرىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقىنىمنى تەرىپلەشتى...

مەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمدا خىجىل بولاتتىم. مېنىڭ ئىسمىم تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا مېنى تونۇيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا بىر قاراپ قويۇشاتتى. بىر قىسىملىرى مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇشسا، يەنە بىر قىسىملىرى: "راست سۆزلەۋا-تىدۇ..." دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.

مېنىڭ ئانچە-مۇنچە ئىشلارنى قىلغىنىم راست. مۇبادا شەرت-شارائىت يار بەرگىنىدە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالىشىم مۇمكىنلى-كىگىمۇ ئىشىنىمەن. ئەمما، ئەينى شارائىتتا بۇ ئىشلارنى قىلغىنىم بىلەن ماختانغۇچىلىكى يوق، باشقا يولداشلارنىڭمۇ بۇنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارايدىم. چۈنكى، شۇ چاغلاردا مېنىڭ ھېسسىياتىمدىكى ھەرقانداق بىر كىشى مەن قىلغان خىزمەت-لەرنى ئىشلىگەن، بەلكى تېخى مەندىن ياخشىراق ئىشلىگەن بولاتتى.

بۈگۈن بۇ يەرگە رېھىممۇ كەلگەنىدى. رېھىمنىڭ ئەتراپىدا يەنە قۇيرۇق چۆرگۈچ رەيھانىسامۇ سايىدەك ئايرىلماي يۈرەتتى. ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ، ئىبراھىم ئاكا بىلەن، قۇتلۇق ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ كەتتى. ئىبراھىم ئاكا ۋە قۇتلۇق ئاكىلارنىڭ رايى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېسابقىمۇ ئالماي، ئۇلارنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ، ئۇزاققىچە قويۇۋەتمەي سىلكىپ-سىلكىپ قويۇشلىرىدىن غىدىقىم كېلىپ كەتتى. لېكىن، مەن بالدۇرراق يېرگىنىپتىمەن، ئۇ بىرنېمىلەرنىڭ "شان-شەرەپ بىلەن كۆرۈشۈش" نۆۋىتىدىن قۇرۇق قالمىدىم. رېھىم مېنىڭ ئۇزاتمىغان قولۇمنى ئىزدەپ تېپىپ خېلى ئۇزاق سىلكىپ قويۇۋەتتى-دە، ھېچقانداق خىجىل بولۇش

ئىپادىسى يوق چىرايىغا زورلاپ كۈلكە ياماشتۇرۇپ:

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلدى، مانا ئەمدى سىز بىلەن بىز ئۇچۇن راسا ئىشلەيدىغان ياخشى پۇرسەتلەر كېلىدىغان بولدى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدۇم-دە:

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن تارىخ چوقۇم ئۆز پېتىگە كەلتۈرۈلىدۇ، — دېدىم.

رېھىم، ھامۇتلارنىڭ ئاغزىدىن چۇشۇرمەي ماختىنىپ سۆزلەيدىغان «پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى» ئىكەنلىكى ھازىر ھەممەيلەنگە ئايان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۇزاق ۋاقىت نەيرەڭۋازلىق قىلالايمىز، دەپ ئويلىسا كېرەك!

بىرپەستىن كېيىن رېھىم سۆز قىلدى. ئۇ يەنىلا كونا ئەلپازى بىلەن ۋالاقشىغىلى تۇردى. ئۇ ئۆز سۆزىدە ئۆزىنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا، مەن يىغىن قاتناشچىلىرىغا سەپسېلىپ قارىدىم. ئومۇمەن رېھىمنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھۆمىيىپ، يەر ئاستىدىن قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن نەزىرىمنى ئىبراھىم ئاكىغا يۆتكىدىم. ئۇ، سوغۇققانلىق بىلەن سۆزگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. چىرايى، ياكى قاراشلىرىدىن نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مانا، قۇتلۇق ئاكىلا ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە بورۇن كۆرمىگەندەك زەڭ سېلىپ قاراۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە سىرتقا بىلىنگۈدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىرمۇنچە سوئال ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى بۇنى «سەن ئۆزەڭنى يەنىلا

پەدەزلەپ يۈرۈۋېرەلەيمەن دەپ ئويلاۋاتامسىنا؟" دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولاتتى. شۇنداقلا: "سەن ئۈچۈن بۇ ئالەمدە ئىزا، نومۇس دەيدىغان سۆز بارمۇ، يوق؟" دەپ مەنە چىقىرىشقىمۇ بولاتتى.

مەن كۆڭلۈمدە: "'تۆت كىشىلىك گۇرۇھ'نىڭ ئۆزى ئاغدۇرۇلغىنى بىلەن چوڭ-كىچىك گۇماشتىلىرىنىڭ تەڭ يوقىتىلىشى ئاسان ئەمەس ئىكەن-دە، بىر چاغلاردا لىن بياۋ گۇرۇھى يوقالغاندىمۇ، ئاشۇلارغا چاپارمەن بولغان سولتەكلەر بىر يۈزلەپلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بولۇۋالغانىدى. رەھبەرلەرنىڭ ھازىر قىلىۋاتقانلىرىمۇ يەنە شۇنىڭدەك نەيرەڭۋازلىق ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئۇ چاغدىكى خەلقنىڭ تونۇشى بىلەن ھازىرقى تونۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىمۇ يادىمغا ئالدىم.

مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمنى بىلگەندەك، رەھبەرنىڭ كەينىدىنلا تەكلىپ بويىچە ئىبراھىم ئاكا سۆز قىلدى. ئىبراھىم ئاكا سالماق، تەمكىن تۇرۇپ بىر خىل، ئادەتتىكى ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى رادىئو كانايلىرى ئارقىلىق ئەڭ يىراقتىكى كىشىلەرگىمۇ يېتىپ باردى. كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىشەنچ سەزدى ۋە كەلگۈسىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇڭا، دەبدەبىلىك شوئارلارنى بولۇشىغا توۋلاپ، ھەر ئابزاس سۆز ئارىلىقىدا ئۆزى باشلاپ چاۋاك چالغان رەھبەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ۋە كۆپ ئالقىشقا ئېرىشتى.

مەن تۇسمىغا قارىدىم. ئۇ دەريانى توغرىسىغا توسۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنمەي، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئېقىن ئىچىدىن ئۆسۈپ چىقىپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. يىراقتىن تىنىق، ئاستا، بىر خىل ئېقىپ كەلگەن دەريا سۈيى ئۇنىڭ بېتون گەۋدىسىگە يېقىنلاشقاندا ئۆزىنىڭ رىتىمىنى بۇزۇپ شالاقلاپ ئۇرۇلاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئېقىپ

ئۆتۈشى رۇخسەت قىلىنغان كۆزلەردىن ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئاياغقا ماڭاتتى. مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بوغۇق، يەر تېگىدىن كېلىۋاتقان پارتلاش ئاۋازىدەك بىر خىل گۈرۈلدەش ساداسى چىقاتتى. شۇ پۈتۈن تۆۋرۈكلەر ئەتراپىدا بۇژۇلداپ قايناپ كېتەتتى. سۇ بېتىدە سان-ساناقسىز مەرۋايىتتەك تامچىلار سەكرىشىپ ئاپئاق بۇژغۇن بولۇپ ئۆرلەيتتى.

سۇنىڭ بۇ گۈرۈلدەشلىرى ۋە قاينىشى بۈگۈنكى كاتتا مۇراسىمغا ئۇرۇۋاتقان چاۋاكتەك سېزىلەتتى. گويا ئۇ شۇ تاپتا يىغىننى، تۇسمىنى قۇرغان مىڭلىغان ئاممىنى تەبرىكلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

شۇ چاغدا مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ خىيالدىن باش كۆتۈردۈم. مۇراسىمغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مېنىڭمۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىشىپتۇ.

— نېمىمۇ دەرمەن؟ — دېدىم مەن ماڭا بۇ ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزگەن كىشىگە قاراپ، — شۇنچە كۆپ يولداشلار سۆز قىلدى. كۆپلىرى ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى، مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمگە ئوخشاش. مەن ئېمىكتىكى بالام بىلەن، — قۇچىقىمدىكى بالام ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئېمىۋاتاتتى، — ماڭا سۆز قىلىش قىيىن...

— بۈگۈنكى مۇراسىم "لېنتا كېسىش مۇراسىمى"، — دېدى يەنە ھېلىقى كىشى مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، — سىز تۇسمىنىڭ قۇرغۇچى ئىنژېنېرى تۇرۇپ ئاز-تولا گەپ قىلمىسىڭىز بولماس...

— سۆزلەڭ، توغرا ئېيتىدۇ، — دەپ قوشۇلدى شۇ يېقىن ئارىدا تۇرغان قۇتلۇق ئاكا ئىلھاملاندۇرۇپ، — تۆت-بەش ئېغىز بولسىمۇ تەسىراتىڭىزنى سۆزلەڭ...

مەن "قارا" دېگەندەك بولۇپ چەتكە كۆز تاشلىدىم-دە، زەھەرخەندىلىك، دۈشمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان رېھىم بىلەن ھامۇتقا

كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇنچە كىشىلەر بار ئىدى، كىمدۇ بىرسى ۋالاقلاپ گەپ قىلىۋاتاتتى، رىھىم بىلەن ھامۇتمۇ باشقىلار قاتارىدا ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىغان بولۇپ تۇرۇشاتتى.

مەن سۆز قىلىشقا ماقۇل بولدۇم، ئەمما نېمىلەرنى ئېيتىشىم كېرەكلىكىنى زادىلا يىغىنچاقلاپ ئويلىيالمايتتىم. مەن بۇ يەرگە دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسىدىنلا كەلگەنلىكىم، ئۇقتۇرۇشمۇ ئەمدى يەتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تەييارلىق قىلىۋېلىش پۇرسىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، باياتىن قۇتلۇق ئاكا دېگەندەك "تۆت-بەش ئېغىز" تەسىراتىم بولسىمۇ سۆزلەۋېرەي دېگەن يەرگە كەلدىم.

گەپ-سۆزلىرىم كۆپ بولسىمۇ سۆزلىيەلمەي، بۇرۇقتۇما بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى چاغلاردا، قاچانمۇ بىزگە گەپ قىلالىغۇدەك شارائىت ۋە پۇرسەت كېلەر دەپ زارىقىپ كۈتمىگەنمىدىم؟

مانا، مېنىڭ ئالدىمدا ئاشۇ كۈتكەندىكىدەك شارائىت ۋە پۇرسەت تۇرۇپتۇ. سۆزلىمەي نېمە قىلاي؟

ئاز-تولا ھەق گەپنى قىلىپ قويغانغا تىل-ئاھانەت، خورلاشلارغا ئۇچراپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، قاچانمۇ كۆڭۈلدىكىنى ئېيتقىلى بولار دەپ ئىچ-ئىچىمدىن پۇچۇلىنىپ كەتمىگەنمىدىم؟

مانا ئەمدى كۆڭلىڭدىكىنى دەۋال دەيدىغان ئەركىن چاغلار قۇچاق ئېچىپ كەلمەكتە.

شۇنداقتىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن گېپىمنى نەدىن باشلاشنى، قانداق مەزمۇن بىلەن داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىغىن توسمىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مېنىڭمۇ ھەممە گەپ-سۆزلىرىم، دەرد-ئەلەملىرىم، شاد-خۇراملىقلىرىم مۇشۇ

تۇسما بىلەن چەمبەرچەس باغلانغانىدى. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەرمەن...

يىغىن باشقۇرغۇچىسى مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى تەرىپىمدىكىلەر مېنىڭ ۋاقىتلىق قۇرۇلغان يىغىن مۇنبىرىگە بېرىشىمغا يول ئېچىپ بەردى. مەن بالامنى كۆتۈرۈپ مىكروفون ئالدىغا باردىم.

بىر پەسىلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئۆرە-تۆپە بولۇشلار توختاپ، يىغىن قاتناشچىلىرى جىمىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىرسى كوماندا بەرگەندەك بىراقلا چاۋاك چېلىندى ۋە بارغانسېرى رىتىمى تېزلىشىپ كۈچلۈكرەك جاراڭلىدى. مەن كۈتتۈم، چاۋاك توختىمىدى. كۆزلەرىمدىن ئېقىۋاتقان ياشنىڭ مەڭزىمنى، زىنىقىمنى بويلاپ چۈشۈپ ئېڭىكىمنىمۇ نەم قىلىۋاتقىنىنى سېزەتتىم، كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى تەۋرىنىۋاتقان پايانسىز دېڭىز كېڭىيىپ، يېيىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

# ئاخىرقى سۆز

## گۈلئايىمدىن «گۈلئايىم»غىچە

گۈلئايىمدىن «گۈلئايىم» بولۇپ چىققۇچە ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى، ئۇ جامائەت كۆرەلەيدىغان «گۈلئايىم» بولۇپ، مۇبادا نېسىپ بولسا، كىتابخانىلارغا تونۇش گۈلئايىم بولغۇچە يەنە قانچە يىل ئۆتىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ.

بەدىئىي ئوبرازغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى گۈلئايىم، پەقەت مېنىڭ تەپەككۇرۇمدىنلا توقۇلغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بەدىئىي پىكىر يۇرگۈزۈش (توقۇلما) ۋاقتىدىكى تەپەككۇرۇم ئىچىدىن ئاستا-ئاستا پېرسوناژ گۈلئايىم بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچىلىك ئارىلىقتا، گۈلئايىم ۋە ئۇنىڭ زاماندashلىرى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى ۋە شۇ ئۆزگىرىشلەرگە بىۋاستە قاتناشتى.

ھازىر ئاشۇ كۈنلەرگە بۇرۇلۇپ قاراش كىشىنى ئۇرغۇن ئويلارغا سالىدۇ، تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە سەزگىلى بولىدىغان، ئەمما ئۇتقىلى بولمايدىغان بىر تالاي گادىرماش كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا تىزىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئىچىدە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغىنىمۇ، خاپا قىلىدىغىنىمۇ، ئەنسىزلىكتە سېلىپ سوغۇق تەر باستۇرىدىغىنىمۇ، ئەندىكتۈرۈپ تىترىتىدىغىنىمۇ بار.

مەيلى قايسى كۆرۈنۈش، قانداق كۆرۈنۈش تۇغرىسىدا ئېغىز

ئېچىشقا توغرا كەلسۇن، ھامان "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دېگەن ھەرىكەتنىڭ يىلىمدەك چاپلىشىۋالىدىغان تەسىراتىدىن قۇتۇلۇش تەس.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ رەھىمسىز دەھشىتى ئۇنىڭ جۇڭگودەك چوڭ بىر ئەلنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، تارىختىن بۇيان جۇلالىنىپ كۆز چېقىپ تۇرغان بىباھا، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى گۇمران قىلىۋەتكەنلىكىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ رەھىمسىز دەھشىتى شۇ يەردىكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى خاراپ قىلىۋەتتى.

جۇڭگو زېمىندا ئەخمىقانە، تەلۋىلەرچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇن يىللىق "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ھەرقانداق بىر نۇقتىدىن تەكشۈرگەندىمۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەڭ شەپقەتسىز، ئەڭ دەھشەتلىك بالايىئاپەت ئىدى، بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكى رەت قىلىپ بولمايدىغان ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە بايان بېرىپ ئولتۇرۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ ئەمەس. لېكىن، بۇ ئاپەتنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە، ئادەملەرنىڭ روھى، قەلبى ۋە چۈشەنچىلىرىگە كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقى توغرىسىدا ھېلىھەم سۆزلىنىۋاتىدۇ.

بۇ يەردىكى مەسىلە، ئۇنى قانداق ئىپادە قىلىشتا!

مېنىڭ ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان، باھار مايسىلىرىدەك بەرق ئۇرۇپ كۆكلەۋاتقان، تاڭ شولىسىدەك ساپ ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلەر بىلەن جۇشقۇنلاپ تۇرغان ياشلىقىم دەل ئاشۇ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بولۇۋاتقان دەۋرگە توغرا كەلدى. دەھشەتلىك قارا بوران

ئوتقاشنى ئۆچۈردى، جۇت زىمىستان مايسىنى نابۇت قىلدى، قۇترىد-
غان قارا بۇلۇتلار تاڭ شولىسىنى قاپلاپ كەتتى. ئارزۇ-ئۈمىدلەر
ئاز ساندىكى شەخسلەرنىڭ گۇناھلىق خاھىشلىرى تۈپەيلىدىن
چەيلەندى...

ماڭا ئوخشاش ياشلار ھەممىلا جايدا بار ئىدى، مېنىڭ ئەتراپىمدا ۋە مېنىڭ مۇناسىۋەت دائىرەمدە بىر تۈركۈم دوستلار بۇ بالايى-ئاپەتنىڭ مەنبەسى ۋە نېگىزى توغرىسىدا ھەر تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. ئەمما، "ئىنقىلاب" ئىبارىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەسەبىيلەرچە قىلىنىۋاتقان تەلۋىلىك ئىكەنلىكىدە بىر تۈرلۈكلا خۇلاسىگە كېلىشەتتى. ئۇنداق ئىكەن، بۇ "ئىنقىلاب"نىڭ نەتىجىسى، مۇقەررەر ھالدا، شەرمەندىلىك بىلەن تۈگەيدىغانلىقى ھەققىدە ھېچكىم گۇمانلانمايتتى.

بىز كۈتكەندەكلا، 1976-يىلى ئۆكتەبىردە بالايىئاپەتكە خاتىمە بېرىلدى، ئادەملەر يەنە كۈلكىسىنى، خۇشاللىقىنى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى بۇ ئۇلۇغ غەلىبىدىن تېپىشتى.

لېكىن، بۇ دەۋرنىڭ ھەقىقەتەن تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سىياسىي خىتاب پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن رەسمىيلەشتى.

«گۈلئايىم» "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىكى بىرمۇنچە "گۈل-ئايىم"لارنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلىشقا باشلىغان چاغدا، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ھازىرقىدەك ئېنىق، روشەن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئالدىنقى قۇرلاردا ئېيتىلغىنىدەك، مەندە "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"غا قارىتا ئۆزەمگە خاس تونۇش ۋە چۈشەنچىلەر بار ئىدى. بۇ چۈشەنچىلەر گەرچە ماڭىلا خاس

بولۇپ قالىماي مىليونلىغان خەلق ئاممىسىدىمۇ مەۋجۇت بولغان
چۈشەنچىلەر بولسىمۇ، مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ھەرگىزمۇ خاتا ئويلى-
مىغىنىمنى ھازىرمۇ خۇشاللىنىپ ئەسلەيمەن: بىرى، "تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ"نىڭ ھالاكىتى ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ كۈچىدىن، خەلق ئامم-
ىسىنىڭ كۈچىدىن بولدى؛ يەنە بىرى، تارىخىي مۇقەررەرلىك نۇقتى-
سىدىن ئالغاندا، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك
قىلىدىغان يولدا ماڭغانلىقى — تارىخىي ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت
قىلغانلىقىدىن بولدى.

مانا شۇ نۇقتىنى ئەدىبلىك مەسئۇلىيىتىم بىلەن بەدىئىي ئەسەر
ئارقىلىق ئىپادىلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"
ئۆزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىنمىغان 1977 - يىلىلا، مەن ئىككى رومان
يېزىپ چىقتىم.

«ئۇرلۇق قەلبلەر» ماۋزۇسىدىكى ئىشچىلار سىنىپى تېمىسىغا
بېغىشلانغان رومانىم يىل ئاخىرىدا پۈتتى①. «گۈلئايىم» بولسا
1978 - يىلى ئەتىيازدا پۈتتى. ئاۋۋالقىسىدا زاۋۇت تۇرمۇشى ئارقا
كۆرۈنۈش قىلىنغان، كېيىنكىسىدە يېزا تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش
قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئىككىسىدە زىيالىي ياشلارنى ئاساسىي پائالىيەت
مەركىزىگە قويدۇم. ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار ئاممىسىنى ئۇلار-
نىڭ ئەتراپىغا ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىكىنى ئۇلارنىڭ
ئۈستىگە قويدۇم.

مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، "تۆت كىشى-

① «ئۇرلۇق قەلبلەر» رومانى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن
1985 - يىلى نەشر قىلىنغان — تەھرىر.

لىك گۇرۇھ"نىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك گۇمران بولۇشىغا قارىتىلغان چۇشەنچەمىنىڭ تۇپەيلىدىن بولغان. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تاسادىپ، بىردەمدىلا بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ گۇمران بولۇشىمۇ ئۇشتۇمتۇت ۋە بىردەملىك ئىچىدە بولغان ئەمەس. ھازىر تەكشۈرۈلگەن، ئېنىقلانغان ۋە خولاسىلەنگەن پاكىتلار يۇقىرىدىكى نۇقتىنى ناھايىتى ئاددىيلىق بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولۇپ بولغان ئىشلار توغرىسىدا تەكرار سۆز قىلىشنىڭ مەزىسى يوق، گۇلئايىمدىن «گۇلئايىم»غىچە بولغان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا بولسا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئۆتۈشنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

ھازىرقى ياشلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان دەۋر ئىنتايىن تىنچ، ئىناق ۋاقىتلارغا توغرا كەلدى. ياشلىرىمىز ئۇچۇن ئوقۇش، تەپەككۇر قىلىش، ئىشلەش، ئىجاد قىلىش ئۇچۇن جىمى شەرت-شارائىت تۇگەل بولۇۋاتقاندا، ئۇلار بۇنىڭدىن 10 يىل، ياكى 15 يىل ئىلگىرى مۇشۇ ۋەتەندە، ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان زېمىندا نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى كەمدىن كەم ئېسىگە ئېلىشىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار شۇ چاغدىكى ياشلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقى، نېمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، نېمىلەرنى ئەمەلىيەتتە ئورۇندىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ھالبۇكى ئۇ چاغلاردا ئاز سانلىق تەلۋىلەر، سىياسىي سۇيىقەستچىلەر، ھەرقانداق دەۋر، ھەرقانداق سىياسىي ئاتموسفېرادا ھامان "ئاكتىپ" بولىدىغان كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى گۇمان ئاستىدا تۇراتتى.

بۈگۈنكى ياشلار ئاشۇنداق دەھشەتلىك ھادىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا سادىر بولغانلىقىنى بىلىشى

كىرەك. ئۇنداق بولمىسا ئۇلارغا ھازىرقى ھۆرلۈك، مەنىۋى ئەركىنلىك، كەڭ-كۆشادا ئوقۇش، ئىشلەش، ئىجاد قىلىش شارائىتلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك تۇيغۇسى ئۆسۈپ قالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇگۈنكى ياخشى شارائىتلار ئۇچۇن بىرىلگەن بەدەل ئاز ۋە كىچىك ئەمەس ئىدى. پارتىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىرىدىن تارتىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتەنىنى سۆيگۈچى ئاددىي پۇقراغا قەدەر، ئەڭ ئاتاقلىق پەن ئالىملىرىدىن تارتىپ ئاددىي زىيالىيلارغىچە ئۆزىگە مۇناسىپ بەدەل بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ناھەقتىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، نۇرغۇنلىرى دەرد-ئەلەم ئىچىدە قان يۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتتى، بىرمۇنچىلىرى مېيىپ، كېسەلمەن بولدى، ۋاقىتسىز زەئىپلەشتى...

شۇنداقتىمۇ ئۇلار دۆلەتنى، پارتىيىنى، ئارمىيىنى، سوتسىيالىستىك گۈزەل تۈزۈمنى ساقلاپ قالدى، ئەۋلادلارنى ساقلاپ قالدى، كەلگۈسىگە يول ئاچتى.

ئۇلار ئەڭ قىيىن شارائىت ئاستىدا خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمگەك قىلدى، قان-تەرىنى ئاققۇزدى.

ئاغدۇرۇلۇپ غۇلاپ چۈشكەنلەردە ئۇنداق جاسارەت ۋە قەتئىي ئىشەنچ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ئەڭگۈشتىرى ۋاقتى ئۆتكەن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋە ئاشۇنداق ئىكەنلىكى قايتا-قايتا ئىسپاتلانغان قاتمال سىياسىي شوئارلار ئىدى. بۇ شوئارلار ئومۇمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانسېرى ئۇلار زورلۇق ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىشنى جىددىيلەشتۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز مەنتىقى بويىچە شۇنداق قىلماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

گۈلئايىم توغرىسىدا گەپ-سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ ھەرقانچە بولغاندىمۇ ئاران پىروتوتىپ بولالايدىغانلىقى ئەدەبىيات ئاشنالىرىغا سىر ئەمەس. مەن ئالدىنقى ئېپىزوتلاردا تەكرار قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، بىرمۇنچىلىغان مۇرەككەپ سىياسىي خاھىشلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرى بىلەن دەل ئاشۇ ۋاقىتلاردا ئارىلىشىپ ئۆتكەنىدىم. مەن 1966-يىللىرى ۋە 1967-يىللىرى داشۆ پۇتتۇرۇپ يېزىلارغا "قايتا تەربىيە" ئېلىشقا بارغان بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار بىلەن خېلى يېقىن باردى-كەلدى قىلغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى "گۈلئايىم"لاردىن بىر «گۈلئايىم»نى يارىتىش ئارزۇيۇم "مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب" ۋاقتىدىلا باشلانغانىدى. ئەسلىدە، بۇنداق ئارزۇنى ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى مېنىڭ قەلبىمگە ئېرىتىپ قويۇپ بولغانىدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىبارەت تەلۋىلىك ئالتوپىلاڭ "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنلا دەرھال ئىنكار قىلىنغىنى يوق. شۇ يىللاردا بەزى شەخسلەر خۇسۇسىي گۈندىخانىلاردىن چىقىرىۋېتىلدى. ئۇلار چىقىرىۋېتىلگەندە دېيىلگەن سۆزلەر "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن، "سىنىپىي كۈرەش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلگەن..." دەپلا ئىزاھلاندى. يەنە بىرمۇنچىلار — كۆپ ساندىكىلەر بولسا يەنىلا "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئاممۇۋى ئاساسىي قاتارىدا كۆرۈلگەنىدى (ھازىر بۇ مەسىلەر ئاللىقاچان بىر تەرەپ قىلىنىپ بولدى).

قەشقەردىكى بىر زاۋۇتتا بىر ئايال ئاشۇ ۋاقىتتا زاۋۇت "دىكتاتۇرا گۇرۇپپىسى"نىڭ خۇسۇسىي تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەنىدى. بۇ ئايال خۇسۇسىي گۈندىخانىدا تۇغۇپ، بوۋىقىنىڭ كىندىكىنى

چىشلەپ ئۈزگەنىكەن. شۇنداق شارائىتتا ئۇسساپ كېتىپ سۇ سورىغاندا، "دىكتاتورا گورۇپپىسى"دىكى چوماقچىلار ئۇنىڭغا سۇ بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ھايۋانلارچە قىلىق بىلەن بوۋاقنىڭ يورۇق دۇنياغا چىقىش جەريانىنى "تاماشا" قىلغانىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى "گۈلنايىم"لاردىن بىر بەدىئىي «گۈلنايىم» يارىتىشىمغا ھېلىقى زاۋۇتتىكى گۈلنايىمنىڭ كەچمىشلىرى قوشۇلدى. بۇ "گۈلنايىم"لارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە، تەقدىرىدە پەرق بولغىنىغا قارىماي، ئۇلارنى ئېغىر دەرد-ئەلەملەرگە دۇچار قىلغان سەۋەبتە نېمە پەرق بارلىقى توغرىسىدىكى خىيال مېنى كۆپ ساراسىمىغا سالدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، «گۈلنايىم» مەن ئۈچۈن ئاشۇنچىلىك جاۋاب بېرەلىدى، بۇ يەردە مەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، بەدىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى رېئاللىقنى قانداق قىلىپ بەدىئىي دېتاللار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى باشلاپ كېلىپ سۆزلەتكۈزمەكچى ئەمەسمەن. ھەر ھالدا ئۇشبۇ «گۈلنايىم» مېنىڭ رېئالىي ياشلارنىڭ مەلۇم بىر ھاياتلىق بۆرجىكىدە ياشاپ ئۆتكەن كىشىلىك تۇرمۇشىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرەلىگەنلىكىمگە گۇۋاھ بولالايدۇ.

مېنىڭ بۇ «ئاخىرقى سۆز»نى يېزىپ «گۈلنايىم»غا قوشۇپ قويۇشۇم، بۇ ئەسەرنىڭ 1984-يىلى يېزىلمىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتىنلا ئىبارەت. ئەسەرنىڭ ئۆزى توغرىسىدا بولسا كىتابخانلار بېرىنىمە دەر...

1978-يىل ماي، قەشقەردە يېزىلدى.

1982-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچىدە تۈزىتىلدى.

1984-يىل نويابىر، بېيجىڭدا يەنە تۈزىتىلدى.

مەسئۇل مۇھەررىر: رەقىب ۋاھاپ
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

سەمەت دۇگايلى

## گۈلئايىم

(رومان)

نەشر قىلغۇچى ۋە : مىللەتلەر نەشرىياتى
تارقاتقۇچى
ساتقۇچى: شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1990-يىل 9-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1990-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 3.90 يۈەن